
خېلىن كېللېر (ئامېرىكا)

# كۆزۈم ئۈچ كۈنلا ئېچىلسا ئىدى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

① تەننىڭ ئەركىسىزلىكى نېمىلا دېگەنبىلەن بىر ئەيىب، نۇقسان. تەقدىر پېشانەمدىن، كىشىلەردىن ئاغرىنىمىدىم ياكى مەيۈسلەنگەن، بەل قويۇۋەتكەن چاغلىرىم بولمىدى دېيەلمەيمەن. ئەمما، بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا مەن ھەمىشە ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، كاللامدىن بۇ خىلدىكى ئوي - خىياللارنى چىقىرىۋېتىشكە تىرىشتىم.

② «ئۆزىنى ئۇنتۇش خۇشاللىق دېمەكتۇر». شۇڭلاشقا، مەن باشقىلار كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇر — يورۇقلۇقنى مېنىڭ قۇياشىم دەپ، باشقىلار قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان مۇزىكىنى مېنىڭ كۈيۈم دەپ، باشقىلارنىڭ لېۋىدە جىلۋە قىلغان تەبەسسۇمنى مېنىڭ خۇشاللىقىم دەپ بىلىپ كەلدىم.

③ تېنىم ئۆزئەركىنلىكىنى يوقاتقىنى بىلەن يۈرىكىم ئەركىن سوقتى.

④ خېلېن كېللېر ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئىپتىخارى.

ISBN 7-228-09198-1

ISBN 7-228-09198-1
(民文)定价：22.00元

**图书在版编目(CIP)数据**

假如给我三天光明/(美)凯勒著;玛丽亚·买买提明译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.2
ISBN 7—228—09198—I

Ⅰ.假… Ⅱ.①凯… ②玛… Ⅲ.散文—作品集—美国—现代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1712.65

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 138144 号

责任编辑: 帕提古丽·米吉提
责任校对: 阿斯亚·艾合买提
封面设计: 艾克拜尔·萨力

假如给我三天光明
作者:海伦·凯勒
译者:玛丽亚·买买提依明

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
新疆宏图印务有限责任公司印刷
850×1168 毫米 32 开本 15 印张 2 插页
2005 年 2 月第 1 版 2005 年 2 月第 1 次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7—228—09198—I 定价:22.00 元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



## قاراڭغۇلۇقتا يورۇقلۇق ئىزدەش ماڭا بۇ دۇنيانى كۆرۈش ئۈمىدىنى بەخش ئەتتى

20 - ئەسىردە كارامەت بىر ھايات ئىگىسى تەڭداشسىز باتۇرلۇقى بىلەن دۇنيانى لەرزىگە سالدى. ئۇ بولسىمۇ، ئۆزى قاراڭغۇلۇقتا ياشاپ تۇرۇپ ئىنسانىيەتكە يورۇقلۇق بەخش ئەتكەن، ھاياتىنىڭ سەكسەن سەككىز باھار، كۈزىنىڭ سەكسەن يەتتە يىلىنى يورۇق دۇنيانى كۆرەلمەي، ھېچبىر ئاۋازنى ئاڭلىيالماي، بىر ئېغىز سۆز قىلالماي زۇلمەتتە، غېرىبلىق ۋە ھەسرەت - نادامەتتە ئۆتكۈزگەن ئاجىزە خېلېن كېللېر.

ھالبۇكى، مۇشۇنداق قارىغۇ، گاس - گاچا ھالەتتە ياشىغان بۇ ئايال خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېكلىق ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن، پۈتۈن ھاياتىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ كۆپلىگەن خەير - ساخاۋەت ئورگانلىرىنى بەرپا قىلىپ مېيىپلارغا بەخت يارىتىپ بەرگەن، شۇ تۈپەيلى ئامېرىكىدا چىقىدىغان «دەۋر ھەپتىلىك ژۇرنىلى» تەرىپىدىن 20 - ئەسىردىكى ئامېرىكا بويىچە ئۇن كاتتا قەھرىمان مەبۇد بولۇپ باھالانغان.

خېلېن بۇ مۆجىزىنى يارىتىشتا پۈتۈنلەي ئېگىلمەس - سۇنماس روھىغا تايانغان. ئۇ ھاياتىدا تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك خىرىسىنى، جاپا - مۇشەققەتلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، دۇنياغا مۇھەببەت نەزىرى بىلەن قاراپ، بارلىق قىيىنچىلىقلارغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدىكى قەيسەرلىك بىلەن يۈزلىنىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە يورۇقلۇققا ئېرىشكەن، ئاخىرىدا يەنە مېھىر - شەپقەت قولىنى پۈتۈن دۇنياغا سۇنغان.

**ياخشى بىر كىتابنى ئوقۇپ چىقىش ئۇلۇغ بىر قەلب بىلەن سۆزلەشكەنگە باراۋەر**

خېلېن كېللېر ھاياتىدا جەمئىي 14 ئەسەر يازغان. «مېنىڭ تۇرمۇشۇم» ئۇنىڭ تۇنجى ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىش بىلەنلا پۈتكۈل ئامېرىكىنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. «دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى تەڭداشسىز نادىر ئەسەر» دەپ تەرىپلەندى. يۈز نەچچە خىل نەشرى چىقىپ، دۇنيادا غايەت زور تەسىر قوزغىدى.

بۇ كىتابتا خېلېن كېللېرنىڭ «مېنىڭ تۇرمۇشۇم»، «قاراڭغۇلۇقتىن چىقىش»، «مۇئەللىم» قاتارلىق ئۈچ كىتابى ھەمدە ئامېرىكا «ئاتلانتىك ئوكيان ئايلىق ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىنغان «كۆزۈم ئۈچ كۈنلا ئېچىلسا ئىدى» ناملىق مەشھۇر نەسرى ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە ئاساسىدا خېلېن كېللېرنىڭ مول، تەسىرلىك، چىن ۋە ئۇلۇغ ھاياتى مۇكەممەل، سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىيېتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان ھايات مۇساپەمنى ئەسلەپ تەرجىمىھال يېزىپ چىقىشتىن خېلىلا بىئارام بولدۇم. چۈنكى، بالىلىق ھاياتىمنى چۇمكىۋالغان قارا پەردىنى ئاچايمۇ، ئاچمايمۇ دەپ كۆپ ئىككىلەندىم.

دەرۋەقە، تەرجىمىھال يېزىش قىيىن بىر ئىش. ھالبۇكى، بالىلىق دەۋرىمنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزاق ۋاقىت بولغانلىقتىن، بالىلىقىمدىكى قايسى ئىشلارنىڭ بولغان ئىشلار، قايسىلىرىنىڭ مېنىڭ خىيالىم، تەسەۋۋۇرۇم ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ئېنىق پەرق ئېتەلمەيتتىم. بىراق، خاتىرەمدە قالغان، بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلار پارچە - پۇرات، ئۇششاق - چۈششەك بولسىمۇ، كىشىلىك تۇرمۇشۇمغا ئۇنداق ياكى مۇنداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈنمىكىن، پات - پات كاللامدا گويا يېڭىلا بولغاندەك ناھايىتى روشەن زاھىر بولىدۇ. ئۇزۇن ۋە تۇتۇرۇقسىز، زېرىكىشلىك بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، مەن تەرجىمىھالىمدا ھاياتىمدىكى ئەڭ قىزىقارلىق ۋە بەكرەك قىممىتى بار بەزى ۋەقەلەرنى بايان قىلماقچىمەن.

خېلېن كېللېر

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب قەلب كۆزىنى ئېچىش.................. 1

يورۇقلۇق ۋە ئاۋاز ................................ 3
بالىلىق دەۋرىمدىكى خاتىرىلەر.................... 10
مېھىر بۆشۈكى ...................................... 17
ئۈمىد ................................................ 20
يېڭى ھايات بەخش ئەتكۈچى ....................... 25
تەبىئەتكە يېقىنلىشىش.............................. 30
«سۆيگۈ - مېھىر» نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ...... 35
خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق ............................ 40
مىلاد بايرىمى ....................................... 49
بوستون سەپىرى ..................................... 52
دېڭىزنى باغاشلاش ................................. 57
كۈزنى تاغ ئارىسىدا ئۆتكۈزۈش .................. 60

ئىككىنچى باب ئىشەنچ ۋە ئۈمىد ..................... 67

پاك دۇنيا ............................................ 69
سۆزلەشنى ئۆگىنىش ................................. 72
«قىراۋ شاھى» ۋەقەسى .............................. 79
خەلقئارا كۆرگەزمە .................................. 92
ئوقۇش ............................................... 96
ئىشەنچ ۋە ئۈمىد..................................... 99

كامبرىج قىزلار مەكتىپى ...... 103
ئوڭۇشسىز شارائىتنى يېڭىش ...... 110
ئوقۇشقا كىرىش ...... 117
ئىدىيىۋى ئۇتوپىيە ...... 128
تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۈرۈش ...... 144
ماڭا نۇر دەستىسى سۇنغان قوللار ...... 158

ئۈچىنچى باب قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈنسىزلىك ئىل-
كىدىن چىقىش ...... 171

ئالىي مەكتەپ ھاياتىم ...... 173
مارك تۋېن بىلەن ئۇچرىشىش ...... 194
يېڭىلىكنىگە تەن بەرمەيدىغانلار ...... 205
غەيرەت بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەش ...... 216
دوكتور بېلنى ياد ئېتىمەن ...... 220
ئۇرۇشقا قارشى داغدۇغىلىق ھەرىكەت ...... 234
كىنوغا چىقىش ...... 245
سېرىك ئۆمىكىدىكى ھايات ...... 255
مېھرىبان ئاپامنىڭ ۋاپاتى ...... 259
كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ...... 268
قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈنسىزلىك ئىلكىدىن چىقىش ...... 276

تۆتىنچى باب شىپالىق يامغۇر ...... 297

يۇرتىدىن ئايرىلىش ...... 299
ياخشى كۈنلەر ...... 311
كومېتا (قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز) ...... 316
قۇتقۇزۇش ئورنى ...... 329

مەن ئوقۇيمەن.................... 338
ئىككىنچى پۇرسەت .................... 350
مەكتەپ نامىغا داغ تەگكۈزۈش .................... 362
ياشلىق باھار .................... 372
يورۇقلۇق بولمىغان دۇنيا .................... 384
كىچىك زالىم.................... 394
ناشتىدىكى جەڭ .................... 403
ئايرىم مەشىق قىلدۇرۇش.................... 412
سۇ. . . سۇ. . . سۇ. . . .................... 420
يېزىق ئۆگىنىش.................... 426
تۇرمۇش تەسىراتلىرى .................... 431
بوگىنىس ئەمالار مەكتىپى .................... 441
ئاققان سۇدەك ئۆتكەن ھايات .................... 446

بەشىنچى باب كۆزۈم ئەگەر ئۈچ كۈنلا ئېچىلسا
ئىدى .................... 451

بىرىنچى كۈنى.................... 457
ئىككىنچى كۈنى .................... 462
ئۈچىنچى كۈنى .................... 468

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

# قەلب كۆزىنى ئېچىش

www.uyghurkitap.com

*كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي، زۇلمەت - قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى سەزگىنىمدە، گويا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق قورقۇنچ، ئېيتقۇسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىلكىگە ئالدى. بۇ خىل ھېسسىياتنى مەن پۈتكۈل ھاياتىمدا زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.*

# يورۇقلۇق ۋە ئاۋاز

مەن 1880 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالاباما شتاتىنىڭ تۇسكۇمبىيە دېگەن بازىرىدا تۇغۇلدۇم.

ئاتا جەمەت ئەجدادىمىز شۋېتسىيىدىن كۆچمەن بولۇپ كېلىپ ئامېرىكىنىڭ مارىلاند شتاتىدا ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ئىش شۇكى، ئەجدادىمىزدىن بىرى گاس - گاچىلارنى تەربىيىلەش مۇتەخەسسىسى بولغانىكەن.

ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن مەندەك ھەم قارىغۇ، ھەم گاس، ھەم گاچا بىرى چىقىپ قالارىنى كىممۇ ئويلىغان دەيسىز؟ بۇ ئىش خىيالىمغا كەلسىلا، تۇۋا، تەقدىر - قىسمەتنى ئەجەبمۇ بىلىپ بولمايدىكەن - ھە! دەپ قاتتىق ھەسرەت چېكىمەن.

ئەجدادىمىز ئالاباما شتاتىنىڭ تۇسكۇمبىيە بازىرىدىن يەر - زېمىن سېتىۋالغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جەمەتىمىز مۇشۇ يەرگە ئولتۇراقلاشقانىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ چاغدا بۇ يەر بەك چەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن، بوۋىمىز ھەر يىلى ئۆيگە ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېرەكلىك نەرسە - كېرەكلەرنى - دېھقانچىلىق

سايمانلىرى، ئوغۇت، ئۇرۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئالايتەن ئاتلىق بېرىپ تۇسكۇمبىيە بازىرىدىن 760 ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى فىلادېلفىيىدىن سېتىۋېلىپ كېلەتتىكەن. بوۋىمىز ھەر قېتىم فىلادېلفىيىگە بېرىپ كەلگۈچە ئارىلىقتا غەربنىڭ يول بويىدىكى مەنزىرىلىرى، سەپەردە ئۇچراشقان ئادەملەر ۋە ئىشلار، نەرسىلەر ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن خەتلەرنى يېزىپ ئائىلىدىكىلەرنى خاتىرجەم قىلىدىكەن. ئائىلىمىزدىكىلەر تا ھازىرغىچە بوۋىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ مەكتۇپلارنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، گويا ئاجايىپ - غارايىپ سەرگۈزەشتىگە تولغان رومانىنى ئوقۇغاندەك بولۇشىدۇ.

دادام ئارتۇر كېللېر جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ۋاقتىدا جەنۇب ئارمىيىسىدە كاپىتان بولغانىكەن. ئاپام كېتى ئادامىس دادامنىڭ ئىككىنچى ئايالى بولۇپ، دادامدىن خېلىلا كىچىك ئىدى.

مەن كېسەل بولۇپ قېلىپ كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈمنى يوقىتىپ قويۇشتىن ئىلگىرى، ئۆيىمىز ناھايىتى كىچىك بولۇپ، چاسا كەلگەن چوڭ بىر ئۆي، خىزمەتكارلار تۇرىدىغان كىچىك بىرلا ئېغىز ئۆيىمىز بار ئىكەن. ئۇ چاغلاردا جەنۇبتا لازىم بولۇپ قالسا ئىشلىتەرمىز، دەپ ئۆينىڭ يېنىغىلا بىرەر ئېغىز ئۆي سېلىۋېلىش ئادەت بولۇپ كەتكەنىكەن. شۇڭا، جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىدىن كېيىن دادامۇ شۇنداق بىر ئۆي سېلىۋالغانىكەن. دادام ئاپام بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۈزۈم باراڭلىرى، ئەتىرگۈل، ئۇچقاتلار بىلەن ئورالغان بۇ كىچىك ئۆي يىراقتىن گويا شاخ - شۇمبىلار بىلەن ياسالغان باراڭدەك كۆرۈنەتتى.

چاققانغىنا بالكونمۇ سېرىق ئەتىرگۈل، جەنۇبنىڭ پالما مەرىزى قاتارلىق گۈللەر ئارىسىدا بولۇپ، بۇ يەر بىرتوغرام ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ ئارامبەخش ماكانى ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بوۋام موماملىرىمنىڭ ئۆيىمىزگە ئەتىرگۈللۈك راۋاقنى يېقىنلا
يەردە ئىدى. ئۆيىمىز قويۇق دەل - دەرەخ، ئۈچقاتلار ئارىسىدا
بولغانلىقى ئۈچۈن، قولۇم - قوشنىلىرىمىز ئۆيىمىزنى «يېشىل
ماكان» دەپ ئاتىشاتتى. مانا بۇ بالىلىق دەۋرىمدىكى جەننىتىم.

ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى سۇلتان خېنىمنى كېلىشتىن ئىلگىرى،
مەن پالما مەرىزى ۋە دەرەخلەرگە تايىنىپ ئاستا مېڭىپ ھويلىغا
چىقىپ، پۇراش سەزگۈم بىلەن يېڭى ئېچىلغان بۇكسۇس ۋە پىياز
گۈللەرنى تېپىپ خۇش ھىدىنى پۇراپ ھۇزۇرلىناتتىم.

كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ قالغان بەزى چاغلاردىمۇ ئۆزۈم
يالغۇز مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئۆزۈمگە تەسەللى ئىزدەيتتىم. ئوتتەك
قىزىپ كەتكەن يۈزۈمنى سالقىن، ئارامبەخش يوپۇرماق-
لار ۋە ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا تىقىۋېلىپ، بىئارام بولغان
كۆڭلۈمنى تىنچلاندۇراتتىم.

يېشىللىقتا پۈركەنگەن بۇ ھويلا - ئارام جانغا ھۇزۇر بېغىش-
لاپ، كۆڭۈلنى چاغ قىلاتتى. بۇ يەردە يەر بېغىرلاپ ئۆسىدىغان
پىلەكلىك ئۆسۈملۈكلەر، يەسمەن ۋە ئىنتايىن كەم ئۇچرايدىغان
كېپىنەك نېلۇپەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۈل بار ئىدى. بەكمۇ
مەززىلىك پۇرايدىغان بۇ گۈلنىڭ تېزلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغان بەر-
گى كېپىنەكنىڭ قاناتلىرىغا ئوخشايدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن كې-
پىنەك نېلۇپەر دەپ ئاتالغان. شۇنداقتىمۇ گۈللەرنىڭ سەر خد-
لى، ئەڭ چىرايلىقى يەنىلا ئەتىرگۈل ھېسابلىنىدۇ. جەنۇبتىكى
ئۆيىمىزدە بار بۇنداق پىلەكلىك ئەتىرگۈللەر شىمالنىڭ گۈلزار-
لىقلىرىدا تولىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. چۈنكى، بۇ خىل ئەتىرگۈل
پىلەك تارتىپ، غۇچچىدە ئېچىلىپ بالكوندىن پەسكە ساڭگىلاپ
تۇرىدۇ. پۇرىقى بەكمۇ خۇش ھىد. ھەر كۈنى سەھەردە، شەبنەم
قۇرۇپ كەتمەستە ئۇنى تۇتىدىغان بولسىڭىز، شۇنچىلىك سىلىق،
يۇمران، پاكىزكى، ئىختىيارسىز سۆيۈنۈپ، يايراپ كېتىسىز.
بۇنداق چاغلاردا، مەن ئىختىيارسىز، بەلكىم تەڭرىنىڭ قۇدرىتى

بىلەن گۈللۈككە پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش نۇرىمۇ مۇ-
شۇنداق بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.

ھاياتىمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلى، يەنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىم ئاددىي ۋە ئادەتتىكىچە بولۇپ، ئائىلىمىزدىكىلەر تۇنجى پەرزەنتى تۇغۇلغان ئائىلىلەرگە ئوخشاشلا شادلانغانىكەن. ئەمما، تۇنجى بالىغا (ماڭا) ئىسىم قويۇشقا كەلگەندە ھەممە ئادەم جىق باش قاتۇرۇپتۇ، كۆپ تالاش - تارتىشلار بوپتۇ. چۈنكى، ھەممىلا ئادەم ئۆزى تاپقان ئىسىمنى بەكمۇ خاسىيەتلىك، ياخشى دەپ قارايدىكەن. دادامنىڭ بەكمۇ ھۆرمەتكە سازاۋەر ئەجدادىنىڭ نامى-نى ئۆچۈرمەي ماڭا «مېدېر كامپېل» دېگەن ئىسىمنى قويغۇسى بار ئىكەن. ئاپام بولسا ئاپىسىنىڭ ئىسمىنى قويۇپ مېنى «خې-لېن ئاپرىت» دەيلى دەپتۇ. كۆپچىلىك قايتا - قايتا ئويلىشىپ ئاپامنىڭ ئارزۇسى بويىچە ماڭا ئاپامنىڭ ئاپىسىنىڭ، مومامنىڭ ئىسمىنى قويۇپتۇ.

ئىسىم قويۇش ئىشى شۇ تەرىقىدە تاماملانغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك مېنى چېركاۋغا ئاپىرىپ باپتىس قىلدۇرۇش ئىشى بىلەن پايپېتەك بوپتۇ. ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتكەن دادام چېركاۋغا بارغۇچە يولدا ئىسمىمنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. باستىر ئۇنىڭ-دىن: «بوۋاقنىڭ ئىسمى نېمە؟» دەپ سورىغاندا، جىددىيلى-شىپ، ھاياجانلىنىپ كەتكەن دادام ئىتتىكلا: «خېلېن ئادامىس» دەۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسمىم مومامنىڭ ئىسمى بولغان «خېلېن ئاپرىت» بولماي «خېلېن ئادامىس» بولۇپ قاپتۇ.

ئۆيدىكىلەرنىڭ دەپ بەرگەنلىرىدىن ئۇقتۇمكى، بوۋاق ۋاق-تىمدا مەن بەك چېچەن، ئالاھىدە مىجەزلىك بولۇپ، ھەممىلا نېمىگە بەك قىزىقىدىكەنمەن. ئىنتايىن قەيسەر، چىداملىق، چوڭلارنىڭ قىلغانلىرىنى دوراشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىكەنمەن. شۇڭلاشقىمىكىن، ئالتە ئايلىق بولۇپلا «چاي»، «ياخشىمۇسىز» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ھەممە ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈر-

گەنىكەنمەن. ھەتتا «سۇ» دېگەن سۆزنىمۇ بىر ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا دېيەلىگەنىكەنمەن. كېسەل بولۇپ ساقايغاندىن كېيىن نۇرغۇن سۆزلەرنى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولساممۇ، «سۇ» دېگەن سۆزنى ھازىرغىچە ئۇنتۇپ قالمىدىم.

ئۆيدىكىلەر يەنە مېنىڭ بىر ياشقا كىرىپلا ئايىغىم چىققانلىقىنى ماڭا ئېيتقانىدى. بىر كۈنى ئاپام مېنى يۇيۇندۇرۇپ بولۇپ تىزىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مەن توساتتىن ئەينەكتەك پارقىراق پولدا جىلۋە قىلىۋاتقان دەرەخنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئاپامنىڭ تىزىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ تايتاڭلاپ بىر قەدەم - بىر قەدەمدىن مېڭىپ بېرىپ دەرەخ شولىسىنى دەسسەپ - دەسسىگەنىكەنمەن.

ھەش - پەش دېگۈچە ئاجايىپ گۈزەل ئۈچ پەسىل - ئىللىق قۇياش نۇرىدا ئۇچار - قاناتلار خەندان ئۇرۇپ نەغمە قىلىپ، شوخ ئۇسسۇلغا چۈشكەن، كائىناتنى يېقىملىق ناخشا ساداسى قاپلىغان گۈزەل باھار، ھەممىلا جايىنى مېۋە - چېۋە، ئەتىرگۈللەر قاپلىغان كۆركەم ياز پەسلى، ئوت - چۆپلەر سارغىيىپ، يوپۇرماقلار قىزىل تۈس ئالغان كەچ كۈز ئۆتۈپ كەتتى. مانا بۇلار پىلتىڭلاپ يۈرگەن، گەپلەرنى يېرىم - يارتا قىلىپ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرۈپ يۈرگەن بىر بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا قالغان ياخشى ئەستىلىك.

ياخشى كۈن ئۇزۇنغا بارماس، دېگەندەك بەختىيار چاغلارنىڭ ئۆمرى بەكمۇ قىسقا بولىدىكەن. مەن تۇغۇلۇپ ئىككىنچى يىلى ئىككىنچى ئاي تولىمۇ قورقۇنچلۇق ئاي بوپتۇ. مەن تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېزىتىپ كېتىپتىمەن. بۇلبۇللارخەندان ئۇرۇپ سايرىغان، خۇش پۇراق گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلغان گۈزەل باھار كۈنلىرىنى مەن ئېغىر ئاغرىق، قاتتىق قىزىتما قوينىدا ئۆتكۈزۈپتىمەن. دوختۇرلار كېسىلىمگە جىددىي خاراكتېرلىك ئاشقازانغا قان تولۇش ۋە مېڭىمگە قان تولۇش كېسىلى دەپ دىئاگنوز



www.uyghurkitap.com

قويۇپتۇ ھەممە بۇ كېسەلگە داۋا يوقلۇقى، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما، بىر ئەتىگەنلىكى قىزىتمام تۇيۇقسىز قايتىپتۇ. بۇنداق مۆجىزىدىن ئائىلىدىكىلەرنىڭ قانچىلىك ھەيران بولغانلىقى ۋە شادلانغانلىقىنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىكەن. بىراق، بۇ قېتىمقى قاتتىق قىزىتما تۇپەيلى مەن كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىمدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولۇپ، يېڭىلا تۇغۇلغان بوۋاقتەك بولۇپ قاپتىمەن. ھالبۇكى، بۇنى ئائىلەمدىكىلەر، دوختۇرلار پەقەتلا بىلمەپتۇ.

شۇ قېتىمقى قاتتىق ئاغرىقىنىم ھېلىمۇ خىرە يادىمدا بار. قاتتىق قىزىتىپ ھوشۇمنى بىلىپ - بىلمەي ياتقىنىمدا، ئاپامنىڭ سىلىق پەپىلەپ تەسەللىي بېرىشلىرى مېنىڭ قورقۇنچ ۋە ئاغرىق ئازابىنى باتۇرلۇق بىلەن يېڭىشىمگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەندى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، قىزىتمام قايتقاندىن كېيىن، كۆزۈم قۇرغاقلىشىپ، ئوتتەك قىزىپ، ئاغرىپ نۇردىن قورقىدىغان بولۇپ قالغاچقا، مەن ئىلگىرى ياخشى كۆرىدىغان قۇياش نۇرىدىن قېچىپ تامغا قارىۋالىدىغان ياكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. كېيىن كۆرۈش قۇۋۋىتىم بارا - بارا ئاجىزلاپ، قۇياش نۇرىنى ئاستا - ئاستا سەزمەس بولۇپ قالدىم.

كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا، ئۆزۈمنىڭ ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي زۇلمەت - قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغانلىقىمنى سەزگىنىمدە گويا قاباھەتلىك چۈش كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى قاتتىق قورقۇنچ، ئېيتقۇسىز قايغۇ - ھەسرەت ئىلكىگە ئالدى. بۇ خىل ھېسسىياتنى مەن پۈتكۈل ھاياتىمدا زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.

كۆرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىمنى يوقاتقاندىن كېيىن، مەن تەدرىجىي يوسۇندا بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتتىم. تاكى ئائىلە ئوقۇتقۇچىم سۇللىۋان خېنىم كەلگەنگە قەدەر ئۇنىسىز، قاپقاراڭغۇ

www.uyghurkitap.com

بىر دۇنياغا مەنسۇپ بولۇپ قالدىم.

ئۇ كېلىپ مېنى دۇنياغا ئۈمىد بىلەن قارايدىغان قىلدى. قەلبىم يۈكىنى يېنىكلەتتى. قەلب كۆزۈمنى ئاچتى، يۈرىكىمگە ھايات ئۇچقۇنىنى چاچتى.

مەن گەرچە يورۇقلۇق، نۇر، ئاۋازدىن ئون توققۇز ئايلا بەھرىمەن بولالىغان بولسامۇ، كەڭرى، يېشىلزار قورۇ-جايلار، سۈپسۈزۈك كۆك ئاسمان، ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر، گۈزەللىكتە بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىغان خۇش پۇراق گۈللەر ھېلىمۇ ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. ھاياتلىقنىڭ مانا بۇ ئازغىنا قەترىلىرى قەلبىمگە مۆھۈر بولۇپ بېسىلىپ، يۈرىكىمدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.

*باللىق دەۋرىمدىن مەندە پارچە - پۇرات خاتىرىلا قالدى. يورۇقلۇق، ئاۋاز - تىۋىش بولمىغان زۇلمەتلىك دۇنيارىم يادىمغا كەلسىلا، شۇ پارچە - پۇرات تەسىراتلار كۆڭۈل ئېكرانىمدا ناھايىتى ئوچۇق زاھىر بولىدۇ.*

# باللىق دەۋرىمدىكى خاتىرىلەر

ئاغرىپ ساقايغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە ئاي ئىچىدىكى ئىشلارنى ئـاسـاسـەن ئەسلىيەلمەيمەن. پەقەت دائىم ئاپامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرغانلىرىم ياكى ئاپامنىڭ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئاپام بىلەن تەڭ ئۆيان - بۇيان مېڭىپ يۈرگەنلىرىم خىرە - شىرە ئېسىمدە.

مەن بارا - بارا ئۇنى - بۇنى تۇتۇپ، سىلاپ يۈرۈپ ھەرخىل نەرسىلەرنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، كىشىلەرنىڭ قىلغان ھەرىكەتلىرى، چىراي ئىپادىسىنى قىياس قىلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلەيدىغان، ئويلىغان ۋە قىلماقچى بولغانلىرىمنى ئىپادىلىيەلەيدىغان بولدۇم. مەن باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەشنا ئىدىم. شۇڭا، بەزى ئاددىي ھەرىكەتلەرنى قىلىدىغان، يەنى «ياق» دېگەننى باش چايقاش، «ماقۇل، ھەئە» دېگەننى باش لىڭشىتىش بىلەن، باشقىلارنى ئۆزۈمگە تارتىش ئارقىلىق «كېلە» دېگەننى، ئىتتىرىش ئارقىلىق «كەت» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان بولدۇم. بولكا يېگۈم كەلگەن چاغدا مەن بولكا كېسىش، ئۈستىگە قايماق، سېرىقماي سۈركەشنى ھەرىكەت بىلەن بىلدۈرەتتىم. توڭلاپ كەتتىم دېمەكچى بولسام، بوينۇمنى ئىچىمگە تىقىپ تىترىگەن ھالەتنى ئىپادىلەيت-

تىم.

ئاپاممۇ تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق دېمەكچى بولغانلىرىنى ماڭا ئۇقتۇرۇشقا تىرىشاتتى. راستىمنى ئېيتسام، ئاپامنىڭ مېھىر - مۇھەببىتى، ئەقىل پاراستى ئارقىلىقلا مەن ئاشۇ ئۇزۇن ۋاقىتلىق قاراڭغۇلۇقتا ئاز تولا يورۇقلۇققا ئىگە بولدۇم.

تۇرمۇشتىكى بەزى ئىشلارنى مەن بارا - بارا چۈشىنىۋالدىم. بەش ياشقا كىرگەن چاغلىرىمدا يۇيۇلغان كىرلەرنى قاتلاپ جايىغا قويۇشنى، يۇغۇزۇپ ئەكەلگەن كىيىملەرنى تۈرلەرگە ئايرىشنى، ئۆزۈمنىڭ كىيىملىرىمنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئاپام بىلەن ھاماچامنىڭ ياسىنىپ - تارىنىشلىرىدىن ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقىدىغانلىقىنى بىلىپ ئەگىشىدىغان بولدۇم. ئۆيگە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - يارەنلەر كەلسە، مېنى چاقىرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۈرەتتى. ئۇلار ماڭغاندا، مەن قول پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قوياتتىم. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ بۇ خىل قول ئىشارىتىنىڭ مەنىسىنى ئاز - تولا بىلىۋالدىم.

بىر قېتىم ئۆيىمىزگە كاتتا، ئەزىز مېھمانلار كەلگىنى ئېسىمدە. ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ - يېپىلىشىدىن ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدىم - دە، ھېچكىم دىققەت قىلمىغان پەيتتىن پايدىلىنىپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كىردىم - دە، ئاپامنى دوراپ ئەينەككە قاراپ چېچىمغا ماي سۈرتتۈم، يۈزۈمگە ئۇپا ئەڭلىك سۈرتتۈم. چۇمبەلنى چېچىمغا چازا بىلەن قىستۇرۇپ يۈزۈمگە چۈشۈرۈۋالدىم. ئاندىن كەڭ، يوغان كۆڭلەكتىن بىرنى تېپىپ كىيىپ كۈلكىلىك قىياپەتكە كىرگەندىن كېيىن، پەسكە چۈشۈپ، مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىغا ياردەملەشتىم.

ئۆزۈمنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغانلىقىمنى قاچانلاردا بىلىۋالغانلىقىمنى ئانچە ئۇقۇپ كەتمەيمەن. بۇ چوقۇم سوللىۋان مۇئەللىم كېلىشتىن بۇرۇنقى ئىش. شۇ چاغدا مەن ئاپام ۋە

دوستلىرىمنىڭ گەپنى ماڭا ئوخشاش قول ئىشارىتى بىلەن ئەمەس، ئېغىزى بىلەن قىلىشۋاتقانلىقىغا دىققەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن سۆزلەۋاتقانلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى (گەپ قىلىشۋاتقاندا) تۇتۇپ، سىلاپ باقتىم، لېكىن نېمىلەر دېگەنلىكىنى زادىلا ئۇقالمىدىم ـ دە، ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەكچى بولۇپ، بار كۈچۈم بىلەن پۇت ـ قولۇمنى ھەرىكەتلەندۈردۈم، ئېغىزىمنى مىدىرلاتتىم. لېكىن، ئۇلاردا ئازراقمۇ ئىنكاس بولمىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق ئاچچىقىم كېلىپ يەرلەرنى تېپىپ، ئاۋازىم چىقمىسىمۇ ۋارقىراپ، چالۋاقاپ تازا غەلۋە قىلدىم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈچە توختىمىدىم.

كۆڭلۈمدە بۇنداق قىلمىسام بولاتتى، دەپ ئويلىسام‌مۇ، مەن ھەمىشە يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن يولسىزلىق بىلەن غەلۋە قىلاتتىم. قىلدىن قىيىق كەتسە چېچىلىپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمايلا قالاتتىم. مەسىلەن، ئاغرىتىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرسام‌مۇ بالا باققۇچى ئىرانى دائىم قاتتىق تېپەتتىم. ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بولسا پۇشايمان قىلاتتىم. لېكىن، كۆڭلۈمگە ياقمايدىغان ئىشلار بولۇپ قالسا يەنە ساراڭلىقىم تۇتاتتى ـ دە، كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى.

زۇلمەت ئىچىدىكى ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىمدا، مېنىڭ ئەتىگەن ـ ئاخشاملىرى بىللە بولىدىغان ئىككىلا دوستۇم بار بولۇپ، بىرى ئاشپەزنىڭ قىزى ماشا ۋاشىنگتون، يەنە بىرى بېللى ئىسىملىك قېرى ئوۋ ئىتى ئىدى.

ماشا ۋاشىنگتون مېنىڭ قول ھەرىكىتىمنىڭ مەنىسىنى تېزلا بىلىۋالدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا بىرەر ئىشلارنى تاپشۇرسام تېز ھەم ئوبدان قىلاتتى. ماشا مېنىڭ بىلەن جېدەللىشىپ يۈرگۈچە دېگىنىمنى قىلىپ تىنچ ئۆتۈشنى ئەۋزەل كۆرگەن بولسا كېرەك، شۇڭا، مەن بۇيرۇغان ئىشلارنى تېزلىك، چەبدەسلىك بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك قىلاتتى.

مەن مىجەزىمنى ئوبدان بىلەتتىم. سالامەتلىكىم ياخشى بولۇپ قالسا، پەقەتلا جىم تۇرمايتتىم. مىجەزىمنىڭ چۇسلۇقىدىن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن زادىلا ھېسابلاشمايتتىم. خىيالىمغا كەلگەننى قىلىشقا ئامراق بولۇپ، جەڭگى جېدەلدىنمۇ يانمايتتىم. ئۇ چاغلاردا، مەن ماشا بىلەن ئاشخانىدا نۇرغۇن ۋاقتىمنى بىللە ئۆتكۈزگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ خېمىر يۇغۇرۇشىغا، ماروژنى قىلىشىغا ياردەملىشەتتىم ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۈركە توخۇلارغا دان بېرەتتىم. ئۇلار ئادەمدىن قورقمايتتى، قولۇمدىن دان يەيتتى، سىلىسام جىم تۇرۇپ بېرەتتى. بەزىدە بولسا بىر نەچچە تال پېچىنىنى تالىشىپ ماشا بىلەن ھارغۇچە سوقۇشاتتىم.

بىر كۈنى، يوغان بىر كۈركە توخۇ قولۇمدىكى شوخلىنى ئېلىپ قاچتى. كۈركە توخۇنىڭ قىلغىنى دەي ـ دەيگە سالدىمۇ، بىلمىدىم، ئۇزۇن ئۆتمەي مەن ماشا بىلەن يېڭىلا پىشۇرۇپ قويغان توقاچنى ئوغرىلاپ چىقىپ، ئوتتۇن دۆۋىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يەپ تۈگەتتۇق. بىراق، كۈتمىگەندە جىق يەۋەتكەن توقاچ سىڭمەي قورسىقىمىزنى ئاغرىتىۋەتتى، ياندۇرۇپ ھالىمىز قالمىدى. شوخلىنى ئېلىۋالغان ھېلىقى كۈركە توخۇمۇ مۇشۇنداق جازاغا تارتىلدىمۇ يوق، ھېچ بىلمىدىم.

سېساركا توخۇ ئاسانلىقچە كۆزگە چېلىقمايدىغان جايغا ئۇۋا سېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. مەن بولسام قويۇق گۈل ـ گىياھ، ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ تۇخۇمىنى ئىزدەپ تېپىۋېلىشقا ئامراق ئىدىم. ماشاغا «تۇخۇم ئىزدىگىلى بارىمەن» دېگەن گەپنى قىلالمىغىنىم بىلەن ئىككى قولۇمنى يۇمىلاق ھالەتتە قىلىپ يەرگە قويۇپ، ئوت ـ چۆپ ئارىسىدىن يۇمىلاق بىر نەرسىنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى بىلدۈرەتتىم. ماشا بىر قاراپلا ئۇقۇۋالاتتى. تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ تۇخۇم تېپىۋالساق، ماشانىڭ تۇخۇمنى ئۆيگە ئەكېتىشىگە زادىلا يول قويمايتتىم. قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭغا ، تۇخۇمنى ئەكېتىمەن دېسەڭ يولدا يىقىلىپ



www.uyghurkitap.com

چۈشسەكلا تۇخۇم چېقىلىپ كېتىدۇ، دەيتتىم.
باللىق ۋاقىتلىرىمنى ئويلىسام، زىرائەتلەر، ئامبارلار، ئاتخانا ۋە كالا قوتانلىرى، فېرمىلىرى ماشا ئىككىمىزگە شۇقەدەر كۆپ خۇشاللىق بەخش ئەتكەنىدى. بىز بەئەينى جەننەتتە يايرىغان پەرىشتىلەر ئىدۇق. ماشا ئىككىمىز كالا فېرمىلىرىغا بارغىنىمىزدا، سۇت ساغقۇچىلار ھەمىشە ماڭا كالىنى تۇتۇشقا، بەزىدە تېخى كالىنىڭ ئەمچىكىنى تۇتۇپ بېقىشقا رۇخسەت قىلاتتى. مەن مۇشۇنداق قىزىقىشىم تۈپەيلى كالىنىڭ قۇيرۇق قامچىسىنى تولا يېگەنىدىم.
مىلاد بايرىمىغا تەييارلىق قىلىشمۇ ئاجايىپ خۇشاللىنارلىق ئىش ئىدى. ھېيت ـ ئايەملەرنىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ، ئادەمنىڭ نەپسىنى غىدىقلايدىغان مەززىلىك پۇراقلارنى ئويلىسامىلا، كۆڭلۈم ناھايىتى يايراپ كېتەتتى. چۈنكى، چوڭلار بىزنى دورا ـ دەرمەك سوقۇش، كىشمىشلەرنى پارلاش، كۆيۈپ كەتكەن يېمەكلىكلەرنىڭ قارىلىرىنى، كۆپۈكلىرىنى قىرىشقا ئوخشاش ئىشلارغا سالاتتى. مەن بەك قىزىقىپ كەتمىسەممۇ، باشقىلارنى دوراپ پايپىقىمنى ئېسىپ قوياتتىم. لېكىن، باشقا بالىلارغا ئوخشاش تاڭ سۈزۈلمەستىنلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، پايپىقىمغا قانداق سوۋغاتلار سېلىنىدىكىن دەپ ئالايتەن ھەۋەس بىلەن بېرىلىپ قاراپ كەتمەيتتىم.
ماشا ۋاشىنگتونمۇ ماڭا ئوخشاشلا كەپسىز بولۇپ، بىمەنە قىلىقلارنى قىلىشقا ئامراق ئىدى. 7 ـ ئاينىڭ ناھايىتى ئىسسىق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ماشا ئىككىمىز پېشايۋاننىڭ تاش پەلەمپىيىدە ئولتۇردۇق. چىرايى كۆمۈردەك قاپقارا ماشا پاخپىيىپ كەتكەن قويۇق چېچىنى ئاياغ بوغقۇچىدا بوغۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ چاچلار گويا باشتىن بۇرما ئۆشكىلەر ئۈنۈپ چىققاندەك بىر ھالەتكە كىردى. مېنىڭ تېرەم سۇتتەك ئاق، شېشىدەك سۈزۈك بولۇپ، ئالتۇن رەڭ چاچلىرىم تەبىئىي بۇدۇر ئىدى.

بىرىمىز ئالتە ياش، يەنە بىرىمىز سەككىز ـ توققۇز ياشلاردا بولۇپ، قارىغۇ كىچىك قىز مەن ئىدىم.

ئىككىمىز تاش پەلەمپەيدە قەغەزدىن بالا قىيىپ ئويناۋاتاتتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئويۇندىن زېرىكىپ ئاياغ بوغقۇچلىرىنى كېسىپ ئويىنىدۇق. يەنە پەلەمپەي ئەتراپىدىكى سوغۇققا چىدامىلىق يوپۇرماقلارنىمۇ كېسىپ ئويىنىدۇق. بىردىنلا دىققىتىم ماشىنىڭ بېشىدىكى «بۇرما ئۆشكە» لەرگە بۇرۇلدى ـ دە، ئۇنىڭغا ئېسىلدىم. باشتا ماشا ئۇنىماي جىق تىركەشتى. لېكىن، مەنمۇ بوش كەلمىدىم. ئۇنىمىغانىغا قارىماي ماشىنىڭ «بۇرما ئۆشكە» لىرىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ بىرىنى قويماي كېسىۋەتتىم. ماشىنىڭ چېچىنى پۈتۈنلەي كېسىپ بولغاندىن كېيىن، سەنمۇ كېسىۋال، دەپ ماشاغا چېچىمنى تۇتۇپ بەردىم. ئەگەر ئاپام كۆرۈپ قېلىپ، ۋاقتىدا كېلىپ توسۇۋالمىغان بولسا، ماشامۇ مېنىڭ چېچىمنى قويماي كېسىۋەتكەن بولار ئىدى.

يەنە بىر دوستۇم بىللى، يەنى ھېلىقى قېرى ئۆۋ ئىتى بەك ھۇرۇن بولۇپ، ئىسسىق مەش يېنىدا ئۇخلاشقا ئامراق ئىدى. مەن بىلەن ئويناشنى ئۇنچە ياقتۇرمايتتى، ئۇنچە چېچەن ئەمەس ئىدى. شۇنچە كۈچەپ ئۆگەتسەممۇ، ئۇ ھۇرۇنلۇقى ۋە كالۋالىقىدىن قول ئىشارىتىمدىن مېنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىم، نېمە دەۋاتقانلىقىمنى زادىلا بىلەلمەيتتى. ئۇ ھەمىشە ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ سوزۇلاتتى. مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمغا پەرۋا قىلماستىن مەشنى پۇراپ قويۇپ، مەشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ يېتىۋالاتتى. ئۇنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمەسلىكىمگە كۆزۈم يېتىپ، يەنە ئاشخانىغا چىقىپ ماشا بىلەن ئوينايتتىم.

بىر كۈنى پەشتامامغا سۇ تۆكۈۋالدىم ـ دە، قۇرۇسۇن دەپ ئوچاقنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئوتقا قاقلىدىم. لېكىن، ئالدىراڭغۇ بولغاچقا، تېز قۇرۇمىدى دەپ پەشتامامنى ئوچاق ئۈستىگە يايدىم. ئۇشتۇمتۇت لاپ قىلىپ پەشتامىمغا ئوت تۇتۇشۇپ

كەتتى - دە، پەشتاما كۆيۈشكە باشلىدى، كىيىملىرىمگىمۇ ئوت تۇتاشتى، سەكرەپ كەتتىم. ۋىن موماي يېتىپ كېلىپ، مېنى بىر ئەدىيالغا ئورىۋالدى. مەن تۇنجۇقۇپ ئۆلگىلى تاس قالدىم. ئوت ئۆچتى، ئەمما قولۇم ۋە چېچىمدىن باشقا يەرلىرىم ئۇنچە قاتتىق كۆيۈپ قالمىدى.

شۇ چاغلاردا بولسا كېرەك، مەن ئاچقۇچنىڭ قالتىسلىقىنى بىلىپ قېلىپ، ئۇنى ئىشلىتىپ كۆرۈشكە ئىنتايىن قىزىقىپ قالدىم. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئويۇن خۇمارىم تۇتۇپ كېتىپ ئاپامنى ئامبار ئۆيگە سولاپ قويدۇم. ئاپام بار كۈچى بىلەن ئىشىكنى ئۇردى ۋە توۋلىدى. مەن بولسام كارىدور ئالدىدىكى پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ئىشىكنىڭ قاتتىق ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان تىترەشنى سېزىپ توختىماستىن قاقاقلاپ كۈلدۈم. خىز-مەتكارلارنىڭ ھەممىسى سىرتتا ئىشلەۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئاپام ئۇ يەردە توپتوغرا ئۈچ سائەت سولىنىپ قالدى. شۇ ئىشتىن كې-يىن، ئاپام تېزرەك ئادەم تېپىپ مېنى تەربىيىلەش كويىغا چۈش-تى. شۇنىڭ بىلەن ئائىلە ئوقۇتقۇچىم سۇللىۋان خېنىم كەلدى. لېكىن، خۇي مىجەزىنىڭ ئۆزگەرمىكى تەسكەن، مەن يەنىلا پۇر-سەت تېپىپ ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ ئويناۋەردىم.

بىر قېتىم ئاپام مېنى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى سۇللىۋان خې-نىمغا بىر نەرسىنى ئاچىقىپ بەر دېگەنىدى. مەن ئۆيدىن چىقىپلا ئىشىكنى جاق قىلىپ يېپىپ قۇلۇپلىۋەتتىم - دە، ئاچقۇچنى مېھمانخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى كىيىم ئىشكابىغا تىقىپ قويدۇم. ئاپام بىلەن دادام ئامالسىز سۇللىۋان خېنىمنى شوتا قويۇپ دېرى-زىدىن چۈشۈردى. بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇشال بولدۇم. ئاچقۇچنى بولسا بىر قانچە ئايدىن كېيىن بەردىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئېلېكترون نەشرىنى تارقىتىدىغان تور بېكەت ئادرېسى

*ئۇ چاغلاردا مەن ھەم قارىغۇ، ھەم گاچا بولغاچقا، ئىللىق گەپ - سۆزلەر، مېھىرلىك ھەرىكەتلەر ۋە ھەمراھلار ئارا بولىدىغان يېقىنچىلىقلارنى چۈشەنمەيتتىم ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايتتىم.*

# مېھىر بوشۇكى

بىز گۈل - گىياھلار بىلەن ئورالغان ئۆيىمىزدىن چوڭ ھەم يېڭى ئۆيگە كۆچكەندە، مەن بەش ياشلاردا ئىدىم. ئائىلىمىزدە ئاپام، دادام، دادا بىر، ئانا باشقا ئىككى ئاكام، كېيىن تۇغۇلغان سىڭلىم مىجۇرى بولۇپ ئالتە جان ئادەم بار ئىدى.

مېنىڭ كاللامدا قالغان دادام ھەققىدىكى ئېنىق خاتىرە شۇكى، مەن بىر كۈنى توپ - توپ گېزىتلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ دادام قېشىغا بارغىنىمدا، دادام يالغۇز ئولتۇرۇپ يوغان بىر قەغەزنى ئالدىغا تۇتۇپ يۈزىنى توسىۋالغانىكەن. دادامنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى پەقەتلا ئۇقمىدىم. ئەمما، ئۇنى دوراپ، ئۇنىڭ كۆزەينىكىنى تاقاپ، مەنمۇ يوغان بىر قەغەزنى ئېچىپ تۇتتۇم. مۇشۇنداق قىلسام ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىمەن، دەپ ئويلىدىم. خېلى يىللاردىن كېيىن چۈشەندىمكى، ئۇنىڭ تۇتۇۋالغىنى گېزىت بولۇپ، دادام گېزىتخانىدا تەھرىرلىك قىلىدىكەن.

دادام مۇلايىم، مېھرىبان، كۆكسى قارنى كەڭ ئادەم بولۇپ، ئائىلىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىكەن. ئوۋ پەسلىدىن باشقا چاغلاردا بىزدىن ئايرىلىدىغان ۋاقتى بەك ئاز ئىكەن. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادام ياخشى ئوۋچى، ئۇستا مەرگەن ئىكەن. ئائىلىدىكىلەردىن باشقا ئىت ۋە ئوۋ مىلتىقىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. يەنە ئىنتايىن مېھماندوست بولۇپ، بەزىدە سەل ئاشۇرۇۋېتىپمۇ قويىدىكەن. ھەر دائىم ئۆيگە بىر ئىككى مېھمان

باشلاپلا كېلىدىكەن.

ئۇ يەنە تېرىقچىلىقتا، گۈل - گىياھ ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى ھەۋەس قىلىدىكەن. دادام تېرىغان تاۋۇز، بۆلجۈرگەنلەرنىڭ كەنتتە داڭقى بار ئىكەن. دادام يېڭى پىشقان ئۈزۈم ۋە بۆلجۈرگەننى بىرىنچى بولۇپ ماڭا يېگۈزەتتى. دائىم مېنى يېتىلەپ تاۋۇزلۇق ۋە مېۋىلىك باغلارنى سەيلە قىلاتتى. مېنى پەپىلەپ، مېنى خۇشال قىلىشقا تىرىشاتتى. بۇ مەنزىرە ھېلىغىچە يادىمدىن كەتمەيدۇ.

دادام يەنە ھېكايە ئېيتىشقا ئۇستا ئىدى. مەن خەت يېزىشنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، دادام بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى مەن ئۆگەنگەن خەتلەر بىلەن ئالىقىنىمغا يېزىپ مېنى راسا كۈلدۈرەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۇ سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنى تەكرار ئېيتىپ بەرسەم، دادام شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ ۋە خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

1896 - يىلى مەن يازلىق دەم ئېلىشىمنى شىمالدا ئۆتكۈزۈپ، تەنگە داۋا ياز پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت دادامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلدى. دادام ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل تارتماپتۇ، جىددىي خاراكتېرلىك كېسەل بىلەن بىرئاز ۋاقىتلا يېتىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شۇ چاغدا مەن ئۆلۈم قايغۇسى ۋە جۇدالىق ئازابىنى بىلدىم. شۇنداقلا ئۆلۈمگە نىسبەتەن دەسلەپكى تونۇشقا ئىگە بولدۇم.

ئاپامنى قانداق تەسۋىرلىسەم بولار؟ ئۇ ماڭا شۇنچىلىك ئامراق، شۇ قەدەر مېھرىبان. ئەمما، ئۇنى تەسۋىرلەشكە دەرمەھەل گەپ تاپالماي قېلىۋاتىمەن.

تۇغۇلۇپ ھازىرغا قەدەر مەن ئاتا - ئانا مېھرىدىن سۇ ئىچىپ، ئۇلارنىڭ باغرىدا يايلاپ، غەمسىز ياشاپ كەلدىم. ئەمما، ئائىلىمىزگە سىڭلىم مېجۇرې قوشۇلغاندىن تارتىپ تىنچلىقىم بۇزۇلۇپ، ئىچىمگە قىزغىنىش ئوتى تۇتاشتى. سىڭلىم ئاپامنىڭ

تىزىدا ئولتۇرسا، مېنىڭ ئورنۇمنى ئىگىلىۋالغاندەك، ئاپامنىڭ ماڭا بېرىدىغان ۋاقتى ۋە مېھىر - غەمخورلۇقلىرىنى تارتىۋالغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم. كېيىن بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى، بۇ ئىش ماڭا ئاپامنىڭ مېھرى مەندىن بۆلۈنۈپ كەتكەندەك، مەن قاتتىق ھاقارەتلەنگەندەك ھېس قىلدىم.

ئۇ چاغدا مېنىڭ بەك ئامراق بىر قونچىقىم بار ئىدى. ئۇنىڭغا «نانسى» دەپ ئىسىم قويۇۋالغانىدىم. ئۇ مېنىڭ ئامراقلىقىم ۋە ساراڭلىقىمنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتكەچكە، ساق يېرىنىڭ تايىنى يوق ئىدى. مەن دائىم ئاپامنى دوراپ ئۇنى بۆشۈككە بۆلەيتتىم ۋە پەپىلەيتتىم، ئەركىلىتەتتىم. مەن ئۇنى كۆز تاشلىيالايدىغان، گەپ قىلالايدىغان قونچاقلاردىن بەكرەك ياخشى كۆرەتتىم. بىر كۈنى قارىسام سىڭلىم بۆشۈكتە شۇنداق تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭدىن مېنى ئانىلىق مېھرىدىن مەھرۇم قىلدىڭ دەپ قىزغىنىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ ئامراق «نانسى» رىمنىڭ بۆشۈكىدە ئۇخلىغانلىقىغا پەقەتلا چىدىيالمىدىم - دە، دەرغەزەپكە كېلىپ ئېتىلىپ بارغىنىمچە بار كۈچۈم بىلەن بۆشۈكنى ئۆرىۋەتتىم. ئەگەر ئاپام ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ تۇتۇۋالمىغان بولسا، بەلكىم سىڭلىم ئۆلۈپ قالار ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن ھەم قارىغۇ ھەم گاچا بولغاچقا، ئىللىق گەپ - سۆزلەر، مېھىرلىك ھەرىكەتلەر ۋە ھەمراھلار ئارا بولىدىغان يېقىنچىلىقلارنى چۈشەنمەيتتىم ۋە ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولالمايتتىم. كېيىن سەل ئەقلىمگە كېلىپ ئىنسانلاردا بولىدىغان بەختتىن بەھرىمەن بولغاندىن كېيىن، ئۇ مېنىڭ ئىشارەتلىك گەپلىرىمنى ئۇقمايدىغان، مەن ئۇنىڭ باللارچە چۈۋۈرلاشلىرىنى چۈشەنمەيدىغان بولسامۇ، مېجۇرى ئىككىمىز ئاجايىپ ئامراق بولۇپ كەتتۇق. ھەمىشە قول تۇتۇشۇپ بىرگە ئوينىدۇق.

*شۇنداق قىلىپ مەن مىسىردىن چىقىپ سىنەي تېغى ئالدىغا كەلدىم. شۇئان ئىلھام ئوتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ياندۇردى. كۆز ئالدىمدا سانسىزلىغان ئاجايىپ كۆركەم مەنزىرە پەيدا بولدى. بۇ مۇقەددەس تاغدىن «بىلىم ئىنسانغا مېھىر - مۇھەببەت، يورۇقلۇق، ئەقىل پاراسەت ئاتا قىلىدۇ» دېگەن ياڭراق ئاۋاز كەلدى.*

## ئۈمىد

يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، پىكىر - ھېسسىياتلىرىمنى ئىپادىلەش ئارزۇيۇم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئاددىيغىنا، بىر نەچچە خىللا قول ئىشارىتىم ھاجىتىمدىن چىقالمايدىغان بولدى. ھەر قېتىم قول ئىشارىتى بىلەن كىشىلەرگە مەقسىتىمنى ئۇقتۇرالمىغان چاغلاردا چېچىلىپ كېتەتتىم. گويا كۆزگە كۆرۈنمەس نۇرغۇن قوللار مېنى چىڭ تۇتۇۋالغان، مەن ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتەلمەيۋاتقان، مېڭەمدە گويا ۋۇلقان كۆيۈۋاتقان، ئەمما بۇنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ مېنى ئارامىمدا قويمايتتى. شۇڭا، ھە دېسە ساراڭلىق قىلىپ ئۇنى ئۇرۇپ، بۇنى تېپەتتىم، يىغلايتتىم، يەردە دومىلايتتىم، ھۆركىرەيتتىم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈچە توختىمايتتىم.

يېنىمدا ئاپام بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزۈمنى ئاتاتتىم - دە، ئىچ - ئىچىمدىن ئۆكسۈپ يىغلايتتىم، بەزىدە ھەتتا نېمە ئۈچۈن بۇنچىلا ساراڭلىق قىلغىنىمنى ئۇنتۇپلا كېتەتتىم. كۆڭلۈمدىكىنى ئىپادىلەش ئارزۇيۇم شۇنچىلىك كۈچەيدىكى، كۈنلەر ماڭا ئازابلىق بولۇپ بىلىندى. شۇڭا، كۈندە دېگۈدەك، ھەتتا سائىتىگە دېگۈدەك ساراڭلىقىم تۇتىدىغان بولۇپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

ئاپام بىلەن دادام بولسا نىمە قىلارىنى بىلمەي سەكپارە بولاتتى. بىز تۇرۇۋاتقان تۇسكۇمبىيە بازىرىغا يېقىن ئەتراپتا گاس ـ گاچىلار مەكتىپى يوق ئىدى. يەنە كېلىپ بۇنداق چەت ياقا جايغا كېلىپ قارىغۇ، گاس، گاچا بىر بالىنى ئوقۇتۇشنى ھېچكىم خالىمايتتى. شۇ چاغلاردا كۆپچىلىك مەندەك بىر بالىنىڭ ئوقۇپ تەربىيە ئالالىشىدىن گۇمانلىناتتى. ھالبۇكى، ئاپام دىككېنسنىڭ «ئامېرىكا خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىن ئاز ـ تولا ئۈمىدنى كۆرۈپتۇ.

دىككېنس «ئامېرىكا خاتىرىلىرى» دە ھەم قارىغۇ، ھەم گاس، ھەم گاچا قىز رولانىڭ پروفېسسور خاۋنىڭ يېتەكلەپ ئۆگىتىشى بىلەن ئوقۇشتا نەتىجە قازانغانلىقىنى تىلغا ئالغانكەن. ئەمما، ئاپام قارىغۇ، گاس، گاچىلارنى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان پروفېسسور خاۋنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن يىل بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ يوق بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلگىنىدە قاتتىق ھەسرەت چېكىپتۇ. پروفېسسور خاۋنىڭ ئىز باسارلىرى بارمىدۇ، بار بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار تۇسكۇمبىيەدەك چەت جايغا كېلىپ قىزىمنى ئوقۇتۇشقا ئۇنارمۇ؟ دەپ غەمگە پېتىپتۇ.

مەن ئالتە ياشقا كىرگەندە، دادام بالتىموردا داڭلىق بىر كۆز دوختۇرىنىڭ بارلىقى، بىر نەچچە قارىغۇ كىشىنى داۋالاپ ساقايتقانلىقىنى ئاڭلاپ مېنى دەرھال شۇ يەرگە ئاپىرىپ كۆزۈمنى داۋالاتماقچى بوپتۇ.

بۇ شۇقەدەر كۆڭۈللۈك سەپەر بولدىكى، ھازىرغىچە تېخى يېڭىلا بولغاندەك خاتىرەمدە ئېنىق تۇرىدۇ. پويىزدا مەن نۇرغۇن دوستلار بىلەن تونۇشتۇم، بىر ئايال بىر قۇتا قۇلۇلە قېپى بەرگەنىدى، دادام ئۇنىڭغا تۆشۈك ئېچىپ، ماڭا بىر يىپقا ئۆتكۈزگۈزدى. بۇ نەرسىلەر ماڭا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت چەكسىز خۇشاللىق ۋە قانائەت بەخش ئەتتى. پويىز خىزمەتچىسى ناھايىتى

ئوڭلۇق، مۇلايىم ئادەم ئىدى. ئۇ بىلەت تەكشۈرگىلى كەلگەندە، مەن ئۇنىڭ پىشىنى تارتاتتىم. ئۇ ماڭا بىلەت كېسىدىغان قايچىنى ئوينىغىلى قوياتتى. مەن ئورنۇمدا يېتىۋېلىپ، كېسىۋېتىلگەن كارتۇشكىلارنى تېشىپ ئويناتتىم، پەقەتمۇ زېرىكمەيتتىم.

ئاپام لۆڭگىلەردىن ماڭا بىر قونچاق ياساپ بەردى. بىراق، ئۇنىڭ يا كۆزى، يا قۇلىقى، يا ئېغىزى، يا بۇرنى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ قانداق بولۇشىنى ئانچە سۈرۈشتۈرۈپ كەتمىدىم. لېكىن، كۆزىنىڭ يوقلۇقى ماڭا قاتتىق زەربە بولۇپ تۇيۇلدى. شۇڭا، مەن ھەممەيلەندىن بىر ئامال قىلىپ ئۇنىڭغا كۆز چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئەمما، بۇ ئىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمىدى. بىردىنلا كاللامغا بىر ئوي كەلدى ـ دە، جايىمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ ھاممامنىڭ قىشىغا باردىم. ئۇنىڭ مارجان قويۇلغان پىلاشىدىن ئىككى تال مارجاننى ئۈزۈۋېلىپ، ھاممامغا ئۇنى قونچىقىمنىڭ كۆزىگە بېكىتىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. ھاممام مېنىڭ گېپىمنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن قولۇمنى تارتىپ كۆزىنى تۇتقۇزدى، مەن كۈچەپ بېشىمنى لىڭشىتتىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مارجاننى تىكىپ بەرگەندى، مەن شۇنچىلىك خۇش بولۇپ كەتتىم. لېكىن، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ قونچاقتىن زېرىكتىم.

پۈتكۈل سەپەر داۋامىدا مەن كۆپ ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ تىنىم تاپمىدىم، بىرەر قېتىممۇ جېدەل قىلمىدىم.

بالتىمورغا بارغاندىن كېيىن، بىز بىۋاستە دوختۇر زېچامغا كۆرۈندۇق. ئۇ بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئامال قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بىراق، ئۇ بىزنى رىغبەتلەندۈرۈپ، مېنىڭ ئوقۇسام بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە دادامغا تەكلىپ بېرىپ، قىزىڭىزنى ۋاشىنگتونغا ئاپىرىپ دوكتور ئالېكساندىر بېل بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ. ئۇ سىلەرنى گاس ـ گاچا باللار مەكتىپى ھەمدە ئوقۇت-

قۇچىلار سالاھىيىتى ھەققىدىكى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىد-
شى مۇمكىن دېدى. دوختۇر زېچامىنىڭ تەكلىپى بويىچە بىز ئائىلە
بويىچە ۋاشىنگتونغا ئاتلاندۇق. دادام - ئاپاملار غەمگە پېتىپ
خىيالدىن باش كۆتۈرمىدى. مەن بولسام ئۆتكەن - كەچكەننى
سېزىپ ساياھەت قىلىشىمۇ بىر قىزىق ئىشكەن دەپ ئويلاپ غەمدىن
يىراق يۈردۇم.

ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئىش ئۇقمايدىغان بالا بولساممۇ،
دوكتۇر بېل بىلەن ئۇچرىشىپلا ئۇنىڭ مۇلايىم، يېقىشلىق ئادەم
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مېنى تىزىغا ئېلىپ سائىتىنى
ئويناتقۇزدى، سائىتىنى جىرىڭلىتىپ ئۇنىڭ تەۋرىنىشىنى ماڭا
ھېس قىلدۇردى. دوكتور ئۇستا دوختۇر ئىكەن. قول ئىشارى-
تىمنى تېزلا بىلىۋالدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدىم.
شۇ چاغدا مەن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ھاياتىمنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇق-
تىسى بولۇپ قېلىشىنى، ھاياتىمنىڭ قاراڭغۇلۇقتىن يورۇقلۇق-
قا، غېرىبلىقتىن ئىللىقلىق قوينىغا كىرىشىنىڭ باشلىنىشى،
شۇنداقلا بىلىمگە ئېرىشىشتىكى ئاچقۇچقا ئىگە بولۇپ قالغانلى-
قىمنىڭ تۇنجى قەدىمى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتمىگەنى-
دىم.

دوكتور بېل دادامغا بوستوندىكى بوگىنىس مەكتىپىنىڭ مۇ-
دىرى ئاننا نوتىس ئەپەندىگە خەت يېزىپ ماڭا ناھايىتى ياخشى بىر
ئوقۇتقۇچى ئەۋەتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشنى تەۋسىيە قىل-
دى. بوگىنىس مەكتىپى «ئامېرىكا خاتىرىلىرى» دە تىلغا ئېلىن-
غان دوكتور خاۋ قارىغۇ، گاس، گاچىلار ئۈچۈن ھاردىم - تالدىم
دېمەستىن ئىشلىگەن جاي ئىدى.

دادام دەرھال خەت سالدى. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن،
ئوقۇتقۇچى تېپىلدى دېگەن خوش خەۋەر يېزىلغان يالقۇنلۇق سالام
خەت تاپشۇرۇۋالدۇق. بۇ 1886 - يىلى يازدىكى ئىش ئىدى.
بىراق سولىۋان خانىم بىزنىڭ ئۆيگە ئىككىنچى يىلى 3 - ئايدا



www.uyghurkitap.com

يېتىپ كەلدى.

شۇنداق قىلىپ، مەن مىسىردىن چىقىپ، سىنەي تېغى ئالدىغا كەلدىم. شۇئان ئىلھام ئوتلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ياندۇردى. كۆز ئالدىمدا سانسىزلىغان ئاجايىپ كۆركەم مەنزىرە پەيدا بولدى. بۇ مۇقەددەس تاغدىن: «بىلىم ئىنسانغا مېھىر - مۇھەببەت، يورۇقلۇق، ئەقىل - پاراسەت ئاتا قىلىدۇ» دېگەن ياڭراق ئاۋاز كەلدى.

*سۇ روھىمنى ئويغاتتى، ماڭا يورۇقلۇق، ئۈمىد، شادلىق ۋە ئەركىنلىك بەخش ئەتتى.*

# يېڭى ھايات بەخش ئەتكۈچى

1887 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئوقۇتقۇچىم ئاننىي سۇللىۋان ئائىلىمىزگە كەلدى. بۇ ھاياتىمدىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر كۈن بولۇپ قالدى. شۇ چاغدا مەن ئالتە ياش توققۇز ئايلىق بولغانىدىم. شۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تۇرمۇشۇمنى ئويلىسام، ھاياجاندىن ئۆزۈمنى بېسىۋالالمايمەن.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى چاغ، مەن كارىدوردا جىممىدە تۇراتتىم. مەن ئاپامنىڭ قول ئىشارىسى ۋە باشقىلارنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ يۈرگەنلىكىدىن بۈگۈن ئالاھىدە بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى سەزدىم - دە، جىممىدە ئىشىك ئالدىغا بېرىپ، پەلەمپەيدە ساقلاپ تۇردۇم.

چۈشتىن كېيىن تازا تاۋىغا يەتكەن قۇياش نۇرى بالكوننى چۈمكىگەن، ئۈچقات يوپۇرماقلىرى يۈزۈمنى ئىللىق سۆيۈپ ھۇزۇرلاندۇراتتى. مەن گۈل يوپۇرماقلىرىنى ئۇۋۇلايتتىم ياكى جەنۇبنىڭ باھار قۇياشىغا تەلپۈنۈپ ئېچىلغان گۈللەرنى سىلايتتىم. كەلگۈسىدە قانداق مۆجىزىلەرنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمىسەممۇ، شۇ چاغدا نەچچە ھەپتىلىك تىنماي چېچىلىش، پەرىشانلىق، خاپىلىقتىن كېيىن تولىمۇ ھالسىرىغان ھالەتتە ئىدىم.

دوستۇم، سىز بەلكىم تۇمان باسقان دېڭىزدا سەپەر قىلغان بولۇشىڭىز، قويۇق تۇمان ئىچىدە سىز يۈرىكىڭىز دۈكۈلدەپ سوققان، بىرەر كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە يولۇقۇپ قالارمەنمۇ، دەپ

ئەندىشىگە چۈشكەن هالدا كېمىگىزنى هەيدەپ ئېهتىياتچانلىق بىلەن ئاستا ـ ئاستا قىرغاققا قاراپ ماڭغان بولۇشىڭىز مۇمكىن.
تەربىيە ئېلىشتىن ئىلگىرى مەن بەئەينى شۇ تۇمان ئىچىدىكى كېمە ئىدىم. مەندە كومپاسمۇ، تەكشۈرۈش ئەسۋابىمۇ يوق بول-غاچقا، پورتقا يېقىنلا كېلىپ قالغانلىقىمنى پەقەتلا بىلمەيتتىم. شۇڭا، ئىچىمدە: «ئاھ، يورۇقلۇق! يورۇقلۇق! ماڭا تېززەك يورۇقلۇقنى كۆرسەتكىچۇ!» دەپ ئۈنسىز نىدا قىلاتتىم. دەل مۇشۇنداق بىر پەيىتتە مېهىر ـ شەپقەت نۇرى ۋۇجۇدۇمغا چېچىل-دى.
مەن بىرىنىڭ ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئاپام ئوخشايدۇ، دەپ ئىتتىك قولۇمنى سوزدۇم. بىرى قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى ئۆزىگە تارتتى ـ دە، باغرىغا چىڭ باستى. ماڭا ئۇ دۇنيادىكى ھەقىقەتلەردىن بېشارەت بېرىدىغان، ماڭا چەكسىز مې-ھىر ـ مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغان بىر كىشىدەك تۇيۇلدى. بۇ كىشى ئوقۇتقۇچىم ئاننىي سۇللىۋان ئىدى.
ئەتىسى ئەتىگەن ئۇ مېنى يېتىلەپ ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ ماڭا بىر قونچاق بەردى. بۇ قونچاقنى ماڭا بوگىنىس ئەمالار مەكتىپى-نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى سوۋغا قىلغانلىقىنى كېيىن ئۇقتۇم. قونچاقنىڭ كىيىمىنى ياشانغان رولا ئۆز قولى بىلەن تىككەنىكەن. مەن بىردەم قونچاق ئوينىدىم. ئاندىن سۇللىۋان خېنىم ئالىقى-نىمغا ئاستا «DOLI» دېگەن خەتنى يازدى. بۇ ھال مەندە قول ئويۇنى ھەمدە دوراپ ئۇنىڭ ئالىقىنىمغا سىزىشقا قارىتا زور قىزى-قىش پەيدا قىلدى. مەن خەتنى ئاخىر توغرا يازالايدىغان بولغاندا شۇنچىلىك ئېچىلىپ ئىپتىخارلاندىم. خۇشاللىقىم يۈزۈمگە تېپىپ چىقىپ، قولاقلىرىمغىچە يېتىپ ئېچىلغان قىزىل گۈلدەك قىزاردىم. دەر-ھال ئاپامنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا يېزىپ كۆرسەت-تىم.
مەن ئۆزۈمنىڭ خەت يېزىۋاتقانلىقىمنى، ھەتتا دۇنيادا يېزىق

www.uyghurkitap.com

دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنى تېخى پەقەتلا بىلمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ سۈرەتكە تەقلىد قىلىپ قاپاق سىزغان تەرزدە، سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ يازاتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىنتىلمىسەممۇ، مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا «يىڭنە» (PIN)، «ئىستاكان» (CUP)، «ئولتۇرۇش» (SIT)، «تۇرۇش» (STAND)، «مېڭىش» (WALK) قاتارلىق سۆزلەرنى قوشۇپ يېزىشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئوقۇتقۇچىم بىر نەچچە ھەپتە ئۆگەتكەندىن كېيىن چۈشەندىمكى، دۇنيادىكى جىمى نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى ـ نامى بار ئىكەن.

بىر كۈنى، سۇللىۋان خېنىم ماڭا يېڭى ۋە يوغان بىر قونچاق بەردى. شۇنداقلا بۇرۇنقى قونچاقنىمۇ ئەكېلىپ تىزىمغا قويۇپ قويغاندىن كېيىن، قولۇمغا «DOLL» دېگەن گەپنى يازدى. بۇنىڭ بىلەن ماڭا چوڭ ۋە كىچىك ئىككى قونچاقنىڭ ئاتىلىشى ئوخشاشلا «DOLL» بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۇ كۈنى، چۈشتىن بۇرۇن سۇللىۋان خېنىم ئىككىمىز «ئىستاكان» ۋە «سۇ» دېگەن ئىككى خەت ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش قىلىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا «ئىستاكان» بىلەن «سۇ» نىڭ ئىككى نەرسە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەكچى بولدى. مەن بولسام ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ، ئىككىسى ئوخشاشلا بىر نەرسە دەپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ ئامالسىز بۇ گەپنى قويۇپ، قونچاقنىڭ ئاتىلىشى بولغان «DOLL» نى مەشىق قىلغۇزدى. بۇنىڭدىن بەكلا ئىچىم سىقىلىپ كەتتى ـ دە، يېڭى قونچاقنى يىرتىپ ـ يىرتىپ يەرگە ئاتتىم. شۇندىلا ئىچىم يورۇپ كەتتى، بۇ ئەسكىلىكىمدىن خىجىل بولمىدىم، پۇشايمانمۇ قىلمىدىم، ئەكسىچە تولىمۇ خۇشال بولدۇم. چۈنكى، بۇ قونچاققا ئامراق ئەمەس ئىدىم. مېنىڭ غېرىب ۋە قاراڭغۇ دۇنيارىمدا ئىللىقلىق، رەھىم ـ شەپقەت دېگەن نەرسە زادىلا يوق ئىدى. سۇللىۋان خېنىم بىچارە قونچاقنىڭ پارچىلىرىنى سۈپۈرۈپ ئوچاق ئالدىغا يىغىپ قويدى،

ئاندىن شىلەپەمنى ماڭا سۇندى. مەن ئەمدى سىرتقا، ئىل-
لىق قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان يەرگە چىقسام بولىدىغانلىقىنى
چۈشەندىم.

بىز چىغىر يول بىلەن مېڭىپ بۇلاق سۈيى بار ئۆيگە كەل-
دۇق. ئۆينىڭ ئۈستىنى چۈمكىگەن ئۈچقاتلارنىڭ يېقىملىق خۇش
ھىدى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سۇللىۋان مۇئەللىم قولۇمنى
بۇلاقتىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان سۇغا تۇتتى. مۇزدەك سوغۇق سۇ
ئالىقىنىمدىن ئېقىپ ئۆتتى. ئۇ يەنە بىر قولۇمغا باشتا ناھايىتى
ئاستا، كېيىن ئىتتىكرەك قىلىپ «سۇ» (WATER) دېگەن خەتنى
يازدى. مەن جىمىمدە تۇرۇپ ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىگە
تازا دىققەت قىلدىم. بىردىنلا كۆڭلۈم ۋاللىدا يورۇپ، ئاجايىپ
بىر خىل تۇيغۇ ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىدى. شۇئان تىل، يېزىق
دېگەن نەرسىنىڭ سىرىنى چۈشەندىم. «سۇ» دېگەن خەتنىڭ مې-
نىڭ قولۇمدىن ئېقىپ ئۆتكەن مۇشۇ سوغۇق ۋە ئاجايىپ غەلىتە
بىر نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

سۇ روھىمنى ئويغاتتى. ماڭا يورۇقلۇق، ئۈمىد، شادلىق
ۋە ئەركىنلىك بەخش ئەتتى.

بۇلاق سۈيى بار ئۆيدە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار قەلبىمدە بىلىم
ئېلىش ئىستىكىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتىنى تۇتاشتۇردى! ئاھ! ئەس-
لىدە ئالەمدىكى جىمى نەرسىنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بار ئىكەن.
ھەربىر نام مەندە يېڭى ئوي - پىكىر ئويغىتىدىكەن ئەمەسمۇ.
شۇنىڭ بىلەن مەن ھەممىلا نەرسىگە يېڭىچە، زور قىزىقىش
نەزىرىدە قارايغان بولدۇم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەن
تۇتقانلىكى نەرسىگە جان كىرگەندەك بولۇپ، بايا يىرتىپ تىتى-
ۋەتكەن قونچاق ئېسىمگە كېلىپ، سىيپلاپ ئوچاق ئالدىغا كەل-
دىم. پارچە پۇرۇچلارنى قۇراشتۇرۇپ چىقماقچى بولغانىدىم،
پەقەتلا مۇمكىن بولمىدى. بايىقى ئەسكى قىلىقلىرىمنى ئويلاپ،
ئۆمرۈمدە تۇنجى رەت قاتتىق پۇشايمان قىلدىم، كۆزلىرىمگە

لىققىدە ياش تولدى.

شۇ كۈنى خېلى كۆپ خەتلەرنى، يەنى «ئاتا» (FATHER) ، «ئانا» (MOTHER) ، «سىڭىل» (SISTHER) قاتارلىقلارنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ خەتلەر كۆز ئالدىمدىكى پۈتكۈل دۇنياغا ئادەم كۆرۈپ قانمايدىغان، شۇنچىلىك گۈزەل ۋە رەڭدار تۈس بەردى. بۇ كېچە شادلىققا تولغان يۈرىكىم هاياجان ئىلكىدە ئەتىكى يېڭى بىر كۈننىڭ بالدۇراق يېتىپ كېلىشىگە تەقەززا بولدى. ئاھ! دۇنيادا مەندىنمۇ بەختلىك بالا بارمىدۇ ـ هە!

*بىز دەريا بويىدىكى يۇمران ئوت - چۆپلەردە دەرسنى باشلىدۇق. بۇ يەردە مەن تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى شاپائەتنى چۈشەندىم.*

# تەبىئەتكە يېقىنلىشىش

سۇلىۋان مۇئەللىم 1887 - يىلى 3 - ئايدا هاياتىمغا كىرىپ كەلدى. بۇلاق مېنىڭ قەلب كۆزۈمنى ئاچتى. مۇشۇ ئارىلىقتىكى ئىشلارنىڭ هەممىسى خۇددى يېڭىلا بولۇپ ئۆتكەندەك خاتىرەمدە ئېنىق تۇرۇپتۇ. مەن كۈن بويى ئۇنى بۇنى سىلاپ تۇتۇپ ئۇلارنىڭ نامىنى يادلايتتىم. تۇتقان - قويغان نەرسىلەر كۆپەيگەنسېرى ئۇلارنىڭ نامى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلدىم. خۇشاللىقىم ئارتىپ، ئىشەنچكە تولدۇم. تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئېنىق هېس قىلالايدىغان بولدۇم.

كۆركەم ۋە ئاۋاتچىلىق ياز پەسلىمۇ كېلىپ قالدى. سۇلىۋان خېنىم مېنى يېتىلەپ تېنېسسى دەرياسى بويلىرىدا سەيلە قىلاتتى. ئېتىز - دالىلارغا، تاغ - ئېدىرلارغا بېرىپ، ئېتىزلاردا يەر ئاغدۇرۇۋاتقان، زىرائەت تېرىۋاتقان كىشىلەرنى تاماشا قىلاتتۇق. بىز دەريا بويىدىكى يۇمران ئوت - چۆپلەردە ئولتۇرۇپ، كىشىلىك هاياتتىكى يېڭى بىر دەرسنى باشلىدۇق. بۇ يەردە مەن تەبىئەت بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى شاپائەتنى چۈشەندىم. مەن سىخىي قۇياش نۇرىنىڭ زېمىندىكى دەل - دەرەخلەرنى قانداق ياشناتتىدىغانلىقىنى، ئۇچار قاناتلارنىڭ قانداق ئۇۋا سالىدىغانلىقى ۋە قانداق كۆپىيىدىغانلىقى، پەسلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ قاياقلارغا، قانداق يۆتكىلىدىغانلىقىنى بىلىۋال-

دىم. تىيىن، كېيىك، شىر قاتارلىق ھەر تۈرلۈك ھايۋانلارنىڭ قانداق قىلىپ ئوزۇقلۇق تېپىپ يەيدىغانلىقى، قانداق ئۆچەككە كىرىدىغانلىقىنىمۇ ئۇقۇۋالدىم. بىلگەن ـ چۈشەنگەن ئىشلار كۆپەيگەنسىرى تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە دۇنيانىڭ شۇقەدەر گۈزەللىكىنى يەنىمۇ ئوبدان بىلىۋالدىم.

سۇللىۋان خېنىم ماڭا يوغان بەردەم دەل ـ دەرەخلەردىن، سىلىق، يۇمران يوپۇرماقلاردىن، ھەتتا كىچىككىنە سىڭلىمنىڭ بۇدرۇق قوللىرىدىن گۈزەللىكنى ھېس قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن بەھرە ئېلىشنى ئۆگەتتى. ئاندىن ماڭا يەر شارىنىڭ شەكلىنى سىزىشنى ئۆگەتتى. مېنى بىلگەنلىرىمنى تەبىئەت بىلەن باغلاپ گۈل ـ گىياھلار، قۇشلار بىلەن شادىمان دوستلاردىن بولۇش يولىغا باشلىدى. ئەمما، بۇ ئارىلىقتا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش ماڭا تەبىئەتنىڭ دائىملا مېھرىبان ۋە سۆيۈملۈك بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى.

ھاۋا ئوچۇق كۈنلەرنىڭ بىرى، سەھەردە سۇللىۋان خېنىم ئىككىمىز ئايلىنىپ خېلى يىراققا كېتىپ قاپتۇق. قايتىشىمىزدا توساتتىن ھاۋا ئۆزگىرىپ تىنجىق ئىسسىق بولۇپ كەتتى. شۇڭا، بىز نەچچە قېتىم يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ئارام ئالدۇق. ئاخىرىقى قېتىم ئۆيگە يېقىن جايدىكى ياۋا گىلاس دەرىخى ئاستىدا توختىدۇق. دەرەخنىڭ شاخلىرى راسا باراقسان بولۇپ، چىقىپ ئولتۇرىدىغان ئەپلىك جايلىرىمۇ بار ئىدى.

سۇللىۋان خېنىم مېنى يۆلەپ شاخقا چىقىرىپ قويدى. ئوبدانغىنا بىر ئاچىماقنى تېپىپ ئولتۇرۇۋالدىم. دەرەخ ئۈستى ئاجايىپ سالقىن ۋە راھەت ئىدى. سۇللىۋان خېنىم ئەمسە چۈشلۈك تاماقنى مۇشۇ يەردە يەيلى دېۋىدى، تولىمۇ خۇشال بولدۇم ھەمدە ئۇ بېرىپ ئۆيدىن تاماق ئەكەلگۈچە جايىمدىن مىدىرلىماي ئولتۇرۇشقا ۋەدە بەردىم.

ئۇشتۇمتۇت ھاۋا ئۆزگىرىپ قۇياشنىڭ ئىللىق تەپتى غايىب

بولدى، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، تۇپراقتىن غەلىتە پۇراق
تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ قاتتىق بوران ـ چاپقۇنىنىڭ بېشارىتى
ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. شۇئان مېنى نامەلۇم بىر قور-
قۇنچ، يېقىن كىشىلىرىمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك، زېمىندىن
يىراقلىشىپ كەتكەندەك بىر خىل يالغۇزلۇق تۇيغۇسى ئىلكىگە
ئالدى. مەن تىترەپ دەرەخ شېخىنى چىڭ قۇچاقلىغىنىمچە سۇل-
لىۋان خېنىمنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تىلەپ ئىچىمدە دۇئا قىلىپ
جىممىدە ئولتۇردۇم.

بىر پەس جىملىقتىن كېيىن يوپۇرماقلار شاراقلاپ، شاخلار
لىڭشىپ كەتتى. كۈچلۈك بوران دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇ-
رۇپ تاشلايدىغاندەك ئەلپازدا قۇتراشقا باشلىدى. مەن شامال
مېنى شاخلارغا قوشۇپ ئۇچۇرۇپ كېتەمدىكىن دەپ قورقۇپ،
شاخنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇۋالدىم. دەرەخ بارغانسېرى قاتتىق لىڭ-
شىپ، شىخىدىن ئايرىلغان يوپۇرماق ۋە سۇنغان ئىنچىكە، كى-
چىك شاخلار يۈز كۆزۈمگە يامغۇر كەبى تاراسلاپ ئۇرۇلدى.
ھودۇقۇپ كېتىپ سەكرەپ يەرگە چۈشۈۋالماقچىمۇ بولدۇم، لې-
كىن جۈرئەت قىلالمىدىم. زېمىن گويا ئۈستىگە ئىنتايىن ئېغىر
نەرسە چۈشكەندەك تىترەپ ـ تەۋرەپ لەرزىگە كەلدى. بۇ تەۋرەش
ھەتتا مەن ئولتۇرغان شاخلارغىمۇ تەسىر قىلغانلىقىنى سەزدىم.
قورقۇپ جېنىم بوغۇزۇمغىلا كېلىپ قالدى. ئاۋازىمنى قويۇۋې-
تىپ تازا ۋارقىراي دەپ تۇرسام، سۇللىۋان خېنىم كېلىپ قال-
دى. ئۇ مېنى شاختىن يۆلەپ چۈشۈرۈۋىدى، يەرگە چۈشۈپلا
ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدىم. مەزمۇت زېمىنغا دەسسەپ تۇرغىنىم-
دىن سۆيۈنۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بۇنىڭ بىلەن مەن يەنە
بىر يېڭى بىلىمگە ئىگە بولدۇم. تەبىئەتنىڭ گۈزەل، مۇلايىم
مېھرىبان تاشقى قىياپىتىگە ئۆتكۈر تىرناقلارمۇ يوشۇرۇنغان بو-
لۇپ، بەزىدە ئۇ پەرزەنتلىرىگە تېخى خېلىلا قاتتىق جەڭ ئېلان
قىلىدىكەن.

خەۋپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن، خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە مەن شاخقا چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ھەتتا ئويلىساممۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشاتتى. ئاخىر بىر كۈنى بولۇق شاخلارنىڭ، خۇش ھىدى بىلەن ئۆزىگە تارتىپ تۇرغان ئۇياتچان دەرەخنىڭ قىزىقتۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قورقۇنچىمنى يېڭىپ، قايتا دەرەخكە چىقتىم.

ئۇ باھارنىڭ ناھايىتى گۈزەل، ئوچۇق ھاۋالىق بىر كۈنى ئىدى. مەن يالغۇز ئولتۇرۇپ شىپاڭدا كىتاب كۆرۈۋاتاتتىم. گويا يېنىمدىن «باھار ئىلاھى» لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك، بىردىنلا بىر خىل خۇش ھىد گۈپ قىلىپ بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. بۇنىڭ ئۇياتچان دەرەخ چېچەكلىرىنىڭ ھىدى ئىكەنلىكىنى پەملىدىم - دە، دەرەخ يېنىغا بارماقچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن سىپىلاپ باغنىڭ ئايىغىغا باردىم. ئۇياتچان دەرەخ قاشالىق چىغىر يولنىڭ ئەگىلىدىغان يېرىدە ئىدى.

ئىللىق قۇياش سېخىيلىق بىلەن نۇر چاچماقتا. ئۇياتچان دەرەخنىڭ چېچەكلىرى قۇياش نۇرىدىن سۆيۈنۈپ شوخ ئۇسسۇل ئوينىماقتا. مىچچىدە چېچەكلەرگە پۈركەنگەن شاخلار ئېگىلىپ يەرگە، ئوتلارغا تېگەي - تېگەيلا دەپ قالغانىدى. رەڭدار، كۆركەم چېچەك بوشقىنا تېگىپ قويسىمۇ گۈر قىلىپ تۆكۈلەتتى. مەن تۆكۈلگەن گۈل بەرگىلىرىنى دەسسەپ ئۆتۈپ دەرەخ تۈۋىگە باردىم. پۇتۇمنى دەرەخنىڭ ئاچماق شېخىغا قويۇپ، غولىنى چىڭ تۇتۇپ يۇقىرىغا ياماشتىم. غول توم بولغاچقا تۇتالمايتتىم، ئۇششاق شاخلار قولۇمنى تىتىۋەتتى. بىراق، مەن ئاجايىپ قالتىس بىر ئىش قىلىۋاتقاندەك غەلىتە بىر تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە توختىماي يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئەپلىك بىر جايىنى تېپىپ ئولتۇردۇم. بۇ جاي بۇرۇن بىر چاغلاردا باشقىلار ياساپ قويغان، كېيىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەرەخنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن چاققانغىنا ئورۇندۇق ئىدى.

بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنى گويا بۇلۇتلار
ئۈستىدە، ئاسماندا تۇرغان پەرىزاتلاردەك ھېس قىلدىم. شۇنىڭ-
دىن كېيىن مەن دائىم ئاي ئوردىسىدىكى پەرىزات دەرىخىگە
ئوخشايدىغان بۇ دەرەخكە چىقىۋېلىپ ئوينايدىغان، خىيال سۈرى-
دىغان، ئاجايىپ - غارايىپ خىيالىي مەنزىلەر ئىچىدە يايراپ
سەيلە قىلىدىغان بولدۇم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

*سۆيگۈ ـ مېھىرنى تۇتقىلى بولمايدۇ، بىراق ئۇ ئاتا قىلغان شېرىن سېزىمنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سۆيگۈ ـ مېھىر بولمىسا، سىز ئېچىلىپ يۇرەلمەيسىز، ئوينىغۇڭىزمۇ كەلمەيدۇ.*

# «سۆيگۈ ـ مېھىر» نىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش

مەن تىلنىڭ ئاچقۇچىنى قولۇمغا ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئىشلىتىشكە ئالدىراپ كەتتىم.

ئادەتتە قۇلىقى ساق بالىلار تىلنى ئوڭايلا ئۆگىنىۋالالايدۇ. باشقىلار دېگەن گەپنى ئاسان، كۆڭۈللۈك ھالدا چۈشىنىۋالىدۇ ۋە ئۆگىنىۋالىدۇ، ئاندىن شۇلارنى دوراپ سۆزلىيەلەيدۇ. ئەمما، گاس بالىلار سانسىزلىغان ئازابلىق كەچۈرمىشلەرنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا ئۆگىنەلەيدۇ. مەيلى قانچىلىك جاپالىق بولسۇن، نەتىجە تولىمۇ قانائەتلىنەرلىك ياخشى بولىدۇ. مەن ئىشنى نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىردىن ـ بىردىن ئاتاشنى ئۆگىنىشتىن، «ئا، ئە» دەپ ئاۋاز چىقىرىشتىن باشلاپ تەرەققىي قىلىپ شېكىسپىرنىڭ ئون تۆت مىسرالىق شېئىرلىرى ئۈستىدە ئاجايىپ مول ۋە گۈزەل تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولدۇم.

باشتا، ئالغان بىلىمىم چەكلىك، ئۇقۇملار ئېنىق ئەمەس، ئۆگەنگەن خەت ـ سۆزلۈكلەر ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىم ماڭا نۇرغۇن يېڭىلىقلارنى سۆزلەپ بېرەتتى، مەن بولسام ئاز سوئال سورايتتىم. تاشقى دۇنيانى بارا ـ بارا چۈشىنىشىم، بىلگەن سۆزلۈكلەرنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە سوئاللارمۇ كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆپرەك چۈشىنىۋېلىش مەقسىتىدە مەن ھەربىر نەرسە ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئىزدىنەتتىم. بەزىدە ئۆگەنگەن

بىرەر يېڭى سۆزنى ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن تۇرلۇك ئىشلار بىلەن باغلاپ پىكىر يۈرگۈزەتتىم.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر كۈنى ئەتىگەن مەن بىرىنچى قېتىم «سۆيگۈ ـ مېھىر» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى سورىدىم. ئۇ چاغدا ئۆگەنگەن خەتلىرىم كۆپ ئەمەس ئىدى. مەن گۈللۈكتە يېڭى ئېچىلغان رۇخسىگۈللەرنى ئۈزۈپ سۇللىۋان خېنىمغا تۇتتۇم. ئۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ مېنى سۆيۈپ قويماقچى بولدى، مەن ئاپامدىن باشقا كىشىلەرنىڭ سۆيۈپ قويۇشىنى خالىمايتتىم. سۇلىۋان خېنىم بىر قولىدا قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئالقىنىمغا: «مەن خېلېننى سۆيىمەن» دېگەن خەتلەرنى يازدى.

ـــ سۆيۈش دېگەن نېمە؟ ـــ دەپ سورىدىم.

سۇلىۋان خېنىم مېنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى ھەمدە يۈرىكىمنى كۆرسىتىپ:

ـــ سۆيگۈ مۇشۇ يەردە، ـــ دېدى.

مەن تۇنجى رەت يۈرىكىمنىڭ سوققانلىقىنى سەزدىم. لېكىن، مۇئەللىمنىڭ سۆزى ۋە ھەرىكىتىنىڭ مەنىسىنى يەنىلا چۈشىنەلـمىدىم.

مەن ئۇنىڭ قولىدىكى رۇخسىگۈلنى پۇراپ قويۇپ، يېرىق ئارىلاش قول ئىشارىتى بىلەن:

ـــ گۈلنىڭ ھىدى سۆيۈش دېگەن گەپمۇ؟ ـــ دەپ سورىـدىم.

ـــ ياق، ئەمەس، ـــ دېدى سۇلىۋان مۇئەللىم.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. بىز قۇياش نۇرىغا چۆمۈپ تۇراتـتۇق.

ـــ سۆيۈش دېگەن قۇياشمۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم قۇياش نۇر چېچىپ تۇرغان جاينى كۆرسىتىپ، ـــ قۇياشمۇ يا؟

شۇ چاغدا مېنىڭ نەزىرىمدە، ئىللىق نۇرى بىلەن جىمى مەۋجۇداتنى ياشنىتىپ، كائىناتنى گۈزەل تۇسكە كىرگۈزىدىغان

www.uyghurkitap.com

قۆياشتىن ياخشىراق نەرسە يوق ئىدى. ئەمما، سۆللىۋان خېنىم بېشىنى چايقىدى. مەن گاڭگىراپ قالدىم ۋە ئۈمىدسىزلەندىم. مۆئەللىم نېمىشقا ماڭا سۆيگۈ ـ مېھىرنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بەرمەيدىغاندۇ؟ دەپ ئەجەبلەندىم.

بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتتى. مەن چوڭ ـ كىچىك مارجانلارنى ئىككى چوڭ، ئۈچ كىچىك تەرتىپ بىلەن يىپقا ئۆتكۈزدۈم، لېكىن ھەدىسە بۇ تەرتىپنى ئارىلاشتۇرۇپ قوياتتىم. سۆللىۋان خېنىم يېنىمدا تۇرۇپ سەۋرچانلىق بىلەن خاتالىقىمنى تۈزىتەتتى. ئاخىرىدا قارىسام يەنە خېلى جىق يەرنى خاتا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتىمەن. بۇنى بىلىپ زادى قانداق قىلسام بۇ مارجاننى توغرا ئۆتكۈزەلەرمەن، دەپ ئويلىنىپ قالدىم. سۆللىۋان خېنىم پېشانەمگە نوقۇپ قويۇپ، «ئويدان ئويلاڭ» دېگەن خەتنى چىڭ ـ چىڭ بېسىپ يازدى.

مەن بىردىنلا بۇ خەتنىڭ مېڭىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جەرياننى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. بۇنىڭ بىلەن ئابستراكت ئۇقۇمنى تۇنجى قېتىم ئېنىق بىلىۋالدىم.

مەن ئۇزۇنغىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتىم. كاللامدا مارجاننى قانداق ئۆتكۈزۈش ئىشى ئەمەس، بەلكى سۆيگۈ ـ مېھىر دېگەن سۆزگە يېڭىچە بىر كۆز قاراش بىلەن چۈشەنچە بېرىش ئويى كېزەتتى. بۇ كۈنى ھاۋا بۇلۇتلۇق ئىدى. تۇرۇپ ـ تۇرۇپلا سىم ـ سىم يامغۇر ياغاتتى. تۇساتتىن قۆياش بۇلۇتلارنى يېرىپ چىقىپ ۋاللىدە زېمىننى يورۇتتى.

مەن مۆئەللىمدىن يەنە سورىدىم:

— سۆيۈش ـ مېھىر دېگەن قۆياش دېگەن بولامدۇ؟

— سۆيۈش ـ مېھىر دېگىنىمىز قۆياش چىقىشتىن بۇرۇن ئاسماندا تۇرغان بۇلۇتقا ئوخشاپراق كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى مۆئەللىم. ئۇ مېنىڭ يەنىلا گاڭگىراپ تۇرغىنىمنى بىلىپ يەنمۇ ئاددىي، ئەمما شۇ چاغدا مەن زادىلا چۈشىنەلمىگەن سۆز

بىلەن چۈشەندۈردى، — سىز بۇلۇتنى تۇتالمايسىز، لېكىن يامغۇرنى سېزەلەيسىز. سىزگە مەلۇم، كۈن بويى قۇياش تەپتىدىن قىزىپ، قاغجىراپ كەتكەن گۈللەر ۋە كائىنات يامغۇر ياغسا نەقەدەر خۇشال بولۇپ كېتىدۇ - ھە! سۆيگۈ - مېھرىنىمۇ تۇتقىلى بولمايدۇ. بىراق، ئۇ ئاتا قىلغان شېرىن سېزىمنى ھېس قىلغىلى بولىدۇ. سۆيگۈ - مېھىر بولمىسا سىز ئېچىلىپ يۇرەلمەيسىز، ئويىنغۇڭىزمۇ كەلمەيدۇ.

بىردىنلا بۇنىڭ داۋلىسىنى ئۇقۇۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن شەكىلسىز، سانسىزلىغان يىپلار مەن بىلەن باشقىلارنىڭ قەلبىنى باغلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

سۇللىۋان خېنىم ماڭا باشتىنلا قۇلىقى ساق باللار قاتارىدا مۇئامىلە قىلدى ۋە سۆزلەشتى. ئوخشىمايدىغىنى شۇ بولدىكى، ئۇ سۆزلەرنى ئېغىزىدا دېمەي، ئالىقىنىمغا يېزىپ بەردى. ئۇي پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان بۇنداق سۆزلەر ياكى ماقال - تەمسىللەرنى پەقەتلا ئۇقالمىغان چاغلىرىمدا، ئۇ مېنى يېتەكلەپ بىلدۈرۈپ تۇردى. باشقىلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرالماي قىينالغان چاغلىرىمدىمۇ يېنىمدا ئەسكەرتىپ، چۈشەندۈرۈپ تۇردى.

بۇ خىل ئۆگىتىش جەريانى خېلى ئۇزۇن يىل داۋاملاشتى. سەۋەب، قۇلىقى ساغرۇ بىر بالىنىڭ دائىم ئىشلىتىدىغان ئەڭ ئاددىي، ئاسان سۆزلەرنى بىر نەچچە ئاي، ھەتتا نەچچە يىل ئىچىدىلا ئۆگىنىۋېلىشى ھەمدە شۇئان ئىشلىتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. نورمال باللار گەپ سۆزلەرنى دائىم تەكرارلاش ۋە دوراش بىلەنلا ئۆگىنىۋالىدۇ. يەنى، ئۇلار ئۆيدە چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋېرىپ مېڭىسىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋالىدۇ، شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ ئۆي - پىكرىنى ئىپادىلەشنى ھەم ئۆگىنىۋالىدۇ. بىراق، گاس باللار ئوي - پىكرىنى تەبىئىي يوسۇندا ئىپادىلىيەلمەيدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەن سۇللىۋان خېنىم بۇ كەمتۈكلۈكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك

چاره ـ ئاماللارنى قىلدى. ئۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ ئادەتتە دائىم ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ماڭا بىردىن ـ بىردىن، قايتا ـ قايتا تەكرارلىتىپ، باشقىلار بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۇقتۇردى.

مەن خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە، ئاندىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېغىز ئېچىپ باشقىلار بىلەن سۆزلىشىشكە پېتىنالىدىم. تېخىمۇ ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن، قانداق سورۇندا قانداق سۆزلەشنى ئاران بىلىۋالدىم.

گاس ھەم ئەمالار گەپ ـ سۆزلەرنىڭ (پاراڭلارنىڭ) ئىنچىكە تەرەپلىرىنى ئوڭايلىقچە چۈشىنىپ يېتەلمەيدىكەن. دېمەك، گاس ھەم ئەمالار يولۇقىدىغان قىيىنچىلىق نەقەدەر زور ـ ھە! ئەگەر باشقىلارنىڭ ياردىمى بولمىسا ئۇلار باشقىلارنىڭ سۆز قىلغاندىكى تەلەپپۇزىنى پەرق ئېتەلمەيدىكەن، تەلەپپۇز ئۆزگىرىشلىرىدىكى مەنىنى چۈشىنەلمەيدىكەن. شۇنداقلا، ئۇلار قەلبىنىڭ تەبىئىي ئىزھارى بولغان چىراي ئىپادىسىنى ھەم كۆرەلمەيدىكەن ئەمەسمۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*گۈزەل ۋە ياخشى نەرسىلەرنى ياخشى كۆردۇم، ئامراق بولدۇم، بىراق بۇنداق ھەۋەسنىڭ قانچىلىكى ئۆزۈمدە بۇرۇندىن بارلىقى، قانچىلىكىنى سۇلىلىۋان خېنىم ماڭا بەخش ئەتكەنلىكىنى ئۆمرۈم بويى پەرق ئېتەلمەي كەلدىم.*

## خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق

مەن ئىككىنچى باسقۇچلۇق تەربىيىدە ئوقۇشنى ئۆگەندىم.

مەن ھەرپلەرنى قوشۇپ بىر نەچچە سۆزنى يېزىشنى ئۆگەنگەن ھامان، سۇلىلىۋان خېنىم ھەرپلەر كۆپۈنكى شەكىلدە يېزىلغان قاتتىق قەغەز كارتۇشكىلارنى بەردى. كۆپۈنكى شەكىلدىكى ھەربىر خەتنىڭ مەلۇم بىر جىسىم، مەلۇم ھەرىكەت ياكى مەلۇم ئالاھىدىلىككە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى تېزلا بىلىۋالدىم. مەندە بىر رامكا بولۇپ، ئۆگەنگەن خەتلەرنى شۇ رامكىغا تىزىپ جۈملە ياسىسام بولاتتى. لېكىن، مەن بۇ كارتۇشكىلارنى تىزىپ جۈملە ياساشتىن ئىلگىرى، بۇ جۈملىنى ھەقىقىي شەيئىي ئارقىلىق ئىپادىلەشكە ئادەتلەندىم. مەسىلەن، «قونچاق» «كارىۋات ئۈستىدە» دېگەن كارتۇشكىلارنى ئالغاندىن كېيىن، ھەربىر كارتۇشكىنى ئەمەلىي نەرسىنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. ئاندىن قونچاقنى كارىۋات ئۈستىگە قويۇپ، قالغان كارتۇشكىلارنى تېگىشلىك جايغا قويدۇم. بۇنىڭ بىلەن ھەم بىر جۈملە ياسالدى ھەم بۇ شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك جۈملە مەزمۇنى ئىپادىلەندى.

بىر كۈنى سۇلىلىۋان خېنىم ماڭا «girl» (قىز بالا) دېگەن خەتنى يوپكىغا قاداتقۇزدى. ئاندىن ئۆزى كىيىم ئىشكاپى يېنىغا بېرىپ تۇرۇپ، «wardrobe» (كىيىم ئىشكاپىدا) دېگەن خەتلەرنى كىيىم ئاسقۇچقا ئېلىپ قويدى. بۇ ئويۇنغا كېيىن مەن

www.uyghurkitap.com

بەكمۇ ئامراق بولۇپ كەتتىم. مەن دائىم سۇللىۋان خېنىم بىلەن سائەتلەپ ئويناپ كېتەتتۇق. ئۆيدىكى نەرسىنىڭ جىسمىنى ھەمىشە سۆز ـ جۈملە قىلىپ تىزاتتۇق.

كارتا قۇراشتۇرۇپ جۈملە تۈزۈش ئويۇنى ئوقۇش باسقۇچىغا كىرىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن «ساۋات چىقىرىش ئوقۇشلۇقى» دىن ئۆگەنگەن خەتلەرنى ئىزدەشكە كىرىشتىم. بىلگەن خەتلىرىمنى تېپىۋالسام، بەئەينى مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ ئويۇنىدا بىرىنى مۆكۈۋالغان جايىدىن تېپىۋالغاندەك ناھايىتى خۇشال بوپكەتتىم. مەن مانا شۇ تەرىقىدە ئوقۇشنى باشلىۋەتتىم.

خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە مەن رەسمىي، مۇنتىزىم دەرس ئوقۇمىدىم. ئىنتايىن تىرىشىپ ئۆگەنگەنلىرىممۇ ناھايىتى ئويۇن ئوينىغاندەكلا بىر ئىش بولۇپ، رەسمىي دەرس ئۆتكەنگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى، سۇللىۋان خېنىم مەيلى نېمە ئۆگەتسۇن، ئۇنى ماڭا قىزىقارلىق ھېكايە ۋە تەسىرلىك، جاراڭلىق شېئىرلار بىلەن چۈشەندۈرەتتى. مېنىڭ قىزىقىپ كەتكىنىمنى بايقىسا، ئۆزىمۇ كىچىك بالىغا ئۆزگىرىپ قالغانغا ئوخشاش، توختىماي مەن بىلەن بەس ـ مۇنازىرە قىلاتتى. ئۇنىڭ سەۋرچانلىق بىلەن يېتەكلىشى نەتىجىسىدە گراماتىكا ئۆگىنىش، ھېساب مەسىلىلىرىنى ئىشلەشتەك بالىلار ئاسانلا زېرىكىپ قالىدىغان ئىشلار، شۇنىڭدەك مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈشكە ئوخشاش بىر قەدەر ئەستايىدىللىق تەلەپ قىلىدىغان ئىشلارنى مەن زور ئىشتىياق بىلەن قىلىپ كەتتىم. مانا بۇلار مېنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەستىلىكىم بولۇپ قالدى.

سۇللىۋان خېنىمنىڭ مېنى خۇشال قىلىش ۋە ئارزۇ ـ تەلەپلىرىمنى قاندۇرۇش جەريانىدا ئىپادىلىگەن سەۋرچانلىقىنى چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىمەن. بەلكىم، بۇ ئۇزۇن مۇددەت ئەمالار بىلەن بىللە بولغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك، ئۇ

شەيئىلەرنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن قىزىقارلىق تەسۋىرلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ، مېنى زېرىكتۈرۈپ ۋە بىزار قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، تۈتر ۈقسىز، قىزىقى يوق ئىنچىكە تەپسىلات-لارنى تاشلاپ كېتەتتى. ئۇ تاپشۇرغان دەرسلەرنى تەكرارلاشنى، ئۆگىنىشنى ئۇنتۇپ قالسام پەقەتلا ئەيىبلىمەيتتى. ئەمما، ئۆزى زېرىكەرلىك، باش ئاغرىتقان پەننى بىلىملەرنى شۇنچىلىك جاذ-لىق، تەسىرلىك، تەرتىپلىك يوسۇندا چۈشەندۈرەتتىكى، ئۇ سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى مەن كۆپ كۆچمەيلا تەبىئىي سۈرەتتە ئېسىمگە ئېلىۋالاتتىم.

بىز دائىم سىرتتا، قۇياش نۇرىدا ياشناپ، گۈللەپ تۇرغان دەرەخلىكلەردە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتۇق، ئۆگىنىش قىلات-تۇق. بۇ يەردە ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمدە ئورمان ھىدى، يەنى تۇرلۇك دەرەخ، ياۋا ئوت - چۆپلەر ھىدى بولاتتى.

قويۇق دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغىنىمدا، كائىناتتىكى جىمى نەرسە مېنى ئۆگىنىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەپ ماڭا ساۋاق بېرەتتى. شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ مەيىن شىلدىرلاشلىرى، جانىۋارلارنىڭ ھەرخىل ئاۋازلىرى، قۇشلارنىڭ ئەتراپىمىزدا ئاي-لىنىپ يېقىملىق سايراشلىرى، گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇش ھىدى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۆگىنىش نىشانىم ئىدى. بىز دائىم پاقا، چېكەتكە ۋە قارا چېكەتكىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ئالىقى-نىمىزدا قويۇپ، كوركىرىشىنى، چېرىلدىشىنى كۈتۈپ جىممىدە تۇراتتۇق. تۈكلىرى ماملۇقتەك سىلىق ۋە يۇمشاق چۆجىلەر، رەڭگارەڭ ئېچىلغان ياۋا گۈللەر، دەريا بويىدىكى رۇخسىگۈللەر، ئاجايىپ يۇمشاق تالالار، تىۋىتلىق چىگىتلەر، مەيىن شامالدا قوناقلىقلاردىن كېلىدىغان شالدۇر - شۇلدۇرلار، بىز تۇتۇۋېلىپ ئوتلاققا قويۇۋەتكەن تايچاقنىڭ ئوت - چۆپ يېيىشى ۋە غەزەپلىك پىشقىرىشلىرى، ئېغىزىدىن كېلىۋاتقان ئوت ھىدى ۋەھاكازالار كاللامغا چوڭقۇر ئورناپ كەتتى.

بەزى كۈنلىرى تاڭ ئەمدى سۈزۈلۈشكىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ سەھەر تۇمانى تېخى داستىخىنىنى يىغمىغان گۈللۈككە بېرىۋالاتتىم. قېنى قايسىڭلار بەرگىلىرى مەخمەلدەك سىلىق، يۇمران قىزىل ئەتىرگۈلنى ئالىقىنىڭلارغا ئېلىپ بوشقىنا سىلىغان چاغدا ئۇنىڭ سىلەرگە بەخش ئەتكەن چەكسىز ھۇزۇرىنى ھېس قىلىپ باققان، گۈلسامساقنىڭ مەيىن تاڭ شامىلىدا قانچىلىك ناز - جىلۋە بىلەن چىرايلىق ئۇسسۇلغا چۈشكەنلىكىنى قايسىڭلار كۆرۈپ زوقلىنىپ باققان؟ بەزىدە گۈل ئۆزگۈچە گۈللەر ئارىسىغا كىرىۋالغان قۇرت - ھاشاراتلارنى تۇتۇۋالاتتىم ھەمدە ئۇلارنىڭ سىرتقى بېسىمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قاناتلىرىنى پىلدىرلاتقانلىقى ھەمدە ئۆز تىلىدا بىلىنەر بىلىنمەس ھالدا ئىڭراش، سايراشلىرىنى ئېنىق سېزىپ تۇراتتىم.

بىز باغلارغا بېرىشقىمۇ ئامراق ئىدۇق. 7 - ئاينىڭ باشلىرىدا مېۋىلەر پىشاتتى. شاپتۇلنىڭ يۇمران تۈكلىرى قولۇمغا سانجىلىپ غىدىقلايتتى. ئازراقلا شامال چىقسا پىشقان ئالمىلار تورۇكلاپ يەرگە چۈشەتتى. مەن يېنىمغا چۈشكەن ئالمىلارنى تېرىۋېلىپ، ئېتىكىمگە سۈرتۈپ يۈزۈمگە ياقاتتىم. ئۇنىڭدىكى قۇياش تەپتىدىن مەستخۇش بولاتتىم. بىلسىڭىز، بۇ تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ سىرلىق بىر ھېسسىيات! مەن ھەمىشە ئەنە شۇنداق چەكسىز زوق ۋە شادلىق ئىلكىدە ئۆيگە قايتتىم.

بىز كېلىر پىرېستانىغىچە بېرىپ سەيلە قىلىشنى ياخشى كۆرەتتۇق. ئۇ تېنىپسى دەرياسى بويىدىكى جەنۇب - شىمال ئۇرۇشى ۋاقتىدا قىسىمنىڭ قۇرۇقلۇقتا چېكىنىشى ئۈچۈن ياسالغان، كېيىن تاشلىنىپ ۋەيران بولۇپ كەتكەن پىرېستان ئىدى. بىز ئۇ يەردە نەچچە سائەتلەپ ئوينىغاچ جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگىنەتتۇق. غاز تۇخۇملىرىدىن دامبا، ئارال، كۆل، دەريا ياساپ ئويناش جەريانىدا بىر دەرس ئۆگەنگەنلىكىمنى ئۆزۈممۇ



www.uyghurkitap.com

سەزمەي قالاتتىم.

سۇللىۋان خېنىم ماڭا بىزنىڭ ھەم يوغان ۋە يۇمىلاق يەر شارىمىز، يەر شارىدىكى يانار تاغلار، يەرگە كۆمۈلۈپ كەتكەن شەھەرلەر، ئۆزلۈكسىز تۈردە يۆتكىلىۋاتقان مۇزلۇقلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ مېنى قىزىقتۇراتتى ھەم ھەيران قالدۇراتتى.

ئۇ ماڭا يېپىشقاق توپىلاردىن خەرىتە ياساپ بېرەتتى. مەن دومباق تاغلارنى، ئويمان جىلغا ـ جىرالار، يىلان باغرى سوزۇلغان دەريالارنى سىلاپ بىلىۋالاتتىم. بۇلارنى بەكلا ياخشى كۆرەتتىم. لېكىن، نېمىشقىدۇر ئېكۋاتور بىلەن ئىككى قۇتۇپنى ئاجرىتالمايتتىم. يەر شارىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن سۇللىۋان خېنىم يىپلاردىن مېرىدىئان سىزىقى، بىر تال شاختىن جەنۇبتىن شىمالغا كېسىپ ئۆتكەن يەر ئوقىنى شۇنداق ئوخشىتىپ، بەئەينى راستتەكلا ياسىدى. شۇڭا، بىرەرسى تېمپېراتۇرا بەلۋېغىنى تارتسىلا، كاللامدا نۇرغۇنلىغان مېرىدىئانلاردىن توقۇلغان يۇمىلاق نەرسە زاھىر بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. شۇڭلاشقا، بىرەرسى مېنى گوللاپ، بىر ئاق ئېيىق شىمالىي قۇتۇپنى بىلدۈرىدىغان تۈۋرۈككە يامىشىپ چىقىۋاتىدۇ دېسە، مەن راست دەپ ئىشىنىپ قالاتتىم.

ھېساب دەرسىگە بەكلا ئۆچ ئىدىم. شۇڭا، سان ـ رەقەملەرگە باشتىلا قىزىقمىدىم. سۇللىۋان خېنىم يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن مارجاننى سانىتىش ئارقىلىق ئۆگەتتى. ئوت ـ چۆپلەرنى ئۇيان ـ بۇيان ئايرىش ئارقىلىق قوشۇش ـ ئېلىشنى ئۆگەتتى. ئەمما، ھەر قېتىم بەش، ئالتە مەسىلىنى ئۆگىنە ـ ئۆگەنمەيلا زېرىكەتتىم. ھەر كۈنى بىر قانچە ھېساب مەسىلىسىنى ئىشلەپ بولۇپلا ۋەزىپەمنى ئادا قىلىپ بولغاندەك خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بىلەن سىرتقا چىقىپ ھەمراھلىرىم بىلەن ئويناشقا ئالدىرايتتىم.

مەن زوئولوگىيە بىلەن بوتانىكىنىمۇ مۇشۇنداق ئويۇن ئوي-

ناش شەكلىدە ئۆگەندىم.

بىر ئەپەندى ماڭا ئازراق تاشقا ئايلانغان جىسىم ئەۋەتىپ بەردى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھازىر ئۇنتۇپ قاپتىمەن. بۇ تاشلار ئىچىدە قېپىنىڭ سىزىقلىرى ئىنتايىن چىرايلىق قۇلۇلە، قۇشـلارنىڭ تىرناق ئىزى قالغان تاشلار، پاپورتنىكلار (سارچى ئائىلىسىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر) بار ئىدى. تاشقا ئايلانغان بۇ جىسىملار مېنىڭ يىراق قەدىمكى دۇنيانى بىلىش ئارزۇيۇمنى قاندۇردى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن سۇلىلىۋان خېنىمنىڭ قور-قۇنچلۇق ئىسمى غەلىتە ۋە ئاسان تىلغا كەلمەيدىغان ھايۋانلار ھەققىدىكى بايانلىرىنى ۋەھىمە ئىچىدە تىڭشىدىم. بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلار ئىپتىدائىي ئورمانلىقتا ياشىغان، يوغان ـ يوغان دەرەخـلەرنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ يوپۇرماقلىرىنى ئوزۇق قىلغان، ئاخىرىدا بولسا ئاشۇ قەدىم زامانلاردىلا سازلىقلارغا پېتىپ ئۈن ـ تىنسىز ئۆلۈپ يوقالغانىكەن. بۇ ھايۋانلار ئۇزۇنغىچە چۈشۈمدىن چىقمىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى، قورقۇنچلۇق گېئولوگىك دەۋر بىلەن ھازىرقى دەۋرنىڭ روشەن سېلىشتۇرمىـسى كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. ھازىرقى ئادەملەر نېمىدىگەن شاـدىمان ـ ھە، مانا يارقىن قۇياش كائىناتقا كۈلۈپ باقماقتا، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كائىناتقا تېخىمۇ گۈزەل تۈس بەر-مەكتە. تايچىقىمنىڭ تۇياق ئاۋازى دالىلاردا ئەكس سادا بولۇپ كېزىپ يۈرمەكتە.

يەنە بىر قېتىم بىرى ماڭا ناھايىتى چىرايلىق بىر قولۇلە قېپى بەرگەنىدى. مۇئەللىم كىچىككىنە يۇمشاق تەنلىك جانىۋار-نىڭ ئۆزىگە قانداق قىلىپ بۇنداق چىرايلىق ۋە قاتتىق پاناھ جاي ياسايدىغانلىقى، سۇنىڭ دولقۇنلىنىشى پەسەيگەن، تىمتاس كېچەـلىرى تۇتقۇش قولۇلىسىنىڭ ئۆزىنىڭ «مارجان كېمىسى» گە ئولتۇرۇپ ئۇنى ھەيدەپ ئىللىق ھىندى ئوكيانغا قانداق كېلىدىـغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇنى پۈتۈن زوق ئىشتىياقىم



www.uyghurkitap.com

بىلەن ئاڭلىدىم ۋە قاتتىق ھەيران بولدۇم.

مەن دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتىگە دائىر نۇرغۇنلىغان بىلىملەر ۋە قىزىقارلىق ئىشلارنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، مۇئەللىم ماڭا «ئۆينى يۇدۇپ ماڭىدىغان تۇتقۇش قۇلۇلىسى» دېگەن بىر كىتابنى سوۋغا قىلدى. مەن بۇ كىتابنى ئوقۇپ، يۇمشاق تەنلىك جانلارلارنىڭ قاپ ھاسىل قىلىش جەريانىنى بىلىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ كىتاب يەنە مېنى ئىنسانلار ئەقىل پاراسىتىنىڭمۇ تۇتقۇش قۇلۇلىسىنىڭ ئاجايىپ كۆركەم قېپى سۇ ئاستىدىن شۇمۇرۇۋېلىنغان ماددىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغىنىغا ئوخشاش تەرەققىي قىلىپ تەپەككۇر جەۋھەرلىرىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

مەن زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىنمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. سۇللىۋان مۇئەللىم ماڭا ئاتاپ بىر تۈپ گۈلسامساق سېتىۋېلىپ، ئۇنى كۈن ئوبدان چۈشىدىغان دېرىزىگە قويۇپ قويدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ گۈل يۇمران، ئۇچلۇق غۇنچىلىدى. غۇنچىنى ئوراپ تۇرغان يوپۇرماقلار بولسا گويا ئۇ توسۇپ تۇرغان غۇنچىنىڭ چىرايلىق گۈل بولۇشىنى خەقلەر بالدۇرراق كۆرۈۋالمىسۇن، دېگەندەك غۇنچىدىن ناھايىتى ئاستا ئاجرىدى. ئەمما، ئاجرىغان ھامان تېز چوڭىيىشقا باشلىدى. لېكىن، بۇ جەريان يەنىلا تەرتىپلىك، ئەسلىدىكى قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولدى. قىزىق يېرى شۇكى، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرى ئۆزىنىڭ گۈللەرنىڭ سەرخىللى، تاجىسى ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك، ھەممىسىنىڭ كەينىدە باشقا ئۇياتچان ئاچا ـ سىڭىللىرى ئەڭ ئاخىرىقى كىيىمى بولغان يېشىل ياغلىقىنى تاشلىغاندىن كېيىن ئېچىلىپ، پۈتكۈل شاخنى شۇنچىلىك چىرايلىق، جىلۋىگەر، خۇش ھىد گۈللەر بىلەن تولدۇردى. ئاخىرىدا ئېچىلغان گۈل بولسا ھەممىدىن يوغان، كۆركەم، تۇرقىمۇ ئاجايىپ ھەيۋەت، جەسۇر ۋە ئېسىل

سۆپەت بولدى.

گۈل تەشتەكلىرى بىلەن تولغان تەكچىدە يەنە يۇمىلاق بىر بىلىق قاچىسى بار بولۇپ، كىمدۇ بىرى ئۇن بىر تال قۇمچاق سېلىپ قويغانىكەن. مەن قولۇمنى سۇغا تىقىپ قۇمچاقلارنىڭ بارماقلىرىم ئارىسىدىن چىقىپ ئۈزۈپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ چەكسىز خۇشال بولاتتىم. بىر كۈنى ئۇلاردىن يۈرەكلىكرەك، شوخراق بىرى قاچىدىن سەكرەپ چىقىپ يەرگە چۈشۈۋاپتۇ. بۇنى بىلگىنىمدە ئۇنىڭ جېنى ئارانلا قالغانىكەن. مەن دەرھال ئۇنى ئېلىپ سۇغا سېلىۋىدىم، ئۇ سۇنىڭ ئاستىغا كىرىپلا كەتتى، كېيىن جانلىنىپ ئۈزۈپ ئويناپ كەتتى. ئۇ قاچىسىدىن چىقىپ باشقا يەرنىمۇ كۆرۈپ باققاندىن كېيىن، ئەمدى پاقا بولغانغا قەدەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەر ئاستىدا تۇرغان قاچىسىدا شوخلۇق قىلماي ياشىشى مۇمكىن. ئۇ پاقا بولغاندا، ئاندىن گۈللۈكتىكى ياپيېشىل دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرغان سۈيى سۈزۈك كۆلگە چۈشۈپ، تىمتاس ياز كېچىلىرىنى يېقىملىق ناخشىسى بىلەن جانلاندۇرىدۇ.

مەن مانا مۇشۇ تەرىقىدە ھاياتلىقتىن، جانلىقلاردىن نۇرغۇن بىلىم ئالدىم. سۆللۈۋان خېنىم بولغاچقىلا مەن مېھىر – مۇھەببەتتىن بەھرە ئېلىپ ۋە ئاجايىپ – غارايىپ دۇنيادىن شادلىققا چۆمۈپ غەمسىز ياشىدىم. ئۇ تۇرمۇشتىكى بارلىق نەرسىنى ماڭا ئىنتايىن مېھىرلىك، سۆيۈملۈك كۆرسەتتى. ھەر قانداق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ماڭا دۇنيادىكى بارلىق شەيئىنىڭ گۈزەل تەرەپلىرىنى ھېس قىلدۇردى. تۇرمۇشۇمنىڭ ياخشى، مەنىلىك ۋە ئەھمىيەتلىك ئۆتۈشى ئۈچۈن، ئۇ ھەرۋاقىت تىنىم تاپماستىن باش قاتۇرۇپ ئويلاندى، چارە – ئامال تاپتى. ئۇ باللارنىڭ قەلبى بەئەينى دەريا قىنى بويلاپ نۇرغۇن ئەگىملەر ھاسىل قىلىپ ئېقىپ، ھىلى گۈل – گىياھلارنى، ھىلى دەل – دەرەخلەرنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھىلى ئاسمان گۈمبىزىدىنى بىزد-

گەن توپ ـ توپ بۇلۇتلارنى، ئىشقىلىپ جىمى جاھاننىڭ گۈزەل-
لىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئېرىق سۇلىرىغا ئوخشاي-
دىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنىدى. ئۇ يەنە ئېرىق سۇلىرىغا ئوخشاي-
دىغان بالىلار قەلبىنىڭ ئېرىقلاردىن چوڭ ۋە ئۇزۇن دەريالارنى
ھاسىل قىلىشى، ئەنە شۇ دەريانىڭ تىپتىنچ سۇ يۈزىدە گىرەلە-
شىپ كەتكەن، ئېگىز ـ پەس تاغلار، چوققىلار، قامەتلىك،
قۇياش نۇرىدا پارلاپ تۇرغان دەرەخلەرنىڭ سايىلىرى ۋە زۇمرەت
ئاسمان، رەڭگارەڭ، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق گۈللەرنى ئەكس
ئەتتۈرۈشى ئۈچۈن، بۇ ئېرىقلارغا داۋاملىق سۇ باشلاپ تۇرۇش
ۋە سۇنى تىنماي كۆپەيتىش لازىملىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

ھەممىلا مۇئەللىم بالىلارنى سىنىپقا باشلاپ ئەكىرەلەيدۇ.
ئەمما، بالىلارغا ھەقىقىي نەرسىلەرنى ئۆگىتىش ھەممىلا مۇئەل-
لىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. مۇئەللىم ئىككىمىز شۇنچىلىك يې-
قىن، ئامراق، ئىناق ئىدۇقكى، مىنۇت ئايرىلمايتتۇق. شۇڭ-
لاشقا، مەن گۈزەل ۋە ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياخشى
كۆردۈم، ئۇلارغا ئامراق بولدۇم. بىراق، مەندىكى بۇنداق ھە-
ۋەسنىڭ قانچىلىكى ئۆزۈمدە بۇرۇندىن بارلىقى، قانچىلىكىنى
سۇللىۋان خېنىم ماڭا بەخش ئەتكەنلىكىنى ئۆمرۈم بويى پەرق
ئېتەلمەي كەلدىم. چۈنكى، ئۇ تۇرمۇشۇمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلى-
نىپ كەتكەن. مەن ئۇنىڭ قەدىمىنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلىگەنى-
دىم. مېنىڭ قابىلىيىتىم، ئۇستۇمگە ئالغان مەجبۇرىيىتىم ۋە
شاد ـ خۇراملىقلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مېھىر ـ شەپقەت
دەرياسىنى ئۈزۈپ چىقىپ ھاسىل بولدى. شۇڭا، ھاياتىمدىكى
بارلىق گۈزەل نەرسىنىڭ ھەممىۋاسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*مەن ھەربىر قەدەم ئالغىنىمدا، مېنى تاڭ قالدۇرغان ۋە چەكسىز شادلاندۇرغان مىلاد سوۋغىسىغا ئېرىشتىم.*

# مىلاد بايرىمى

سۇللىۋان خېنىم تۇسكۇمبىيىگە كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى مىلاد بايرىمى مەن ئۈچۈن كاتتا مەرىكە بولدى. ئۆيدىكى ھەممىلا ئادەم ماڭا كۈتۈلمىگەن سوۋغا تەييارلاشقا كىرىشتى. خۇشاللىنارلىق بولغىنى شۇكى، مەن بىلەن سۇللىۋان خېنىممۇ باشقىلارغا كۈتۈلمىگەن سوۋغا تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدۇق.

مەن خۇشاللىق ئىچىدە كىشىلەر ماڭا قانداق سوۋغىلارنى بېرىدىكىن دەپ تۈرلۈك قىياسلارنى قىلاتتىم. كىشىلەرمۇ يېرىم - يارتا گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئۈچىنى چىقىرىپ قويۇپ مېنى قەستەن كولدۇرلىتاتتى. سۇللىۋان خېنىم ئىككىمىز بۇ تېپىشماقلارنى تېپىش ھەلەكچىلىكىدە يۈرۈپ، مەن نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى ئۆگىنىۋالدىم. بۇ بىلىملىرىم دەرس ئۆتكەندە ئۆگەنگەنلىرىمدىنمۇ بەك كۆپ بولدى.

بىز ھەركۈنى ئاخشىمى ئىسسىق مەشنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ تېپىشماق تېپىش ئويۇنى ئوينايتتۇق. مىلاد بايرىمى يېقىنلاشقانسېرى خۇشاللىقىمىزمۇ شۇنچە ئاشاتتى.

مىلاد بايرىمىنىڭ ھارپا ئاخشىمى بازاردىكى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى مېنى بايرامنى ئۆزلىرى بىللە ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى. سىنىپنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئىنتايىن چىرايلىق مىلاد دەرىخى قويۇلغان، ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئاجايىپ - غارايىپ مېۋىلەر ئېسىلغانىدى، رەڭگارەڭ چىراغلار كۆز چاقنىتاتتى. بۇ مىنۇتلاردا مەن ئۆزۈمنى چەكسىز بەختلىك ھېس قىلىپ، مىلاد دەر-

خىنى ئايلىنىپ توختىماي تاقلاپ، سەكرەپ ئوينىدىم. ھەربىر بالىنىڭ بىردىن سوۋغىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ئۇقۇپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئۇ مېھرىبان كىشىلەر سوۋغىلارنى تارقىتىپ بېرىشنى ماڭا تاپشۇرۇشتى. شۇنىڭ بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم. ھەتتا، ئۆزۈمنىڭ سوۋغىسىنى كۆرۈشكىمۇ ۋاقتىم چىقمىدى. شۇڭا، مەن مىلاد بايرىمى ھازىرلا بولسىمۇ بوپتىكەن دەپ تىلەپ كەتتىم. سۇللىۋان خېنىم ماڭا سىزنىڭ سوۋغىلىرىڭىز ناھايىتى كۆپ دېگەچكە، ھازىرقى سوۋغىنىڭ ئۆيدىكىلەر بېشارەت بەرگەن سوۋغا ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرساممۇ ئالدىرىدىم. سۇللىۋان خېنىم سەۋرچان بولۇشۇمنى ، ئەتە تاڭ ئېتىشىغىلا سوۋغىلارنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتتى.

شۇ كۈنى كېچىسى، يەنى ئامانلىق كېچىسى ئۇزۇن پايپىقىمنى ئېسىپ قويۇپ ياتتىميۇ، مىلاد بوۋاي قاچانلاردا كېلىدىغاندۇ، نېمىلەرنى قىلىدىغاندۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالمىدىم. كېيىن ئويقۇم كېلىپ مەكتەپتىكىلەر بەرگەن قونچاق بىلەن ئاق ئېيىقنى قۇچاقلىغىنىمچە ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى، مەن ھەممىدىن بالدۇر تۇرۇپ، ئۆيدىكى جىمى ئادەمنى «مىلاد بايرىمىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن» دەپ ئويغاتتىم. مەن كۈتۈلمىگەن سوۋغاتنى ئۇزۇن پايپاقتىن ئېلىش بىلەنلا قالماي، يەنە جوزا، ئورۇندۇق ھەتتا ئىشىك بېشى، ھەربىر دېرىزە تەكچىسىدىنمۇ ئالدىم. ئىشقىلىپ مەن ھەربىر قەدەم ئالغىنىمدا، مېنى تاڭ قالدۇرغان ۋە شادلاندۇرغان مىلاد سوۋغىسىغا ئېرىشتىم. سۇللىۋان خېنىم ماڭا سېرىق قۇشقاچ سوۋغا قىلغاندا بولسا شۇقەدەر خۇشال بولدۇمكى، بۇ خۇشاللىقىمنى تىل بىلەن تەسۋىرلەشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

سېرىق قۇشقاچقا «تىم» دەپ ئىسىم قويدۇم. ئۇ بەك شوخ، ئوماق، مۇلايىم ئىدى. دائىم بارماقلىرىمدا سەكرەپ ئوينايتتى، قولۇمدىن گىلاسلارنى چوقۇپ يەيتتى. سۇللىۋان خېنىم تېمنى

www.uyghurkitap.com

قانداق بېقىشنى ئۆگەتتى. مەن ھەركۈنى ئەتىگەندە تاسقىمنى يەپ بولۇپلا، ئۇنى يۇيۇندۇراتتىم. قەپەسنى پاكىز تازىلاپ، كىچىككىنە بىر قاچىغا سۇ، بىر قاچىغا ئوت - چۆپ ئۇرۇقلىرىنى سېلىپ بېرەتتىم، ئاندىن بىر باغلام ئوتنى ئۇنىڭ قوندىقىغا ئېسىپ قوياتتىم.

بىر كۈنى ئەتىگەن، مەن قەپەسنى دېرىزە تەكچىسىدە قويۇپ، ئۇنى يۇيۇندۇرۇش ئۈچۈن سۇ ئالغىلى كەتتىم. قايتىپ كېلىپ ئىشىكنى ئېچىشىمغا بىر مۈشۈك پۇتۇمغا سۈركىلىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلدى. باشتا دىققەت قىلماپتىمەن، ئەمما، قەپەسكە قولۇمنى تىقسام تېمىنىڭ قاناتلىرى، ئۈچلۈق تۇمشۇقى قولۇمغا ئۇرۇنغاندا، ئاندىن ئىشنىڭ تەكتىگە يەتتىم. شۇنىڭدىن تارتىپ سۆيۈملۈك ناخشىچىمنى زادىلا كۆرەلمەيدىغانلىقىمنى چۈشەندىم.

*بوستۇن ماڭا دۇنيانىڭ بىشى، شۇنىڭدەك دۇنيانىڭ ئاخىرى-سىدەك بىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ بىر دۇنيانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيرەك قالدىم.*

## بوستۇن سەپىرى

1888 - يىلى 5 - ئايدىكى بوستۇن سەپىرى ھاياتىمدىكى ئىككىنچى چوڭ ئىش بولدى. يولغا چىقىش ئالدىدىكى سەپەر تەييارلىقىدىن تارتىپ مۇئەللىم، ئاپام بىلەن بىرلىكتە سەپەرگە ئاتلانغان ۋاقىت، سەپەر جەريانىدا كۆرگەن، ئاڭلىغان ئىشلار، شۇنداقلا بوستۇنغا يېتىپ بارغان چاغدىكى تۈرلۈك ئىشلار بەئەينى تېخى يېڭىلا بولۇپ ئۆتكەندەك كۆز ئالدىمدا ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ.

بۇ قېتىمقى سەپەر ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى بالتىمورغا قىلغان سەپەرگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى. سەۋەب، ئۇ چاغدا مەن ئاسان ھاياجانلىنىدىغان، بىردەممۇ تىنىم تاپماستىن پويىز ئىچىدە ئۇيان - بۇيان چېپىپ يۈرگەن شوخ، كەپسىز قىز ئىدىم. بۇدا سۇللىۋان خېنىمنىڭ يېنىدا جىم ئولتۇرۇپ، ئۇ كۆرۈپ سۆزلەپ بەرگەن دېرىزە سىرتىدىكى بارلىق ئىشلارنى زېھىن قويۇپ ئاڭلىدىم. ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان تېننېسى دەرياسى تولىمۇ كۆركەم ئىدى. پاختىزارلىقنىڭ چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. يىراقتىكى بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن تاغ - ئېدىرلار، ياپيېشىل ئورمانلىقلار ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. پويىز ۋوگزالغا كىرىش بىلەن تەڭلا نېگىرلار بەس - بەستە ۋوگزالغا كىرىپ پويىزدىكى يولۇچىلارغا قول پۇلاڭلىتىپ سالام بېرەتتى. ۋاگون-لارنىڭ ئالدىغا كېلىپ مەززىلىك، تاتلىق قەنت - گېزەكلەر،

www.uyghurkitap.com

قوماچلارنى توۋلاپ تۇرۇپ ساتاتتى.

ئۇدۇلۇمدىكى ئورۇندۇقتا يوغان ۋە كونىراپ كەتكەن قونچىقىم نانسى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا چاقماق رەختتىن تىكىلگەن يېڭى كىيىم، پۇرلىشىپ كەتكەن شىلەپە كىيگۈزۈپ قويغانىدىم. مارجاندىن قىلىنغان كۆزلىرى مىت قىلماستىن ماڭا تىكىلىپلا تۇراتتى. مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا ياقمىغان چاغلاردا مەن نانسىنى قۇچىقىمغا ئېلىۋالاتتىم. بىراق، ئۇنىڭ شېرىن ئۇيقۇدا ياتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

بوستۇنغا بارغان چاغدا ئۇ قارىغۇسىز مەينەت بولۇپ كەتكەنىدى. سەۋەب، پويىزدا ئۇنىڭغا ئۇنىمىسا ئۇنىماي زورلاپ تالقان يېگۈزىمەن دەپ ھەممە يېرىنى بۇلغاپ رەسۋا قىلىۋەتكەنىدىم. بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىدىكى كىر يۇغۇچى ئاياللار قونچاقنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ ماڭا تۇيدۇرماي ئاچقىپ يۇيۇپتۇ. ئۇنىڭ سوغا چىدىغۇدەك ھالى نەدە دەيسىز، ئۇنى ماڭا ئەكىرگەندە بىچارە نانسىيىم بىر كاللەك پاختىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ماڭا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ تۇرغان مارجان كۆزلىرى بولمىغىنىدا، ئۇنى مەنمۇ تونۇيالمىغان بولاتتىم. دېمەك، ئەمدى ئۇنىڭ ھەققىدە سۆزلىگۈدەك پۇرسەتمۇ بولماسلىقى مۇمكىن.

ئاخىر پويىز بوستون ۋوگزالىغا كىردى. بوستۇنغا كېلىشىمىز بىلەن تەڭ چۆچەكتە تەسۋىرلەنگەن ئاجايىپ گۈزەل شەھەر رىېئاللىقتا ئايلانغاندەك بولدى. يەنى «بۇرۇنقى زامان» «ھازىرقى زامان» غا، «يىراقلاردىكى بىر جاي»، «كۆز ئالدىمىزدىكى جاي» غا ئايلاندى، خالاس.

بوگىنىس مەكتىپىگە كېلىپلا، ئۇ يەردىكى ئەما باللار بىلەن دوست بولۇپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ قول تىلىنى بىلىدىغىنى مېنى چەكسىز خۇشال قىلدى. چۈنكى، ئىلگىرى مەن گويا بىر چەت ئەللىك كىشىگە ئوخشاش كىشىلەر بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلىشەتتىم. مانا ئاخىر مەن باشقا باللار بىلەن ئۆزۈم-

نىڭ تىلىدا سۆزلىشىدىغان بولدۇم. بۇنىڭدىن قانداقمۇ خۇشال بولماي ئەمدى؟ بالىلارنىڭ ھەممىسى خاۋ دوكتور ئىجاد قىلغان قول تىلى بىلەن سۆزلەشكەچكە، مەن خۇددى ئۆز دۆلىتىمگە قايتىپ كېلىپ قالغاندەك بولدۇم.

يېڭى تونۇشقان دوستلىرىمنىڭمۇ ئەما ئىكەنلىكىنى مەن خېلى كۈنلەردىن كېيىن ئۇقتۇم. مەنغۇ ئەما ئىدىم، ئەمما ئەتراپىمدا يۈرگەن شوخ، تېتىك، سۆيۈملۈك ھەمراھلىرىمنىڭمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھېچ نەرسە كۆرەلمەيدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم. ھېلىغىچە شۇنچىلىك ئېنىق ئېسىمدە، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن قولىنى قولۇمغا قويۇپ ئىشارەت بىلەن سۆزلەشكەنلىكى، كىتابىنىمۇ بارماقلىرى بىلەن سىلاپ ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمدا، شۇنچىلىك بەك ھەيران بولغان ۋە ئىچىم تولىمۇ ئاچچىق بولغانىدى. باشقىلار ماڭا ئېيتقان، ئۆزۈممۇ ئەيىبىمنى بىلەتتىم. شۇنداقتىمۇ مەندە ئۇلارنىڭ قۇلىقى ساق بولغاندىن كېيىن، ھېچبولمىغاندا ئۇلاردا مەلۇم «ئىككىنچى خىل كۆرۈش سەزگۈسى» بارغۇ، دەيدىغان مۇجمەل بىر ئاڭ بار ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاشلا ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيدۇ دېگەننى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم.

لېكىن، ئۇلار شۇنچىلىك تېتىك، روھلۇق بولۇپ خۇشال يۈرەتتى. مەنمۇ بۇ خىل كەيپىيات ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن، ئازاب ۋە ھەسرەتلىرىمنى تېزلا ئۇنتۇپ كەتتىم.

بوستۇندا ئەما بالىلار بىلەن بىللە يۈرۈپ، ئۆزۈمنى گويا ئۆز ئۆيۈمدە يۈرگەندەك ھېس قىلدىم. كۈنلەر ئۇچقاندەك ئۆتۈشكە باشلىدى. مەن ھەركۈنى يېڭى خۇشاللىقلارنى تېپىشقا زور ئىشتىياق بىلەن كىرىشتىم. بوستۇن ماڭا دۇنيانىڭ بېشى، شۇنداقلا دۇنيانىڭ ئاخىرىسىدەك بىلىندى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ بىر دۇنيانىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيرەك قالدىم.

www.uyghurkitap.com

بىز بوستۇندا كىبان تېغىغا چىقىپ سەيلە قىلدۇق. سۇلىۋان خېنىم ئۇ يەردە ماڭا بىرىنچى سائەتلىك تارىخ دەرسى ئۆتتى. ئۆز ۋاقتىدا بۇ تاغنىڭ قەھرىمانلار شىددەتلىك جەڭ قىلغان جاي ئىكەنلىكىنى بىلىپ قاتتىق ھاياجانلاندىم. پەلەمپەيلەرنى ساناپ يۇقىرىغا چىققۇچە قەھرىمانلارنىڭ قانداق باتۇرلۇق بىلەن بۇ تاغقا چىقىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ دۈشمەنلەرگە شىددەتلىك ئوت ئاچقانلىقىدەك مەنزىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم.

ئەتىسى، بىز پاراخۇتقا ئولتۇرۇپ پلىمۇسقا باردۇق. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم دېڭىزدا سەپەر قىلىشىم، شۇنداقلا پاراخۇتقا تۇنجى قېتىم ئولتۇرۇشۇم ئىدى. دېڭىز تۇرمۇشى ئاجايىپ مول ۋە قايىنام تاشقىنلىق بولىدىكەن! ئەمما، پاراخۇت ماتورىنىڭ قۇلاقنى يارغۇدەك گۈلدۈرلىشى ماڭا چاقماقنى ئەسلەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا بىز دالىدا تاماق يېيەلمەيمىز دېگەن ئوي كاللامغا كىرىۋالدى، بىئارام بولغىنىمدىن ھەتتا يىغ-لاپ تاشلىدىم.

پلىمۇستا ئۆز ۋاقتىدا كۆچمەنلەر قۇرۇقلۇققا چىققان چاغدا دەسسەپ ئۆتكەن چوڭ قىيا تاش مېنى ئىنتايىن قىزىقتۇردى. بۇ تاشنى سىلاپ تۇرغىنىمدا كۆچمەنلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا جاپالىق سەپەر قىلغانلىقىدەك ئۇلۇغۋار ئىشلىرى كۆز ئالدىمدا گويا ھا-زىرلا سادىر بولۇۋاتقاندەك ناھايىتى ئېنىق زاھىر بولدى. كۆچ-مەنلەر مۇزېيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، ناھايىتى مۇلايىم بىر ئەپەندى ماڭا پلىمۇس قىيا تېشىنىڭ مودېلىنى سوۋغا قىلدى. ئۇنى ھەربىر قولۇمغا ئېلىپ ئوي - چوڭقۇر يۈزىنى، ئارىلىقلى-رىدىكى يىرىق جايلارنى ۋە ئۈستىگە ئويۇلغان «1620 - يىلى» دېگەن خەتلەرنى سىلىغىنىمدا، ئۆز زامانىسىدىكى ئەنگلىيە كۆچ-مەنلىرىنىڭ مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان ئاجايىپ ئىش ئىزلىرى كاللامدا زاھىر بولىدۇ.

سەبىي قەلبىمدە ئۇلارنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرى شۇنچىلىك

ئالىيجاناب ۋە ئۇلۇغۋار ئىش سۈپىتىدە ئورۇن ئالدى. نەزىرىمدە ئۇلار يات ئەللەردە ئىگىلىك تىكلىگەن ئەڭ باتۇر، ئەڭ مەردانە كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە قېرىنداشلىرى ئۈچۈنمۇ ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. خېلى يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، مەن ئۇلارنىڭ دىنىي بۇزغۇنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى بىلگىنىمدە، ئىنتايىن ھەيران بولدۇم ۋە قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم.

بوستوندا مەن نۇرغۇن يېڭى دوستلار بىلەن تونۇشتۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئىنتايىن مېھرىبان ۋە ئاجايىپ قىزغىن مۇئامىلىلىك ۋىلىيام ۋىد بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى تا ھازىرغىچە ئۇنتۇمىدىم. بىر كۈنى بېۋېرلىغا بىرىپ ئۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنى زىيارەت قىلدۇق. رەڭگارەڭ، بىر - بىرىدىن چىرايلىق ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىر گۈللۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىمىزدا ئىككى ئىت ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ چىقىپ بىزنى كۈتۈۋالدى. چوڭىنىڭ ئىسمى لېئون، يۇڭلىرى بۇدۇر، ئۇزۇن قۇلاقلىرى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان كىچىكىنىڭ ئىسمى فرىتىس ئىكەن. بۇ يەردە ئاتلار جىق ئىكەن. نىمدۇد ئىسىملىك ناھايىتى يۈگۈرۈك بىر ئات مېنى ئەركىلىتىپ قوي دېگەندەك قىلىپ قولۇمغا تۇمشۇقىنى تەگكۈزدى، ئۇنىڭغا قەنت بەردىم، بۇ ئىشلار مەندە شۇنچىلىك گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى.

بۇ دېھقانچىلىق مەيدانى دېڭىزغا يېقىن ئىدى. ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم دېڭىز ساھىلىدا ئوينىغىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، بۇ يەردە قۇم قاتتىق ۋە سىلىق بولۇپ، بىرىۋستېرنىڭ يۇمشاق، دېڭىز ئوتلىرى ۋە قۇلۇلە قاپلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن قۇملىرىغا پەقەتمۇ ئوخشىمايتتى. ۋىد ماڭا بوستوندىن ياۋروپاغا بارىدىغان چوڭ كېمىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ، دېدى. كېيىن ۋىدنى كۆپ قېتىم كۆردۈم. ئۇ قاچانلا بولمىسۇن شۇنچىلىك مېھرىبان، مۇلايىم ئىدى. راستىمنى ئېيتسام، ئۇ بولغاچقىلا مەن بوستوننى «ئاق كۆڭۈل شەھەر» دەپ ئاتىۋالدىم.

بىر خىل ساپ ۋە سۈزۈك ھاۋا ئادەمنى سەگەك ۋە سوغۇققان قىلىپ قوياتتى. قۇلۇلە قاپلىرى، شىبغىللار، دېڭىز ئوتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىچىككىنە جانلىقلار ماڭا نىسبەتەن چەك- سىز جەلىپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

## دېڭىزنى باغاشلاش

سۈللىۋان خېنىم بىلەن ئۇنىڭ يېقىن دوستى رايبوش خانىم بوگىنىس ئەمالار مەكتىپى يازلىق تەتىلگە چىقىشتىن ئىلگىرىلا تەتىلنى كېپ تۇمشۇقىدىكى برېۋستېر بويىدا ئۆتكۈزۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. شۇ چاغدىكى كۆڭۈللۈك كۈنلىرىمىز ۋە دېڭىزغا مۇناسىۋەتلىك تۈر- لۈك ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ھېكايىلەر كاللامنى چۇلغىۋالدى.

شۇ يىلى يازلىق كانىكولدا دېڭىز كاللامدا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ماڭا شۇنىڭغىچە ئارىلىقتا دېڭىزغا يېقىنلى- شىش پۇرسىتى بولمىغان، ھەتتا دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىنى تېتىپمۇ باقمىغانىدىم. بىراق، «بىزنىڭ دۇنيارىمىز» ناملىق قېلىن بىر كىتابتىن دېڭىزغا مۇناسىۋەتلىك تەسۋىرلەرنى ئو- قۇپ، مەندە دېڭىزغا قارىتا قىزىقىش قوزغالغان، شۇنداقلا بىپا- يان دېڭىزنى كۆرۈش، ئۇنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنلاشلىرى، كۆۋە- جەشلىرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ھېس قىلىش ئارزۇسى پەيدا بولغا- نىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، بۇ ئارزۇيۇمنىڭ ئاخىر ئىشقا ئاشى- دىغانلىقىنى بىلگەن چېغىمدا، كىچىككىنە يۈرىكىم كۆكرەك قە- پىسىمدە گويا شوخ كېپىكتەك ئويناقلاپ، توختىماستىن سوقۇپ كەتتى.

ئۇلار كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ قويۇۋىدى، مەن ئىللىق قۇم- دا يۈگۈرگىنىمچە بېرىپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن دېڭىزغا ئۆزۈمە- نى ئاتتىم. شۇئان شىددەتلىك دولقۇننىڭ ئۇرۇلۇشى ۋە مېنى

لەيلىتىشىنى سەزدىم - دە، چەكسىز خۇشاللىقتا چۆمدۈم ھەمدە بەدىنىمگە ئازراق تىترەك ئولاشتى. توساتتىن بىر تاشقا پۇتۇمنى ئۇرۇۋالدىم، ئارقىدىنلا بىر دولقۇن كېلىپ بېشىمغا ئۇرۇلدى. قوللىرىمنى ئۇزىتىپ بىرەر نەسىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشتىم، بىراق، ئەتراپىمدا سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. دولقۇنلار گويا مەن بىلەن ئويناشقاندەك مېنى ھېلى ئۇيان، ھېلى بۇيان ئېتىپ گاڭگىراتتى ۋە قاتتىق قورقۇنچىغا سېلىپ قويدى. ئەمدى مەن پۇت دەسسەپ تۇرغۇدەك بىپايان ۋە پۇختا زېمىن يوق ئىدى. پۇتۇنلەي يوچۇن، ھەر تەرەپتىن ماڭا يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دولقۇندىن باشقا دۇنيادىكى جىمى نەرسە - ھاياتلىق، ھاۋا، ئىللىقلىق، مېھىر - شەپقەت دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى.

ئاخىر دېڭىز بىزنى ئويىنىتىۋېرىشتىن زېرىكتى بولغاي، قىرغاققا ئېتىپ چىقاردى. سۇلىۋان خېنىم دەرھال مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا مەھكەم باستى. ئاھ، ئۇنىڭ باغرى نەقەدەر سۆيۈملۈك، نەقەدەر ئىللىق - ھە! مەن ۋەھىمىدىن ئەسلىمگە كېلىپ، بىرىنچى بولۇپ: «دېڭىز سۇيىگە كىممۇ تۇز سېلىۋەتكەندۇ؟» دېگەن گەپنى قىلدىم.

دېڭىز بىلەن ئۇچرىشىپلا ئۇنىڭ نەقەدەر دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن دېڭىزغا چۈشمىدىم. سۇ ئۈزۈش كىيىمىنى كىيىپ يوغان قورام تاشقا چىقىپ ئولتۇرۇپ، دېڭىز سۇيىنىڭ قىرغاققا، قورام تاشلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىنى، شىددەتلىك دولقۇنلارنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ شاۋقۇن سېلىشلىرىنى، پۇتكۈل قىرغاقنى لەرزىگە سېلىشىنى، شېخىللارنىڭ قىرغاققا دومىلاشلىرىنى تاماشا قىلىدىغان بولدۇم.

دېڭىز قىرغىقىدىن مېھرىمنى ئۈزەلمەيتتىم. چۈنكى، بىر خىل ساپ ۋە سۈزۈك ھاۋا ئادەمنى سەگەك ۋە سوغۇققان قىلىپ قوياتتى. قۇلۇلە قاپلىرى، شېخىللار، دېڭىز ئوتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كىچىككىنە جانلىقلار ماڭا نىسبەتەن چەكسىز جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئىدى.

بىر كۈنى، سۇلىۋان خېنىم قىرغاقتىكى تېيىز سۇدىن

چىقىپ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقان تاشپاقىدىن بىرنى تۇتۇۋالدى. بۇ ئاجايىپ غەلىتە ۋە يوغان مەخلۇقنى ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاچقا، قىزىقسىنىپ سىلىدىم ۋە ئۇ نېمىشقا يوغان ئۆيىنى يۈدۈپ يۈرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. بىردىنلا كاللامغا، ئۇنى ئەكېتىپ باقساق قانداق ياخشى بولار، دېگەن ئوي كەلدى ـ دە، ئۇنى سۆرەپ ماڭدىم. ئۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. بار كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپمۇ ئۇنى ئاران يېرىم يولغىچە سۆرەپ كېلەلىدىم.

ئۆيگە ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇنى سۈللىۋان خېنىمغا دەپ قۇدۇق يېنىدىكى ئوقۇرغا قويدۇم. مېنىڭچە ئۇ ئەڭ بىخەتەر جاي ئىدى. كىم بىلسۇن، ئەتىسى ئەتىگەندە چىقىپ قارىسام ئۇ ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق! ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى، قانداق كەتكەنلىكىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. بىر مەھەل ناھايىتى خاپا بولدۇم ۋە پۇشايمان قىلدىم. ئەمما، گەپ قىلالمايدىغان بۇ مەخلۇقنى بۇ يەرگە ئەكېلىۋالغىنىمنىڭ ئاقىلانىلىك، مېھرىبانلىق بولمىغانلىقىنى ئاستا ـ ئاستا تونۇپ يەتتىم. كېيىن بولسا، بەلكىم ئۇ دېڭىزغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ كەيپىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

*ھاياتىم جۇشقۇنلۇققا تولغانىدى. خۇددى ئەتىگىنى تۇغۇلۇپ، كەچتە ئۆلۈپ كېتىدىغان كىچىك ھاشاراتلارغا ئوخشاش، مەنمۇ پۈتۈن ھاياتىمنى بىر كۈنگە يىغىنچاقلىيالايتتىم.*

# كۈزنى تاغ ئارىسىدا ئۆتكۈزۈش

شۇ يىلى كۈزدە، مەن جەنۇبتىكى يۇرتۇمغا ئاجايىپ گۈزەل ئەسلىمىلەرنى ئېلىپ قايتتىم. شۇڭا، شۇ قېتىمقى شىمالغا قىلغان سەپىرىمنى ھەربىر ئويلىسام، شادلىقتىن كۆڭلۈم يايراپ كېتىدۇ.

بۇ سەپەرنى يېڭى ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى دېسەممۇ بولىدۇ. ساپ ھاۋالىق گۈزەل كائىنات يېڭى - يېڭى بىلىملەرگە قانغۇچە ئىگە بولسۇن، دەپ بارلىق بايلىقىنى ئالدىمغا ئايىماي تۆكتى. مەنمۇ دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ۋە قەلبىم بىلەن سىزىش ۋە بىلىش يولىدا تىنىم تاپمىدىم. ھاياتىم جۇشقۇنلۇققا تولغانىدى. خۇددى ئەتىگىنى تۇغۇلۇپ، كەچتە ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك كىچىك ھاشاراتلارغا ئوخشاش، مەنمۇ پۈتۈن ھاياتىمنى بىر كۈنگە يىغىنچاقلىيالايتتىم.

مەن نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتىم. ئۇلار مەن بىلەن قولۇمغا خەت يېزىپ پىكىر ئالماشتۇردى. ئوي پىكىرىمىز ئورتاقلىقتا، كۆڭلىمىز شاد خۇراملىقتا تولغانىدى. ئەجابا، بۇ بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا دېسەڭلار، ئىلگىرى مېنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ قەلبى ئوتتۇرىسىدا گىياھ ئۈنمەس قاقاس چۆل بار ئىدى. ھازىر بۇ چۆللۈك بوستانلىققا ئايلىنىپ، رەڭگارەڭ گۈللەرگە پۈركەندى.

مەن بىر يىلى كۈزنى ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە تۇسكۇمبىيىگە ئون تۆت ئىنگلىزمىلى كېلىدىغان بىر تاغ ئارىسىدا ئۆتكۈزدۇم. بۇ تاغدا ئائىلىمىزنىڭ ئىسسىق چاغلاردا بېرىپ تۇرىدىغان

چاققانغىنا بىر داچىسى بار ئىدى. بۇ جاي يېقىن ئەتراپتا تاشلى-
نىپ قالغان هاك كېنى بىلەن داڭق چىقارغانلىقى ئۈچۈن، داچى-
نى بىز «قويۇق ئوتلۇق كان» دەپ ئاتايتتۇق. ئېگىز قىيالاردا،
نۇرغۇن بۇلاق سۈيى بولۇپ، ئۇلار يىغىلىپ ئۈچ ئۆستەڭ هاسىل
قىلغانىدى. بۇ ئۆستەڭلەر يىلان باغرى ئاقاتتى، ئالدىنى توسقان
قىيالاردىن شارقىراتما هاسىل قىلغانىدى. بوش جايلارغا ئوت -
چۆپلەر قويۇق ئۆسۈپ هاك تاشلىرىنى يېپىۋالغانىدى، هەتتا بەزى
جايلاردا ئۆستەڭ يۈزىنىمۇ تۈزۈك كۆرگىلى بولمايتتى. دەل -
دەرەخلەرمۇ كۆپ بولۇپ، قامەتلىك كاۋچۇك، بۈك - باراقسان،
ياپيېشىل دەرەخلەرنىڭ توم غولىلىرىدا يېڭى مۇخلاردىن تاش تۇۋ-
رۇكلەر هاسىل بولغان، باراقسان شاخلىرىغا چىڭگىلىكلەر، هۇ-
رۇن ئوتلار ياماشقانىدى. ئۇلاردىن تارىغان خۇش هىد ئورماننى
قاپلىغان بولۇپ، ئادەمنى مەستخۇش قىلاتتى. بەزى جايلاردا ياۋا
ئۈزۈملەر ئۈزۈن سوزۇلغان تال بىدىشلەرنى هاسىل قىلغانىدى.
ئۇلار ئارىسىدا رەڭدار كېپىنەكلەر، هەسەل هەرىلىرى ئۇسسۇل
ئويناپ نەغمە قىلىشاتتى. گۈگۈم مەھەلدە قويۇق دەل - دەرەخ،
ئوت - چۆپلەر ئارىسىدىن ئۇرۇلغان سالقىن هاۋادىن تەنلەر
هۇزۇرلىنىپ، كۆڭۈللەر يايراپ ئېچىلىپ كېتەتتى.
بىزنىڭ داچىمىز تاغ ئۈستىدىكى كاۋچۇكزارلىق بىلەن قارى-
غايزارلىق ئارىسىدا بولۇپ، ئاددىيلا سېلىنغان بولسىمۇ، مەنزى-
رىسى ئاجايىپ كۆركەم ئىدى. ئۆيلەر كىچىك - كىچىك، ئەمما
ئىككى قاتار قىلىپ سېلىنغان، ئوتتۇرىسى ئۈستى ئوچوق ئۇزۇن
كارىدور، تۆت ئەتراپى خېلى كەڭرى ئايۋان ئىدى. شامال چىق-
سىلا هەممىياق دەل - دەرەخ، گۈللەرنىڭ خۇش هىدىغا تولاتتى.
بىزنىڭ كۆپ ۋاقتىمىز ئايۋاندا ئۆتەتتى. بىز ئۆيەردە دەرس
ئوقۇيتتۇق، تاماق يەيتتۇق، ئويۇن ئوينايتتۇق. كەينى ئىشىك-
نىڭ يېنىدا ئالامەت يوغان بىر تۈپ ياڭاق دەرىخى بار بولۇپ،
ئەتراپىغا تاشتىن پەلەمپەي ياسالغان، ئۆي ئالدىدىمۇ دەرەخلەر
شۇنچىلىك جىق ئىدى. ئۇلارغا ئايۋاندا ئولتۇرۇپ قول سوزساقمۇ
يېتەتتى. هەمىشە شاخ - يوپۇرماقلارنىڭ يېقىملىق شىلدىرلاشلى-

رىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق.
دائىم نۇرغۇن كىشىلەر بىزنى يوقلاپ كېلەتتى. ئاخشىمى
گۇلخان يېقىپ قويۇپ، ئەرلەر پاراڭ سېلىشاتتى، قارت ئوينى-
شاتتى، ھەرخىـــل ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى
بىر - بىرىگە گەپ بەرمەستىن ئۆزلىرىنىڭ يىرتقۇچ ھايۋان ۋە
بېلىق تۇتۇشقا كارامەت ئۇستىلىقى ئۇستىدە كۆپتۇرۇپ سۆزلەپ،
مەن مانچىلىك ياۋا ئۆردەك ۋە قىرغاۋۇل ئېتىۋالدىم، ۋەھشىي
سالمون بېلىقىدىن مانچىلىكنى تۇتتۇم دېسە، يەنە بەزىلىرى ھىي-
لىگەرلىكتە ئۇچىغا چىققان تۈلكىنى قانداق قىلىپ قاپقا سولاپ
تۇتقانلىقى، سەزگۈر ئاغمىخاننى قانداق ھىيلە بىلەن تۇتۇۋالغانلى-
قى، يۇگۇرۇك كېيىكنى قانداق كۇتۇلمىگەن ئەھۋالدا تۇتۇۋالغان-
لىقلىرىنى ئاجايىپ جانلىق سۇرەتلەپ، قىزىقارلىق قىلىپ سۆز-
لىشەتتى. بۇلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ ئۇستا مەرگەن ئوۋچىلار
ئالدىدا بۆرە، يىلپىز، يولۋاس قاتارلىق ۋەھشىي ھايۋانلارنىڭمۇ
جىنىغا ۋاي ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالاتتىم.
ئاخىرىدا بۇ گەپ - سۆزلەرنى بېرىلىپ ئاڭلىغان كىشىلەر
تارقىلىپ ئۇخلاشقا ماڭاتتى، ھېكايە سۆزلىگۇچىلەرئۇلار بىلەن:
«ئەتە ئوۋ مەيدانىدا كۆرۈشەيلى!» دەپ خوشلىشاتتى ھەمدە ئۇلار
ئايۋانغا ۋاقىتلىق ياسالغان چېدىرلاردا يېتىپ قېلىشاتتى. مەن
ئۆيدە ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئوۋچىلارنىڭ خورەك ۋە پۇشۇلداش-
لىرىنى ئاڭلاپ ياتاتتىم.
سۇبھى مەھەلدە مەن مەززىلىك قەھۋە ھىدى، ئوۋ مىلتىقلى-
رىنىڭ ئۇرۇلۇشلىرى، ئوۋچىلارنىڭ ئۇيان - بۇيان مېڭىشلىرد-
دىن ئويغىنىپ كېتەتتىم. ئۇلار يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قى-
لىشاتتى. يەنە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىنىمۇ تۇياتتىم. ئوۋچىلار
شەھەردىن مىنىپ كەلگەن بۇ ئاتلار بىر كېچە باغلاقلىق تۇرغاچ-
قا، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا كىشنىشىپ، باغلاقتىن تېزرەك بوشى-
نىپ، ئىگىلىرى بىلەن يولغا چىقىشقا ئالدىرايتتى. ئاخىر ئوۋ-
چىلار ئاتلارغا مىنەتتى. قامچىلار تاراسلاپ، ئاتلار بەيگىگە چۇش-
كەندەك چېپىشاتتى. ئىتلار قاۋاپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭاتتى.

چۈشتە تاماق قىلاتتۇق. يەرگە چوڭقۇر ئورا كولاپ ئوت يېقىلاتتى. ئۈستىگە جازا باغلاپ، ئوتتۇرىسىغا سىمغا ئۆتكۈزۈلگەن گۆشلەر ئېسىلىپ كاۋاپ پىشۇرۇلاتتى. قارا تەنلىك خىزمەتكارلار ئوچاق ئەتراپىدا شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن چىۋىن قورۇيدتى. كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدى تارقىلىشى بىلەنلا قورساقلىرىمىز كوركىراشقا باشلايتتى.

بىز قىزغىن كەيپىياتتا تاماق تەييار قىلىۋاتقاندا، ئوۋچىلار ئىككى ئۈچتىن بولۇپ قايتىپ كېلىشەتتى. ئۇلار ھارغىن كۆرۈنەتتى. ئاتلارنىڭ ئېغىزىدىن كۆۋۈك قايناپتتى. ئىتلارنىڭ تىللىرى ساڭگىلىغان بولاتتى. لېكىن، ئۇلار ھېچنېمە ئوۋلىيالماي قۇرۇق قول يانغان بولاتتى.

تاماق ۋاقتىدا، ئوۋچىلار بىر كېيىكنى كۆرۈۋىدىم، يېقىنلا يەردە ئىدى، ئوق ئىتى يېتىشۋالاي دېگەندە مىلتىقىمنى بەتلەپ ئاتاي دېسەم، نېمە بولدى بىلمىدىم، بىردىنلا غايىب بولدى دېيىشەتتى. بۇلارنىڭ تەقدىرى چۆچەكلەردىكى ئوغۇل بالىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش ئىدى. يەنى، بىر چۆچەكتە بىر ئوغۇل بالا مەن بىر توشقاننى كۆردۈم دەيتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ كۆرگىنى توشقاننىڭ ئىزى ئىدى. ئۇلار كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تېزلا ئۇنتۇپ ئۈستەل ئەتراپىغا ئولىشىپ كېيىك گۆشىدىن ئەمەس، كالا، چوشقا گۆشىدىن قىلىنغان كاۋاپلارنى يېيىشەتتى. كىم ئۇلارنى كېيىك ئوۋلاپ كەلمىسۇن دەپتىكەن؟

شۇ يىلى يازدا مەن تاغدا ئۆزۈمگە تەئەللۇق بىر تايچاق باققاندىم. ئۇنىڭغا «قارىقۇمچاق گۈزەل» دەپ ئىسىم قويدۇم. بۇ مەن يېڭىلا ئوقۇپ تۈگەتكەن بىر كىتابنىڭ نامى ئىدى. مېنىڭ ئېتىم كىتابتا تەسۋىرلەنگەن ئاتقا بەكمۇ ئوخشايتتى. بولۇپمۇ قارا موينىرى، ئاق قاشقىسى شۇنچىلىك ئوخشىشىپ كېتەتتى. مەن نۇرغۇن ۋاقتىمنى ئات مىنىپ خۇشال ئۆتكۈزەتتىم. ئاتنى سوۋۇتىدىغان چاغدا، سۇلىۋان خېنىم ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى بوشىتىپ ئاتنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئات بىردە يەردىكى ئوتنى، بىردە دەرەخ شاخلىرىنى يەپ يايراپ يۈرەتتى.

چۈشتىن بۇرۇن ئات مىنگۈم كەلمىگەن چاغلاردا، ناشتىدىن كېيىن سۈللىۋان خېنىم ئىككىمىز ئورمانلىقتا بېرىپ سەيلە قىلاتتۇق. مەن دەرەخلەر ۋە ئۈزۈم بىدىشلىرى ئارىسىدا ئۆزۈمنى ئەتەي ئېزىپ قالغان كۆرسىتىپ ئايلىنىپ يۈرەتتىم. بۇ يەردە ئات ـ كالىلارنىڭ ئىزىدىن ھاسىل بولغان چىغىر يوللار بار ئىدى. بەزىدە چانقاللار يولۇمنى توسسا ئەگىپ ئۆتەتتىم. قايتىشىمىزدا جەنۇبنىڭ ئۆزىدىلا بولىدىغان ھەرخىل گۈللەردىن يوغان گۈلدەستە ئېلىپ قايتاتتۇق.

بەزىدە سىڭلىم مېجۇرى ۋە باشقا نەۋرە ھەدە ـ سىڭىللار بىلەن ھالۋاۋىدىن ئۈزگىلى باراتتۇق. ئۇنى يېيىش بىلەن خۇشۇم يوق ئىدى، ئەمما پۇرىقىنى ياخشى كۆرەتتىم. بولۇپمۇ ئۇنى ئوت ـ چۆپلەر ۋە يوپۇرماقلار ئارىسىدىن ئىزدەپ تېپىپ ئۈزۈشكە ئامراق ئىدىم. بىز يەنە پات ـ پات بېرىپ ھەرخىل تاغ مېۋىلىرىنى ئۈزۈپ كېلەتتۇق. مەن ئۇلارغا كاشتان پوستىنى ئاجرىتىشىپ، ياڭاق چېقىشىپ بېرەتتىم.

تاغ باغرىدا تۆمۈر يول بار ئىدى. پويىزلار ھەمىشە يېنىمىزدىنلا ئۆتۈپ تۇراتتى. بەزىدە چىرقىرىتىپ گۈدۈك چالسا، ھەممىمىز قورقۇپ ئۆيگە قاراپ چاپاتتۇق. سىڭلىم جىددىيلەشكەن، ئەمما خۇشال ھالدا يۈگۈرۈپ كېلىپ، بىر كالا ياكى ئاتنىڭ تۆمۈر يولغا كىرىۋالغانلىقىنى، ياڭراق گۈدۈك ئاۋازىغا پەرۋا قىلماي چېپىپ يۈرگىنىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

داچىدىن بىر ئىنگلىز مىلچە يىراقلىقتا چوڭقۇر جىرا ئۇستىگە سېلىنغان ئېگىز كۆۋرۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ ياستۇق ياغاچلىرىنىڭ ئارىلىقى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئۇ يەردىن ئۆتكۈچە گويا پىچاقنىڭ بىسىدا مېڭىۋاتقاندەك يۈرىكىم ئېغىزىمغا تىقىلىپ قالاتتى.

مەن قورقۇپ بۇ كۆۋرۈكتىن پەقەتلا ئۆتۈپ باقمىغانىدىم. بىر كۈنى سۈللىۋان خېنىم مەن بىلەن سىڭلىمنى ئويناتقىلى ئېلىپ چىقىپ ئورمانلىقتا ئېزىپ قالدۇق، بىر قانچە سائەت يول يۈرۈپمۇ يولنى تاپالمىدۇق.

توساتتىن سىڭلىم كىچىككىنە قوللىرى بىلەن كۆرسىتىپ توۋلىدى:

— كۆۋرۈك ئەنە، ئېگىز كۆۋرۈك!

بىز ھەر قانچە جاپالىق چىغىر يولدا ماڭساقمۇ رازى ئىدۇق-كى، بۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈشنى خالىمايتتۇق. لېكىن، كەچ كى-رىپ قالغاچقا، مۇشۇ يېقىن يولدىن ماڭماي ئىلاجىمىز يوق ئىدى. مەن نائىلاج پۇتۇمنىڭ ئۇچىدا سىلاپ ئاستا ماڭدىم. باشتا ئانچە قورقماي خېلى مەزمۇت ماڭدىم، ئۇشتۇمتۇت يە-راقتىن «ۋۇ - ۋۇ» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

— پويىز كەلدى! — دەپ توۋلىدى سىڭلىم.

بىز دەرھال كېسىشكەن تۈۋرۈكنى قۇچاقلاپ يېتىۋالدۇق. بولمىسا پويىز بىزنى مىجىپلا ئۆتۈپ كەتكەن بولار ئىدى. نېمىدې-گەن خەتەرلىك - ھە! پويىزدىن كۆتۈرۈلگەن ھور يۈزىمىزگە ئۇرۇلدى. كۆمۈر ئىسى دىمىغىمىزنى ئېچىشتۇرۇپ، نەپىسى-مىزنى سىقتى. پويىز خېلى يىراقلارغا كەتكەندىمۇ خۇددى ئادەم-نى جىراغا ئېتىۋېتىدىغاندەك كۆۋرۈك لىڭشىشتىن توختىمىدى. بىز جىق كۈچەپ تەسلىكتە ئورنىمىزدىن تۇردۇق. ئۆيگە كەلگەندە جاھانغا تۈن پەردىسى تولۇق يېيىلغانىدى. ئۆي ئىچى بوش بو-لۇپ، ئۆيدىكىلەر بىزنى ئىزدەپ چىقىپ كەتكەنىكەن.

www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى باب

## ئىشەنچ ۋە ئۈمىد

*قارلىقتا چاقنىغان كۆچلۈك قۇياشنىڭ ئەكس نۇرى كۆزۈم-نى توسۇۋالغان بىر قەۋەت قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتتى.*

# پاك دۇنيا

بوستۇن سەپىرىدىن كېيىن ھەر يىلى قىشنى شىمالدا ئۆت-كۈزدۈم دېسەممۇ بولىدۇ. بىر يىلى قىشنى نيۇ ـ ئىنگلىيەدىكى بىر كىچىك كەنتتە ئۆتكۈزدۈم. ئۇ يەردە مەن مۇز تۇتقان كۆل ۋە قاردىن ئاق لىباس كىيگەن كەڭ كەتكەن دالىنى كۆرۈپ، قار مۇزلۇق دۇنيانىڭ ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز سىرلىرىدىن تۇنجى قې-تىم خەۋەردار بولدۇم.

مەن تەئەججۈپ ئىچىدە شۇنى بايقىدىمكى، تەبىئەتنىڭ غەلىتە قوللىرى دەل ـ دەرەخ ۋە ئورمانلارنىڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇلارنى يالىڭاچلاپلا قويغانىدى. نىگان ـ نىگاندا شاختا قالغان يوپۇرماقلار يېتىمسىرىگەندەك بويۇن قىسىپ تۇرۇ-شاتتى. قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەن، دەرەخلەردە پەقەت ئۇۋىلارلا قالغان، ئېگىز تاغلار ۋە كەڭ دالا سۇرلۇك، سۆرۈن تۇس ئالغان. قىش ئىلاھىنىڭ مۇز سېھرى پۈتكۈل كائىناتنى توڭلى-تىپ، سېزىمنى يوقاتقان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان، دەرەخلەر-نىڭ جېنىمۇ ئۆزىنى يىلتىز ئارىسىغا ئالغان. بارلىق جانلىقلار گويا بىراقلا غايىب بولغاندەك قاپقارا يەر تېگىدە تۈگۈلۈپ ئۇيقۇغا كەتكەن. قۇياش جاھانغا سېخىيلىق بىلەن نۇر چاچقان چاغلاردى-مۇ، كۈندۈز كۈن گويا قان تومۇرلىرى قۇرۇشۇپ، زەئىپلىشىپ كەتكەنگە ئوخشاش، ئارانلا مىدىرلاپ سوغۇق ھۆكۈم سۈرگەن جاھانغا خىرە كۆزلىرى بىلەن ھالسىز نەزەر سالاتتى.

بىر كۈنى ھاۋا قار ـ بوراندىن شەپە بېرىپ تۇتۇلۇپلا كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا لەپىلدەپ قار يېغىشقا باشلىدى. بىز يۇگۈرۈپ چىقىپ، تۇنجى قارنى قولىمىز بىلەن تۇتتۇق. ئۈنسىز ھالدا

لەپىلدەپ ياغقان قار بىر قانچە سائەتكىچە توختىمىدى. پۈتكۈل دالا ئاق لىباسقا پۈركىنىپ سۈكۈتكە چۆمدى. ئەتىگەندە ئورنى- مىزدىن تۇرۇپ، يېزىنى تونۇيالمايلا قالدۇق. چۈنكى، جىمى جاھان قار ئىچىدە بولۇپ، يوللارنى، يولدىكى بەلگىلەرنىمۇ كۆر- گىلى بولمايتتى، پەقەت يالىڭاچلانغان دەرەخلەرلا قار ئىچىدە غادىيىپ تۇراتتى.

گۈگۈم مەھەلدە توساتتىن شىددەتلىك ھۇشقىتىپ شىمال شامىلى چىقىپ قارلارنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ئۆيدە بولسا ھەممىمىز تاشقى دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئالاقىنى ئۈزۈپ يېگانە قالغان كىشىلەردەك، ئۇلۇغ كۆيۈۋاتقان مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ ھېكايە ئېيتىشتۇق، ھەرخىل ئويۇن ئويىندۇق. تاشقىرىدىكى ئىشلارنى تامام ئۇنتۇدۇق. كېچىسى بوران تېخىمۇ قۇتراپ، قار ھەر يوغان يېغىشقا باشلىدى. بىز قاتتىق قورقۇپ كەتتۇق. چۈنكى، ئۆيلەر غاراسلاپ، تاشقىرىدىكى دەرەخلەر قاتتىق ئىر- غاڭلاپ، سۇنغان شاخلىرى ھەدەپ دېرىزىگە ئۇرۇلۇپ قورقۇنچ- لۇق ئاۋاز چىقىراتتى.

قار ئۈچىنچى كۈنى ئاران توختىدى. قۇياش بۇلۇتلار ئارى- سىدىن چىقىپ، ئاق قار بىلەن قاپلانغان ئېگىز - پەس دالىغا كۈلۈپ باقتى. ئەتراپ قار دۆۋىلىرى ۋە قارلىق ئېدىرلارغا ئايلى- غانىدى.

بىز قارلارنى كۈرەپ تارغىنا يول ئاچتۇق. مەن ياغلىقىمنى چىڭ چىگىپ، پىلاش ئارتىپ تاشقىرىغا چىقتىم. ھاۋا شۇنچىلىك سوغۇق ئىدىكى، سوغۇق شامال يۈزگە نەشتەردەك ئۇرۇلاتتى. سۆللىۋان خېنىم ئىككىمىز بىردە ئېچىلغان كىچىك يولدا، بىردە قار كېچىپ مېڭىپ قارىغايزارلىققا كەلدۇق. ئالدىمىزغا ماڭساق كەلگ كەتكەن ئوتلاققا باراتتۇق.

ئاق لىباس كىيگەن، گويا مەرمەر تاشتىن ياسالغان ھەيكەل- گە ئوخشايدىغان قارىغايلار قار ئىچىدە غادىيىپ تۇراتتى. يوپۇر- ماقلىرىدا پۇراق يوق، لېكىن قۇياش نۇرىدا كۆز چاقنىتىپ ئاجايىپ چىرايلىق يالتىراپ تۇراتتى. سەللا تېگىپ قويسىڭىز،

ئۆنىڭدىكى قارلار ئۆستىڭىزگە يامغۇر كەبى قۇيۇلاتتى. قارلىقتا چاقىنغان قۇياشنىڭ كۈچلۈك ئەكس نۇرى كۆزۈمنى تۇسۇۋالغان بىر قەۋەت قاراڭغۇلۇقنى يىرىپ ئۆتتى.

ئاستا ـ ئاستا قار ئېرىشقا باشلىدى. لېكىن، پۈتۈنلەي ئېرىپ تۈگىگۈچە يەنە بىر قېتىم قاتتىق قار ـ بوران بولدى. ئەنە شۇ تەرىقىدە، پۈتكۈل قىشتا يەر يۈزى ئېچىلىپ باقمىدى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ قار ـ مۇزلىرى ئاندا ـ ساندا ئېرىپ كېتەتتى. لېكىن، كۆپ ئۆتمەيلا چىرايلىق ئاق لىباس بىلەن سۇزۇك مارجانلار ئۇنى قايتىدىن بېزەيتتى. قومۇشلار بىلەن پاكار ئۆسۈملۈكلەر سارغىيىپ، كۈنگەي تەرەپتىكى كۆل يۈزىمۇ مۇزلاپ قېتىپ كەتكەنىدى.

شۇ يىلى قىشتا بىز چانا تېيىلىشقا ئامراق بولۇپ كەتتۇق. كۆل بويىدىكى بەزى جايلار ناھايىتى تىك ئىدى. بىز ئاشۇنداق تىك جايلاردىن تۆۋەنگە سەكرەيتتۇق. ھەممەيلەن چانىغا ئوبدان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، بىرى كەينىمىزدىن ئىتتىرەتتى. چانا قار ئىچىدە ئويمانلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ تۆۋەندىكى كۆلگە قاراپ ئۇچاتتى ھەمدە كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان كۆل يۈزىدە تېيىلىپ ھەش ـ پەش دېگۈچىلا قارشى قىرغاقتا بېرىپ قالاتتى. قانداق پەيزى، قانداق قىزىقارلىق ئويۇن ـ ھە! يۇقىرىقىدىن ئوقتەك چۈشۈپ، شامالدەك ئۇچۇپ ماڭغىنىمىزدا بىز دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتۇق.

*ئۇ دەسلەپكى بىر ئېغىز گەپنى قىلغاندا، خۇشاللىقىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تارىغان ئىللىق توك ئېقىمىدەك شېرىن سېزىمنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ.*

# سۆزلەشنى ئۆگىنىش

1890 ـ يىلى باھار، مەن سۆزلەشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم. چۈنكى، مەندە بۇرۇنلا ئاۋاز چىقىرىشتەك كۈچلۈك ئىستەك بار ئىدى. مەن دائىم بىر قولۇمنى گېلىمغا، يەنە بىر قولۇمنى ئېغىزىمغا قويۇپ، ئانچە ـ مۇنچە ئاۋاز چىقىراتتىم. ھەر قانداق ئاۋازغا كۈچلۈك قىزىقىشتا بولاتتىم. مۈشۈك مىياۋلىسا، ئىت قاۋىسا ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى سىيلاپ باقاتتىم. بىرى ناخشا ئېيتسا ئۇنىڭ گېلىنى، پىئانىنو چالسا، ئۇنىڭ تىللىرىنى سىلاپ بېقىشنى ياخشى كۆرەتتىم.

ئاڭلاش، كۆرۈش سەزگۈمنى يوقىتىشتىن بۇرۇن، تىلىم خېلى تېز چىققانىدى. بىراق، ئاشۇ قېتىمقى قاتتىق ئاغرىقتىن كېيىن قۇلىقىم ئاڭلىماس، گەپمۇ قىلالماس بولۇپ قالدىم. مەن ھەر كۈنى ئاپامنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ قولۇمنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقاتتىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىنىڭ ئېچىلىپ ـ يېپىلغانلىقىنى سېزەتتىم. بۇ ئىش ماڭا قىزىق تۇيۇلاتتى. سۆزلەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولساممۇ، باشقىلارنى دوراپ ئېغىزىمنى ھەرىكەتلەندۈرەتتىم. ئۆيدىكىلەر ماڭا، سىزنىڭ يىغلىغان ۋە كۈلگەن چاغدىكى ئاۋازىڭىز ناھايىتى تەبىئىي دەيتتى.

بەزىدە ئاۋاز چىقىرىپ بىر ئىككى تاق سۆزنى قوشۇپ دېيەلەيتتىم. بىراق، بۇنى باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، ئاۋاز چىقىرىش ئەزايىمنى مەشىق قىلدۇرۇش ئۈچۈن قىلاتتىم. ئاغرىقتىن كېيىن بىرلا سۇ ( Water ) دېگەن سۆز

ئىسمىدە قالغانىدى. شۇڭا، دائىم «Wa... Wa» دەپ ئاۋاز چىقىراتتىم، ئاستا ـ ئاستا بۇ گەپنىڭ مەنىسىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتىم. سۇللىۋان خېنىم كېلىپ مېنى تەربىيىلەشكە باشلىغان، مەن قولۇمدا بۇ سۆزنى قوشۇپ يېزىشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، بۇ تاۋۇشنى چىقارمايدىغان بولغانىدىم.

ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلىنىڭ مېنىڭكىگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بۇرۇنلا بىلگەنىدىم، گاس كىشىلەرنىڭمۇ گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋالالايدىغانلىقىنى بىلىشتىن بۇرۇنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇسۇلۇمدىن رازى ئەمەس ئىدىم. باشقىلار بىلەن قول تىلى بىلەن سۆزلىشىشتە ئادەم ئۆزىنى بىر خىل چۈشىلىپ قېلىۋاتقاندەك، چەكلىنىپ قىلىۋاتقاندەك سەزگەنلىكى ئۈچۈن مەن بۇ خىل ھېسسىياتتىن بەكمۇ بىئارام بولۇپ، بۇ خىل چۈشەك ۋە چەكلىمىدىن تېزرەك قۇتۇلسام، دەپ ئويلايتتىم. دائىم ئۈچۈرما بولۇش ئالدىدىكى قۇش ھەدەپ قانات قېقىپ ئۈچۈشقا ئىنتىلگەندەك، مەنمۇ ئېغىزىمنى ھەر قىسما قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرەتتىم. ئۆيدىكىلەر قاملاشتۇرالماي (سۆزلىيەلمەي) قالسا كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن، دەپ مېنى ئامال بار ئېغىزىمدا سۆزلەشتىن توساتتى. لېكىن، بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتىم. كېيىن تاسادىپىي ھالدا ئامېرىكا ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ، سۆزلەشنى ئۆگىنىش ئىشەنچىم تېخىمۇ ئاشتى.

1890 ـ يىلى، ئۆز ۋاقتىدا رولانى ئوقۇتقان لامسون خانىم نورۋېگىيە بىلەن شۋېتسارىيىدىكى زىيارىتىنى تۈگىتىپ قايتىپ كېلىپلا مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، نورۋېگىيىدە ئامېرىكادا ئىسمىلىك ئەما ھەم گاس بىر قىز بار ئىكەن، ئۇ ھازىر سۆزلەشنى ئۆگىنىۋاپتۇ، دېدى. ئۇ گېپىنى تۈگەتكۈچە ئارىلىقتا، مەن ئىچىمدە ئېغىزدا سۆزلەشنى چوقۇم ئۆگىنىمەن دەپ نىيەت قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن سۇللىۋان خېنىمغا مېنى بوستوندىكى خوراس مەكتىپىنىڭ مۇدىرى سارافۇول خانىمنىڭ قېشىغا ئاپىرىڭ، ئۇنىڭدىن ماڭا ياردەم قىلىشنى، مېنى ئوقۇتۇشنى ئىلتىماس قىلايلى، دەپ تۇرۇۋالدىم. بۇ مۇلايىم، مېھرىبان خانىم مېنى ئۆزى تەربى-

يىلەيدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن 1890 - يىلى 3 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن باشلاپ ئۇنىڭدىن سۆزلەشنى ئۆگىنىشكە كىرىشتىم.

فوۋل خانىمنىڭ ئۆگىتىش ئۇسۇلى مۇنداق بولدى. ئۇ تاۋۇش چىقارغان چاغدا، قولۇمنى يۈزىگە قويۇپ، ماڭا تىل ۋە ئېغىزنىڭ قانداق ھەرىكەتلىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. مەن پۈتۈن زېھنىمنى يىغىپ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، بىر سائەتكە قالمايلا M,P,A,S,T,L قاتارلىق ئالتە ھەرپنى دېيەلەيدىغان بولدۇم.

فوۋل خانىم ماڭا جەمئىي ئون بىر دەرس ئۆتتى. بۇنى مەن ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. بىرىنچى قېتىم «ھاۋا ناھايىتى ئىللىق» دېگەن سۆزنى قوشۇپلا دېيەلىگەن چاغدىمۇ خۇشاللىقىم ئاجايىپ زور ئىدى. گەرچە ھەرپلەرنى بىر - بىرلەپ دەپ، ئاندىن قوشۇپ ھەجىلەپ سۆزلىگەن بولساممۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئادەمنىڭ سۆزى ئىدى. مەن شۇ چاغدا قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ مېنى روھىي ئاسارەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ، مۇشۇ ئۈزۈك - ئۈزۈك تىل بەلگىلىرىنى قوللىنىپ مۇكەممەل بىلىم ئىگىلەش ۋە ئېتىقادقا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

ئەگەر گاس بىر بالا ئىلگىرى ئۆزى زادىلا ئاڭلىمىغان سۆزلەرنى ئېغىزى بىلەن قىلىش، گۆرىستانلىقتەك تىمتاس دۇنيادىن چىقىپ كېتىش، مېھىر - شەپقەت، ئىللىقلىق بولمىغان، ئۇچار قۇشلار، ھاشاراتلارنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ناۋالىرى، گۈزەل مۇزىكا سادالىرى بولمىغان تۇرمۇشتىن چىقىپ كېتىشنى تەقەززالىق بىلەن ئارزۇ قىلسا، ئۇ ھالدا ئۇ دەسلەپكى بىر ئېغىز گەپنى قىلغاندا، خۇشاللىقتىن پۈتۈن بەدىنىگە تارىغان ئىللىق توك ئېقىمىدەك شېرىن سېزىمنى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق ئادەملەرلا مېنىڭ نەقەدەر تەشنالىق، تەقەززالىق بىلەن قونچاقلار، ئويۇنچۇقلار، تاشلار، دەل - دەرەخلەر، قۇشلار ھەمدە گەپ قىلالمايدىغان ھايۋانلار بىلەن

سۆزلەشكەنلىكىمنى بىلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئادەملەرلا سىڭلىم ئۇ-نىڭ بىلەن سالاملاشقاندا قىلغان سۆزۈمنى ئۇققاندا، ئۇنىڭ بۇيرۇقۇمغا ئىتائەت قىلغانلىقىنى كۆرگىنىمدە قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمنى ئوبدان چۈشىنىدۇ.

مەن ھازىر گويا قانات چىقارغاندەك باشقىلارنىڭ تەرجىمە قىلىشىغا قاراپ ئولتۇرماي ئۆزۈم بىۋاستە سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇم. بۇ تۇپەيلى ئېرىشكەن قولايلىقنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. ھازىر بىر ياقتىن ئويلىنىپ، بىر ياقتىن سۆزلەي-مەن. ئىلگىرى قول تىلى بىلەن سۆزلەشكەندە بۇنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئورۇنداپ كېتەلمەيتتىم.

ئەمما، مېنىڭ راستتىنلا سۆزلىيەلەيدىغان بولغانلىقىمنى ھەرگىزمۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشقان ئىش دەپ قال-ماڭلار. مەن پەقەت سۆزلەشنىڭ ئاساسىي ماھارەتلىرىنىلا ئۆگەن-دىم. سۆزۈمنى ھازىرچە فۇۋل خانىم بىلەن سۇللىۋان خېنىملا چۈشىنەلەيدۇ، باشقىلار بولسا يېرىم ياتىلا چۈشىنىدۇ. مەنغۇ بۇ تىل - ئاھاڭ ئاساسىي ماھارەتلەرنى ئۆگىنىۋالدىم. بىراق، سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ تالانتى ۋە قەتئىي بوشاشماستىن قىلغان تىرىشچانلىقلىرى بولمىغان بولسا، بۇنداق راۋان سۆزلەشنى مەن بۇنچە تېز ۋاقىت ئىچىدە ئۆگىنەلمىگەن بولاتتىم.

باشتا مەن كېچە - كۈندۈزلەپ مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ يېقىن دوستلىرىمنىڭ گېپىمنى چۈشىنەلەيدىغان ھالەتكە يەتتىم، ئاندىن سۇللىۋان خېنىمنىڭ ياردىمى بىلەن ھەربىر ھەرپنىڭ ئاھاڭىنى تەكرار مەشىق قىلدىم. تۇرلۇك ئاھاڭلارنى ئەركىن بىرلەشتۈرۈشنى قايتا - قايتا مەشىق قىلدىم. مانا ھازىرمۇ ھەركۈنى توغرا تەلەپپۇز قىلالمايۋاتقان ھەرپلەرنى، ئاھاڭلارنى ئۆزلۈكسىز تۇردە مەشىق قىلىپ تۈزىتىپ بېرىۋاتىمەن.

بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ماڭا قانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى پەقەت گاس - گاچا باللارغا گەپ قىلىشنى ئۆگەتكەن كىشىلەرلا چۈشىنەلەيدۇ ۋە ھەقىقىي تۇردە ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ. مەن

سۇللىۋان خېنىمنىڭ گېلىنىڭ تىترىشى، ئېغىز ھەرىكىتى ۋە چىراي ئىپادىسىنى پۈتۈنلەي بارماقلىرىمنىڭ سەزگۈسى ئارقىلىق بىلەتتىم. لېكىن، بۇ سەزگۇ كۆپ ھاللاردا توغرا چىقمايتتى. بۇنداق ئەھۋالغا يولۇققان چاغلاردا، توغرا تەلەپپۇز قىلغىلى، توغرا ئاھاڭ چىقارغىلى بولمايدىغان سۆز - جۈملىلەرنى سائەتلەپ تاكى ئاھاڭنى توغرا چىقاردىمغۇ دەپ قارىغانغا قەدەر تەكرار مەشىق قىلىشقا ئۆزۈمنى مەجبۇرلايتتىم.

مېنىڭ ۋەزىپەم مەشىق قىلىش، مەشىق قىلىش، يەنە مەشىق قىلىش ئىدى. مېنى كۆپىنچە مەغلۇبىيەت ۋە ھارغىنلىق يىقىتىپ قوياتتى. بىراق، يەنە ئازراق بەرداشلىق بەرسەم توغرا تەلەپپۇز قىلالايمەن، مېنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرگە ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىمنى كۆرسىتەلەيمەن، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزۈمنى غەيرەتلەندۈرۈپ كۈچ قۇۋۋەتكە تولاتتىم. ئۇلارنىڭ مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىمدىن سۆيۈنگەن چاغدىكى خۇش تەبەسسۇمنى كۆرۈشكە ئىنتىزار بولاتتىم.

«سىڭلىم قىلغان گېپىمنى ئۇقالايدىغان بولدى!» مانا بۇ مېنىڭ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمگە ئىلھام بەخش ئەتكەن قەتئىي ئېتىقادىم بولدى. مەن دائىم خۇشاللىقىمنى ئىچىمگە سىغدۇرالمىغان ھالدا: «مەن ئەمدى گاچا ئەمەس» دېگەن سۆزنى ئېغىزىمدىن چۈشۈرمەيتتىم. ئاپام بىلەن ئەركىن سۆزلىشەلەيدىغان، قىلغان سۆزلىرىمگە ئاپامنىڭ ئېغىزىدا قايتۇرغان ئىنكاسىنى چۈشىنەلەيدىغان بولغانلىقىمنى ئويلىساملا قەلبىم ئىشەنچىگە تولاتتى. ئېغىز بىلەن سۆزلىشىش قول تىلى بىلەن سۆزلىشىشتىن كۆپ ئاسان ئىكەنلىكىنى بايقىغىنىمدا ھەيران بولدۇم. شۇڭلاشقا، باشقىلار بىلەن قول تىلى ئارقىلىق سۆزلەشمەسلا بولدۇم. بىراق، سۇللىۋان خېنىم ۋە بەزى دوستلىرىم لەۋدە ئوقۇشقا قارىغاندا ئىشارەت تىلى ئاسانراق بولغىنى ھەمدە مەن ئاسانراق چۈشىنەلەيدىغان بولغىنىم ئۈچۈن يەنىلا مەن بىلەن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا سۆزلىشەتتى.

مەن ئەما ۋە گاس كىشىلەر ئىشلىتىدىغان قول تىلى ھەرپى

ھەققىدە ئاز تولا چۈشەنچە بېرىپ قويمىسام بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. بىزنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر قول تىلىنى دېگەندەك ئۇقمايدۇ. كىشىلەر ماڭا كىتاب ئوقۇپ بەرگەن ياكى مەن بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا گاس كىشىلەر قوللىنىدىغان ئادەتتىكى ئۇسۇلدا بىر قولى بىلەن قولۇمغا تاق سۆز ياكى جۈملىلەرنى يازىدۇ. مەن بولسام بىر تەرەپتىن بارماقلارنىڭ قول ھەرىكىتىنى ئاسانراق سېزىۋېلىش ئۈچۈن، قولۇمنى سۆزلىگۈچىنىڭ قولىغا ئاستا قويىمەن. بۇنىڭ بىلەن مەن كىشىلەر كىتاب كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاشلا تاق ھەرپلەرنى ئەمەس، خەتلەرنى سېزىمەن. مەن بىلەن سۆزلەشكۈچىلەر بارمىقىنى دائىم ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرغاچقا، بارماقلىرى ئەركىن، راۋان ئىشلەيدۇ. بەزىلەر ناھايىتى پىشقان ماشىنىستلار ماشىنكىدا خەت ئۇرغاندەك خەتلەرنى ناھايىتى تېز يازىدۇ. ھەرپلەرنى پىششىق ھەرىكەتلەر بىلەن قوشۇپ تېز يېزىشمۇ مېنىڭ ئىختىيارسىز، تىنماستىن قىلىدىغان ھەرىكىتىمگە ئايلاندى، ئەلۋەتتە.

ئېغىزىمدا گەپ قىلالايدىغان بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرسام - قوپسام تېزرەك ئۆيگە قايتىش ئىستىكىدە ياندىم. ئاخىر بۇ مۇھىم پەيتمۇ يېتىپ كەلدى. مەن ئۆيگە ئاتلاندىم. يول بويى سۆزلىشىش ئۈچۈنلا ئەمەس، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ سۆزلىشىش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە سۇللىۋان خېنىم بىلەن تىنماي سۆزلىشىپ كەلدىم. گەپ بىلەن پويىزنىڭ ۋوگزالغا كىرىپ كەلگىنىنىمۇ سەزمەپتىمەن. ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئالدىمىزغا چىقىپتۇ. پويىزدىن چۈشۈشۈمگە ئاپام مېنى باغرىغا چىڭ باستى. ھاياجان ۋە خۇشاللىقتىن پۈتۈن بەدىنى تىترەپ، گەپ قىلالماي قالدى. قىلغان سۆزۈمنى جىممىدە تۇرۇپ ئاڭلىدى. سىڭلىم مېجۇرى قولۇمدىن تارتىپ قۇچاقلىدى، سۆيدى، خۇشاللىقىدىن سەكرەپ - تاقلاپ كەتتى. دادام بىر چەتتە ئۈنچىقارماي تۇراتتى. بىراق، مېھرىبان چىرايىدا ئەكس ئەتكەن خۇشاللىق، سۆيۈنۈشكە گەپ كەتمەيتتى. ھازىرغا قەدەر شۇ چاغدىكى مەنزىرىنى ھەربىر ئەسلىسەم، كۆزلىرىم لىق ياشقا

تولىدۇ. بۇ خۇددى سىيانىڭ بېشارىتى مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا كارا-
مىتىنى كۆرسەتكەندەك: «تاغلار چۇشتى ناخشىغا تەڭلا، دەرەخ-
لەر ئالقىشلاپ چالدى چاۋاكلار!» دېگەندەك بىر ئىش ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*كىتابتىكى نەرسىلەر مېنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىمغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن ھەمىشە قايسى نەرسىلەرنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئوي ـ پىكرى، قايسىلىرىنىڭ كىتابتىن ئوقۇغانلىرىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالماي قالىمەن.*

## «قىراۋ شاھى» ۋەقەسى

1892 ـ يىلى قىش. بالىلىق دەۋرىم ئاسمىنىنى قارا بۇلۇتلار قاپلىدى. مەن ئۇزۇن ۋاقىت غەمكىنلىككە پېتىپ قاتتىق ئازابلاندىم. غەم ـ ئەندىشە، ۋەھىمە ئىچىدە كىتابمۇ مېنى ئۆزىگە تارتالمىدى. ھازىرمۇ ئاشۇ قاباھەتلىك چۈشتەك ئۆتكەن كۈنلەر ئېسىمگە چۈشسە، ئىختىيارسىز تېنىم شۈركۈنۈپ، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ.

مەن «قىراۋ شاھى» دېگەن ماۋزۇدا بىر ھېكايە يېزىپ، ئۇنى بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىدىكى ئاننا تونىس ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بەردىم. كىم بىلسۇن، بۇنىڭ بىلەن بىر مۇنچە ئاۋارىچىلىك ۋە خاپىلىققا قالدىم. بۇ ئىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەن ۋە سۇللىۋان خېنىم ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك ئادىللىقنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنىڭ ئەينىنى يېزىپ چىقماقچىمەن.

بۇ مەن سۆزلەشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن يېزىپ چىققان تۇنجى ھېكايەم ئىدى. شۇ يىلى يازدا بىز تاغدىكى داچىدا باشقا يىللارغا قارىغاندا ئۇزۇنراق تۇردۇق. سۇللىۋان خېنىم ماڭا دائىم ئوخشىمىغان پەسىللەردە يوپۇرماقلارنىڭ قانداق رەڭ بىلەن گۈزەللىكىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئوقۇپ بەرگەن، ئىختىيارسىز ئېسىمدە مەھكەم قالغان بىر ھېكايە ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۇنتۇپ قالماستىن يېزىپ قويۇشقا ئالدىرىدىم. شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمچە بۇنى «ھېكايە ئىجاد قىلىۋاتىمەن» دەپ ئويلىدىم.

شۇڭا، قەلەمنى قولۇمغا ئېلىش بىلەن تەڭ تەپەككۇرۇم قاناتلىنىپ يېزىقچىلىق شادلىقىغا چۆمدۈم. سۆزلەر ئېغىزىمغا راۋان كېلىپ تۇراتتى. تەسىرلىك ۋە جانلىق ئوبرازلار، ئەمالار ئىشلىتىدىغان بىلايى قەغىزىدىن بىر - بىرلەپ ئورۇن ئالدى. ھازىر، قانداقتۇر ئەدەبىي تەپەككۇر ۋە تەسۋىرلەر كاللامغا ھېچبىر زورۇقماستىن قۇيۇلۇپ تۇرسا، ئۇنى كاللامدا ئۆزلۈكىدىن پەيدا بولغان نەرسە ئەمەس، بەلكى باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان، بىلىۋالغان نەرسىلەر دەپ كېسىپ ئېيتالايمەن. بىراق، ئۇ چاغلاردا بۇنداق نۇقتىئىينەزەر چېكىنى ئايرىۋېلىش مەن ئۈچۈن قىيىن ئىش ئىدى. ھازىرمۇ قايسىلىرىنىڭ كاللامدىكى نەرسىلەر، قايسىلىرىنىڭ باشقىلار كىتابلاردا يازغان نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى كۆپ ھاللاردا ئېنىق ئايرىيالمايمەن. مېنىڭچە، بۇنىڭ سەۋەبى، مەن شەيئىلەردىن ئالغان تەسىراتىمغا باشقىلارنىڭ كۆزى كۆرگەن ۋە قۇلىقى ئاڭلىغانلاردىن ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن بولسا كېرەك.

مەن ھېكايەمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى سوللىۋان خېنىمغا ئوقۇپ بەردىم. ئۇنى ئوقۇغۇچە ئاجايىپ ياخشى يېزىلغان يەرلەردىن قاتتىق زوقلىنىپ كەتكەنلىكىم، خاتا ئوقۇپ قالغان ياكى تەكرار ئوقۇشقا توغرا كەلگەن جايلاردا قانچىلىك قىينالغانلىرىم ھازىرمۇ ئېسىمدە، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۇنى ئۆيدىكىلەرگە ئوقۇپ بېرىۋىدىم، بۇنچىلىك ياخشى يازالايدىغانلىقىمنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەيرانلىقتىن ئېغىزى ئېچىلىپلا قالدى. بىرلىرى بۇنى سىز بىرەر كىتابتىن ئوقۇغانمۇ، قانداق، دەپمۇ سورىدى.

بۇ سوئال مېنى بەكمۇ تەئەججۈپتە قويدى. چۈنكى، بىرەرسىنىڭ بۇنى ماڭا ئوقۇپ بەرگىنى زادىلا ئېسىمدە يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۆزۈمنىڭكىنى توغرا ھېسابلاپ مەيدەمنى كېرىپ:

— ئۇنداق ئەمەس، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىجادىيىتى، ئۇنى ئاننا نوتىس ئەپەندىگە تەقدىم قىلماقچىمەن، — دېدىم.

ئارقىدىن ئۇنى بىر نۇسخا كۆچۈردۈم ھەمدە ئۇلارنىڭ تەكلىپى بىلەن ھېكايىنىڭ «كۆزدىكى يوپۇرماق» دېگەن نامىنى «قى-

www.uyghurkitap.com

راۋ شاھى» غا ئۆزگەرتىپ ئاننا نوتىس ئەپەندىگە ئەۋەتىپ بەردىم.

بۇ ھېكايە ئاننا نوتىس ئەپەندىگە بەكمۇ ياراپ كېتىپ، ئۇنى بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنىڭ ژۇرنىلىغا باستۇرۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ مەن گويا بىردىنلا ئاسمانغا چىقىپ قالغاندەك كېرىلىپ كەتتىم. لېكىن، كۆپ ۋاقىت ئۆتمەيلا ئاسماندىن بىراقلا ئازاب ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ چوڭقۇر ھاڭىغا چۈشۈپلا كەتتىم. سەۋەب، مەن بوستونغا بېرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىرى مەن يازغان «قىراۋ شاھى» ناملىق ھېكايىنىڭ مارگارېت كونبېر خېنىم يازغان «قىراۋ پەرىسى» ناملىق ھېكايىگە بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى بايقاپتۇ. بۇ ھېكايە مەن تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن يېزىلغان ھەمدە «قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى» دېگەن توپلامدا چىققانىكەن. ئىككى ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە سۆز - جۈملىلىرى ئىنتايىن ئوخشاپ كەتكەچكە، بىرلىرى مېنى كونبېر خېنىمنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇغانىكەن، شۇڭا بۇ ھېكايىنى ئوغرىلاپ يېزىلغان دېيىشكە بولىدۇ، دېدى.

مەن باشتا بۇ مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى پەقەت چۈشەنمەپتىمەن. چۈشەنگەندىن كېيىن ھەيران بولدۇم ۋە ناھايىتى ئازابلاندىم. چۈنكى، مەن ھەرقانداق بىر بالا ئۇچراشقا تېگىشلىك بولمىغان قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغانىدىم. مەن بۇنىڭدىن قاتتىق نومۇس قىلدىم. مېنى ھەممىدىن بەك قەدىرلەيدىغان كىشىلەرمۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن گۇمانغا قالدى. بۇ زادى قانداق ئىش بولۇپ كەتتى، ئەمدى! مەن «قىراۋ شاھى» نى يېزىشتىن ئىلگىرى، بۇنداق ئەسەرنى، يەنى قىراۋ تەسۋىرلەنگەن ئەسەرنى قايسى كىتابتىن كۆرگەن بولغىيدىم، زادى قىراۋ تەسۋىرلەنگەن بىرەر ماقالە ياكى كىتاب ئوقۇغان بولغىيمىدىم دەپ بەك ئۇزۇن ۋە قاتتىق ئويلىنىپ زادىلا ئېسىمگە ئالالمىدىم. پەقەت كىملەرنىڭدۇ جېك فېروست دېگەن بىر ئادەمنى تىلغا ئالغانلىقى، ئۇنىڭ بالىلارغا بېغىشلانغان «قىراۋنىڭ خىياللىرى» ناملىق بىر كۇپلېت شېئىرى بارلىقى ئازراق ئېسىمگە كەلدى. بىراق، مەن ئۇنىڭدىن

پەقەتمۇ پايدىلانمىغانىدىم.

گەرچە بۇ ئىش تۇپەيلى خېلى باش قېتىنچىلىقتا قالغان بولسىمۇ، ئاننا نوتىس ئەپەندى باشتا ماڭا ئىشەنگەنىدى، كېيىن ئىشلار يەنىلا يامىنىغا قاراپ ماڭدى. مەن ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن، ئەتەي ئويناپ كۈلۈپ، ئۆزۈمنى خۇشخۇي تۇتۇپ يۈردۈم.

ۋاشىنگتون تۇغۇلغانلىقىنى قۇتلۇقلاش پائالىيىتىدە ساۋاقداشلار نىقابلىق ئويۇن قويدى. مەن بۇنىڭدا زىرائەت ئىلاھىنىڭ رولىنى ئالدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، شۇ كۈنى مەن خېلى چىرايلىق كىيىم كىيگەن، بېشىمغا كۈزنىڭ رەڭدار يوپۇرماقلىرىدىن توقۇلغان گۈلچەمبىرەك كىيگەن، پۇت ۋە قوللىرىم مېۋە - چېۋە، زىرائەت بىلەن تولغانىدى. سىرتىم رەڭگارەڭ، تۇرقۇم خۇشال ۋە شوخ بولغىنىم بىلەن ئىچىمنى ھەسرەت ئوتلىرى كۆيدۈرۈپ ئازابلايتتى.

تەبرىكلەش پائالىيىتى بولۇشتىن بىر كۈن ئىلگىرى مەكتىپىمىزدىكى بىر ئوقۇتقۇچى ھېلىقى ھېكايىنىڭ ئىشىنى سوراپ قالدى. ئۇنىڭغا سۇللىۋان خېنىمنىڭ ماڭا جېك فىروست ۋە ئۇنىڭ نادىر ئەسەرلىرى ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى ئېيتتىم. بەزى سۆزلىرىم ئۇ ئوقۇتقۇچىنى، دېمەك، كونبېر خېنىمنىڭ «قىراۋ پەرىسى» دېگەن ھېكايىسىمۇ خېلېننىڭ ئېسىدە بار ئىكەن دېگەن تونۇشقا كەلتۈرۈپ قويۇپتۇ. مەن ئۇنىڭغا گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋالدىڭىز، دەپ تەكرار چۈشەندۈردۈم. ئەمما، ئۇ يەنىلا بۇ خاتا يەكۈننى ئاننا نوتىس ئەپەندىگە ئېيتىپتۇ.

ئەزەلدىن ماڭا كۆيۈنۈپ، كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان ئاننا نوتىس ئەپەندى بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، مېنى ئۆزىنى ئالداپتۇ، دېگەن قاراشقا كەپتۇ. شۇڭا، ئۇ مېنىڭ بىگۇناھ تۇرۇپ سوراققا تارتىلىشىمغا قولاق يوپۇرۇپ يۈردى. دېمەك ئۇ، سۇللىۋان خېنىم بىلەن مېنى مېنىڭ ماختىنىشىمغا سازاۋەر بولۇش ئۈچۈنلا خەقلەرنىڭ ئەسىرىنى ئوغرىلاپ يېزىپ ماڭا ئەۋەتكەن دەپ قارىدى ياكى شۇنداق ھېسسىياتتا بولدى. ئارقىدىنلا مەن بوگ-

نىس ئەمالار مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئىشچى خىزمەتچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن «سوت» قا چاقىرتىلىپ سوئال - سوراق قىلىندىم.

ئۇلار سۇللىۋان خېنىمنى سوتقا قاتناشتۇرماي، مېنىلا سوراق قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆچلاپ تۇرغۇن مەسىلىلەرنى سوراشلىرىدىن ئۇلارنىڭ مېنى كىمدۇ بىرى ماڭا كونىبىر خېنىمنىڭ «قىراۋ پەرىسى» ناملىق ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى سەزدىم. چۈنكى، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرىدىن ئىشەنمەسلىك، گۇمان چىقىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ ئاننا نوتىس ئەپەندىنىڭمۇ ماڭا ئەيىبلەش نەزىرىدە قاراپ تۇرغانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. بۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى تىل بىلەن تولۇق تەسۋىرلەپ بېرىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى، يۈرىكىم دۈكۈلدەپ سوقاتتى، گەپلىرىم قولاشمايتتى. بۇنىڭ پۈتۈنلەي ئۇقۇشماسلىق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسامۇ، ئازاب ۋە ھەسرىتىمنى يېنىكلىتىشكە ئامالسىز ئىدىم. سوراق تۈگەپ مەن سىرتقا چىققاندا بېشىم قېيىپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، سۇللىۋان خېنىم ۋە دوستلىرىمنىڭ تەسەللىسى، رىغبەتلەندۈرۈشىنى ئاڭلىغۇدەك ھالىم قالمىغانىدى.

ئاخشىمى ئۇن سېلىپ راسا يىغلىدىم. بەلكىم مەندەك ئېزىلىپ بۇنداق يىغلىغان بالىلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. پۈتۈن بەدىنىم مۇزلاپ كەتتى. بۇنىڭغا قاراپ بەلكىم ئەتىگىچە ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىدىم ۋە بۇ خىيالىمدىن بىردىنلا كۆڭلۈم تىنىپ خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ھازىر ئويلاپ قارىسام، ھېلىمۇ ياخشى بۇ ئازابلىق كۈنلەردە ئۇنتۇلدۇرۇش پەرىشتىسى ھەسرەت ۋە دەرد - ئەلەملىرىمنىڭ كۆپىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ يوق قىلىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىش چوڭراق بولغاندا يۈز بەرگەن بولسا، چوقۇم مېنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرىۋېتەر ئىدى.

سۇللىۋان خېنىم «قىراۋ پەرىسى» دېگەن ھېكايە، شۇنداقلا كونىبىر خېنىمنىڭ ھېلىقى كىتابى ھەققىدە ھېچ گەپ - سۆز ئاڭلىمىغانىكەن. شۇڭا، ئۇ دوكتور بېلىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ

ئىشنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. 1888 ـ يىلى خوبكىنگ خانىمنىڭ كونبېر خېنىمغا يازغان «قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى» دېگەن كىتابى بار ئىكەن، كېيىن بۇ كىتاب يوقاپ كېتىپتۇ. شۇ يىلى بىز دەم ئېلىشتا برېۋستېردا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانىدۇق. ئۇنىڭ ماڭا دېيىشىچە، سۇلىۋان خېنىم ئۆزى يالغۇز دەم ئېلىشقا كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مېنى ئىچى پۇشۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇ ھەرخىل كىتابلاردىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى ماڭا ئوقۇپ بەرگەنىكەن. ماڭا ئوخشاشلا «قىراۋ پەرىسى» دېگەن ھېكايىنى ئوقۇپ بەرگەنلىكى ئۇنىڭمۇ ئېسىدە يوق ئىكەن. بىراق، «قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى» دېگەن كىتابتىن بەزى ھېكايىلەرنى ماڭا ئوقۇپ بەرگىنىگە ئۇ ئىشىنىدىكەن. خوپكىنگ خانىم برېۋستېردىكى ئۆيىنى سېتىۋېتىشتىن ئىلگىرى باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى، چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن بالىلار ئوقۇشلۇقىنى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەنلىكى، «قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى» دېگەن كىتابىنىڭمۇ شۇ چاغدا بىر تەرەپ قىلىنىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ماڭا چۈشەندۈردى.

ئۇ چاغلاردا مەن ھېكايىلەرنى ئانچە چۈشەنمىسەممۇ، ھېكايىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ سۆزلەر مەندەك ھېچقانداق كۆڭۈل خۇشلۇقى يوق بالىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغانىدى. شۇ چاغدا ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بەرگەنلىك ئىشىنى پەقەتلا ئەسلىيەلمىگەن بولسامۇ، ئەينى چاغدا ھېكايىدىكى خام خەتلەرنى مۇئەللىم قايتىپ كەلگەندە مەنىسىنى سوراپ بىلىۋالىمەن دەپ، ئېسىمدە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقانلىقىمنى ئىنكار قىلالمايمەن.

سۇلىۋان خېنىم قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ماڭا «سېپر بوندنو» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ بېرىپ، كاللامدىن باشقا ئوي خىياللارنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، بەلكىم ئۇنىڭغا «قىراۋ پەرىسى» ناملىق ھېكايىنىڭ گېپىنى قىلمىغاندىمەن. دەرۋەقە خوبكىنگ خانىم ماڭا ھەقىقەتەن كونبېر خېنىمنىڭ ھېلىقى ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەرگەن، مەن ئۇنتۇپ كېتىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ ھېكايە تەبىئىي ھالدا كال-

لامىدا قايتا زاھىر بولغان، مەن بولسام ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى پەقەت سەزمىگەن بولۇ-شۇم مۇمكىن.

ئازاب ئىچىدە ھەسرەت چېكىپ يۈرگەن شۇ كۈنلەردە ماڭا ھېسداشلىق بىلدۈرۈلگەن ۋە ھال ـ ئەھۋال سورالغان نۇرغۇن خەت تاپشۇرۇۋالدىم. كونىبېر خېنىممۇ مېنى رىغبەتلەندۈرۈپ خەت يېزىپ: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سىز چوقۇم كاتتا ئەسەر يېزىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە ئىلھام ۋە ياردەم بەخش ئېتىسىز» دېگەنىدى.

ئەپسۇسكى، بۇ ياخشى بېشارەت زادىلا ئىشقا ئاشمىدى. چۈنكى، شۇ ئىشتىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئوي ـ پىكىرىنى يېزىپ سېلىشتىن ئەندىشە قىلىپ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللى-نىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ھەتتا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ئاپامغا خەت يازساممۇ ئىختىيارسىز ۋەھىمىگە چۈشۈپ، خەتتە يازغانلىرىمنىڭ كىتابلاردا ئوقۇغان سۆز ـ جۈملىلەر ئەمەسلىكى-نى جەزم قىلغانغا قەدەر، ھەربىر جۈملىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇپ چىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ناۋادا سۇللىۋان خېنىم مېنى ئىزچىل تۈردە ھارماستىن ئىلھاملاندۇرۇپ تۇرمىغان بولسا، قەلەم ـ قەغەز دېگەنگە بەلكىم زادىلا يېقىن يولىمىغان بولار ئىدىم.

مەن كېيىن «قىراۋ پەرىسى» ناملىق ھېكايىنى تېپىپ ئو-قۇپ چىقتىم. ئاندىن شۇ چاغلاردا يازغان بەزى خەتلىرىمنى سېلىشتۇرۇپ بېقىپ، دەرۋەقە مەن ئىشلەتكەن سۆز ـ جۈملىلەر ۋە كۆز قاراشلىرىمنىڭ ئۇ كىتابتىكىگە ئوخشايدىغان جايلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بايقىدىم. مەسىلەن، 1891 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئاننا ھىنوتىس ئەپەندىمگە يازغان خېتىمدىكى ھېس-سىيات ۋە تىللار كونىبېر خېنىمنىڭ ئەسىرىدىكىگە ئوپمۇ ئوخ-شاش ئىكەن. ھالبۇكى، مەن يازغان «قىراۋ شاھى» ناملىق ھېكايىدىكى بەزى ئابزاست، سۆز ـ جۈملىلەردىن مەنمۇ باشقىلار-غا ئوخشاشلا شۇ چاغدىكى ئوي ـ پىكىرىمگە شۇ ھېكايىدىكىلەر-نىڭ سىڭىپلا كەتكەنلىكىنى كۆرۈۋالدىم.

خېتىمدە ئۆزۈمنى سۇللىۋان خېنىم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ،

ئۆزۈمگە ئالتۇن كۆز پەسلىنى تەسۋىرلەپ يازغان: «ئاھ، يازمۇ تۈگەپ قېلىۋاتىدۇ، ئەمدى غېرىب كۆڭلۈمگە نېمىمۇ تەسەللىي بولار، مېنى پەقەت چىرايلىق ۋە رەڭدار كۆز يوپۇرماقلىرى ئاۋۇندۇرىدۇ» دېگەن سۆزلەر كونىبىر خېنىمنىڭ ھېكايىسىدىكى سۆزلەر ئىدى.

ئۆزۈمگە ياراپ كەتكەن جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ تەپەككۈرى قىلىپ باشقىدىن يېزىپ چىقىش مېنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىمدە ھەمىشە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئىش ئىدى. يۇنان ۋە رىمنىڭ قەدىمىي شەھەرلىرىنى تەسۋىرلىگەن بىر ماقالەمدە، مەن ھازىر ئۇنتۇپ كەتكەن، ئەمما شۇنچىلىك تەسىرلىك ۋە ئاجايىپ ئۆزگىرىشچان تەسۋىرلەشلەرنى ئىشلەتكەنىدىم. ئاننا نوتىس ئەپەندىنىڭ ئاسار ئەتىقىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى، خۇسۇسەن ئىتالىيە ۋە يۇنانغا بۆلەكچە مېھرى بارلىقىنى ئوبدان بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، كىتاب ئوقۇغاندا، شېئىر توپلاملىرى ۋە تارىخىي كىتابلاردىن ئۇ ياقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى ئىنچىكىلەپ ئوقۇپ، خاتىرىلىۋالاتتىم ۋە ماقالەمدە ئىشلىتەتتىم. شۇڭا، ئاننا نوتىس ئەپەندى قەدىمىي شەھەرلەر تەسۋىرلەنگەن ماقالەمنى ماختىغاندا: «شېئىرىي پۇراققا ئىگە» دەيتتى.

ھالبۇكى، ئۇنىڭ 11 ياشلىق ئەما ھەم گاس بالىنىڭ مۇشۇنداق ئەسەرلەرنى يازالايدىغانلىقىغا نېمىشقا ئىشىنىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشەنمەيتتىم. بىراق، ماقالىلەردە باشقىلارنىڭ سۆز ـ جۈملىلىرىنى ئىشلەتكەن دەپلا، ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەس قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. بۇ مېنىڭ پاساھەتلىك، تەسىرلىك سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ گۈزەل ۋە شېئىرىي تۈسكە ئىگە مەنزىلگە بولغان زوق ھەۋىسىمنى ئىپادىلەپ بېرەلىگەنلىكىمنى چۈشەندۈرمەمدۇ، دەپمۇ ئويلىغانىدىم. بارلىق ياشلارغا ئوخشاشلا، دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئەسەرلىرىم ئەقلىي ئىقتىدار مەشىقى، تەقلىد قىلىش ۋە قوبۇل قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي يوسۇندا ئويلىغانلىرىمنى يېزىق بىلەن ئىپادىلەشتىن ئىبارەت بولدى. كىتابلاردىكى مېنى قىزىقتۇرغان ۋە بەك ياراپ كەتكەن نەرسىلەر-

www.uyghurkitap.com

نى ئىختىيارسىز كاللامغا ئورنىتىۋالاتتىم ۋە ئۇنى ئۆزۈمنىڭ قىلىۋالاتتىم.

ستېۋېنسون، يېزىقچىلىقتا يېڭىدىن كىرىشكەن كىشىلەر ئادەتتە ئۆزىگە ھەممىدىن بەك ياققان ئەسەرگە تەقلىد قىلىدۇ، ئاندىن ئۇنى ئادەمنىڭ ئەقلىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، ئۇلۇغ يازغۇچىلارمۇ كۆپ يىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىقلا، بارلىق تەپەككۇرىنى يېزىق ساھەسىگە باشلاپ كىرىدۇ، دېگەنىدى.

بۇ جەرياننى مەن تا ھازىرغىچە باشتىن كەچۈرۈپ بولالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. راستىمنى ئېيتسام، كىتابتىكى نەرسىلەر مېنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىمغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن ھەمىشە قايسى نەرسىلەرنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئۆي - پىكرى، قايسىلىرىنىڭ كىتابتىن ئوقۇغانلىرىم ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىيالماي قالىمەن. شۇڭا، مەن ماشىنىدا ئىش تىكىشنى ئۆگەنگەندە ھەمىشە پۇرچلارنى قۇراشتۇرۇپ — ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوچۇق رەڭلىك، ۋالىلداپ تۇرىدىغان تاۋار - دۇردۇن، دۇخاۋا، مەخمەللەر بولسىمۇ، يىرىك يىپ رەختلەر كۆپرەك بولاتتى. كىيىم تىككەنگە ئوخشاش، بارلىق ئەسەرلىرىمدىمۇ ھەرخىل - ھەرياڭزا، ئۇنىڭدىن، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ قۇراشتۇرۇلغان نەرسىلەرمۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

مەشىق ئەسەرلىرىمدە مېنىڭ قوپال، تېخى ئوبدان پىشمىغان ئۆي - پىكىرلىرىم ئەكس ئەتتۈرۈلسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە باشقىلارنىڭ كىتابتىن ئوقۇغان ھەمدە ئېسىمدە تۇتۇۋالغان، چاقناپ تۇرغان ئۆي - پىكرى ۋە خېلىلا پىشقان كۆز قاراشلىرىمۇ بولاتتى. مېنىڭ قارىشىمچە، يېزىقچىلىقتىكى ئەڭ زور قىيىنچىلىق شۇكى، ئويلىغانلىرىڭىز تېخى رەتلەنمىگەن، ئۇ تېخى ھېسسىيات ۋە تەپەككۇر قىلىش ھالىتىدە تۇرغان چاغدا، ئۇنى قانداق قىلىپ ئۆگەنگەن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش. يېزىقچىلىق قىلىش خۇددى ھەرخىل شەكىللەرنى چىقىرىپ ئويۇنايدىغان يەتتە پارچە تاختايغا ئوخشايدۇ. كاللىمىزدا ئاۋۋال نۇسخا پەيدا بولى-

دۇ، ئاندىن ئۇنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ تىزىپ چىقىمىز. بەزىدە ئويلاپ تاپقان سۆزلىرىمىز ئانچە جايىغا چۈشمەيدۇ. شۇنداق بولۇپ قالسا مەن قايتا - قايتا ئويلاپ يېزىپ چىقىمەن. ماڭا شۇ نەرسە ئايانكى، باشقىلار مۇۋەپپەقىيەت قازانغان يەردە، مەنمۇ چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىمەن. يېڭىلدىم، دەپ تەن بېرىپ ئولتۇرسام قانداق بولىدۇ؟

ستېۋېنسون: «ئەگەر بىر ئادەمدە تەبىئىي يېزىقچىلىق تالانتى بولمىسا، ئۇ ھالدا ئۇ ئادەم ئۆمۈر بويى ھېچقانداق بىر نەرسىنى ئىجاد قىلالمايدۇ» دەيدۇ. بەلكىم مەنمۇ شۇ تىپتىكى ئادەم بولسام كېرەك. شۇنداقتىمۇ مەندە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ قەلەم ماھارىتىمنى ئوبدان يېتىلدۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ ئوي - پىكرى ۋە سەرگۈزەشتىمنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلەيمەنغۇ دەيدىغان بىر ئۈمىد بار ئىدى. مەن ئەنە شۇ خىل ئۈمىد ۋە ئېتىقادنىڭ تۈرتكىسىدە قەيسەرلىك بىلەن ھارماي تىرىشىپ «قىراۋ شاھى» ۋەقەسى پەيدا قىلغان يۈرىكىمدىكى يارىنى ساقايتىپ، ئازابىنى يەڭدىم.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، بۇ كۆڭۈلسىز ۋەقەنىڭ ماڭا ئاز - تولا پايدىسىمۇ بولدى. يەنى، ئۇ مېنى يېزىقچىلىقتا ئالاقىدار بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مېنى ئەپسۇسلاندۇرغان بىرلا ئىش، ئۇ مېنى ئەڭ ياخشى دوستۇم ئاننا نوتىس ئەپەندىدىن ئايرىۋەتتى.

مەن «ئاياللار ۋە ئائىلە ژۇرنىلى» دا «مېنىڭ تۇرمۇشۇم» نى ئېلان قىلدۇرغاندىن كېيىن، ئاننا نوتىس ئەپەندى ماك سې ئەپەندىگە يازغان خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: «قىراۋ شاھى» ۋەقەسى يۈز بەرگەن چاغدا مەن خېلېننىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشەنگەنىدىم. شۇ چاغدا ھېلىقى «سوت» تۆت ئەما، كۆزىدە ئەيىب يوق (كۆزى روشەن) تۆت ئادەم بولۇپ سەككىز ئادەمدىن تەشكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت ئادەم بىزنىڭ كونبېر خېنىمنىڭ ھېلىقى ھېكايىسىنى ئۆزىگە ئوقۇپ بەرگەنلىكى خېلېننىڭ كۆڭلىگە ئايان، دەپ قارىدى. قالغانلار بولسا ئۇنداق ئەمەس، دېيىشتى.

www.uyghurkitap.com

مەن شۇ چاغدا كېيىنكىلەرنىڭ مەيدانىدا تۇردۇم.

نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئاننا نوتىس ئەپەندى قايسى تەرەپتە تۇرسۇن، مەن ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ مەندىن گۇمانلىنىشۋاتقانلىقىنى سەزگەن، بىر خىل دۈشمەنلىك كەيپىيات، بىر خىل شۈملۈقنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى، كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار دېگەندەك كۆڭلۈم تۇيغان ئىشنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن، خۇددى شۇ ئۆيدە ئاننا نوتىس ئەپەندى دائىم قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، مېنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، مەن بىلەن بىردەم ئوينايتتى. شۇ ئىش بولغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ئاننا نوتىس ئەپەندىنىڭ مەن بىلەن سۆزلەشكەن خېنىمىنىڭ گۇناھسىزلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدىم. كېيىن نېمە سەۋەب بولدى، ھېچ بىلمىدىم، ئۇ كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى. بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى تەكشۈرمەكچى بولغانلىقىنىمۇ ئانچە چۈشەنمىدىم، ھەتتا «سوت» ئەزالىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ بىلمىدىم. كېيىن ئۇلار مەن بىلەنمۇ سۆزلەشمىدى. شۇ چاغدا مەنمۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىپ باشقا ئىشلار بىلەن كارىم بولمىغان، قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ بىرەر مەسىلىگىمۇ تۈزۈكرەك جاۋاب بېرەلمىگەنىدىم. دەرۋەقە شۇ چاغدا، خەقلەر نېمىلەرنى دەيدۇ، مەن نېمىلەرنى دېسەم بولىدۇ، دېگەنلەرنىمۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم.

بۇ ئىش مېنىڭ دەسلەپكى دەۋرىمدىكى تۇرمۇش ۋە تەربىيە ئىشلىرىمغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن «قىراۋ شاھى» ۋەقەسىنىڭ باش - ئاخىرىنى ئەينەن يېزىپ چىقتىم. شۇنىڭدەك مەن خاتا چۈشەنچىدىن ساقلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپمۇ ئالاقىدار پاكىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئىمكانقەدەر ئەينەن بايان قىلىشقا تىرىشتىم. لېكىن، بۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى ئاقلىماقچى، شۇنداقلا ھەرقانداق بىرىدىن ئاغرىنماقچى ئەمەسمەن.

شۇ ئىش يۈز بەرگەن ياز ۋە قىشنى مەن ئائىلىگە قايتىپ، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزدۈم. بارلىق دەرد - ئەلەملەرنى بىر ياققا قايرىپ قويدۇم.

ئاستا ـ ئاستا ياز ئۆتۈپ، بىلىندۈرمەستىن كۈزمۇ يېتىپ كەلدى. يەر ئوتقاشتەك قىزىل ۋە ئالتۇندەك سېرىق يوپۇرماقلاردىن گۈزەل لىباس كىيدى. باغنىڭ ئايىغىدىكى ئۈزۈملەر قۇياشنىڭ سېخىي نۇرىغا قېنىپ، سۈزۈلۈپ مەي باغلاپ پىشتى. بۇ چاغدا، يەنى «قىراۋ شاھى» ھېكايىسىنى يېزىپ بىر يىلدىن كېيىن، تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەپ ئەسەر يېزىشقا كىرىشتىم.

يازغان نەرسىلىرىمدىن يەنىلا گۇمانلىناتتىم. كۆپىنچە مېنىڭ ئوي ـ پىكرىم بولماسلىق ئېھتىمالى كۆرۈلۈپ قالارمىكىن دېگەن ئوي خىيالدىن قىينىلاتتىم. قەلبىمدىكى بۇ خىل ساراسىمە ۋە ئەنسىزلىكنى سۇلىۋان خېنىملا ئوبدان بىلەتتى. بەزىدە گەپ ئارىسىدا چوڭقۇرراق پىكىرلەر كاللامدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۆزۈمگە بوش ئاۋازدا: «بىلمىدىم، بۇ ئۆزۈمگە مەنسۇپمۇ، ئەمەسمۇ» دەيتتىم. بەزىدە مەن يېزىپ كېلىۋېتىپ: «ئەگەر بۇمۇ ئىلگىرى بىرى يازغان ئەسەرگە ئوخشاپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن» دەپ ئۆزۈمچە سۆزلەپ كېتەتتىم. بۇ خىيال كاللامغا كېلىشى بىلەنلا قوللىرىم تىترەپ توختىمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بىر كۈن ھېچ نەرسە يازالمايتتىم. ھازىرمۇ ئاشۇنىڭغا ئوخشاشلا دىققەتچىلىك ۋە بىئاراملىق ھېس قىلىمەن. دېمەك، ئاشۇ قېتىملىق كەچۈرمىشىم قەلبىمگە ئۆچمەس تامغا، ساقايماس كېسەللىك بولۇپ ئورناپ كەتكەنىكەن. بۇنىڭ مەنىسىنى مانا ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن.

سۇلىۋان خېنىم ئىزچىل تۇردە تەسەللىي بەردى ۋە قولىدىن كېلىشىچە يار يۆلەك بولدى. مېنى «ياشلار دوستى» ژۇرنىلىغا «مېنىڭ تۇرمۇشۇم» نى يېزىپ بېرىشكە رىغبەتلەندۇردى. شۇ چاغدا مەن ئاران 12 ياشتا بولۇپ، بۇ ماقالىنى يېزىش خېلىلا قىيىنغا چۈشكەنىدى. ھازىر ئويلىسام، شۇ چاغدا مۇشۇ يازغانلىرىمنىڭ ماڭا پايدىسى بولۇشىنى كۆڭلۈم تۇيغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ئۇنى يېزىپ چىقالمىغان بولاتتىم.

مەن يېزىقچىلىقنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، ئەمما بوشاشماس-

تىن داۋاملاشتۇردۇم. سۇللىۋان خېنىم ماڭا تۈزلۈكسىز تۇردە ئىلھام بەردى ۋە يېتەكچىلىك قىلدى. چۈنكى، ئۇزۇلدۇرمەي يازسام‌لا، ئۆزۈمگە قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ، ئىقتىدارىمنى جارى قىلدۇرالايدىغانلىقىم ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. «قىسراۋ شاھى» ۋەقەسى يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى مەن باشقا بالىلارغا ئوخشاشلا غەمسىز ياشايتتىم، كېيىن جىمغۇرلىشىپ، ھەمىشە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بەزى نەرسىلەر ئۈستىدە ئويلىنىدىغان بولدۇم. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ سايىسىدىن ئاستا ـ ئاستا قۇتۇلۇپ چىقتىم. جاپالىق چېنىقىش ئارقىلىق كاللام ئىلگىرىكىدىن سەگەكلەشتى، تۇرمۇشۇم ۋە چۈشەنچەم يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

*دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ياراتقان تۇرلۇك مۆجىزىلەر كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مەن ھەربىر كۆرگەزمە بۇيۇمىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ جاپالىق مېھنىتى ۋە ئەقىل پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۇچراشتىم، تونۇشتۇم.*

## خەلقئارا كۆرگەزمە

1893 ـ يىلى تۇرمۇشۇمدا بىر قانچە چوڭ ئىش بولدى. يەنى، زۇڭتۇڭ كلىۋېلاند قەسەم بېرىپ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان چاغدا، مەن ۋاشىنگتونغا باردىم. كېيىن نىئاگارا شارقىراتمىسىغا باردىم ھەمدە خەلقئارا كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم.

بىز نىئاگارا شارقىراتمىسىغا 3 ـ ئايدا باردۇق. شارقىراتما يېنىدىكى ئېگىز قىيادا تۇردۇم. ماڭا ھاۋا تەۋرىنىۋاتقاندەك، زېمىن مىدىرلاۋاتقاندەك بىلىندى. شۇ چاغدىكى كەيپىياتىمنى سىياھ بىلەن سۈرەتلەپ بېرەلمەيمەن.

نۇرغۇن كىشىلەر مېنىڭدەك ئەما ھەم گاس ئادەم نىئاگارا شارقىراتمىسىنىڭ ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم مەنزىرىسىدىن قانداقمۇ بەھرە ئالالىسۇن، دەپ ئەجەبلەندى ھەمدە مەندىن: «سىز يا بۇ شارقىراتمىنىڭ ئۆركەشلىگەن دولقۇنلىرىنى كۆرەلمىسىڭىز، ياكى غەزەپلىك شاۋقۇنلىرىنى ئاڭلىيالمىسىڭىز، بۇنىڭ سىزگە نېمە ئەھمىيىتى بار؟» دەپ سورايتتى. ئەمەلىيەتتە، ماڭا نىسبەتەن ئۇلارنىڭ ئەھمىيىتى زور ئىدى. خۇددى «سۆيگۇ»، «دىن»، «ئاق كۆڭۈل» دېگەنلەرنى جىڭ ـ تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمىغاندەك، بۇ شارقىراتمىنىڭ ئەھمىيىتىنى ھەم مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى.

بۇ يىل يازدا، مەن سۇللىۋان خېنىم، بېل دوكتور بىلەن بىرلىكتە خەلقئارا كۆرگەزمىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم. بۇنىڭ بىلەن كىچىك چاغلىرىمدىكى نۇرغۇنلىغان شېرىن خىياللىرىم

گۈزەل رېئاللىققا ئايلىنىپ، سەبىي قەلبىمدە ئۇنتۇلغۇسىز گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇردى. چۈنكى، مەن ھەر كۈنى تەسەۋۋۇرۇمدا دۇنيانى ئايلىنىپ چىقاتتىم. مانا بۈگۈن دۇنيادىكى ھەر مىللەت خەلقى ياراتقان تۈرلۈك مۆجىزىلەر كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى. مەن ھەربىر كۆرگەزمە بۇيۇمىنى تۇتۇپ بېقىپ، ئىنسانىيەتنىڭ جاپالىق مېھنىتى ۋە ئەقىل - پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۇچراشتىم ۋە تونۇشتۇم.

كۆرگەزمىنىڭ خۇددى «مىڭ بىر كېچە» ھېكايىلىرىدىكىدەك تۈرلۈك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر بىلەن تولغان خەلقئارا بۆلۈمى ماڭا ھەممىدىن بەك ياقتى. ئۇ يەردىكى شادلىق ئىلاھى ۋە پىل ئىلاھى تىزىلغان ئاجايىباتلار مەيدانى كىتابلاردىكى ھىندىستاننى قايتا زاھىر قىلغانىدى. ئۇ يەردە قاھىرەنىڭ مودېلى، ئەلھېرام ۋە مەسچىتلەر، قاتارلىشىپ كېتىۋاتقان تۆگە كارۋىنى، ئۇنىڭدىن ئۆتسە ۋېنېتسىيىنىڭ خادا تاشلار بىلەن ئورالغان كۆلى بار ئىدى. ھەركۈنى ئاخشىمى شەھەر ۋە پونتانلاردىكى چاقناپ تۇرغان چىراغ نۇرىدا قىيىققا ئولتۇرۇپ كۆلدە سەيلە قىلاتتۇق. بوستۇندىكى چىغىمدا ھەربىي پاراخوتقا چىققانىدىم. بۇدا شىمالىي ياۋروپانىڭ قاراقچىلار كېمىسىگە چىقتىم ھەم بۇ كېمىگە بەك قىزىقىپ قالدىم. ئۇنىڭدا بىرلا ماتروس بولۇپ، ھەممىنى شۇ باشقۇراتتى. مەيلى بوران چىقسۇن ياكى كۆل يۈزى تىنچ بولسۇن، ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. ئۇ بىر تەرەپتىن «بىز دېڭىز قەھرىمانلىرى» دەپ ۋارقىراپ، يەنە بىر تەرەپتىن پۇتۇن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دېڭىز بىلەن ئېلىشىپ، ئۆزىگە بولغان چەكسىز ئىشەنچ ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىنى نامايان قىلاتتى. ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى ماتروسلار پۇتۇنلەي ماشىنىنىڭ بېقىندىسى ئىدى، خالاس. «ئادەم ئادەمگىلا قىزىقىدۇ». بۇمۇ ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە بولىدىغان ھېسسىيات بولسا كېرەك!

بۇ كېمىنىڭ نېرىسىدا تۇرغان «بۈۋى مەريەم» ناملىق پاراخوتنىڭ مودېلىنىمۇ ئىنچىكىلەپ، تازا زەن سېلىپ كۆردۈم.

كاپىتان مېنى ئۆز ۋاقتىدا كولونبو تۇرغان كايوتىنى ئېكسكۇر-
سىيە قىلغۇزدى. كايوتىدىكى ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان قۇم سۈز-
گۈچ كاللامدا ئۆچمەس تەسىرات قالدۇردى. چۈنكى، بۇنى كۆ-
رۈپلا كاللامغا ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلەنگەن ھەمراھلىرى ئاسىيلىق
قىلىش مەقسىتىدە بولغاندا، بۇ باتۇر دېڭىزچى قۇمنىڭ پەسكە
سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قانچىلىك بىئارام
بولۇپ ئەنسىزلىككە چۈشكەندۇ، دېگەندەك بىر قاتار ئويلار
كەلدى.

خەلقئارا كۆرگەزمىنىڭ رەئىسى خىللېبوتىم ئەپەندى ماڭا
ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى تونجى تۇتۇپ
بېقىشقا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆز ۋاقتىدا پىرونىڭ
بايلىقلىرىنى بۇلاپ - تالىغان پىزاروغا ئوخشاش بىر خىل تەقەز-
زالىق ھەم ئاجايىپ ئاچ كۆزلۈك بىلەن بۇيۇملارنى تۇتۇپ كەت-
تىم. مېنى كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ ھەممىسىلا قاتتىق مەپتۇن
قىلىۋالدى. بولۇپمۇ فرانسىيىنىڭ مىس ھەيكەللىرى شۇنچىلىك
قەتئىي، جانلىق ئىدىكى، مەن ھەتتا بۇلار زېمىنغا چۈشكەن،
سەنئەتكار تۇتۇۋېلىپ ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويغان پەرىشتى-
لەرمىدۇ دەپمۇ گۇمانلىنىپ قالدىم.

يەنە بىر زالدا مەن ئالماس، ياقۇتلارنىڭ تاللىۋېلىنىش جەر-
يانىنى چۈشىنىۋالدىم. كىشىلەرنىڭ ئالماسلارنىڭ ئېغىرلىقىنى
قانداق ئۆلچەيدىغانلىقى، ياقۇتلارنى قانداق تاراشلاپ سىلىقلايدى-
غانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىش مەقسىتىدە پۇرسەت تاپسام مېڭى-
ۋاتقان ماشىنىلارنى سىلاپ باقتىم. يۇيۇپ سۈزۈش ئوقۇرىدىن
بىر تال ئالماسنى سۈزۈۋالغانىدىم، كىشىلەر بۇنى ئامېرىكا كۆر-
گەزمىگە قاتناشتۇرغان بىردىنبىر ھەقىقىي ئالماس، دەپ ماختاپ
كېتىشتى.

بىزگە باشتىن ئاياغ دوكتور بېل ھەمراھ بولۇپ، ماڭا
قىزىقارلىق نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈپ تۇردى. ئېلېكتر بۇيۇملى-
رى كۆرگەزمە زالىدا بىز تېلېفون، پاتېفون ۋە باشقا كەشپىيات-
لارنى كۆردۇق. دوكتور بېل بىزگە مېتال سىمنىڭ نېمە ئۈچۈن

ھاۋا ۋە ۋاقىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماستىن ئۇچۇر يوللاپ بېرەلەيدىغانلىقى، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن پرومېتېسقا ئوخشاش ئىنسانلار ئۈچۈن ئاسماندىن ئوت ئېلىپ چۈشەلىگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

ئانتروپولوگىيە (ئىنساننىڭ كېلىپ چىقىشى، تەرەققىياتى، ئىرقىي بۆلۈنۈشلىرى ۋە مەدەنىيەت ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدىغان پەن ـ ت) زالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا، مېكسىكىلىقلارنىڭ قەدىمكى دەۋر يادىكارلىقى — ئاشۇ دەۋردىن قالغان بىردىنبىر خاتىرە — قوپال تاش قۇرالى مېنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇردى. كۆپ ھاللاردا تاش قوراللار قەدىمكى دەۋرنىڭ بىردىنبىر شاھىدى، تەبىئەتنىڭ تېخى يېزىق ئىجاد قىلىنمىغان چاغدا ئەۋلادلار ئۈچۈن تىكلەپ بەرگەن ئابىدىسى بولۇپ، ئۇلار مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. يەنە مىسىرنىڭ مومىيالىرىغىمۇ ناھايىتى قىزىقتىم. لېكىن، ئۇلارنى تۇتۇپ بېقىشقا پېتىنالماي يىراقتىن كۆرۈش بىلەنلا كۇپايىلەندىم. قەدىمكى دەۋر يادىكارلىقلىرىدىن ئىنسانلار تەرەققىياتىغا دائىر نۇرغۇن بىلىم ئالدىم. بۇلارنىڭ نۇرغۇنىنى ئىلگىرى پەقەتلا ئاڭلىمىغان ياكى كىتابلاردىنمۇ ئوقۇمىغانىدىم.

كۆرگەزمىدە ئۆتكۈزگەن ئۈچ ھەپتە ۋاقىت مېنى بىلىمىمنى ئاشۇرۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش، چۆچەكلەر ۋە ئويۇنچۇقلار دۇنياسىدىن چىقىپ، رېئال دۇنيادىكى چىن ھەمدە ئادەتتىكى شەيئىلەرگە زور ئىشتىياق باغلاش قەدىمىنى بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

*تېزلا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تەسىرات ۋە ھېس - تۇيغۇلارنى يېڭىلا ئۆگىنىۋالغان يېزىق بىلەن ئىپادىلەشتىن ئارتۇق ئىش يوق.*

# ئوقۇش

مەن 1893 - يىلى 10 - ئايدىن بۇرۇن ئۆزلۈكۈمدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى تەرتىپسىز ھالدا ئۆگەندىم. رىم ۋە ئەنگلىيىگە دائىر تارىخلارنى ئوقۇدۇم. كۆپۈنكى بەتلىك فرانسۇز تىلى گرامماتىكىسىنى ئوقۇپ، ئاز - تولا فرانسۇزچە ئۆگەندىم. ھەمىشە ئۆگىنىۋالغان يېڭى خەتلەرنى كاللامدا قايتا - قايتا تەكرارلاپ كۆڭلۈمنى خۇش قىلىپ يۈردۈم. گرامماتىكا بەلگىلىرى ۋە باشقا ئىشلىتىشلىرىگە ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمىدىم. بۇ كىتابتا بەزى سۆزلەرگە ئاھاڭ قوشۇپ قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلار ياردەم قىلمىغان ئەھۋالدىمۇ گرامماتىكىلىق ئاھاڭلارنى ئىگىلەشكە تىرىشتىم. ماڭا نىسبەتەن بۇ ئىش خۇددى ئاجىز كۈچ بىلەن زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا زورۇققاندەك ناھايىتى قىيىنغا چۈشتى. ئەمما، ھەر ھالدا يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئىچ پۇشۇقىمنى چىقاردى. ھەر ھالدا بۇنى ئاز - تولا ئۆگىنىۋالغانلىقىم ئۈچۈن، لافونتايىنى مەسەللىرى ۋە راسىنىڭ «مەجبۇرلانغان دوختۇر» دېگەن ئەسىرىنى زور قىزىقىش ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم.

سۆزلەش قابىلىيىتىمنى ئۆستۈرۈشكىمۇ زور كۈچ سەرپ قىلدىم. كىتابنى سىلاپ تۇرۇپ سۇللىۋان خېنىمغا ئۈنلۈك ئوقۇپ بەردىم ھەمدە بەك ياقتۇرۇپ قالغان شېئىرلارنى يادقا ئالدىم. سۇللىۋان خېنىم ئاھاڭىمنى داۋاملىق تۈزىتىپ، قەيەردە جۈملىنى ئۈزىدىغانلىقىم، ئاھاڭنى قانداق يۆتكەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ تۇراتتى. 1893 - يىلى 10 - ئايدا خەلقئارا كۆرگەزمىنى كۆرۈش جەريانىدىكى ھاردۇقلار چىقىپ، ھاياجانلىرىم بې-

سىلغاندا، ئاندىن مۇقىم ۋاقىت بەلگىلەپ دەرس ئوقۇش ۋە مۇقىم دەرسلىكلەرنى ئوقۇشقا كىرىشتىم.

ئۇ چاغدا سۇللىۋان خېنىم بىلەن مەن پېنسىلۋانىيە شتاتىدىكى خۇگتون شەھىرىدە بولۇپ، ۋاد ئەپەندىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى ئالايىتەن يوقلاپ بارغانىدۇق. ئۇلارنىڭ قوشنىسى ئارون ئەپەندى كۆزگە كۆرۈنگەن لاتىن تىلى ئالىمى ئىكەن. شۇڭلاشقا، مەن ئۇنىڭدىن لاتىن تىلى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ ئىنتايىن مۇلايىم ۋە ناھايىتى بىلىملىك ئادەم ئىدى. ماڭا، ئاساسلىقى لاتىن تىلى گراماتىكىسى، ئارىلاپ ماتىماتىكىدىن دەرس بېرەتتى. ماتىماتىكا ماڭا ھەم قىيىن، ھەم زېرىكىشلىك بىلىنەتتى. مەن ئارون ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە تاننىسوننىڭ «ئەسلىمە» ناملىق كىتابىنى ئوقۇدۇم. مەن ئىلگىرى نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، ئەمما ھېچقانداق بىر كىتابنى باھالاش نەزىرى بىلەن ئوقۇمىغانىدىم. بۇ قېتىم مەن بىر ئاپتورنى قانداق چۈشىنىش، ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى قانداق پەرق ئېتىشنى تۇنجى قېتىم ئۆگىنىۋالدىم. بۇ خىل ھېسسىيات گويا قەدىناس دوستلار بىلەن قول ئېلىشقاندەك، ئادەمگە سەمىمىي ۋە مۇلايىم، ئىللىق بىلىنىدىكەن.

باشتا، لاتىن تىلىنىڭ گراماتىكىسىنى ئانچە ئۆگەنگۈم كەلمىدى. چۈنكى، گراماتىكىدا ھەربىر سۆزنى تەھلىل قىلىش، ئىسىم، كاتېگورىيە، تاق سۆز، ئاياللارنىڭ جىنسى كاتېگورىيىسى قاتارلىقلار ئادەمنى بىزار قىلاتتى. شۇڭا، مەن ئۆزۈم بېقىۋاتقان مۈشۈكنى بىئولوگىيىلىك تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى بىلەن چۈشەنسەممۇ بولار، يەنى تۈرى: ئومۇرتقىلىق ھايۋان؛ بۆلۈكى: تۆت پۇتلۇق ھايۋان؛ پرىنسىپى: سۈت ئەمگۈچى ھايۋان؛ خىلى: مۈشۈك دېسەم، كونكرېتلاشتۇرغاندا، ئىسمى تابى دېسەملا بولمىدىمۇ دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۆگىنىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، قىزىقىشىم كۈچەيدى، لاتىن تىلىنىڭ گۈزەللىكى مېنى پۈتۈنلەي مەپتۇن قىلىۋالدى. شۇڭا، دائىم لاتىنچە ماقالىلەرنى ئوقۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزىدىغان، بەزىدە

بىلگەن تاق سۆزلەردىن جۈملە تۈزىدىغان بولدۇم. بۇ خىل ۋاقىت ئۆتكۈزۈش لەززىتىدىن تا هازىرغىچە ۋاز كەچمىدىم.

مېنىڭچە تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىغان تەسىرات ۋە هېس - تۇيغۇ-لارنى يېڭىلا ئۆگىنىۋالغان يېزىق بىلەن ئىپادىلەشتىن ئېسىل ئىش يوق. بۇ خۇددى ئۆزگىرىشچان تەسەۋۋۇرلاردىن قەلب بوش-لۇقىدىن غىل - پال ئۆتۈپ كېتىدىغان كۆز قاراشلارنى ياساپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا تۈرلۈك رەڭلەرنى بەرگەنگە ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئالاباها شتاتىغا قايتىپ كەلگىنىمدە، ئۆگەنگەن لاتىن تىلى-دىن پايدىلىنىپ كايسېرنىڭ «گاللىيە جېڭى» ناملىق ئەسىرىنى ئوقۇپ چىقتىم.

*دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ قىميا ۋە تاشلاردىن قانداق ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقى، تاغ ـ ئېدىرلارنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن قۇدرەتلىك بولغان تەبىئەت ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ماڭا ئوبرازلىق ۋە جانلىق، تەسىرلىك يېزىقلارنى تەسۋىرلەپ بەردى.*

# ئىشەنچ ۋە ئۈمىد

1894 ـ يىلى يازدا، مەن شاداكوۋدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 ـ قېتىملىق «ئامېرىكا بويىچە گاسلار تىلى ئوقۇتۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش» يىغىنىغا قاتناشتىم. شۇ يەردە مېنى نيۇيورك شەھىرىدىكى لايت خۇمازون گاسلار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇردى.

1894 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، مەن سۇللىۋان خېنىمنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوقۇشقا ماڭدىم. مەن تىل ـ ئاھاڭ ۋە لەۋ بىلەن ئوقۇش ئىقتىدارىمنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنلا مۇشۇ مەكتەپنى ئالاھىدە تاللىۋالدىم. بۇ مەكتەپتە ئوقۇغان ئىككى يىل جەريانىدا مەن يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن سىرت، يەنە ماتىماتىكا، تەبىئەت، جۇغراپىيە، فرانسۇز تىلى ۋە نېمىس تىلى ئۆگەندىم.

نېمىس تىلى مۇئەللىمىم رايمى خېنىم قول تىلىنى بىلەتتى. شۇڭا، مەن نېمىسچىنى ئازراق ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ بىلەن دائىم نېمىسچە سۆزلىشىپ يۈرۈپ، بىر قانچە ئاي ئۆتە ـ ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بارلىق گېپىنى دېگۈدەك چۈشىنەلەيدىغان بولدۇم. بىرىنچى يىلى تۈگەي دېگەندە، مەن «ۋىلىيام تېل» ناملىق رومانىنى خۇشال كەيپىيات ئىچىدە ئوقۇپ چىقتىم. دەرۋەقە، باشقا جەھەتلەرگە قارىغاندا نېمىسچىدە ئالغا بېسىشىم چوڭراق بولدى.

ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ماڭا فرانسۇزچىنى ئۆگىدـ

نىشىم ئېمىسچىگە قارىغاندا تەسكە چۈشتى. بۇنداق بولۇشى،
ماڭا فرانسۇزچە ئۆگىتىدىغان ئولىۋئېر خېنىم فرانسۇز ئايال
بولۇپ، قول تىلى ھەرىپىنى بىلمىگەچكە، ماڭا ئېغىز بىلەنلا
دەرس ئۆگەتتى. ھالبۇكى، مېنىڭ لەۋ ھەرىكىتىنى ئېنىق بىلە-
ۋېلىشىم ئۇنچە ئاسانغا چۈشمەيتتى. شۇڭلاشقا، فرانسۇزچىنى
ئېمىسچىگە قارىغاندا ئاستىراق ئۆگەندىم. شۇنداقتىمۇ، «مەج-
بۇرلانغان دوختۇر» ناملىق كىتابنى ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىق-
تىم. بۇ كىتاب خېلى قىزىق بولسىمۇ، «ۋېلىيام تىر» غا يەتمەي-
دىكەن.

مېنىڭ لەۋ بىلەن ئوقۇش ۋە گەپ قىلىش ئىقتىدارىم جەھەت-
تىكى ئىلگىرىلىشىم ئۆزۈم ۋە مۇئەللىملەر ئويلىغاندەك چوڭ
بولمىدى. مەندە باشقىلارغا ئوخشاشلا گەپ قىلالايدىغانلىقىمغا
قارىتا ئىشەنچىم ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. مۇئەللىملەرمۇ مېنىڭ
مۇشۇ نىشانغا يېتەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتى. بىراق، مەن قات-
تىق تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم ھەمدە تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ
بىلەن جاپالىق مەشىق قىلدىم، يەنىلا كۆزلىگەن ئۇنۇمگە تولۇق
يېتەلمىدىم. شۇڭا، مەن بەلكىم نىشاننى بەك يۇقىرى بەلگىلە-
ۋالغان ئوخشايمەن، دەپ ئاز - تولا ئۈمىدسىزلىنىپمۇ قالدىم.

ھېسابنى بۇرۇنقىدەكلا بىر قىلتاقتەك قورقۇنچلۇق نەرسە
دەپ قارايتتىم. مەسىلىلەرنى تەپەككۇر ئەمەس «پەرەز» بىلەن
ئىشلەشكە ئامراق ئىدىم. بۇ ئەيىبىم ۋە دۆتلۈكۈم، ئۆزۈمنى ۋە
مۇئەللىمنى ئېيتقۇسىز دەرىجىدە جىق قىيىنىۋەتتى. مەن دائىم
قالايمىقان پەرەز قىلىش بىلەنلا توختىماستىن، يەنە كەلسە -
كەلمەس كەسكىن ھۆكۈم چىقىراتتىم. دۆتلۈكۈمدىن ۋە ئۆگى-
نىش ئۇسۇلۇمنىڭ جايىدا بولماسلىقىدىن ماتېماتىكىنى ئۆگى-
نىشتە ھەممىدىن بەك قىينالدىم.

مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىكلەر ھەمىشە دېگۈدەك مېنى چۈش-
كۈنلەشتۈرۈپ، مەيۈس قىلىپ قويسىمۇ باشقا پەنلەر، بولۇپمۇ
تەبىئەت، جۇغراپىيىگە قەۋەتلا قىزىقاتتىم. تەبىئەتنىڭ سىرلىرى-
نى ئېچىش تولىمۇ كۆڭۈللۈك ئىش بولۇپ، بوراننىڭ تەرەپ -

تەرەپتە قانداق چىقىدىغانلىقى، پارنىڭ زېمىندىن كۆككە قانداق كۆتۈرۈلۈپ چىقىدىغانلىقى، دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ قىيا ۋە تاشلاردىن قانداق ئېقىپ ئۆتىدىغانلىقى، تاغ ـ ئېدىرلارنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكى ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىدىن قۇدرەتلىك بولغان تەبىئەت ئۈستىدىن قانداق غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى ماڭا ئوبرازلىق، جانلىق ۋە تەسىرلىك يېزىقلار تەسۋىرلەپ بەردى.

ھەركۈنى سۇللىۋان خېنىم بىلەن مەركىزىي باغچىغا بارغىنىم ھەممىدىن بەك ئېسىمدە. نيۇيوركتا مۇشۇ باغچا مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىردىنبىر جاي بولۇپ، بۇ ھەيۋەتلىك گۈزەل باغچىدا مەن نۇرغۇن خۇشاللىقلارغا ئېرىشكەنىدىم. ھەركۈنى باغچا دەرۋازىسىدىن كىرىشىمگىلا، كىشىلەرنىڭ ماڭا ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىشلىرىنى تولىمۇ ياقتۇراتتىم. باغچىنىڭ ھەممىلا يېرىنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ ئۆزگىچە، كىشىگە چەكسىز ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. ئۆزگىرىشلىرىمۇ كۆپ ئىدى. مەن نيۇيوركتا تۇرغان توققۇز ئاي ئىچىدە ھەر كۈنى ئۇنىڭ شۇنچىلىك چىرايلىق، رەڭدار، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان تەرەپلىرىنى كۆردۈم.

باھاردا كۆپ جايلاردا سەيلە قىلدۇق. يەنى قولۋاقتا ئولتۇرۇپ خۇدسۇن دەرياسىدا ئوينىدۇق. يېشىل مەخمەل يېيىلغاندەك ئاجايىپ گۈزەل قىرغاقلىرىغا چىقتۇق. ماڭا ھەممىدىن بۇ جايدىكى ئاددىيلىقىنا، ئەمما ئاجايىپ ھەيۋەت قىيالار ياقتى. بۇ بىريان دىكلاماتسىيە قىلغان جاي ئىدى. يەنە بۇ سىدىيېن، تارىتوۋن، ۋاشىنگتون، ئوۋېننىڭ يۇرتىغا قەدەملىرىمىز يەتتى. تېخى «ئۇيقۇدىكى جىرا» دىنىمۇ ئۆتتۇق.

لايت خۇمازون گاسلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ھەمىشە گاس، گاچا ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئادەتتىكى بالىلار بەھرىمان بولىدىغان ھەر تۈرلۈك ئۆگىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرۈش يولىدا ھارماي ئىزدىنىپ ھەرخىل چارىلەرنى قىلاتتى. ئارىمىزدىكى ناھايىتى كىچىك ساۋاقداشلارنىڭمۇ توغما ئەيىبى پەيدا قىلغان چەكلىمىلەرنى يېڭىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خاتىرە ئىقتىدارى

كۆچلۆك بولۆش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۆق جارى قىلدۆ-
راتتى.
مەن نيۆيورىكتىن ئايرىلىشتىن ئىلگىرى مانا مۆشۆنداق
غەمسىز، شادىمان ياشاۋاتقان كۆنلەردە، توساتتىن نۆرلۆق
ئاسماننى قارا بۆلۆتلار قاپلىدى. يەنى، مەن ئۆز ۋاقتىدا دادام
ئۆلۆپ كەتكەن چاغدىكىدىن قىلىشمايدىغان ئېغىر ماتەم قايغۆسىغا
چۆمدۆم.
1896 ـ يىلى 2 ـ ئايدا بوستۆندىكى خون. پ. سىپارۋد-
رىن ئەپەندى بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئۆنى ئەڭ چۆشىنىدى-
غان ھەمدە ئۆنى ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرلا ئۆنىڭ ماڭا بول-
غان دوستلۆقىنىڭ نەقەدەر مۆھىملىقىنى چۆشىنىدۆ. ئۆ ئادەم-
لەرگە ياردەم، ياخشىلىقلا قىلىدىغان، لېكىن باشقىلارنى بۆ
تۆپەيلى پەقەت خىجالەت قىلمايدىغان ئادەم ئىدى. بولۆپمۆ مەن
ۋە سۆللىۋان خېنىمغا تېخىمۆ شۆنداق ئىدى. ئۆنىڭ بىزگە قىل-
غان چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتى ۋە قاتمۆ قات قىيىنچىلىق
بولۆۋاتقان ئۆگىنىشىمىزگە يېقىندىن كۆڭۆل بۆلگەنلىكىنى ئوي-
لىساقلا ئىشەنچىمىز ھەسسىلەپ ئاشاتتى. ئۆنىڭ ۋاپاتى تۆپەيلى
تۆرمۆشىمىزدا پەيدا بولغان بوشلۆقنى ھەرگىزمۆ تولدۆرغىلى
بولمايدۆ، ئەلۋەتتە.

www.uyghurkitap.com

*مەن كامبرىج ئوتتۇرا مەكتىپىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈش ئاڭلاش سەزگۈسى نورمال تەڭتۇش قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولدۇم.*

# كامبرىج قىزلار مەكتىپى

مەن كىچىك بالا ۋاقتىمدىلا ۋېسلىي قىزلار ئىنستىتۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغان ھەم شۇ چاغدىلا كۆپچىلىككە: «كەلگۈسىدە چوقۇم ئۇنىۋېرسىتېتتا، يەنە كېلىپ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇيمەن» دېگەنىدىم.

ھەممىگە مەلۇم، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىمتىھانى ناھايىتى قىيىن، نومۇرى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، دوستلىرىم سۆزۈمدىن ھەيران بولۇپ، ئېمىشقا ۋېسلىي قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇمايسىز، دەپ سورىغان. مەن بولسام، ئۇ يەردە قىزلارلا ئوقۇيدىكەن دېگەنىدىم.

ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش نىيىتى قەلبىمدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇ مېنىڭ قىزغىن يالقۇنلۇق ئارزۇيۇم بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، نۇرغۇنلىغان سەمىمىي ۋە ئەقىللىق دوستلىرىمنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي نورمال قىزلار بىلەن بەسلىشىپ ئۆزۈمنى دەڭسەپ بېقىشنى ئويلىدىم. شۇڭا، كامبرىج ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇش مېنى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئېلىپ بېرىپ، بالىلىقتىكى ئارزۇ ئارمانىمغا يەتكۈزىدىغان چاققان ۋە تېز يول ئىدى.

كامبرىج ئوتتۇرا مەكتىپىدە، سۇللىۋان خېنىم مەن بىلەن تەڭ دەرسخانىغا كىرىپ، ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن بارلىق نەرسىنى ماڭا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ گاس - گاچىلارنى ئوقۇتۇش تەجرىبىسى بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ دەرسنى ئاڭلىشىمدا ئۇلارنىڭ لېۋىنى

سىلىشىمغا توغرا كېلەتتى. بىرىنچى يىلىلىقتا ئەنگلىيە تارىخى،
ئەنگلىيە ئەدەبىياتى، نېمىس تىلى، لاتىن تىلى، ماتېماتىكا،
لاتىن تىلى مەشىقى ۋە باشقا دەرسلەر ئۆتىلەتتى. بۇنىڭدىن ئىل-
گىرى مەن ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئۈچۈن مەخسۇس مەلۇم
دەرسلىكلەرنى ئوقۇمىغانىدىم. شۇنداقتىمۇ، سۇللىۋان خېنىم-
نىڭ كۆڭۈل قويۇپ كونسۇلتاتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە ئىنگلىز
تىلىدا تېز ئالغا باستىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئوقۇتقۇچىلار، ئۇنىۋېر-
سىتېت ۋاقىتلىق بەلگىلەنگەن بىر قانچە كىتابنىلا ئوقۇسا بول-
دى، ئۇنىڭغا بۇ دەرسلىكلەرنى مەخسۇس ئوقۇتۇشنىڭ هاجىتى
قالمىدى، دەپ هېسابلىدى. مەن فرانسۇز تىلىدىن خېلى ئاساسىم
بولغانلىقى، ئالتە ئاي لاتىن تىلى ئۆگەنگەنلىكىم ئۈچۈن، نېمىس
تىلىنى كۆپرەك ۋاقىت چىقىرىپ ئۆگەندىم.
بىراق، مەن ئوقۇيدىغان بارلىق كىتابلاردىكى مەزمۇنلارنىڭ
مۇهىملىرىنىڭ هەممىسىنى سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ قولۇمغا يې-
زىپ بېرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەرسلىكلەرنىمۇ پايدىلى-
نىشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن كۆپۈنكى مەتبەگە ئۆزگەرتىپ چى-
قىشمۇ ئاسان ئەمەس، هەتتا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى.
شۇڭا، مەن ساۋاقداشلار بىلەن بىرلىكتە دېكلاماتسىيە قىلىشقا
ئەپلىك بولسۇن دەپ، لاتىن تىلىنى ئەمالار يېزىقىدا كۆچۈرۈۋا-
لاتتىم.
ئۇزۇن ئۆتمەي، ئوقۇتقۇچىلىرىم مېنىڭ مۇكەممەل بولمى-
غان تىلىمغا ئادەتلىنىپ، سورىغان سوئاللىرىمغا جاۋاب بېرىدى-
غان هەمدە خاتالىقلىرىمنى ۋاقتىدا كۆرسىتىپ تۈزىتىدىغان بول-
دى. دەرس ۋاقتىدا خاتىرە يازالمايتتىم ۋە مەشىق ئىشلىيەلمەيت-
تىم. شۇڭلاشقا، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن ماشىنكىدا تاپشۇ-
رۇق ئىشلەيتتىم ۋە تەرجىمە قىلاتتىم.
سۇللىۋان خېنىم هەركۈنى مەن بىلەن بىللە دەرسكە كىرەت-
تى. تەسۋىرلىگۈسىز سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇتقۇچىنىڭ سۆزلى-
گەنلىرىنى قولۇمغا يېزىپ بېرەتتى. ئىختىيارىي ئۆگىنىش ۋاق-
تىدا لۇغەتتىن خەت تېپىشىپ بېرەتتى. كۆپۈنكى خەت بولمىغان

خاتىرە ۋە دەرسلىكلەرنى تەكرار ئوقۇشۇمغا ياردەملىشەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ نەقەدەر مەنىسىز، زېرىكەرلىك ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى.

مەكتەپتە قول تىلى بىلەن سۆزلىشىشنى ئۆگەنگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ماڭا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان ئوقۇتقۇچىلاردىن نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچىسى گاسو بىلەن مەكتەپ مۇدىرى گىلمانلار بار ئىدى. گىلو خېنىم خەتلەرنى شۇنچىلىك ئاستا ۋە توغرا بولمىغان ئۇسۇلدا قوشۇپ يازاتتى، سۇلىلىۋان مۇئەللىمنى ئازراق بولسىمۇ ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ، ماڭا ھەر ھەپتىدە ئىككى سائەت باش قاتۇرۇپ پىلانلاپ، جاپا تارتىپ ئالاھىدە دەرس ئۆتۈپ بېرەتتى. ھەممىلا ئادەم ماڭا مۇشۇنداق مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈپ پىشىپ، ياردەم قىلىشنى ئويلايتتى. ئەپسۇسكى، جاپا - مۇشەققەتلىك خىزمەتنى خۇشال ھالدا قىلالايدىغان ئادەم بولسا پەقەت بىرلا ئىدى.

بۇ بىر يىل ئىچىدە مەن ماتېماتىكا، لاتىن تىلى گرامماتىكىسىنى ئۆگەندىم. كايسېرنىڭ «گاللىيە جېڭى خاتىرىسى» نىڭ ئالدىنقى ئۈچ بابىنى ئوقۇپ چىقتىم. نېمىس تىلى جەھەتتە بولسا، سۇلىلىۋان خېنىمنىڭ ياردىمى بىلەن شىللېرنىڭ «قوڭغۇراق ناخشىسى» بىلەن «سۇغا چۆككۈچىلەر»، ھېينېنىڭ «خارتىس تېغىغا زىيارەت»، فولېيگىننىڭ «ئىمپېراتور فىتلىي ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋر»، لىرىنىڭ «گۈزەللىك قارغىشى»، لېسسىنگنىڭ «مىننا فىل بارخۇم» ھەمدە گىيوتىنىڭ «مېنىڭ ھاياتىم» قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. بۇ نېمىسچە كىتابلار، بولۇپمۇ شىللېرنىڭ تەڭداشسىز شېرىن سۆزلۈك لىرىك شېئىرلىرى، ئىمپېراتور فىتلىبىنىڭ ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىلىرى، گىيوتىنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى بايانلار ماڭا چەكسىز خۇشاللىق بېغىشلىدى ۋە ئۇزۇنغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. «خارتىس تېغىغا زىيارەت» تە پىلەكلىك ئوتلار بىلەن قاپلانغان تاغ - ئېدىرلار، قوياش نۇرىدا يالتىراپ جۇلالىنىپ ئېقىۋاتقان زىلال سۇلار، رىۋايەت تۇسىگە ئىگە بەدەۋى رايونلار شۇنچىلىك قىزىقارلىق، زوقلى-

نارلىق، كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق سۆز - جۈملىلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەنكى، كىشىنى شېرىن ئەسلىمىلەر ئىچىگە ئەكىرىپ كېتەتتى. يەنە كۆل قىزلارمۇ بار. ئۆزىنىڭ مېھىر - مۇھەببە-تى، ھەۋەسلىرىنى تەبىئەتكە تولۇقى بىلەن يۇغۇرىدىغان ئادەملەر-لا مانا مۇشۇنداق تەسىرلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقالايدۇ.

گىلمان ئەپەندى ماڭا بىر قانچە ئاي ئەنگلىيە ئەدەبىياتىدىن دەرس ئۆتتى. بىز بىرلىكتە «غايەت زور خۇشاللىق»، بېلىكنىڭ «ئامېرىكا قىتئەسىنى ياراشتۇرۇش نۇتقى»، ماك كاۋلېينىڭ «سامۇئېل جونسوننىڭ تەزكىرىسى» قاتارلىقلارنى ئوقۇدۇق. گىلمان ئەپەندىنىڭ تارىخى ۋە ئەدەبىيات بىلىمى ئىنتايىن چوڭقۇر بولۇپ، شۇنچىلىك قىزىقارلىق، جانلىق سۆزلەپ ئۆگىنىش ھە-ۋەسىمىزنى ئىختىيارسىز قوزغىتاتتى. بۇنى مېخانىك ھالدىكى يادلاش ۋە خاتىرە قالدۇرۇشقا سېلىشتۇرۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

مەن ئوقۇغان سىياسىي ئەسەرلەر ئىچىدە بېرىكنىڭ نۇتقى ئادەمنى ھەممىدىن بەك ئىلھاملاندۇراتتى. يۇرىكىم يىل، ئايلار-نىڭ داۋالغۇشى بىلەن داۋالغۇدى، نۇرغۇنلىغان مۇھىم تارىخىي شەخسلەر كۆز ئالدىمدا بىر - بىرلەپ نامايان بولدى. بېرىك توختىماستىن مۇنازىرە قىلىپ، ئەگەر دۈشمەنلىشىشتە چىڭ تۇ-رىۋىرىدىغان بولساق، ئامېرىكا پايدا ئالىدۇ، ئەنگلىيە ھاقارەتكە ئۇچرايدۇ، دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلغاندى. ئەنگلىيە پادىشاھى ۋە ۋەزىرلەرنىڭ نېمە ئۈچۈن بېرىكنىڭ بېشارىتىگە قۇلاق يوپۇرۇپ ئولتۇرغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمەي قالدىم. تەپەككۇر ئۇچقۇنلى-رى ۋە ئەقىل - پاراسەت ئۇرۇقلىرى نادانلىق ۋە چىرىكلىك بىلەن تولغان چۆپلۈككە تېرىلغان تۇرسا نادامەت چەكمەي نە ئىلاج!

ماك كاۋلېينىڭ «سامۇئېل جونسوننىڭ تەزكىرىسى» قىزىق-قارلىق بولغىنى بىلەن خاھىشى تامامەن باشقىچە، بۇ غېرىب كروب كوچىلىرىدا رىيازەت چېكىپ ۋە شۇنىڭغا چىداپ يۇرسىمۇ، پەس، جاپاكەش ئاممىغا تەسەللىي بېرىدۇ ۋە ياردەم قولىنى

سۇنىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بارلىق ئۇتۇقلىرىدىن ناھايىتى بەك خۇ-
شال بولدۇم. سەۋەنلىكلىرى بولسا پەقەتمۇ كۆزۈمگە كۆرۈنمە-
دى. مېنى ئۇنىڭ ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرى ئەمەس، بەلكى بۇ
سەۋەنلىكلەرنىڭ ئۇنى روھىي جەھەتتىن تۈگەشتۈرۈۋەتمىگەنلىكى
تەئەججۇبلەندۈردى. ئالاھىدە تالانتلىق ماك كاۋلېينىڭ ئۆتكۈر
قەلىمى بىلەن چىرىكلىكنى ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان نەرسىگە
ئايلاندۇرۇشى ئادەمنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قايىل قىلىدۇ. ھالبۇ-
كى، ئۇنىڭ يۈتكەپ ئېشىلىتىش يولى بىلەن ھەقىقەتنى قۇربانلىق
قىلىشتەك قىلمىشىغا گۇمانىي پوزىتسىيە تۇتتۇم.
مەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتىپىدە تۇنجى قېتىم كۆرۈش،
ئاڭلاش سەزگۈسى نورمال تەڭتۇش قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىر-
لىكتە تۇرمۇش كەچۈرۈش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولدۇم. بىر
قانچىمىز مەكتەپكە يېقىن بىر ئۆيدە، خۇددى بىر ئائىلە كىشىلى-
رىدەك بىرگە تۇراتتۇق. بىرلىكتە قىزىق ئويۇنلارنى ئوينايت-
تۇق. مۆكۈ ـ مۆكۈلەڭ، قار جېڭى ئويناپتتۇق، قول تۇتۇشۇپ
سەيلە قىلاتتۇق، دەرسلەر ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلاتتۇق. ئېسىل
شېئىرلارنى ئۈنلۈك ئوقۇيتتۇق. بەزى قىزلار قول تىلى بىلەن
سۆزلىشىشنى ئۆگىنىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆز ئارا ئالاقىمىزدا
سۇللىۋان مۇئەللىم ئارىدا تەرجىمانلىق قىلمىسىمۇ بولىدىغان
بولدى.
مىلاد بايرىمىدا، ئاپام بىلەن سىڭلىم قېشىمغا كېلىپ، مەن
بىلەن بىرلىكتە بايرام ئۆتكۈزدى. گىلمان ئەپەندى بىزگە كۆڭۈل
بۆلۈپ، سىڭلىمنى كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى مەكتىپىدە ئوقۇشقا ئورۇن-
لاشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەندىن سايىدەك ئايرىلماي
يۈرۈپ ئالتە ئاينى ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى.
مەن 1897 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن 7 ـ ئاينىڭ
3 ـ كۈنىگىچە دېكلىق ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇش ئىمتىھا-
نىغا قاتناشتىم. ئىمتىھان تولۇقسىز ۋە تولۇق سىنىپ نېمىس
تىلى، فرانسۇز تىلى، لاتىن تىلى، ئىنگلىز تىلى، يۇنان تىلى
ھەمدە رىم تارىخى قاتارلىق پەنلەردىن جەمئىي توققۇز سائەت

ئېلىندى. مەن ھەممە پەنلەردىن ئۆتتۈم. تېخى نېمىس تىلى
بىلەن ئىنگلىز تىلىدا «ئەلا» بولدۇم.
سىلەرگە شۇ چاغدىكى ئىمتىھان ئەھۋالىنى بايان قىلىپ
بېرەي. ھەربىر پەننىڭ نومۇرى 16 بولۇپ، تولۇقسىزنىڭ 12،
تولۇقنىڭ تۆت، ھەربىر پەندىن ئاز دېگەندىمۇ 15 نومۇر ئېلىش
كېرەك ئىدى. ئىمتىھان قەغىزىنى ئەتىگەن سائەت توققۇزدا مەخ-
سۇس ئادەملەر دېكلىفقا ئەكېلىپ بېرەتتى. مېنىڭ نومۇرۇم
233 ئىدى. ئەمما، مەن ئىمتىھاننى ماشىنكىدا بەرگەن بولغاچ-
قا، ئىمتىھان قەغىزىمنىڭ مەخپىيەتلىكى يوق بولاتتى.
باشقىلارغا تەسىرى بولمىسۇن ئۈچۈن، مەن ئىمتىھاننى بىر
سىنىپتا ئايرىم بەردىم. سوئاللارنى گىلمان ئەپەندى ماڭا قول
تىلى بىلەن ئوقۇپ بەردى، ئىشىكتە بىرى نازارەت قىلدى.
بىرىنچى كۈنى نېمىس تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىندى. گىلمان
ئەپەندى يېنىمدا ئولتۇرۇپ، ئىمتىھان سوئالىنى ماڭا بىر قېتىم
ئوقۇپ بەردى. مەن ئاڭلىغانلىرىمنىڭ خاتاسىز، توغرا بولۇشىنى
نەزەردە تۇتۇپ، جۈملىمۇ جۈملە بىر قېتىم تەكرارلىدىم، ئاندىن
بىرمۇ بىر ئوقۇپ چىقتىم. سوئاللار خېلىلا قىيىن ئىكەن،
ئوبدانلا جىددىيلەشتىم. ماشىنكىدا ئۇرغان جاۋابىمنى گىلمان
ئەپەندى ئوقۇپ بەردى. تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلارنى ئېيتىپ
بەرسەم، ئۆزى ئۆزگەرتىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىمتى-
ھانلىرىمدا ئۇنىڭدەك قولاي شارائىت قايتا بولمىدى. دېكلىف
ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئىمتىھانغا بەرگەن
جاۋابىمنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا ھېچكىم ئوقۇپ بەرمى-
دى. ۋاقىت چىقىپ قالمىسا جاۋابلىرىمنى تەكشۈرۈپ تۈزىتىد-
غان ئىشنىمۇ قىلمىدىم. ۋاقىت چىققان تەقدىردىمۇ ئېسىمگە
ئالالىغان، تۈزىتىشكە تېگىشلىك جايلارنى پۈتۈنلەي ئىمتىھان
قەغىزىنىڭ ئاخىرىغا يېزىپ قويدۇم. ئەگەر مېنىڭ دەسلەپكى
ئىمتىھاندىكى نەتىجەم قايتا ئىمتىھاندىكى نەتىجەمدىن ياخشى بول-
دى دېيىشكە توغرا كەلسە، سەۋەبىنى پەقەت بىرىنچىدىن، قايتا
ئىمتىھاندا جاۋابىمنى ماڭا ئوقۇپ بېرىدىغان ئادەم بولمىغانلىقى؛

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىدىن دەسلەپكى ئىمتىھاندىكى بەزى پەنلەر كە كامبرىج ئوتتۇرا مەكتىپىگە كىرىشتىن ئىلگىرىلا خېلى ئوبدان ئاساس سېلىۋالغانلىقىمدىن ئىزدەش كېرەك. چۈنكى، مەن يىلنىڭ بې-شىدا گىلىمان ئەپەندى ئەكەلگەن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كونا ئىمتىھان سوئاللىرى بويىچە ئىنگلىز تىلى، تارىخ، فرانسۇز تىلى ۋە نېمىس تىلىدىن ئىمتىھان بېرىپ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنىدىم.

گىلىمان ئەپەندى ئىمتىھان قەغىزىمنى ئىمتىھان نازارەتچى-سىگە بەردى ھەمدە بۇ مېنىڭ (233 ـ نومۇلۇق ئوقۇغۇچىنىڭ) ئىمتىھان قەغىزىم ئىكەنلىكىنى شەرھلەپ ئىسپات يېزىپ بەردى.

باشقا پەنلەرنىڭ ئىمتىھانىدا ئەھۋال ئاساسەن ئوخشاش بول-دى، ئەمما، ئۇلار نېمىس تىلىدەك قىيىن ئەمەس ئىدى. ئېسىم-دە قېلىشىچە، لاتىن تىلى ئىمتىھان قەغىزىمنى تاپشۇرۇۋاتقاندا، پروفېسسور شىللىنگ قېشىمغا كېلىپ، نېمىس تىلى ئىمتىھانى-دىن ئۆتتىڭىز، نەتىجىڭىزمۇ ناھايىتى ياخشى دېيۈىدى، ئىشەنچىم ھەسسىلەپ ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل مۇھىم ئىمتىھانلارنى كۆڭۈل ئازادىلىكى، خۇشال كەيپىياتتا خېلى كۆڭۈلدىكىدەك بەردىم.

*بەزىدە شۇنچىلىك روھسىزلىنىپ كېتەتتىمكى، ھەممىدىن رايىم قايتىپ كېتەتتى، بۇ كەيپىياتىمنى يوشۇرالمايلا قالاتتىم. ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئېيتقۇسىز خىجىل بولىمەن.*

# ئوقۇشىسىز شارائىتنى يېڭىش

كامبرىج ئونتۇرا مەكتىپىنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چاغدا، قەلبىمدە ئۇمىد پارلايتتى. ئەمما، دەسلەپكى بىر نەچچە ھەپتە ئىچىدە، مەن خىيالىمغا ئازراقمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇن قىيىنچىلىققا يولۇقتۇم.

گىلىمان ئەپەندى بۇ مەۋسۇمدا ماتىماتىكىنى ئاساسلىق پەن قىلىپ ئوقۇشۇمغا قوشۇلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئاسترونومىيە، گرېك تىلى ۋە لاتىن تىلى قاتارلىق دەرسلەرنى تاماملاش كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، دەرسلەر باشلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ماڭا كېرەكلىك نۇرغۇن كىتاب تېخى كۆپۈنكى مەتبەدە چىقىپ بولالمىدى. بەزى دەرسلەرنىڭ بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم ئۆگىنىش قوراللىرى كەمچىل بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپىمىزدا ئوقۇغۇچىلار بەك كۆپ بولغاچقا، مۇئەللىم ماڭا ئالايىتەن كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بېرەلمەيتتى. شۇڭا، سۇللىۋان خېنىم ماڭا بارلىق كىتابلارنى ئوقۇپ بېرىش ھەمدە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىگەنلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۇنىڭ ئەپچىل قوللىرى بۇ ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي قالدى. بۇ 11 يىلدىن بۇيان كۆرۈلمىگەن ئىش ئىدى.

بەلگىلىمە بويىچە ئالگېبرا، گېئومېترىيە ۋە فىزىكا مەسىلىلىرىنى سىنىپتا ئىشلەش كېرەك ئىدى. لېكىن، مەن بۇنداق قىلالمايتتىم. كېيىن ئەمالار ماشىنىكىسىدىن بىرنى سېتىۋالدۇق.

www.uyghurkitap.com

تە، شۇ ماشىنىنىڭ ياردىمىدە ئىشلىگەن مەسىلىلەرنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى ئېنىق «يېزىپ» چىقالايدىغان بولدۇم. دوسكىدىكى گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى كۆرەلمەيتتىم. گېئومېتىرىيىلىك شەكىل ئۇقۇمىنى پەقەت تۈز ۋە ئەگرى قوغۇشۇن سىم بىلەن گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەرنى ياساش ئارقىلىق چۈشىنىۋالاتتىم. شەكىللەردىكى ھەرپ، بەلگە، قىياس، خۇلاسە، ئىسپات قاتارلىق باسقۇچلارنى پۈتۈنلەي كاللامدىكى خاتىرىگە تايىنىپ بىلىۋالاتتىم.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆگىنىشتە قىيىنچىلىق كۆپ ئىدى. بەزىدە شۇنچىلىك روھسىزلىنىپ كېتەتتىمكى، ھەممىدىن رايىم قايتىپ كېتەتتى، بۇ كەيپىياتىمنى يوشۇرالمايلا قالاتتىم. ھازىر بۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئېيتقۇسىز خىجىل بولىمەن. بولۇپمۇ بەزىدە سۇللىۋان خېنىمنىمۇ رەنجىتىپ ئاچچىقلاپ كەتكىنىمنى ئەسلىسەم ئاجايىپ ئۇيۇلۇپ كېتىمەن. چۈنكى، ئۇ دوستۇملا ئەمەس، مېنىڭ يولۇمدىكى بارلىق توساق، توسالغۇلارنى ئاچقان ۋە ئاچىدىغان ئادەم ئەمەسمۇ؟

بۇ قىيىنچىلىقلار بارا - بارا يوق بولدى. يەنى، كۆپۈنكى مەتبەلىك كىتابلار ۋە باشقا ئۆگىنىش قوراللىرى كەينى - كەينىدىن كەلدى. شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۆگىنىشكە بېرىلىپ كەتتىم.

ئالگېبرا بىلەن گېئومېتىرىيىنى قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىشكە توغرا كەلدى. سەۋەب، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك ماتېماتىكىغا قارىتا تونۇشۇم دېگەندەك ئەمەس، يەنە كېلىپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن كۆز قاراشلارنى كۆڭۈلدىكىدەك، قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى.

گېئومېتىرىيىلىك شەكىللەردىن تېخىمۇ بەك بېشىم ئاغرىيتتى. ئورۇندۇقلارغا نۇرغۇن شەكىللەرنى قۇراشتۇرغىنىم بىلەن ھەرقايسى بۆلەكلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىنى ئايرىۋالالـ

مايتتىم. كېيىن ئەپەندى دەرس ئۆتكەندىن تارتىپ، مەن ماتېماتى-
كىدا بۆسۈش ھاسىل قىلدىم. ئويلىمىغان يەردىن، بۇ قىيىنچى-
لىقلارنى يېڭىپ تۇرۇشۇمغا، يەنە كۈتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ
ھەممىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كەتتى.

گىلمان ئەپەندى مېنىڭ كىتابلىرىم كېلىشتىن ئىلگىرىلا
سۇللىۋان خېنىمغا دەرسلىكلىرىمنىڭ بەك كۆپ ھەم ئېغىر بو-
لۇپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان ھەمدە مېنىڭ كەسكىن نارازىلىق
بىلدۈرۈشلىرىمگە قارىماي دەرس سائىتىمنى ئازايتىۋەتكەنىدى.

باشتا بىز زۆرۈر ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش
ئىمتىھانىغا بەش يىل تەييارلىق قىلىشقا قوشۇلغانىدۇق. بىراق،
بىرىنچى يىلى تۈگەش بىلەن ئىمتىھان نەتىجىلىرىمگە قاراپ سۇل-
لىۋان خېنىم، خاربو خانىم (مەكتەپنىڭ ئىلمىي مۇدىرى) ۋە
يەنە بىر مۇئەللىم يەنە ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئىمتىھان بەرسە
بولىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلدى. باشتا بۇ قاراشقا گىلمان ئەپەندى-
مۇ قوشۇلدى. ئەمما، كېيىن دەرسلىرىمدە ئىلگىرىلەشنىڭ كۆ-
ڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، چوقۇم يەنە ئۈچ
يىل ئوقۇسۇن دەپ تۇرۇۋالدى. باشقا ساۋاقداشلار بىلەن بىرلىك-
تە ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئارزۇيۇم بولغاچقا، بۇ پىلان ماڭا
ياقمىدى.

11 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئازراق تاۋۇم يوق بولۇپ، دەرسكە
چىقالمىدىم. سۇللىۋان خېنىم چوڭ ئىش يوق، ئازراقلا مىجەزى
يوق بولۇپ قالدى، دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، گىلمان ئەپەن-
دى دەرسلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى سالامەتلىكى كۆتۈرەلمىدى، دەپ
قاراپ، ئۆگىنىش پىلانىمنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. ھەتتا
ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىرگە مەۋسۇملۇق ئىمتىھانغا قاتنىشالماي-
دىغان قىلىپ قويدى. گىلمان ئەپەندى بىلەن سۇللىۋان خېنىم-
نىڭ پىكىرىدە ئىختىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئاپام مېنى سىڭلىم
مېجۇري بىلەن بىرلىكتە كامبرىج مەكتىپىدىن چىقىرىۋالدى.

بۇ ئىشلار بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاپام كامبرىج مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى كېن ئەپەندىنى مېنىڭ كونسۇلتانتسىيە ئوقۇتقۇچىم ئۆگىنىشىمگە داۋاملىق يېتەكچىلىك قىلىشقا تەكلىپ قىلدى. 1898 - يىلى 2 - ئايدىن 7 - ئايغىچە، كېن ئەپەندى ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم لېنشامغا كېلىپ ماڭا ئالگېبىرا، گېئومېتىرىيە، گرېك تىلى ۋە لاتىن تىلىدىن دەرس ئۆتتى. سۇللىۋان خېنىم تەرجىمانلىقنى ئۈستىگە ئالدى.

بىز 1898 - يىلى 10 - ئايدا بوستونغا قايتىپ كەلدۇق. كېيىنكى سەككىز ئايدا كېن ئەپەندى ھەر ھەپتىدە بەش قېتىم بىر سائەتتىن دەرس ئۆتۈپ تۇردى. ئۇ ھەر قېتىم بۇرۇنقى دەرسلەردىكى چۈشەنمىگەن جايلىرىمنى چۈشەندۇرگەندىن كېيىن، يېڭى تاپشۇرۇقلارنى بېرەتتى. مېنىڭ ماشىنكىدا ئىشلىگەن بىر ھەپتىلىك گرېك تىلى تاپشۇرۇق مەشىقلىرىنى ئېلىپ كېتىپ، ئىنچىكىلەپ تۈزەتكەندىن كېيىن، ماڭا ئەكېلىپ بېرەتتى.

مەن ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىش ئىمتىھانىغا مانا مۇشۇ تەرىقىدە تەييارلىق قىلدىم. شۇنى ھېس قىلدىمكى، سىنىپتا دەرس ئاڭلىغانغا قارىغاندا، ئايرىم دەرس ئاڭلىغاندا ئادەم ئاسان چۈشىنىدىكەن ۋە كۆڭۈللۈك بولىدىكەن. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن يېتىشۋالىمەن دەپ پالاقلاپمۇ يۈرمەيدىكەن. ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋاقتى يېتەرلىك بولغاچقا، چۈشەنمىگەن جايلارنى ۋاقتىدا سۆزلەپ بېرىدىكەن. شۇڭا، ئۆگىنىش مەكتەپتىكىگە قارىغاندا تېز ھەم ياخشى بولىدىكەن. باشقا دەرسلەرگە قارىغاندا ماتېماتىكىدا قىيىنچىلىق يەنىلا كۆپ ئىدى. ماتېماتىكا بىلەن گېئومېتىرىيە تىل ۋە ئەدەبىيات دەرسلىرىنىڭ يېرىمىچىلىك ئاسان بولسا نېمىدىگەن ياخشى بولار ئىدى - ھە! كېن ئەپەندىغۇ ماتېماتىكىنى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلەپ مەسىلە ۋە قىيىنچىلىقلارنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، مېنى تولۇق چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە

ئىگە قىلىدۇ. مېنى بىر باشقا چىقمايدىغان، قارىسىغا ئويلايدىغان ئىشلاردىن خالىي قىلىپ، چاققان تەپەككۇر قىلىش، پۇختا خۇلا- سىلەش، جاۋابىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئەقىلغا مۇۋاپىق تېپىشقا يېتەكلىدى. جويمۇ چىداپ بولمايدىغان دۆتلۈكلىرىمگە شۇنچىلىك مۇلايىملىق ۋە تەسۋىرلىگۈسىز سەۋرچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

مەن 1899 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ۋە 30 - كۈنى دېكلىف قىزلار ئىنستىتۇتىغا كىرىش ئىمتىھانىنىڭ ئاخىر- قى ئىمتىھانىغا قاتناشتىم. بىرىنچى كۈنى تولۇقسىزنىڭ گرېك تىلى ۋە تولۇقنىڭ لاتىن تىلىدىن، ئەتىسى گېئومېتىرىيە، ئال- گېبرا، تولۇقنىڭ گرېك تىلىدىن ئىمتىھان ئېلىندى.

ئىنستىتۇت سۈللىۋان خېنىمنىڭ ئىمتىھان سوئالىنى ماڭا ئوقۇپ بېرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى. بوگىنىس ئەمالار مەكتىپى- نىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئېۋگېنې. C. ۋىننىي ئەپەندىنى تەكلىپ قىلىپ، ئىمتىھان قەغىزىنى ئامېرىكىچە ئەمالار يېزىقىغا تەرجىمە قىلدۇرۇپ بەردى. ۋىننىي ئەپەندى مەن بىلەن تونۇشتى، ئەمما سۆزلەشكىلى بولمىغاچقا، ئەمالار يېزىقىدىلا ئىشلەتتۇق، خالاس.

ئەمالار يېزىقىنى ھەرخىل يېزىقلارغا ئىشلەتكىلى بولغان بىلەن گېئومېتىرىيە ۋە ئالگېبراغا ئىشلىتىش قىيىن ئىدى. شۇڭا، تولا ھەپىلىشىپ ھالىمدىن كەتتىم، مەيۇسلەندىم، نۇر- غۇن قىممەتلىك ۋاقتىمنى ئىسراپ قىلىۋەتتىم. بولۇپمۇ ئالگېب- راغا سەرپ قىلغان ۋاقتىم ھەممىدىن كۆپ بولدى. ئامېرىكىلىق- لار ئادەتتە ئىشلىتىدىغان ئەنگلىيە شەكلىدىكى، ئامېرىكا شەكلى- دىكى، نيويورك شەكلىدىكى ئۈچ خىل ئەمالار يېزىقىغا ھەققە- تەن خېلى پىششىق ئىدىم. ئەمما، گېئومېتىرىيە، ئالگېبرادىكى تۈرلۈك بەلگىلەر بۇ ئۈچ خىل ئەمالار يېزىقىدا بىر - بىرىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

www.uyghurkitap.com

ئىمتىھانغا ئىككى كۈن قالغاندا ۋىننېي ئەپەندى خارۋارد
ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ كونا ئالگېبرا سوئاللىرىنىڭ ئەمالار يېزىقـ
ـدىكى كىتابىدىن بىرنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن، بۇ ئامېرىكا
شەكلىدىكى ئـەمـالار يېزىـقـىدا ئىكەن. كۆرۈپلا ئەرۋاھىم
ئۇچتى ـ دە، دەرھال ۋىننېي ئەپەندىگە خەت يېزىپ، بۇ كىتابتىـ
ـكى بەلگىلەرنى ئىزاھلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. كۆپ ئۆتمەيلا
باشقا بىـر ئىمتىھان قـەغـىـزى ۋە بەلگە جەدۋىلىنى تاپشۇرۇ-
ۋالدىم ـ دە، بۇ بەلگىلەرنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. ئەتە
ئالگېبرادىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ، دېگەن كۈنى كېچىسى مەن
بەزى مۇرەككەپ مەشىقلەرنى ئىشلەش بىلەن بولۇپ كەتتىم.
ئىسكوپكا، چوڭ ئىسكوپكا ۋە يىلتىزلارنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشـ
ـلەشلەرنى پەقەتلا ئايرىۋالالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن كېين ئەپەندى
ۋە مەن لەسسىدە بولۇپ، ئەتىكى ئىمتىھاندىن بەكمۇ ئەندىشە
قىلدۇق. ئىمتىھان كۈنى بىز مەكتەپكە ئەتىگەن بېرىپ، ۋىننېي
ئەپەندىمدىن ئامېرىكا شەكلىدىكى ئەمالار يېزىقىدىكى بەلگىلەرنى
تەپسىلىرەك چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى تەلەپ قىلدۇق.

گېئومېترىيىدىكى ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق شۇ بولدىكى،
مەسىلىلەرنى كىشىلەرنىڭ قولۇمغا قوشۇپ يېزىپ بېرىشىگە كۆ-
نۈپ قاپتىمەنكەن، نېمىشقىدۇر، مەسىلە توغرا بولسىمۇ ئەمالار
يېزىقىدا قالايمىقاندەك كۆرۈنۈپ ئېلىشىپ كەتتىم. ئالگېبرا ئىمـ
ـتىھاندا تېخىمۇ بەك قىينالدىم. يېڭى ئۆگەنگەن بەلگىلەرنى
بىلىۋالدىم دەپ ئويلىغاندىم. ئەپسۇسكى، ئىمتىھان ۋاقتىدا قايـ
ـمۇقۇپلا كەتتىم. يەنە كېلىپ ماشىنكىدا ئۇرغانلىرىمنى ئۆزۈم
كۆرەلمەيتتىم. ئىلگىرى مەن ھېسابنى ئەمالار يېزىقىدا ياكى
كۆڭلۈمدە ھېسابلايتتىم. كېين ئەپەندى كۆڭۈلدە ھېسابلاش ئىقـ
ـتىدارىمنى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ مەشىق قىلدۇرغىنى بىلەن
ئىمتىھان قەغىزىدە قانداق يېزىشنى مەشىق قىلدۇرمىغانلىقى ئۈ-
چۈن، مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشىم ئىنتايىن ئاستا بولدى.

سوئاللارنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئاندىن ئۇنى قانداق ئىشلەشنى ئاران بىلىۋالدىم. راستىمنى ئېيتسام، بارلىق بەلگىلەرنى تولۇق ئوقۇغان، ئوقۇمىغانلىقىمغا ھازىرمۇ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. جىمى نەرسىنى تولۇق قىلىمەن دېيىش ھەقىقەتەن تولىمۇ قىيىن ئىش. بىراق، مەن ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيمەن. دېكلىف ئىنىستىتۇتىدىكى ئىش بېجىرگۈچى ئەپەندىلەر ماڭا چىقارغان ئىمتىھان سوئاللىرىنىڭ نەقەدەر قىيىنلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىدى. شۇنداقلا، ئۇلارنىڭ ماڭا ھەرخىل ئالاھىدە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە توغرا كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ كېتەلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، ئەگەر ئۇلار ماڭا بۇ نۇرغۇن توساقلارنى ھېچبىر مەقسەتسىز قۇرغان بولسا، ئۇ ھالدا، خەيرىيەت، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق يەڭدىم. بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشالمەن.

*مەن: «رىمدىن قوغلاپ چىقىرىلساڭ، رىمنىڭ سىرتىدا ياـ
شايسەن، خالاس» دېگەن رىم ھېكمىتىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالـ
ـدىم.*

# ئوقۇشقا كىرىش

جىق جاپا ـ مۇشەققەتلەر بىلەن بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئىمتىھاننى تۈگەتتىم. ئەمدى قاچانلا بولمىسۇن، دېكلىق ئىنىستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇيالايتتىم. ۋاھالەنكى، ئائىلەمدىكىلەر ۋە دوستلىرىمنىڭ ئوقۇشقا كىرىشتىن ئىلگىرى كېن ئەپەندى يەنە بىر يىل كونسۇلتاتسىيە قىلىپ بەرسۇن، دېگەن تەكلىپى بىلەن مېنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرىپ ئوقۇش ئارزۇيۇم 1990 ـ يىلى ئاران ئىشقا ئاشتى.

دېكلىق ئىنىستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرگەن تۇنجى كۈندىكى ئەھۋاللار خاتىرەمدە گويا يېڭىلا بولۇپ ئۆتكەن ئىشتەك تۇرىدۇ. بۇ كۈنگە چەكسىز ئۈمىد بىلەن تەلمۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ماڭا مەلۇم، ئالدىمدا توسالغۇلار يەنە نۇرغۇن بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنى چوقۇم يېڭىشكە قەتئىي بەل باغلىدىم. مەن: «رىمدىن قوغلاپ چىقىرىلساڭ، رىمنىڭ سىرتىدا ياشايسەن، خالاس» دېگەن رىم ھېكمىتىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتۇۋالدىم. چۈنكى، مانا مەن بىلىم ئېلىشنىڭ كەڭ داغدام يولىدىن قوغلىنىپ، قاقاس، ئەگرى ـ توقاي چىغىر يوللاردا مۇشەققەتتە مېڭىشقا مەجبۇر قىلىنغان ئادەمغۇ؟ ماڭا ئايان، ئۇنىۋېرسىتېتتا مەن ماڭا ئوخشاشلا پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان، مۇھەببەت ۋە نەپرىتى ئېنىق، جۇشقۇن، جەڭگىۋار قىزلار بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئالغا ئىلگىرىـ

لەش پۈرستىگە تولۇق ئېرىشەلەيمەن.

ئۈنىۋېرسىتېت تۇرمۇشۇمنى ئاجايىپ يالقۇنلۇق ھېسسىيات بىلەن باشلىۋەتتىم. ماڭا پارلاق نۇرغا تولغان گۈزەل بىر دۇنيا كەڭ قۇچاق ئاچتى. ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىنى ئۆز قولۇمدا تۇتالايدىغانلىقىم، قەلبىم، يۈرىكىم باشقىلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئەركىن بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. قەلبىم دۇنياسىدىكى كىشىلەر، ئارقا كۆرۈنۈش، شادلىق، غەزەپ، قايغۇ ۋە خۇشاللىق، ھەقىقىي رېئال دۇنيانىڭ جانلىق، كونكرېت ئىنكاسى بولۇشى كېرەك ئىدى. مېنىڭچە ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ دەرسخانىلىرىدا ئەقىل - پاراسەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان روھ ۋە پىكىرلەر يالقۇنجاپ ياناتتى. پروفېسسورلار ئەقىل پاراسەتنىڭ سىمۋولى ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئۈنىۋېرسىتېتنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكىدەك رومانتىك ئەمەسلىكىنى، بۇ يەرنىڭمۇ پايدىسىز تەرەپلىرى بارلىقىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن باللارچە قىلىنغان نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلىرىم بارا - بارا گۈزەل تۇسىنى يوقىتىپ، مېنى ئۇنچە ھاياجانلاندۇرمايدىغان بولدى.

ئولتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۆزۈم ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ۋاقىت يوقلۇقى ماڭا ھەممىدىن چوڭقۇر تەسىر قىلدى. ئىلگىرى مەن ئۆزۈم يالغۇز جىمجىت ئولتۇرۇپ، يۈرىكىمنىڭ قات - قېتىدىن چىققان يېقىملىق كۈيلەرنى تىڭشايتتىم. بۇ كۈيلەرنى پەقەت ئارام ئېلىپ جىم ئولتۇرغان چاغلاردىلا ئاڭلىغىلى بولاتتى. بۇنداق چاغلاردا سۆيۈملۈك، مەن ياخشى كۆرىدىغان شائىرلار دېكلاماتسىيە قىلغان شېئىرلار يۈرىكىم تارىنى چېكىپ مېنى ئۇزۇنغىچە شېرىن تۇيغۇغا چۆمۈلدۈرۈپ قاتتىق ھاياجانغا سالاتتى. ھالبۇكى، ھازىر قارىسام كىشىلەرنىڭ ئۈنىۋېرسىتېتقا كىرىشى پىكىر يۈرگۈزۈشنى ئەمەس، ئوقۇشنىلا مەقسەت قىلىدىغاندەك ئىدى. شۇڭا، مەن ئۈنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن، يالغۇزلۇق، ئويۇن تاماشا، تەسەۋۋۇرلىرىم قاتارلىق بار-

لىق قىممەتلىك كۆڭۈل خۇشلىرىم، ھەتتا ئۆزئارا پىچىرلىشىپ ھارمايدىغان قارىغايلارمۇ ئاللىقانداق يەرلەردە قالدى. بەلكىم مەن ئۆزۈمنى ھازىرقى ئالدىراشلىق كەلگۈسىدىكى راھەت - پاراغەت ئۇچۇنغۇ دەپ ئاۋۇندۇرارمەن. ئەمما، مەن كۆز ئالدىمدىكى شادلىقتىن بەھرە ئېلىشقا رازى ئىدىمكى، ئۆزۈمنى، يىراقلارنى كۆزلەپ، سۇ كەلگۈچە توغان سال دېگەندەك ئىشنى قىلىشنى خالىمايتتىم.

ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بىرىنچى يىللىقىدىكى دەرسلەر فرانسۇز تىلى، نېمىس تىلى، تارىخ، ئىنگلىز تىلى يېزىقچىلىقى ۋە ئەنگلىيە ئەدەبىياتى ئىدى. فرانسۇز تىلى جەھەتتە مەن گورنېيللې، مولىئېر، راسىن، ئالف، روېد دەمىسى ۋە سان بېف قاتارلىق داڭلىق يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن زوق ئالدىم. نېمىس تىلى جەھەتتە گيوتى، شىللېرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىقتىم. ئۇزۇن ۋاقىتقا قالمايلا، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشىدىن تارتىپ 18 - ئەسىرگىچە بولغان تارىخنى بىر قېتىم تەكرارلىدىم. ئەنگلىيە ئەدەبىياتى جەھەتتە، مىلتوننىڭ شېئىرلىرى ۋە ئۇنىڭ «ئاروپاتكا» ناملىق ئەسىرىنى تەنقىدىي نەزەر بىلەن تەتقىق قىلدىم.

ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن يولۇققان تۈرلۈك كونكرېت قىيىنچىلىقلارنى قانداق يېڭەلىدىم، دەپ كۆپ ھاللاردا ئۆزۈممۇ دەرگۇماندا بولۇپ قالىمەن. سىنىپتا بىرلا مەن بار ئىدىم، پروفېسسورلار گويا كۆز يەتمەس يىراقتا ئىدى. سۇئاللىۋان خېنىم ئىمكانقەدەر ئوقۇتقۇچى سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى قولۇمغا يېزىپ تۇراتتى. بۇ ئالدىراشچىلىقتا دەرس سۆزلىگۈچىنىڭ خاسلىقى، ئالاھىدىلىكلىرى نەلەردە قالاتتى. قولۇمغا قوشۇپ يېزىلىۋاتقان بۇ خەتلەر ئالدىدا مەن بەئەينى ياۋا توشقاننى قوغلاۋاتقان تايغان ھالىتىدە بولۇپ، كۆپىنچە چاڭ - توزاننىلا كۆرەلەيتتىم. بۇ جەھەتتە، خاتىرە يازغان قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھالى-

مۇ مېنىڭكىدىن كۆپ پەرىقلەنمەيتتى. چۈنكى، بىر ئادەم بىر ياقتىن مېخانىك ھالدا دەرس ئاڭلاۋىتىپ، بىر تەرەپتىن ئالدىراپ - سالدىراپ خاتىرە يازسا، ئۇنىڭ سۆزلىنىۋاتقان دەرس-نىڭ ئاساسىي تېمىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش ياكى مەسى-لىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىگە كۆپرەك كۆڭۈل قويۇپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

قولۇم دەرس بىلەن بەنت بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن خاتىرە قالدۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم. ئادەتتە ئۆيگە قايتقاندا، ئاندىن كاللامدا قالغانلارنى دەرھال خاتىرىلىۋالاتتىم. كۆنۈكمە ئىشلەش ۋە ھەركۈنلۈك قىسقا ماقالە، ئوبزور يېزىش، كىچىك سىناقلار، پەسىللىك ئىمتىھان، مەۋسۇملۇق ئىمتىھان قاتارلىقلارنىڭ ھەم-مىسىنى ماشىنىكىدا قىلاتتىم. لاتىن تىلىنىڭ رىتىمىنى ئۆگى-نىشكە كىرىشكەندە، شېئىرلارنىڭ تۇراق ۋە رىتىمىنى چۈشەندۇ-رۇپ بېرەلەيدىغان بىر يۈرۈش بەلگىلەرنى ئۆزۈم لايىھەلىۋالدىم ھەمدە مۇئەللىمگە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەردىم.

مەن ئىشلىتىۋاتقان ماشىنكا خانىمۇنىند ماركىلىق بولۇپ، بۇ مېنىڭ ئالاھىدە ئېھتىياجىمغا ھەممىدىن بەك ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغان بىر خىل ماركا ئىدى. بۇ خىل ماشىنكىغا ھەرپ تاختىسى ئىشلىتىلگەن، بىر ماشىنكىدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئېھتى-ياجىغا ئاساسەن ئىشلىتىلىدىغان گرېك تىلى، فرانسۇز تىلى ۋە ماتېماتىكا بەلگىلىرى بار بىرقانچە ھەرپ تاختىسى بار ئىدى. ئەگەر ئۇ ماشىنكا بولمىغان بولسا مەن ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنى قانداق ئوقۇپ كېتەلەيتتىمكىنتاڭ، ھېچ بىلمىدىم.

مەن ئوقۇيدىغان تۈرلۈك دەرسلىكلەر ئىچىدە ئەمالار يېزىق-دىكىلىرى ئاز بولغانلىقتىن، دەرس مەزمۇنىنى باشقىلارنى تەك-لىپ قىلىپ قولۇمغا يازدۇرۇشۇمغا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ بىلەن دەرسلەرنى ئالدىن تەييارلاش ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت باشقىلار-دىن كۆپ بولاتتى. بەزىدە كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن قاتتىق

www.uyghurkitap.com

كۆچەپ نۇرغۇن كۆچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىپ، رەللە بولۇش-
تىن ساقلىنالمايتتىم. باشقا ساۋاقداشلىرىم سىرتلاردا ئوينىاپ -
كۈلۈپ، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناپ يۈرسە، مەن بىر نەچچە
باب - پاراگرافنى ئۆگىنىمەن دەپ سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كەتكە-
نىمنى ئويلىسام ئىچىم قىزىپ چىدىيالماي قالاتتىم. لېكىن،
ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ئۆزۈمگە هاي بېرىپ، روهىمنى ئۇرغۇتۇپ
ئىشىمنى قىلىۋېرەتتىم. بىر ئادەم ئەگەر هەقىقىي بىر نەرسە
ئۆگەنمەكچى بولسا، خەتەرلىك تىك چوققىلارغا ئۆزى تىرى-
شىپ - تىرمىشىپ چىقىشى كېرەك. هاياتلىقتا هېچقانداق تۈز،
تەكشى يول يوق، شۇنداق ئىكەن، مەن ئۆزۈمنىڭ مۇشۇ
ئەگرى - توقاي مۇشەققەتلىك يولىدا مېڭىشىم كېرەك. مەن بۇ
يولۇمدا قانچە قېتىملاپ سىرىلىپ، يىقىلىپ كەتتىم، بەزىدە
قوپالمايمۇ قالدىم. خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن توساق تاملارغا ئۇس-
كەندە بەلمۇ قويۇۋەتتىم، تىرىكپمۇ كەتتىم، ئارقىدىن يەنە ئۆ-
زۈمنى بېسىۋېلىپ، ئالدىمغا قاراپ ماڭدىم. ئازراقلا ئالغا ئىلگى-
رىلىسەم، قوللاش، ئىلهامغا ئېرىشتىم. بۇنىڭ بىلەن قەلبىمدى-
كى ۋولقان گۈرۈلدەپ ياندى، غەيرىتىم ئۇرغۇدى، جاسارىتىم
ئاشتى. بارا - بارا بىپايان دۇنيانى كۆرەلىدىم، هەر قېتىمقى
كۆرەش بىر قېتىملىق غەلىبە بولدى. بۇنىڭغا يەنە ئازراق
غەيرەت - شىجائەت قوشۇلسا پەلەكنىڭ چوققىسىغا، ئاسماننىڭ
قەرىگە، ئارزۇيۇمدىكى پەللىگە چىقالايمەن.

بۇ كۆرەش داۋامىدا مەن پەقەتمۇ يالغۇز قالمىدىم. ۋىليام
ۋىد ئەپەندى، پېنسىلۋانىيە ئەمالار ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ئا-
رون ئەپەندى مېنى هەرخىل ئاماللار بىلەن ماڭا كېرەكلىك كۆ-
پۈنكى مەتبە كىتابلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆيۈ-
نۈشى ۋە ياردىمى ماڭا زور ئىلهام بولدى.

دېكلىق ئىنستىتۇتىنىڭ 2 - يىللىقىدا، مەن ئىنگلىز تىلى
يېزىقچىلىقى، ئەنگلىيە ئەدەبىياتى، ئىنجىل، ئامېرىكا ۋە ياۋرو-

پالارنىڭ سىياسىي تۈزۈملىرى، يۇنان شائىرى خولېسنىڭ لېرىك شېئىرلىرى ۋە رادىن كومېدىيىلىرىنى ئۆگەندىم. يېزىقچىلىق دەرسى ئىنتايىن جانلىق، جۇشقۇن، قىزىقارلىق ئۆتۈلەتتى. سىپلان مۇئەللىمگە ھەممىدىن بەك قول قوياتتىم. ئۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ كۆرۈنۈشلىرى، ئۇسلۇب، رىتىملىرىنى قىلچە ئار-تۇق نەرسە قوشماي تولۇق بايان قىلىپ چۈشەندۈرەتتى. ئۇ قىس-قىغىنا بىر سائەت ۋاقىت ئىچىدە ئادەمنى قەدىمكى زاماندىكى ئەدەبىيات پېشىۋالىرى ئىجاد قىلغان مەڭگۈلۈك گۈزەللىككە باش-لاپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلەت ۋە خىسلەتلىرىگە مەپتۇن قىلاتتى. ئادەمگە «ئەھد ئەتىق» نىڭ سۈرى ۋە گۈزەللى-كىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ھېس قىلدۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن سىنىپتىن چىقىپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، سىز «روھ ۋە تاشقى شەكىلنىڭ مەڭگۈلۈك، ماس ھالدا بىرىككەنلىكىنى، ۋا-قىتنىڭ قەدىمى شاخلىرىدا چىنلىق ۋە گۈزەللىكنىڭ يېڭى بىخلى-رى ئۆسۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتقان» دەك بولىسىز.

بۇ بىر يىل مەن ئۈچۈن ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر يىل بولدى. ئوقۇيدىغان دەرسلىرىمنىڭ ھەممىسى، يەنى ئىقتىسادشۇناسلىق، ئېلىزابىت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات، گېئورگى، L. كىتىرىج پرو-فېسسور بېرىدىغان شېكىسپېر، جوسىياخ رويىس ئۆتىدىغان پەل-سەپە ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىدى.

ئادەم پەلسەپە ئارقىلىق يىراق ئۆتمۈش زاماندىكى ئاددىي ساددا مۇتەپەككۇرلار بىلەن ھەمنەپەس بولالايتتى. لېكىن، ئۇند-ۋېرسىتېت ھەرگىزمۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ھەممىگە قادىر قەدىمىي مەدەنىيەت پايتەختى ئافىنا ئەمەس ئىدى. شۇڭا، مەن بۇ يەردە ئۇ بۈيۈك زاتلار ۋە ئاقىللارنى ئۇچرىتالمايتتىم. ئۇلار-نىڭ ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى سېزەلمەيتتىم. پەقەت بىلىمنىڭ يوچۇقلىرىدىن تامغان شەربەتلەرنى ئاز - ئازدىن سۈمۈرۈپ، ئۇنى يېرىپ كۆرگەن ۋە ئانالىز قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇلارنى

مىلتون ياكى ئېسىيا ئىكەنلىكىنى ئاددىيلا ئوخشىتىپ قويماي، بەلكى ئېنىق بېكىتەلەيدىغان بولدۇم.

ئۆزلەشتۇرۇۋېلىش ئەقلىي ئانالىزدىن بەكرەك مۇھىم بولۇشى كېرەك. بىراق، نۇرغۇن ئالىملار بۈيۈك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى قانداق ئۆزلەشتۇرۇۋېلىش كېرەكلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ناھايىتى كۆچەپ سۆزلەپ كېتەتتى. ئەمما، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مېڭىسىدە ئۇنىڭدىن ھېچقانداق تەسىر قالدۇرالمايتتى. چۈنكى، بۇنداق تەھلىل ئارقىلىق چۈشەندۈرۈش، گويا پىشقان مېۋە پوكلا قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، كۆڭلىمىزدىن تېزلا چىقىپ كېتەتتى. بەلكىم بىز بىر گۈلنى، ئۇنىڭ يىلتىزى، شاخ، يوپۇرماقلىرىنى، ھەتتا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئۆسۈش جەريانىنى بىلىشىمىز مۇمكىن. ئەمما، شەبنەم تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان چىرايلىق گۈلدىن قانداق بەھرە ئېلىشنى بىلمەسلىكىمىز مۇمكىن. شۇڭا، دائىم: «بۇ شەرھلەر ۋە پەرەزلەرگە نېمىشقا بۇنچە باش قاتۇرۇپ كېتىدىغاندىمىز» دەپ ئويلاپ ئىچىم پۇشاتتى. چۈنكى، ئەقلىمغا مۇۋاپىقتەك تۇرغان نۇرغۇن شەرھلەر ۋە پەرەزلەر گويا بىر مۇنچە قارىغۇ قۇشلار بىكاردىن - بىكار قانات قېقىشۋاتقاندەك، كاللىمىزدا ئۇيان - بۇيان يۈرەتتى.

مەن مەشھۇر ئەسەرلەرنى تازا تولۇق چۈشىنىۋېلىشقا قارشى ئەمەسمەن. پەقەت ئادەمنى قايمۇقتۇرىدىغان، تۈگىمەس باھا ۋە تەنقىدلەرگە قارشىمەن. چۈنكى، بۇلار ئادەمگە، دۇنيادا قانچىلىك ئادەم بولسا، شۇنچىلىك كۆز قاراش بار ئىكەن، دېگەندەك تەسىر بېرىدۇ. ئەمما، كىترىج پروفېسسوردەك كاتتا ئۇستازلار بۈيۈك شائىر شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىنى سۆزلىگەن چاغدا ئادەمنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدا يورۇپ، كاللا ئېچىلىپلا كېتىدۇ.

نۇرغۇن مەزمۇنلار ئادەمنى بىھۇدە كۆچ سەرپ قىلغۇزىدىغان، روھىي يۈكنى ئېغىرلىتىپ، ھەقىقىي قىممىتى بار بىلىم جەۋھەرلىرىنى كاللىغا دېگەندەك سىغدۇرالمايدىغان بولغاچقا،

مۇشۇ ئوقۇۋاتقانلىرىمنىڭ يېرىمىنى تاشلىۋەتسەك بولمامدىغاندۇ،
دەپ ئويلايتتىم. بىر كۈن ئىچىدە تۆت، بەش خىل يېزىقتىكى،
پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىغان مەزمۇندىكى كىتابلارنى ئوقۇغاندى-
كىن، مۇھىم نۇقتىدىن چەتلىمەيمىز دېگىلى بولمايتتى. ئادەم
ئالدىراپ - تېنەپ جىددىيچىلىك ئىچىدە كىتابنى ئوقۇۋەرسە،
كاللىغا پەقەتلا كىرەككە كەلمەيدىغان ھەر تۈرلۈك ئۇششاق -
چۈششەك نەرسە توشۇپ كېتىدىكەن. ھازىر كاللام مانا مۇشۇنداق
قالايمىقان نەرسىلەر بىلەن تولۇپ كەتتى، ئۇنى رەتلەپ چىقىش
قولۇمدىن كەلمەيدۇ. ھەر قېتىم ئۆزۈمنىڭ قەلب دۇنياسىغا
كىرگىنىمدە گويا فارفۇر بۇيۇملار دۇكىنىغا كىرىپ قالغان ئۆ-
كۈزدەك، تۈرلۈك بىلىم پارچىلىرى باش - كۆزۈمگە مۆلدۈر
كەبى چۈشۈۋاتقاندەك، ئۇلاردىن ئۆزۈمنى قاچۇراي دېسەم، تۈر-
لۈك ماقالىلەرنىڭ ئالۋاستىلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېت جىنلىرى
كەينىمدىن قالماي قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇدا بولىمەن.
ھازىر مېنى ئايتەن يوقلاپ كېلىپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق مەبۇ-
دىلەرنى چېقىپ پارە - پارە قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ.

ئالىي مەكتەپ ھاياتىدا، ھەرتۈرلۈك ئىمتىھانلاردىن قور-
قۇنچلۇق نەرسە بولمىسا كېرەك. مەن ئۇلارنىڭ كۆپىنى يەر
چىشلىتىپ ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ كەلگەن بولساممۇ، ئۇلار يەنە ئۆمى-
لەپ قوپۇپ، دەھشەتلىك خىرىس بىلەن ماڭا ئېتىلىپ جېنىمنى
ئېلىپ يېنىمدا قوياتتى. ئىمتىھانغا بىر قانچە كۈن قالغاندا، گويا
ئېغىزغا ئالغىلى بولمايدىغان تېتىقسىز يېمەكلىكنى زورلاپ يې-
گەنگە ئوخشاش، مېڭەمگە تۈرلۈك سىرلىق فورمولا ۋە ھەزىم
قىلماق قىيىن يىلنامە ماتېرىياللىرىنى تازا تىختاپ قاچىلايتتىم.
بۇنداق چاغلاردا ئادەمنىڭ كىتابلار بىلەن ئىلىم - پەننى بىرلىكتە
ئۆلتۈرۈپلا دېگىنىڭ تېگىگە دەپنە قىلىۋېتىپ ئىشنى تۈگەتكۈسى
كېلەتتى.

قورقۇنچلۇق پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئەگەر سىز ئىمتى-

www.uyghurkitap.com

ھان سوئالىنى كۆرگەندىن كېيىن، تەييارلىغان جايلار چىقىپتۇ دەپ قارىسىڭىز ھەم قەغەزنى قولىڭىزغا ئېلىپلا يېزىپ كېتەلىسىڭىز، تەلىيىڭىزنىڭ كەلگىنى، ئەپسۇسكى، كۆپ ھاللاردا سىگنال ھەر قانچە ياڭراق چېلىنغان بىلەن ھېچكىم ئاڭلىيالمايدۇ. سىزگە تازا كېرەك بولغان چاغدا خاتىرە ۋە توغرا پەرق ئېتىش ئىقتىدارى دېگەنلەر قانات چىقىرىپ ئاللىقايەرلەرگە ئۇچۇپ كېتىپ، سىزنى رەللە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كاللىڭىزغا مىڭبىر جاپادا قاچىلىغان نەرسىلەردىن جىددىي پەيتتە ھەر قانچە ئويلاپمۇ ھېچ نەرسىنى يادىڭىزغا كەلتۈرەلمەيسىز.

«خۇس ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى بايان قىلىڭ.» خۇس؟ خۇس دېگەن كىمدۇ، نېمە قىلىدىغان ئادەمدۇ؟ بۇ ئىسىم ماڭا خېلىلا تونۇش تۇرىدۇ، دەيسىز ـ دە، باش قاتۇرۇپ ئويلاپ، كونا سومكىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ بىرەر پارچە تاۋار رەخت تېپىۋالغاندەك ئۇنى تېپىۋالىسىز. بۇ مەسىلىنى چوقۇم يادلىغان، چۈنكى تىلىمىنىڭ ئۇچىدىلا تۇرىدۇ، ھېلىقى كونى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ باشلىنىشىنى ئەسلىگەندە ئۇچراتقان، ئەمما ھازىر ئۇ شۇنچىلىك يىراقتا، شۇنىڭ بىلەن كاللىڭىزدىكى جىمى نەرسىنى، يەنى ھەر قېتىملىق ئىنقىلاب، دىنىي جەمئىيەتنىڭ بۆلۈنۈشى، چوڭ قىرغىنچىلىق، تۈرلۈك سىياسىي تۈزۈم قاتارلىق نەرسىلەرنى قويىماي ئاختۇرىسىز. خۇس يەنە نەگە كەتكەندۇ، دەيسىز. سىز يادىڭىزدا ساقلىغان نەرسىلەرنىڭ بىرىنىڭمۇ ئىمتىھان قەغىزىدە يوق بولۇشى سىزنى بەكمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. ئاچچىقىڭىز كېلىپ كاللىڭىزدىكى جىمى نېمىنى قاچىلىغان قۇتىڭىزنى ئېچىپ، ئىچىدىكى ھەممىنى تۆكىسىز. ئەنە ئاۋۇ شۇ، سىز تۆمۈر ئايىغىڭىز ئۇپراپ كەتكۈچە ئىزدىگەن ئادەم ئاۋۇ يەردە ئۆزى يالغۇز ئويغا چۆمۈپ تۇرىدۇ. ئۆزىنىڭ سىزگە قانچىلىك بالايىئاپەت كەلتۈرگەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

مانا مۇشۇ چاغدا، نازارەتچى كېلىپ ۋاقىتنىڭ توشقانلىقىنى

جاكارلايدۇ. سىز ئەلەملىك كەيپىيات ئىچىدە دۆۋە - دۆۋە ئەخـ
لەتلەرنى بىر بۇلۇڭغا تېپىپ چىقىرىۋېتىپ ئۆيگە قايتىپ كېتىدـ
ـىسىز.

كالليىڭىزدا ئىختىيارسىز، پروفېسسورلارنىڭ
ماقۇللۇقىمىزنى ئالمايلا بۇنداق سوئاللارنى چىقىرىدىغان مۇقەدـ
دەس ھوقۇقىنى بىكار قىلىش كېرەك، دېگەنگە ئوخشاش ئىنقىلاـ
بىي ئوي - خىيال پەيدا بولىدۇ.

مۇشۇ بابنىڭ ئاخىرىدا ئىشلەتكەن بەزى ئوبرازلىق ئوخشىـ
تىشلىرىم بەلكىم كىشىلەرگە كۆلكىلىك تۇيۇلغاندۇ. چۈنكى،
فار فۇر بۇيۇملار دۇكىنىغا كىرىپ قېلىپ، مۆلدۈر كەبى ھۇـ
جۇمغا ئۇچرىغان ئۆكۈز، ۋەھشىي قىياپەتلىك ئالۋاستى - جىنلار
دېگەنلىرىم پەقەتلا قاملاشماپتۇ. مانا بۇگۈن بۇلارمۇ مېنى مەسخىـ
ـرە قىلىۋاتىدۇ. بىراق، شۇ چاغدا ئىشلەتكەن سۆزلىرىم كۆڭـ
لۈمنى ھەقىقىي يوسۇندا تەسۋىرلەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ
مەسخىرىلەرگە پەرۋامۇ قىلمايمەن. پەقەت ئالىي مەكتەپكە بولغان
قارىشىم ئاللىقاچان ئۆزگەردى دەپ تەنتەنىلىك يوسۇندا جاكارلايـ
ـمەن، خالاس.

دېكلىف ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىشتىن بۇرۇن، مەن ئالىي
مەكتەپ تۇرمۇشى ئۈستىدە ئىنتايىن رومانتىك تەسەۋۋۇرلارنى
قىلغانىكەنمەن. بىراق، بۈگۈنگە كەلگەندە رومانتىزملىق بۇ نۇر
چەمبىرەكلىرى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى. لېكىن، رومانتىـ
كىدىن رېئاللىققا ئۆتۈش جەريانىدا، نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى
ئۆگىنىۋالدىم. ئەگەر مۇشۇ مەزگىلدىكى ئەمەلىيەت بولمىغان
بولسا، مەن بۇلارنى پەقەتمۇ بىلمەي ئۆتەركەنمەن. مەن ئۆگىنىـ
ۋالغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنىڭ بىرى سەۋرچانلىق. بىز تەربىـ
يە ئالغاندا، بەئەينى يېزىدا سەيلە قىلغان چاغدىكىدەك ئۆزىمىزنى
ئەركىن ئازادە، بوش بىكار، بىمالال، كۆڭۈل - كۆكسىمىزنى
كەڭ تۇتۇپ، ھەممىنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

بۇ تەرىقىدە قوبۇل قىلىنغان بىلىم ئۈنسىز كەلگەن كەلكۈن كەبى ھەر تۈرلۈك چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئىزسىز، شەكىلسىز يۇسۇندا قەلب ئېتىزىمىزغا سىڭدۈرىدۇ. «بىلىم كۆچتۈر». بىز بىلىم بەختتۇر دېسەك توغرا بولىدۇ. چۈنكى، كەڭ ھەم چوڭقۇر، مۇكەممەل بىلىم بولغاندىلا، چىن بىلەن ساختىنى ئايرىيالايمىز، يۇقىرى بىلەن تۆۋەننى پەرق ئېتەلەيمىز. ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ نامايەندىسى بولغان تۈرلۈك ئىدىيە ۋە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى ئىگىلىگەندە، ئاندىن ئالەم بىنا بولغاندىن كېيىنكى تارىختىن بۇيانقى ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ تومۇرىنى تۇتالايمىز. بۇنداق تومۇرلاردىن ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناب غايە - ئارزۇسىنى بىلەلمىگەن ئادەم ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ مۇزىكىسىنى زادىلا ئۇقمايدۇ.

*ئەڭ كۆڭلۈمدىكىدەك راھەت بېغىم ئەدەبىيات، بۇ راھەت باغدا مەن جىمىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىمەن. چۈنكى، ھېسسىيات جەھەتتىكى ھەرقانداق بىر توسالغۇ مېنى ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن توسۇيالمايدۇ.*

## ئىدىيىۋى ئۇتوپىيە

ھازىرغا كەلگۈچە، مەن ئۆز ھاياتىمنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۈم، ئەمما نەقەدەر كىتابخۇمارلىقىمنى تېخى كۆپچىلىككە ئېيتىپ بەرمىدىم. باشقىلار بىلىمنى ئاڭلاش، كۆرۈش ئارقىلىق ئالغان بولسا، مەن پۈتۈنلەي كىتابقا تايىنىپ ئالغانلىقىم ئۈچۈن، كىتابقا مەن ئادەتتىكى كىشىلەردىن كۆپرەك تاياندىم. شۇڭلاشقا، ئەمدى گەپنى كىتاب ئوقۇشتىن باشلايمەن.

تۇنجى قېتىم مۇكەممەل بىر ھېكايىنى ئوقۇغان ۋاقتىم 1887 ـ يىلى 5 ـ ئاي بولۇپ، شۇ چاغدا يەتتە ياشقا كىرگەنىدىم. شۇنىڭدىن تارتىپ مانا ھازىرغىچە قولۇمغا چىققانلىكى كىتابنىڭ ھەممىسىنى قويماي ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن.

مەن باشتا كۆپۈنكى مەتبەلىك كىتابلارنى ئوقۇدۇم. كىتاب ئامبىرىدىكى بارى يوق كىتاب بىر يۇرۇش ساۋات چىقىرىش ئوقۇشلۇقى، بىر يۇرۇش باللار ھېكايىلىرى ۋە يەر شارى بايان قىلىنغان «بىزنىڭ دۇنيايىمىز» دېگەن كىتاب ئىدى. ئۇلارنى مەن تاكى سىلاۋىرىپ خەتلىرى ئۆچۈپ ئوقۇيالمىغۇدەك بولغانغا قەدەر ئوقۇدۇم. بەزى چاغلاردا، سۇللىۋان خېنىم مېنى چۈشىنەلەيدۇ، دەپ قارىغان ھېكايە، شېئىرلارنى قولۇمغا يېزىپ «ئو-

قۇپ» بېرەتتى. ئەمما، مەن باشقىلار ئوقۇپ بەرگەنگە قارىغاندا ئۆزۈم ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. چۈنكى، ماڭا ياققان كىتابنى قايتا - قايتا ئوقۇپ ھۇزۇر ئېلىشنى بەك ياقتۇراتتىم.

ئەمەلىيەتتە، مەن تۇنجى قېتىملىق بوستون سەپىرىدە ھەقىقىي يوسۇندا كىتاب ئوقۇدۇم. مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىرىم ھەر كۈنى مەلۇم ۋاقىت چىقىرىپ كۇتۇپخانىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇشۇمغا رۇخسەت قىلغانىدى. شۇڭا، كۇتۇپخانىدا سىلاپ يۈرۈپ قولۇمغا چىققان كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ، كىتابلاردىكى خەتلەرنىڭ قانچىلىكىنى ئوقۇيالايمەن، ئوقۇغانلىرىمنى چۈشىنەلەمدىمەن، دېمەي ئوقۇپ كېتىۋېرەتتىم. مېنى يېزىق بەكلا مەھلىيا قىلىۋالغاچقا، زادى نېمە ئوقۇۋاتىمەن، دېگەنلەر بىلەن پەقەتلا كارىم بولمايتتى. ئۇ چاغلاردا خاتىرەم ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، مەنىسىنى ھەقىقىي يوسۇندا چۈشەنمىسەممۇ نۇرغۇن سۆز - جۈملىلەرنى ئېسىمدە تۇتۇۋالغانىدىم. كېيىن مەن سۆزلەشنى ۋە يېزىشنى ئۆگەنگەن چاغلاردا، بۇ سۆز - جۈملىلەر تەبىئىي يوسۇندا ماڭا ئەسقاتتى. سۆز - جۈملىلەرگە بۇنچىۋالا بايلىقىم دوستلىرىمنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. چالا - بۇلا بولسىمۇ (ئۇ چاغلاردا بىر كىتابنى باشتىن ئاخىر ئوقۇمايتتىم) نۇرغۇن كىتابلارنى، كۆپلىگەن شېئىرلارنى ئوقۇدۇم. «كىچىك گراف فوندنو» ناملىق كىتابنى كۆرگەندە، ئاندىن ئۇنى تۇنجى قېتىم قىممەتى بار كىتاب ئورنىدا كۆرۈپ تولۇق ۋە چۈشىنىپ ئوقۇدۇم.

سەككىز ياش ۋاقتىم، بىر كۈنى سۇللىۋان خېنىم مېنىڭ كۇتۇپخانىمنىڭ بىر بۇلۇڭىدا «قىزىل خەت» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇرغىنىمنى كۆرۈپ قالدى. مەندىن كىتابتىكى پېلنى ياقتۇرغان - ياقتۇرمىغانلىقىمنى سورىدى. بىلمىگەن خەتلەرنى، ۋە مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدى. ئاندىن، بىر ئوغۇل بالا تەسۋىرلەنگەن بىر كىتاب بار، بەك ياخشى، ئۇنى ئوقۇسىڭىز «قىزىل خەت» تىن كۆپ ئېسىلكەن دەيسىز، دېدى. بۇ كىتاب-

نىڭ نامى «كىچىك گراف فوندنو» ، ئۇنى سىزگە يازدا ئوقۇپ بېرەي دىدى. ئەمما، بۇ كىتابنى بىز 8 ـ ئايدا ئوقۇدۇق.

بۇنداق بولۇشى، دېگىمىز بويىغا بارغان دەسلەپكى نەچچە ھەپ-تىدىكى نۇرغۇن يېڭىلىقلار، قىزىقارلىق ئىشلار بىلەن بۇ كىتاب خىيالىمدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتتى. كېيىن مۇئەللىم بوستونغا دوستلىرىنى يوقلىغىلى كېتىپ، بىر مەزگىل يېنىمدا بولمىدى.

ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىلغان بىرىنچى ئىشىمىز «كىچىك گراف فوندنو» ناملىق كىتابنى ئوقۇش بولدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئۇ 8 ـ ئاينىڭ ناھايىتى ئىسسىق بولغان بىر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى چاغ ئىدى. بىز چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۆيگە يېقىن يەردىكى يوپۇرماقلىرى توق يېشىل ئىككى تۈپ قارىغاي ئوتتۇرىسىدىكى ئاسما كارىۋاتتا ئولتۇردۇق. سۇللىۋان خېنىم يوق چاغلاردا ئادەم ئولتۇرمىغاچقا، كارىۋات قارىغاي يو-پۇرماقلىرى بىلەن توشقانىكەن. چۆپلۈكتىن ئۆتكۈچە كىيىملىرى-مىزگە نۇرغۇن چېكەتكە چاپلىشىۋالدى. ئۇنىڭ چېكەتكىلەرنى پۈتۈنلەي تازىلىۋېتىپ ئاندىن ئولتۇرىمىز دەپ تۇرۇۋېلىۋالغىنى، مېنىڭ بۇ بىر خىل بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دېگىنىم ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئىسسىق قۇياش تەپتىدە ھاۋادىن قارىغاينىڭ مەززىلىك ھىدى كېلەتتى.

سۇللىۋان مۇئەللىم كىتابنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئومۇمىي مەزمۇننى بىر قۇر سۆزلەپ بەردى. ئوقۇش جەريانىدا خام خەت-لەرنى ئۈزۈلدۈرمەي چۈشەندۈرۈپ ماڭدى. باشتا خام خەتلەر كۆپ بولغانلىقتىن، بىردەم ئوقۇپ، بىردەم توختىدۇق. مەن ھېكايە ۋەقەلىكىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن بولسا، ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىراپ كېتىپ خام خەتلەر بىلەن كارىم بولمىدى. سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىنمۇ بىزار بولدۇم. ئەمما، ئۇ بارماقلىرى تېلىپ كېتىپ، ئارام ئېلىشقا توختىغاندا، مەن تاقەت قىلالماي كىتابنى قولۇمغا ئېلىپ

www.uyghurkitap.com

سىلاپ ئوقۇپ كەتتىم. بۇ تەقەززالىق كەيپىياتىمنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇيالمايمەن.

ئاننا نوتېس ئەپەندى بۇ قىزغىنلىقىمدىن تەسىرلىنىپ، بۇ كىتابنى كۆپۈنكى مەتبەدە باستۇرۇپ بېرىشۈندى، ئوقۇۋېرىپ ياد بولۇپ كەتتى. «كىچىك گراف فوندنو» بالىلىق دەۋرىمدىكى ئەڭ يېقىن دوستۇم بولدى. بۇ ئىشلارنى بۇنچە ئەزۋەيلەپ يېپىدىن - يېڭىنىسىغىچە يېزىپ كېتىشىمدىكى سەۋەب شۇكى، ئىلگىرى مەن كىتابنى مۇنداقلا ئوقۇپ قوياتتىم. بىر كىتابنى بۇ قەدەر بېرىلىپ، كىرىشىپ ئوقۇپ چىقىشىم بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئىدى.

مۇشۇ كىتابنى ئوقۇشقا كىرىشكەندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە، مەن ئۆيدە ۋە بوستۇن سەپەرلىرىدە كۆپ كىتابلارنى ئوقۇدۇم. ئەمما ئۇ كىتابلارنىڭ ئىسمىنى، ئاپتورىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. قايسى كىتابنى بۇرۇن، قايسىسىنى كېيىن ئوقۇغانلىقىمنىمۇ ئەسلىيەلمىدىم. ئېسىمدە قالغانلىرىدىن: «يۇنان قەھرىمانلىرى»، «لاخونتايىنې مەسەللىرى»، خاۋتورنىنىڭ «ھېكمەتلىك كىتاب» ۋە «ئىنجىل قىسسىلىرى»، رامىنىڭ «شاجەمەتى قەسرىدىكى ئىشلار»، دىككېنسنىڭ «ئەنگلىيە تارىخى - بالىلار نۇسخىسى» ناملىق كىتاب، ئۇنىڭدىن باشقا «مىڭ بىر كېچە»، «شۋېتسارىيە ئائىلىسىدىكى روبىنزون»، «سامان يولى مۇساپىسى»، «روبىنزوننىڭ ساياھىتى»، «چوكان»، «ھەيدى» لار بار. «ھەيدى» بەك ئېسىل ھېكايە، مەن كېيىن ئۇنىڭ نېمىسچە نۇسخىسىنى ئوقۇدۇم. مەن ئوقۇش ۋە ئويۇن تاماشا ئارىلىقلىرىدا بۇ كىتابلارنى ئوقۇدۇم ۋە ئوقۇغانسېرى قىزىقىپ كىرىشىپ كەتتىم.

بىراق، ئۇلارنىڭ يېزىلىشى ياخشى ياكى يامان بولسۇن، ژانىرى ۋە ئاپتورىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولسۇن، مەن بۇ كىتابلار ئۈستىدە تەتقىقات ۋە تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقمىدىم. پەقەت ئاپتور-

لار ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر ئۈنچىلىرىنى گويا قوبۇل قىلىڭ دەپ ماڭا قۇياش نۇرىنى ۋە دوستلۇق، مېھىر - مۇھەببىتىنى تۇتقاندەك، يېزىق شەكلى بىلەن ئالدىمغا تۆكتى. مەن بۇ قىممەت باھا دۇردانىلەرنى قوبۇل قىلدىم، خالاس.

«چوكان» ماڭا بەك ياراپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ماڭا كۆزى، قىلىقى نورمال بالىلاردا بولىدىغاندەك ئىدىيە ۋە ھېس تۇيغۇنى ھېس قىلدۇردى. ھاياتىمدا چوڭ ئېۋەن بولغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى دۇنيا ئۇچۇرلىرىنى مەن كىتابلاردىن ئىزدىدىم.

«ساما يولى مۇساپىسى»، «مەسەللەر» بىلەن خۇشۇم چىققىمىدى. دەسلەپ «لافونتاينىڭ مەسەللىرى» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئوقۇدۇم. كېيىن فرانسۇزچە ئەسلىي نۇسخىسىنى ئوقۇدۇم، ھېكايە ۋەقەلىكى جانلىق، تىلى ئىخچام بولغىنى بىلەن مەندە پەقەتمۇ قىزىقىش قوزغىتالمىدى. كونكرېت سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ، نېمىشقىدۇر ھايۋانلارنى ئادەملەشتۈرۈپ ئىپادىلەش شەكلى مېنى پەقەتلا قىزىقتۇرالمىدى، شۇڭا، مەسەللەرنىڭ تېگىگىمۇ دېگەندەك يېتەلمىدىم.

يەنە كېلىپ لافونتاينىڭ ئەسەرلىرى ئىنسانلارنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى جانلاندۇرالمىغان، ئۇ ئادەملەردىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە ئۆزىنى سۆيۈش ۋە ئىدراك دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە باشتىن - ئاخىر شەخسلەرنىڭ ئەخلاق مەنبەسى پۈتۈنلەي ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆنى ئىدراك بىلەن باشقۇرۇش ۋە ماڭغۇزۇش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، ھەقىقىي بەختنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ دېگەن ئىدىيىۋى مەزمۇن سىڭدۈرۈلگەن. مېنىڭ قارىشىمچە بولسا، شەخسىيەتچى مۇھەببەت يەنىلا جىمىكى رەزىللىكنىڭ مەنبەسى. بەلكىم مەن خاتالاشقاندۇرمەن، ئەلۋەتتە. چۈنكى، لافونتاينىنىڭ ئىنسانلارنى چۈشىنىشى ۋە كۆزىتىشى مېنىڭكىدىن مول ۋە چوڭقۇر. بۇنداق دېگىنىم ھەرگىزمۇ مېنىڭ ساتىرىك مەسەللەرگە قارشى ئىكەنلىكىمدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ ئادرېسى

شۇنداقتىمۇ، مەن بۈيۈك ھەقىقەتنى مايمۇن بىلەن بۆرىنىڭ تەش-ۋىق قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق دەپ ھېسابلايمەن.

مەن ھايۋانلار پېرسوناژ قىلىنغان مەسەل - چۆچەكلەرگە قارىغاندا، «ئورمان كىتابى» ، «مەن چۈشىنىدىغان ياۋايى ھايۋان-لار» دېگەندەك كىتابلارنى بەكرەك ياقتۇرىمەن. چۈنكى، ئۇلار ئادەملەشتۈرۈلمىگەن ھەقىقىي مەنىدىكى ھايۋانلار، شۇڭا مەن ئۇلار ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلار نەپرەتلەنگەنگە مەنمۇ نەپرەتلىنىمەن. ئۇلارنىڭ قۇۋۇلۇقلىرى مېنى ئۈچەيلىرىم ئۈزۈلۈپ كەتكۈدەك قاتتىق كۈلدۈرىدۇ، پاجىئەلىك سەرگۈزەشتى-لىرى بەزىدە ئېچىندۇرۇپ ياش تۆككۈزىدۇ. بۇلاردىمۇ مەسەلگە ياتىدىغان نۇرغۇن چوڭقۇر مەنىلەر بار، لېكىن بەكمۇ يوشۇرۇن بولغاچقا، ئادەم ئاسان سېزىۋالالمايدۇ.

مەندە يەنىلا تارىخقا قارىتا بۆلەكچە بىر خىل ھەۋەس بار. يۇنان مېنى بىر خىل سىرلىق مەپتۇن قىلىش كۈچى بىلەن ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالدى. تەسەۋۋۇردىكى دۇنيادا، ئەرشتىكى تەڭرىلەر يەر يۈزىدە مېڭىپ يۈرۈشىدۇ، ئادەملەر بىلەن يۈز تۇرانە تۇرۇپ سۆزلىشىدۇ.

تەپەككۇرۇمنىڭ ئېچكىرىسىدىكى مۇقەددەس قەسىرىمدە مەن ھېلىمۇ ئەڭ ئېزىزلەيدىغان تەڭرىلىرىمگە ئېتقاد قىلىمەن. يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئايال تەڭرىلەر، قەھرىمانلار، يېرىم ئىلاھ، يېرىم ئادەملەر بىلەن ئوبدان تونۇش بولۇش بىلەنلا قالماي، يەنە ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ياق، ھەممىسىنىلا ئەمەس، مېدىيە بىلەن ئارسون تولىمۇ شەپقەتسىز، بەكمۇ ئاچ كۆز، قىلغانلىرىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ، مەن تەڭرىنىڭ نېمىشقا ئۇلارغا شۇن-چىۋالا يامان ئىشلارنى قىلغۇزغانلىقى، يامانلىقلىرىنى قىلىپ بولغاندا، ئاندىن جازالىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. بۇنى تا ھازىرغىچە ئاڭقىرالمايۋاتىمەن.

كويىقاپتىن چىقتى جىنلار شادلاندى،
تەڭرى كۆردى ئەمما كۆرمەسكە سالدى.

«ئىلىيادا» ئېپوسى يۇناننى كۆزۈمگە جەننەت قىلىپ كۆرسەتتى. ئەسلىي نۇسخىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرىمۇ ترويا ئۇرۇشىنى سۇدەك پىششىق بىلەتتىم. قەدىمكى گرېك تىلى (يۇنان) گراماتىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، يۇنان مەدەنىيىتى مىراس بايلىقلىرى بىراقلا مانا مەن دەپ كۆزگە تاشلاندى. مەيلى ئىنگلىزچىسى ياكى يۇنانچىسى بولسۇن، بۈيۈك شېئىرىي سەھىپىلەر سىز بىلەن ھەمنەپەس بولىدۇ، باشقىلارنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئەكسىچە كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ زورمۇزور قۇراشتۇرۇپ چىققان مۇلاھىزە ۋە باھالىرى بىلەن بۇ بۈيۈك ئەسەرلەرنىڭ ئەھمىيىتىنى بۇرمىلىۋەتتى. ئەگەر ئۇلار بۇ ئاددىي ھەقىقەتنى بىلسە نەقەدەر ياخشى بولار ئىدى - ھە!

ياخشى بىر شېئىردىن زوق ئېلىشقا ئۇنىڭدىكى ھەربىر خەتنى ئېنىق بىلىۋېلىش، شۇنداقلا ئۇنىڭدىكى مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىسنىڭ تەۋەلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىلىملىك ئۇ پروفېسسورلارنىڭ «ئىلىيادا» ئېپوسىدىن قېزىپ ئېلىۋالغان نەرسىلىرى مېنىڭكىدىن خېلىلا جىق، لېكىن بۇنىڭغا كۆزۈم قىزارمايدۇ، چۈنكى مەن باشقىلارنىڭ ئۆزۈمدىن ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىمغا ئېلىپ كەتمەيمەن. سەۋەب، ئۇلارنىڭ بىلىمى ھەرقانچە كەڭ ۋە چوڭقۇر بولغىنى بىلەن، بۇ شانلىق ئېپوستىن زادى قايسى دەرىجىدە زوق ئالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ، ئەلۋەتتە. بۇنى مەنمۇ ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. ھەر قېتىم «ئىلىيادا» نىڭ ئەڭ قالتىس سەھىپىلىرىنى ئوقۇغىنىمدا، روھىم كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك، تار تۇرمۇش دائىرەمدىن چىقىپ شەكلىم ۋە ئۇستىخانلىرىمنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەك، كەڭ، بىپايان سامادىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈر-

گەندەك سېزىمەن.

«ئىسۇد» «ئىلىيادا» غا يەتمىسىمۇ، ماڭا بەك ياقتى. مەن بۇ ئېپوسنى لۇغەت ۋە شەرھلەرگە تايانماي مۇستەقىل ھالدا ئوقۇپ چۈشىنىشكە تىرىشتىم ھەمدە ماڭا ھەممىدىن بەك ياراپ كەتكەن سەھىپىلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. ۋېرگىل پېرسوناژلارنى تەسۋىرلەشكە شۇنچىلىك قالتىس ئۇستا ئىكەنكى، ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى شادمان، غەزەپكە كەلگەن، خۇشال ۋە خاپا تەڭرىلەر بىلەن ئادەتتىكى ئىنسانلارغا ئېلىزابىت دەۋرىنىڭ چۈمپەردىسى يېپىلغاندەك بىلىنىدۇ. «ئىلىيادا» دىكى تەڭرىلەر ۋە ئادەتتىكى ئادەملەر خۇشال ھالدا ئۇسسۇل ئوينايدۇ ۋە ناخشا ئېيتىدۇ. ۋېرگىل قەلىمى ئاستىدىكى پېرسوناژلار ئىنتايىن سىپايە، مۇلايىم، بەئەينى ئايدىڭدا كۆرۈنگەن ئاپوللونىڭ مەرمەر ھەيكىلىگە ئوخشايدۇ. ۋاھالەنكى، ھومىر قۇياش نۇرىدا يالتىرىغان چاچلىرى مەيىن شامالدا بوش ئۇچۇۋاتقان، كېلىشكەن، قاۋۇل، تېتىك ئۆسمۈر.

كىتابتا «يۇنان قەھرىمانلىرى» بىلەن «ئىلىيادا» ئارىسىدا يېرىم كۈنگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇچۇپ يۈرمەك ناھايىتى ئاسان بولغان بىلەن، ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ئىچىدىكى يول ئۇنداق ئاسان، كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، باشقىلار دۇنيانى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ بولغاندا، مەن بىچارە گرامماتىكا ۋە لۇغەت ئارىسىدىكى يوللاردا ئېزىپ، چارچاپ مادارسىزلانغان ياكى قورقۇنچلۇق تۇزاققا چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان بولۇشۇم مۇمكىن. بۇ تۇزاقنىڭ نامى ئىمتىھان بولۇپ، ئۇ مەكتەپ مەخسۇس بىلىم ئېلىشقا ئىنتىلگەن ئوقۇغۇچىلار بىلەن قېرىشىپ چىقارغان نەرسە. «ساما يولى مۇساپىسى» نگە ئوخشاش، ئاخىر ئېسىل مەنزىرە ئىچىگە كىرىپمۇ بارارمەن. يولدا ئاندا - مۇندا، ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىلەر، كۈتۈلمىگەن جەلپكار جايلار ئۇچراپمۇ قالار، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يول بەك، بەك ئۇزاق.

www.uyghurkitap.com

«ئىنجىل» بىلەن خېلى بۇرۇنلا ئۇچراشتىم. ئەمما، مەزمۇنىنى دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىدىم. خېلى ئۇزاق مەزگىلچە قەلبىم ئۇنىڭ ئاجايىپ سىرلىق ماسلىقىنى قوبۇل قىلالمىدى. ھازىر ئويلاپ قارىسام بۇنىڭدىن ئاز - تولا ھەيران بولىمەن.

ئېسىمدە قېلىشىچە، يامغۇرلۇق بىر يەكشەنبە كۈنى، ئەتىگەندە بىكار بولۇپ قېلىپ، نەۋرە ھەدەمدىن «ئىنجىل قىسسىلىرى» دىن بىرەر ھېكايە ئوقۇپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. مېنى بۇنداق ھېكايىلەرنى چۈشەنمەيدۇ دەپ قارىسىمۇ، ئۇ يەنىلا قولۇمغا يېزىپ، يۈسۈپ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ ھېكايىسىنى ئوقۇپ بەردى. دەرۋەقە ھېكايە مېنى قىزىقتۇرالمىدى. غەلىتە گەپلەر ۋە ئۆزلۈكسىز تەكرارلىنىشلار ئادەمگە بۇ ھېكايە چىن ئەمەستەك تۇيغۇ بېرەتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئەرشتە بولۇۋاتقان ئىشلار ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپنىڭ قېرىنداشلىرى ھەر ياڭزا كىيىملەرنى كىيىپ ياقۇپنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئۇنىڭغا يالغان ئېيتىدىغان يېرىگە كەلمەي تۇرۇپلا پۈشۈلداپ ئۇخلاپ كەتتىم.

«ئىنجىل» دىكى قىسسىلەرگە قارىغاندا يۇنان ھېكايىلىرىنىڭ مېنى نېمىشقا بەكرەك قىزىقتۇرغانلىقىنى ھېلىغىچە تازا بىلەلمىدىم. بەلكىم بۇ بوستۇندىكى ۋاقتىمدا گرېتسىيىلىك بىر قانچىسى بىلەن تونۇشقانلىقىم ۋە ئۇلار سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىدىن، ئەكسىچە، بىرمۇ ئېبراي ياكى مىسىرلىقنى ئۇچراتمىغاچقا، ئۇلار چوقۇم بەدەۋىلەر، ئۇلار ھەققىدىكى قىسسىلەرنىمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار توقۇپ چىققان دەپ ھۆكۈم قىلغانلىقىمدىن بولغاندۇ، شۇڭلاشقا ماڭا «ئىنجىل» دىكى ئىسىملار ۋە تەكرار بايان قىلىش شەكلى بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئەكسىچە، گرېكلارنىڭ ئىسمى پەقەتمۇ غەيرىي بىلىنمەيدۇ.

ئۇنداق بولسا، مەن كېيىن قانداق بولۇپ «ئىنجىل» دىن چاقنىغان شانلىق نۇرنى بايقىدىم؟ كۆپ يىللاردىن بۇيان، «ئىن-

جىل» نى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، قەلبىمدە بىرخىل شادلىق، مايا-
جان ۋە ئىلھام كۈنسېرى ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىتاب
بارا - بارا ئەڭ ئامراق، ئەتىۋارلىق كىتابىمغا ئايلاندى. بىراق،
مەن «ئىنجىل» نى قارا قويۇق قوبۇل قىلالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن
ئۇنى بىرەر قېتىممۇ باشتىن ئاياغ ئوقۇپ چىقمىدىم. «ئىنجىل»
نى پەيدا قىلغان تارىخىي مەنبەنى خېلىلا كۆپ چۈشەنگەندىن كې-
يىنمۇ مەندىكى بۇ خىل تۇيغۇ كېمەيمىدى. مەن ۋە خوۋېس
ئەپەندى ئىككىمىز ئوخشاش تۇيغۇدا بولۇپ، «ئىنجىل» دىن
بارلىق رەزىل ۋە بەدۆى نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش كېرەك،
دەپ قارايتتۇق. ئەمما، بۇ بۈيۈك ئەسەرنى جانسىز، ئەمەسلا بىر
نەرسىگە ئۆزگەرتىپ قويۇشقىمۇ قارشى ئىدۇق.

«ئەھد ئەتىق» (تەۋرات) تىكى «ئېسنامە» نىڭ سەھىپىلى-
رى ئاددىي، ساپ، ئېنىق، راۋان بولۇپ، كىشىنى بەكمۇ قىزىقى-
تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئېسسىنىڭ رەزىل ئېرىگە يۈزلەنگەندىكى كۆرۈ-
نۈش كۈچلۈك دراماتىك تۈسكە ئىگە. ئۇ ھاياتىنىڭ قارشى تەرەپ-
نىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنىڭ، ئۆزىنى ھېچقانداق ئادەمنىڭ قۇتقۇ-
زۇۋالالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئاياللارغا
(مەزلۇملارغا) خاس ئاجىزلىقى، قورقۇنچاقلىقىنى يېڭىپ، با-
تۇرلۇق بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئالىيجاناب مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسى ئۇنىڭغا ئىلھام بەخش ئېتىدۇ، يۈرىكىدە بولسا: «ئەگەر
ئۆلسەم، مەنلا ئۆلەي! ئەگەر ھايات قالسام خەلقىم ھايات قالى-
دۇ» دېگەن بىرلا ئىستەك ياڭرايدۇ.

لۇد قىسسىلىرى سىرلىق شەرق تۈسىگە باي بولۇپ، ئۇنىڭدا
ئاددىي يېزا تۇرمۇشى بىلەن ھەشەمەتلىك پارس پايتەختى ئارىسىدا
روشەن سېلىشتۇرما شەكىللەندۈرۈلگەن. لۇد ساداقەتمەن، سىپا-
يە، مۇلايىم، ئۇنىڭ زىرائەت يىغىۋاتقان دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە
يەلپۈنۈپ تۇرغان بۇغدايلىقتا تۇرغان يېرىنى ئوقۇغاندا ئادەم ھايا-
جانلىنىپ، سۆيۈنۈپ كېتىدۇ. ئاشۇ جاھالەت، شەپقەتسىز زاماندا

ئۇنىڭ شەخسىيەتسىزلىكى ۋە ئالىيجاناب پەزىلىتى گويا قاراڭغۇ كېچىدە چاقنىغان يۇلتۇزلاردەك جاپاكەش ئاممىنىڭ قەلبىنى يورۇتىدۇ.

«ئىنجىل» ماڭا: شەكىللىك نەرسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، شەكىلسىز نەرسە مەڭگۈ ياشايدۇ، دېگەن چوڭقۇر بىر ھېكمەتنى بىلدۈردى.

مەن كىتاب ئوقۇشقا ئىشتىياق باغلىغاندىن تارتىپلا، شېكىسپىر ئەسەرلىرىنى ئىزچىل ياقتۇرۇپ كەلدىم. مەن لامبىنىڭ «شېكىسپىر قەسىرىدىكى ئىشلار» دېگەن كىتابىنى قاچانلاردىن باشلاپ ئوقۇغىنىمنى ئېنىق ئۇقمايمەن. بىراق، بىرىنچى قېتىم ئوقۇغاندىلا چوڭقۇر چۈشەنگەنلىكىم ۋە ھەيران قالغانلىقىملا ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. ماڭا ئەڭ قاتتىق تەسىر قىلغىنى «ماك پاتىس» بولۇپ، بىرلا قېتىم ئوقۇغىنىم بىلەن ئۇنىڭدىكى پېرسوناژلار ۋە ھېكايە ۋەقەلىكى خاتىرەمگە نەقىش بولۇپ ئورناپ كەتتى. خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كىتابتىكى ئەرۋاھلار ۋە پېرىخون ئايال چۈشۈمدە مېنى كۆپ پاراكەندە قىلدى. ھېلىقى خەنجەر ۋە ماك پاتىس خانىمنىڭ نازۇك قولىنى كۆرگەندەك بولاتتىم. خۇددى ھەسرەتكە پاتقان خانىش ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنگە ئوخشاش ھېلىقى قورقۇنچلۇق قان كۆز ئالدىمدا زاھىر بولاتتى.

«ماك پاتىس» نى تۈگىتىپلا «پادىشاھ لىر» نى ئوقۇدۇم. گروسېتىرىنىڭ كۆزى ئويۇلغان جايلارنى ئوقۇغاندا پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ، ئىچىمگە قورقۇنچ چۈشتى. شۇنچىلىك غەزەپلەندىمكى، ئوقۇشقا كۆڭلۈم تارتمىدى. يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سېلىپ، ئۆزۈنىڭچە جايىمدا قىمىرلىماي ئولتۇرۇپلا قالدىم.

چارلوت بىلەن شەيتان مەن بىرلا ۋاقىتتا ئۇچراتقان پېرسوناژ بولۇپ، سەللا ئېھتىيات قىلمىسام، نەزىرىمدە ئۇلار بىر گەۋدە بولۇپ كېتەتتى. ئىچ ـ ئىچىمدىن ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىيتتى. ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش نىيىتىگە كەلگەن تەقدىردى-

ـمۇ، ياخشى ئادەم بولالمايدىغانلىقى، چۈنكى ئۇلارغا ياردەم قىلـ
ـنى سۇنۇشنى ياكى ئۇلارغا ئۆزگىرىش پۇرسىتى بېرىشنى خالايدىـ
ـغان ئادەملەرنىڭ يوقلۇقىنى خىرە - شىرە ھېس قىلاتتىم.
بۈگۈنمۇ، ئۇلارنى ئىنتايىن رەزىل، مۇدھىش قىلىپ تەسۋىرلەش
قولۇمدىن كەلمىدى. مەندە تېخى چارلوت، يۇدا، ھەتتا ئىبلىسـ
ـتەك ئادەملەرمۇ بىر ئوبدان چاقنىڭ سۇنۇپ كەتكەن ئوقىغا
ئوخشايدۇ، ئۇنى ھامان بىر كۈنى ياساپ چىقىشىدۇ دەيدىغان بىر
خىل تۇيغۇ بار.

شېكىسپىر ئەسەرلىرىنى دەسلەپ ئوقۇغاندا، كۆپىنچە مەندە
كۆڭۈلسىز خاتىرىلەر قالاتتى. ئەكسىچە كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاـ
ـچىدىغان قىزىق تەسۋۋۇرغا باي سەھنە ئەسەرلىرىمۇ باشتا مېنى
تۇزۇك جەلپ قىلالمىغانىدى. بەلكى، بۇنىڭدىكى سەۋەب ئۇلاردا
بالىلىق تۇرمۇش خۇشاللىقلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلمىگەنلىكىدە بولـ
ـسا كېرەك. ھالبۇكى، «دۇنيادا ئەڭ ئۆزگىرىشچان، تېگىگە
يەتكىلى بولمايدىغان نەرسە بالىلارنىڭ تەسەۋۋۇرى بولۇپ، نېمىـ
ـنى ساقلاپ قېلىش، نېمىنى تاشلىۋېتىش كېرەكلىكىنى زادىلا
بىلىپ بولمايدىكەن».

شېكىسپىر دراملىرىنى كۆپ ئوقۇدۇم. ھەتتا بەزى جايلىـ
ـرىنى يادلاپمۇ ئالدىم. بىراق، ئۇنىڭ ئىچىدە قايسىسىنى بەك
ياقتۇرغىنىمنى پەقەتمۇ ئۇقالمىدىم. چۈنكى، ئۇلارغا بولغان ياقـ
ـتۇرۇشۇم كەيپىياتىمغا ئوخشاش ئۆزگىرىپلا تۇراتتى. شېكىسـ
ـپىرنى ياخشى كۆرەتتىم. بىراق، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوبزورـ
ـچىلارنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئوقۇشتىن بىزار ئىدىم. بۇ ئەسەرـ
ـلەرنى ئوبزورچىلارنىڭ شەرھلىرى بويىچە چۈشىنىشكە تىرىشىپ
كۆردۈم. بىراق، كۆپىنچە ئۈمىدسىزلىنىپ توختاپ قالدىم.
ھەتتا، ئىككىنچى بۇنداق ئوقۇمايمەن، دەپ قەسەممۇ قىلدىم.
كېيىن شېكىسپىرنى كىترىج ئەپەندى بىلەن بىرگە ئۆگەنگەندىن
كېيىن، بۇ ئويۇمنى بارا - بارا ئۆزگەرتتىم. بۈگۈنكى كۈنگە

كەلگەندە، مەن يالغۇز شېكىسپىر ئەسەرلىرىدىكىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان نەرسىنى ئوبدان چۈشەنمەيدىغان-لىقىمنى ئاخىر بىلىپ يەتتىم. قەۋەت - قەۋەت پەردىلەرنىڭ بىر - بىرلەپ ئېچىلىپ، تەپەككۇر ۋە گۈزەللىكنىڭ يېڭى دۇنياسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغانلىقىنى ئاجايىپ بىر خۇشاللىق بىلەن كۆردۈم.

مەن شېئىرلاردىن تاشقىرى، تارىخقىمۇ ئىنتايىن قىزىقات-تىم. شۇڭا، قولۇمغا چىققانلىكى تارىخى ئەسەرلەرنىڭ ھەممى-سىنى ئوقۇدۇم. ئاددىي، زېرىكىشلىك بولغان تۈرلۈك مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىسى، تېخىمۇ زېرىكەرلىك يىلنامىلەردىن تارتىپ گىلىننىڭ ئادىل، تەسىرلىك ئەسىرى «ئەنگلىيە مىللىتى تارىخى» غىچە، فرېماننىڭ «ياۋروپا تارىخى» دىن، ئېممېردوننىڭ «ئوت-تۇرا ئەسىر» گىچە بولغان تارىخىي كىتابلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئوقۇش دائىرەمگە كىردى. ماڭا تۇنجى قېتىم ھەقىقىي تارىخىي قىممىتى بار كىتاب سۈپىتىدە تەسىر قىلغىنى سۋىندوننىڭ «دۇن-يا تارىخى» دېگەن كىتابى بولدى. بۇ كىتابنى ئون ئىككى ياشقا تولغان تۇغۇلغان كۈنۈمگە سوۋغا سۈپىتىدە ئالغانىدىم. ھازىر ئۇ تىتىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئەتىۋارلىق بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. چۈنكى، مەن بۇ كىتابتىن ھەرقايسى مىل-لەتنىڭ يەر شارىدا قانداق تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقى ۋە شەھەرلەرنى بەرپا قىلغانلىقى، ئاز ساندىكى بۈيۈك ھۆكۈمرانلار (ئۇلار زېمىندىكى تانتالار) نىڭ قانداق قىلىپ ھەممىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئادەملەرنى بىر ئادەمنىڭ قولىغا قارانقانلىقى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئەدە-بىيات - سەنئەت جەھەتتە تارىخ تەرەققىياتىغا قانداق قىلىپ ئاساس سالغانلىقى، يول ئاچقانلىقى، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ يەنە قانداق قىلىپ مەدەنىيەتتە چىرىكلىشىش، چۈشكۈنلىشىش دول-قۇنلىرىنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئاندىن يەنە ئۆلمەس قۇشتا ئوخ-

شاش ئۆلۈپ بولۇپ قايتا تىرىلگەنلىكى، ئۇلۇغ ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالارنىڭ ئەركىنلىك، كەڭچىلىك قىلىش ۋە تەربىيىسىنى قانداق تەشەببۇس قىلغانلىقى، پۈتۈن دۇنيانى قۇتقۇزۇش يولىدا مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى يەڭگەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

ئالىي مەكتەپ دەۋرىمدە ئوقۇغان كىتابلاردىن فرانسىيە ۋە گېرمانىيىنىڭ بەزى ئەدەبىي ئەسەرلىرى بىلەن خېلى ئوبدان تونۇشتۇم. تۇرمۇش ۋە ئەدەبىياتتا گېرمانىيىلىكلەر ئۆزلىرىنىڭ كۈچىنى گۈزەللىكنىڭ ئالدىغا قويىدىكەن. ئۇلارنىڭ ھەقىقەت ئۈستىدىكى ئىزدىنىشى ئەنئەنىدىن ئېشىپ چۈشىدىكەن. گېرمانىيىلىكلەر ھەرقانداق بىر ئىشنى كۈچلۈك بىر خىل ھاياتى كۈچ بىلەن قىلىدىكەن. بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز باشقىلارغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، دەپ گەپ ساتقىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە گويا گالغا سۆڭەك تۇرۇپ قالغاندەك ئادەمنى غىقلا قىلىپ قويىدىكەن.

گېرمانىيە ئەدەبىياتىدا مەن پارلاق نۇرنى، ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆزىنى قۇربان قىلىشىدەك مۇھەببىتىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىدا كۆردۈم. گېرمانىيىنىڭ بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە دېگۈدەك مۇشۇ ئىدىيە سىڭدۈرۈلگەن. بۇ خۇسۇسەن گيوتىنىڭ «فائۇست» ناملىق ئەسىرىدە ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان فرانسىيە يازغۇچىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياقتۇرغىنىم لىئېر بىلەن راسىن بولدى. بالزاك بىلەن مېرىمېنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئادەمنى گويا دەممۇدەم سوققان دېڭىز شامىلىدەك ھۇزۇرلاندۇرىدۇ. ئالفرېد مۇسسېغا ئادەمنىڭ ئەقلى ھەيران! ئەدەبىيات جەھەتتە ھيوگونى بەكلا ياخشى كۆرۈپ كەتمىگەن بولساممۇ، ئۇنىڭ تالانتىغا، كۆزگە كۆرۈنگەن ئاجايىپ رومانتىزمچىلىقىغا تولىمۇ قول قويىمەن، ئاپىرىن ئوقۇيمەن. ئۇلۇغ شائىر، يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىيەتتىن ئىبارەت

مەڭگۈلۈك تېمىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ئىپادىلىگۈچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇلۇغ ئەسەرلىرى ئارقىلىق مېنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك دۇنياسىغا يېتەكلىدى.

بەك تولا سۆزلەپ كەتتىممۇ قانداق، ئەمەلىيەتتە مەن ئۆزۈم ئەڭ ياقتۇرىدىغان بەزى يازغۇچىلار ئۈستىدە سۆزلىدىم، بەلكىم كىشىلەر مېنى كىتاب ئوقۇش دائىرىسى ناھايىتى تار ئىكەن، دەپ قارىغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ بىر خىل خاتا تەسىرات. ئەمەلىيەتتە ھەر بىر يازغۇچىنىڭ ھۇزۇرلىنىشىغا ئەرزىيدىغان ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ. مەسىلەن، كارلىنىنىڭ قوپال، ئەسەبىيلىكى ۋە ساختىلىقتىن يىرگىنىشى، ۋالىسۋا سۇيىنىڭ جاھاندىكى ئادەملەر بىر گەۋدە دەپ كۆككە كۆتۈرۈشى ھەمدە ئېغۇدنىڭ غەلىتە، ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قەلىمى، خېررىكنىڭ نازۇك، نەپىسلىكى ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى نىلۇپەر ۋە ئەتىرگۈلنىڭ خۇش ھىدى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئوخشاشلا، ۋىتلىنىڭ قىزغىن، توغرا، ئادىللىقىنى، مارك تۋېننى — ئۇنى كىممۇ ياخشى كۆرمىسۇن — ياخشى كۆرۈپ قالدىم! مارك تۋېننى تەڭرىلەرمۇ ياخشى كۆرگەن ھەمدە ئۇنىڭغا مۇكەممەل ئەقىل پاراسەت ئاتا قىلغان، ئۈمىدسىزلىك تەرەپدارى بولۇپ قالمىسۇن، دەپ ئۇنىڭ قەلب ئېتىزىغا سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە ئېتىقادتىن ھەسەن - ھۈسەن كەشتىلەپ بەرگەن، ماڭا يەنە سكوتنىڭ كونا قېلىپقا چۈشمەسلىكى، ئاچچىق تىللىقى ۋە سەمىمىيلىكى ياقتى، مەن لۇئىغا ئوخشاش يازغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلب كۆلىدە ئۈمىدۋارلىق قۇياشىنىڭ تەپتىدىن مەيىن دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ. بەزىدە غەزەپ، بەزىدە ئاز تولا خەيرخاھلىق، ئېچىنىش ئارىلىشىپ كەلسىمۇ، ئەمما ئۇلار يەنىلا شاد - خۇراملىق، ئاق كۆڭۈللۈكنىڭ تۈگىمەس بۇلىقىغا ئايلىنىدۇ.

قىسقىسى، ئەڭ كۆڭلۈمدىكىدەك راھەت بېغىم ئەدەبىيات،

بۇ راھەت باغدا مەن جىمىكى ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىمەن. چۈنكى، ھېسسىيات جەھەتتىكى ھەرقانداق بىر توسالغۇ مېنى ئاپتورلار ۋە ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلار بىلەن ئالاقە قىلىشتىن توسۇيالمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

*مەن باشقىلار كۆزى بىلەن كۆرگەن نۇر - يورۇقلۇقنى مېنىڭ قۇياشىم دەپ، باشقىلار قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان مۇزىكىنى مېنىڭ كۈيۈم دەپ، باشقىلارنىڭ لېۋىدە جىلۋە قىلغان تەبەسسۇمنى مېنىڭ خۇشاللىقىم دەپ بىلىپ كەلدىم.*

## تۇرمۇشنىڭ پەيزىنى سۇرۇش

يۇقىرىدىكى بايانلىرىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كىتابخانلارنىڭ مېنىڭ بىردىنبىر قىزىقىشىمنى كىتاب ئوقۇش ئىكەن، دەپ خۇلاسە چىقارمايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەمەلىيەتتە مېنىڭ قىزىقىشىم بەكمۇ كۆپ ۋە خىلمۇخىل.

مەن ئېتىز داللاردا سەيلە قىلىش ۋە سىرتتا ھەرىكەت قىلىشقا بەكمۇ ئامراق. مەن قولۋاق ھەيدەش، سۇ ئۈزۈشنى كىچىككىنە بالا ۋاقتىمدىلا ئۆگىنىۋالغانمەن. دوستلار يوقلاپ كەلگەندە، ئۇلار بىلەن قولۋاق ھەيدەپ ئويناش خۇشاللىقىغا ھېچقانداق نەرسە يەتمەيدۇ. دەرۋەقە قولۋاقنى تىپتىنچ ھەيدەپ مېڭەلمەيمەن. نىشاننى سۇ چۆپلىرى ۋە نېلۇپەر ھەمدە قىرغاقتىكى ئوت - چۆپلەرنىڭ ھىدىغا ئاساسەن پەرق قىلىمەن. پالاقنى تاسما بىلەن پالاق ھالقىسىغا چىڭ باغلىۋالىمەن، پالاق كۈچىنىڭ تەڭ ياكى ئەمەسلىكىنى سۇنىڭ قارشىلىق كۈچىدىن بىلىۋالىمەن. ئوخشاشلا، قانداق ۋاقىتتا ئېقىمغا قارشى مېڭىشنى بىلىمەن. دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مۇستەھكەم قولۋاقنى ئىرادەم ۋە كۈچۈمگە بويسۇندۇرۇپ ھەيدەيمەن. قولۋاق قۇياش نۇرى جىمىرلاپ تۇرغان سۇ يۈزىدە يېنىك يۈرىدۇ. دولقۇنلار ئۇنى توختاتماستىن لەپپەڭشىتىدۇ. بۇ مەنزىرىدىن ئادەمنىڭ كۆڭلى كارامەت يايراپ كېتىدۇ.

مەن چاپما قېيىق ھەيدەشكىمۇ ئامراق، مەن چاپما قېيىقنى ئايدىڭدا ھەيدەشنى ياخشى كۆرىمەن، دېسەم بەلكىم ئۆپچىيىڭلار ئۆزۈلگۈدەك كۈلەرسىلەر. دەرۋەقە، مەن ئاينىڭ قارىغايلار كەينىدىن ئاسمانغا چىقىپ، ئاستاغىنا ئاسماننىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ زېمىنغا ئىللىق شولا تاشلىغانلىقىنى كۆرەلمەيمەن. بىراق، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولىمەن. ھېرىپ كەتسەم، قولۇمنى سۇغا چىلاپ ياتىمەن. بۇ چاغدا جاھاننى كۈندۈزدەك يورۇتقان ئاي نۇرىنىڭ يېنىمدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەندەك، ئاينىڭ نۇرلۇق كىيىملىرىنى تۇتقاندەك بولىمەن. ئاندا، ساندا يۇرەكلىكرەك بېلىقلار قوللىرىم ئارىلىقىدىن غىر قىلىپ ئۆتۈپ قالىدۇ، ياتما نېلۇپەر قوللىرىمنى ئۇياتچانلىق بىلەن سۆيۈپ قويىدۇ.

مەن پاراخوتقا ئولتۇرۇپ يىراقلارغا ساياھەت قىلىشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن. مەن 1901 ـ يىلى يازدا سىكوش پېرىم ئارىلىغا بارغاندا، دېڭىز مەنزىرىسىدىن تۇنجى قېتىم ھوزۇر ئالدىم. سۇللىۋان خېنىم ئىككىمىز ئېۋانگېلىننىڭ يۇرتىدا بىر قانچە كۈن تۇردۇق. لونگفېللوۋ بىر قانچە مەشھۇر شېئىرىدا بۇ يەرنى ماختاپ، بۇ يەرگە ئېيتقۇسىز سېھرىي كۈچ ئاتا قىلغانىدى. بىز يەنە خالىفاكسقا بېرىپ، يازنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدۇق. بۇ يەرنىڭ پورتىدا شۇنچىلىك كۆڭۈللۈك ئوينىدۇقكى، بەئەينى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك ھېسسىياتتا بولدۇق. پاراخوت بىلەن بىز بېدفوربېيسىن، مەكناب ئارىلى، يوكبىرويدات، نوسىۋېيشتئام قاتارلىق جايلارغا باردۇق، كارامەت ھېس ـ تۇيغۇلارغا چۆمدۇق. پورتلاردا ھەيۋەت چوڭ پاراخوتلار تىپتىنچ تۇراتتى. كېچىلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۈزۈپ ئۆتكەندە جانلار يايراپ كېتەتتى. بۇ كۆڭۈللۈك مەنزىرە پەقەتمۇ ئېسىمدىن چىقمىدى.

بىر كۈنى بىز جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان دەھشەتلىك بىر

ئىشقا يولۇقتۇق. غەربىي شىمالىي دېڭىز قولتۇقىدا قېيىق ھەي-
دەش مۇسابىقىسى ئۆتكۆزۈلدى. ھەرقايىسى ھەربىي پاراخۇتلارمۇ
مۇسابىقىگە قېيىق قاتناشتۇردى. كىشىلەر، شۇلار ئىچىدە بىزمۇ
يەلكەنلىك كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ كېلىپ مۇسابىقە كۆردۇق.
مۇسابىقە ۋاقتىدا دېڭىز دولقۇنسىز، تىپتىنچ بولۇپ، يەلكەنلەر
مەيىن شامالدا يېنىك دولقۇن ھاسىل قىلغانىدى. مۇسابىقە ئاياغ-
لاشقاندىن كېيىن، ھەممەيلەن كېمە - قېيىقلارنى ھەيدەپ ھەر
تەرەپكە تارقىلىپ ئۆيلىرىگە ماڭدى.

تۇساتتىن بىر پارچە قارا بۇلۇت يىراقتا پەيدا بولدى ۋە
بارا - بارا كۆپىيىپ قېلىنلىشىپ، بىردەمنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل
ئاسمانغا قارا پەردە يېپىلدى. ھەش - پەش دېگۈچە قاتتىق بوران
چىقىپ، دولقۇنلاردىن تاغلار ياسالدى. قېيىق - كېمىلەر دەرھال
ئارغامچىلارنى چىگىتتى. بىز گويا شامال كېمىدە ئولتۇرغاندەك،
بىردەم دولقۇنلار ئارىسىدا چۆرگىلەيتتۇق، بىردەم دولقۇننىڭ
شىددەتلىك ئىتتىرىشى بىلەن ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولات-
تۇق. بوران گۈركىرەيتتى، يەلكەن دارىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى،
يۇرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق سوقاتتى، قوللى-
رىم توختىماي تىترەيتتى. بۇ قورققانلىقىم ئەمەس، بەلكى رو-
ھىي جەھەتتە جىددىيلەشكەنلىكىمنىڭ ئىپادىسى ئىدى، خالاس!
چۈنكى، بىز تەۋەككۈلچىلىك روھىغا باي بولۇپ، ئۆزىمىزنى
شىمالىي ياۋروپادىكى دېڭىز قاراقچىلىرى دەپ تەسەۋۋۇر قىلات-
تۇق. كاپىتاننىڭ خەۋپ - خەتەرنى يېڭىپ چىقىدىغانلىقىغا ئى-
شىنەتتۇق. چۈنكى، ئۇ بەردەم قوللىرى ۋە دېڭىز دولقۇنلىرىنى
پىششىق بىلىدىغان ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تالاي بوران چاپقۇن،
خەۋپ - خەتەرلەردىن ئامان چىققانىدى. كېمىمىزگە يېقىنلاشقان-
دا، بارلىق كېمە - قېيىقلار سىگنال چېلىپ بىزگە سالام بېرەت-
تى. ماتروسلار ئالقىشلار ياڭرىتىپ، كېمىمىزنىڭ كاپىتانىغا
ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. بىز ئاخىر پرىستانغا يېتىپ كەلگەندە،

www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن قاتتىق توڭلىغان، قورسىقى ئاچقان، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەنىدى.

بۆلتۈر يازنى نيۇ ئېنگلاندىنىڭ مەنزىرىسى سۈرەتتىكىدەك گۈزەل، ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان، ئىنتايىن سۆيۈندۈرىدىغان تىنچ بىر يېزىسىدا ئۆتكۈزدۈم. ماسساچۇسېتستىكى لېنشامنى پېشانەمگە پۈتۈلگەن بىر جايدەك ھېس قىلىمەن. چۈنكى، ھاياتىمدىكى بارلىق خۇشاللىق ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇ جاي بىلەن باغلىنىپ كەتكەن. چامبىلىنىنىڭ قەدىم جاي، يەنى شاھ فىلىپ كۆلى بويىغا يېقىن قىزىل جاڭزا مېنىڭ ئۆيۈم بولۇپ قالدى. بۇ يەردە يېقىن دوستلىرىم بىلەن ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك چاغلار ۋە ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ھەربىر ئويلىسام قەلبىمدە مىننەتدارلىق تۇيغۇسى مەۋج ئۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى بالىلار مەن بىلەن ئىنتايىن يېقىن ھەمراھلاردىن بولۇپ كەتكەن ۋە ماڭا كۆپ ياردەم قىلغانىدى. بىز بىللە تۈرلۈك ئويۇنلارنى ئويناپتتۇق، قول تۇتۇشۇپ ئورمانلاردا سەيلە قىلاتتۇق، سۇ ئۈزۈپ كۆڭۈل ئاچاتتۇق. يېشى كىچىك بالىلار مېنى ئورىۋېلىپ ئۈنى، بۇنى دەيتتى. مەنمۇ ئۇلارغا جىنلار، قورقۇنچاقلار، قەھرىمانلار، ھىيلىگەر ئېيىقلارنىڭ ھېكايىسىنى ئېيتىپ بېرەتتىم. بۇ ئىشلار ھازىرغىچە كۆڭلۈمدە ئىللىق بىر سېزىم پەيدا قىلىدۇ.

چامبىلىنىس ئەپەندى مېنى دەل ـ دەرەخ ۋە ياۋا گۈللەرنىڭ سىرلىق دۇنياسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە يېتەكلەيتتى. كېيىن بېرىپ مەندە دەرەخ سۆيۈقلۇقلىرىنىڭ دەرەخلەر ئىچىدە ئېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، قۇياشنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئۈستىگە چۈشكەن پارلاق نۇرىنى كۆرۈۋاتقاندەك بىر سېزىم پەيدا بولدى.

مېنىڭچە ھەممىلا ئادەمدە بىرخىل يوشۇرۇن ئىقتىدار بولىدۇ. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن ئالەم بىنا بولغاندىن تارتىپ ئىنسانلار باشتىن كەچۈرگەن تەسىرات ۋە ھېس تۇيغۇنى چۈشىنىپ يېتەل-

مەيدۇ. ھەممىلا ئادەمنىڭ يوشورۇن ئىچىدا يەنە يىشىللىقتا پۈر-
كەنگەن بىپايان زېمىن، ئۆزۈلمەي ئېقىپ تۇرغان شەربەت سۇلار
ھەققىدە خاتىرىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. قارىغۇ، گاسلارمۇ ھەم
شۇنداق، شۇڭا ئۇلاردىكى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان
بۇ خىل تەبىئىي تالانتنى ھېچقانداق بىر ئادەم تارتىۋالالمايدۇ.
مىراس بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ خىل ئەقلىي ئىقتىدار بىرخىل
ئالاھىدە تۇيغۇ، يەنى ئاڭلاش، كۆرۈش، تۇتۇپ بېقىش ئىقتىدارى
ئۆزئارا سىڭىشىپ بىر گەۋدىگە ئايلانغان چېچەنلىك، خالاس.

لېنشامدىكى نۇرغۇن دوستلىرىم ئىچىدە بەكمۇ باراقسان،
ئېگىز بىر تۈپ كاۋچۇك دەرىخى بار بولۇپ، ئۇ قەلبىمدىكى
پەخرىم ئىدى. شۇڭا، مېنى يوقلاپ كەلگەنلىكى دوستلىرىمنى
باشلاپ بېرىپ، ئۇلارغا بۇ ئىمپېرىيە دەرىخىنى كۆرسىتەتتىم.
ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، شاھ فىلىپ كۆلى بويىدىكى تىك، خەتەر-
لىك قىيا ئۈستىدە پەلەككە بوي سوزۇپ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈپ
تۇرغان بۇ دەرەخ سەككىز يۈز ياكى مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە
ئىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، رىۋايەت قىلىنىپ يۈرگەن شاھ
فىلىپ، يەنى ئىندىئانلارنىڭ قەھرىمان ئاتامانى مۇشۇ دەرەخ
ئاستىدا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىكەن.

كاۋچۇك دەرىخىدىن بەكرەك مۇلايىم، سۆيۈملۈك يەنە بىر
دەرەخ دوستۇم قىزىل جاڭزا قورۇسى ئىچىدىكى فىكوس دەرىخى
ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، چاقماق چېقىپ گۈلدۈرماما
گۈلدۈرلەپ، شامال ئارىلاش يامغۇر ياغدى. بىر چاغدا كەينى تام
تەرەپتىن دەھشەتلىك گۈلدۈر ـ قاراس قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
بىرسى دەپ بەرمىگەن ئەھۋالدىمۇ، مەن فىكوس دەرىخىنىڭ ئۆ-
رۈلۈپ چۈشكەنلىكىنى بىلىپ يەتتىم. چىقىپ قارىسام، سانسىز-
لىغان بوران ـ چاپقۇن بىلەن غايەت زور جاسارەت بىلەن ئېلىشىپ
كەلگەن بۇ قەھرىمان دەرەخ ئاخىر كۈچ ئېلىشالماي يىقىلىپتۇ،
بۇنى كۆرۈپ ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى.

ئەمدى بۇلتۇر يازدىكى تۇرمۇشۇمغا قايتاي. سۇلىۋان مۇ-
ئەللىم بىلەن مەن ئىمتىھانلار تۈگىگەن ھامان لېنشامدىكى خىلـ
ۋەت يېزىغا ماڭدۇق. لېنشامدا مەشھۇر ئۈچ كۆل بار بولۇپ،
بىزنىڭ چاققانغىنا داچىمىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كۆلنىڭ
بويىدا ئىدى. بۇ يەردە مەن خىزمەت، ئۆگىنىش، شاۋقۇن -
سۈرەنلىك شەھەر دېگەنلەرنى تامام ئۇنتۇپ، پارلاق قۇياش نۇرى،
سىبخىي تەبىئەتتىن قانغۇچە ھۇزۇرلىنالايتتىم. ھالبۇكى، بىز
يىراق تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدا شەپقەتسىز جەڭ بولۇۋاتقانلىقـ
نى كاپىتالىستلار ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆزئارا كۈرەش قىلىۋاتقانـ
لىقىنى ئاڭلاپ تۇراتتۇق. دېمەك، بىزنىڭ بۇ جەننىتىمىزنىڭ
سىرتىدا، كىشىلەر تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجىرا، تۇرمۇش
ھەلەكچىلىكى بىــلــەن بولۇۋاتاتتى، ئەركىن - ئازادىلىك،
بوش - بىكارچىلىق، شاد - خۇراملىقتىن بەھرىلىنىشنى پەقەتلا
ئۇقمايتتى. جاھاننىڭ ئىشلىرى ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ
كېتىدۇ، ئۇنىڭغا بەك ئۇپراپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق. سۇ،
دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپ بىلەن قاپلانغان
بىپايان ئېتىز - دالىلار، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان گۈزەل
ئوتلاقلار بولسا مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىدۇ.

كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ سېزىمى كۆز ۋە قۇلاق ئارقىلىق
تارقىلىدۇ دەپ قارايدىغان بولغاچقا، مېنىڭ شەھەرنىڭ كوچا -
يوللىرى ۋە يېزىدىكى چىغىر يوللارنىلا ئەمەس، باشقا نەرسىلەر-
نىمۇ پەرق ئېتەلەيدىغانلىقىمدىن ھەيران بولۇشىدۇ. چاناپ، يا-
ساپ چىقىرىلغان يول يۈزى بولمىغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، يېزد-
لارنىڭ چىغىر يوللىرى بىلەن شەھەرنىڭ يوللىرىدا ھېچقانداق
ئوخشىماسلىق (پەرق) يوق. ئەمما، شەھەرنىڭ شاۋقۇن - سۈ-
رەنلىرى يۈز نېرۋىلىرىمنى غىدىقلايدۇ، شۇڭا مەن كۆرەلمىسەم-
مۇ، يولدا تېز - تېز قەدەم ئېلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەر-
نىڭ ئاياغ تېۋىشىنى سېزەلەيمەن، بىر - بىرىگە ماس كەلمىگەن

تۇرلۇك شاۋقۇنلار روھىي ھالىتىمنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ شەيئىلەرنى پەرقلەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقان ئەمالار كۆپ ھاللاردا ئېغىر يۈك باسقان ئاپتوموبىللارنىڭ قاتتىق يولدا ماڭغاندىكى گۈلدۈرلەشلىرى ۋە ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ يەككە ھالدىكى سىگنال ۋە گۈلدۈرلەشلىرىگە زادىلا چىدىيالمايدۇ.

يېزىلاردا كىشىلەر كەڭ تەبىئەتنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنىلا كۆرىدىغان بولغاچقا، ئادەملەر مىغىلدايدىغان شەھەرلەردىكىدەك ياشاش ئۈچۈن بولىدىغان شەپقەتسىز كۈرەش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ۋە غەم - قايغۇغا چۆكۈپ يۈرمەيدۇ. مەن تار ھەم مەينەت كوچىلاردا تۇرىدىغان نامراتلارنى كۆپ زىيارەت قىلغانىدىم. پۇلدار، كۈچى، ھەيۋىسى بار كىشىلەرنىڭ ئېگىز كاتتا ئىمارەتلەردە ئەركىن ئازادە، غەمسىز ياشايدىغانلىقى، يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان، غۇربەتچىلىك باسقان كەپىلەردە ياشاپ، كۈندىن - كۈنگە ياداپ قورايدەك ئاۋاق، سەت بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاپ جەمئىيەتنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى ھېس قىلاتتىم. مەينەت، تار كوچىلاردا كىيىملىرى ناچار، ئاچ قورساق باللار پىتىراپ يۈرەتتى. ئۇلار بەزىدە ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۇزاتقان قوللىرىدىنمۇ گويا ئۇلار كېلىپلا ئۇرۇپ كېتىدىغاندەك قورقۇپ ئۆزلىرىنى قاچۇراتتى. بەزى ئەر ۋە ئاياللارنىڭ دۈمچىيىپ، مۈكچىيىپ كەتكەنلىكى ھەتتا ئادەم سىياقىمۇ قالمىغانلىقىنى كۆرسەم تولىمۇ ئېچىم ئېچىشاتتى. ئۇلارنىڭ يىرىك قوللىرىنى سىلىغىنىمدا، ئۇلارنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن قانچىلىك كۈرەشلەرنى قىلغانلىقى، يەنى ئۈزلۈكسىز كۈرەش قىلىش ۋە مەغلۇبىيەتنىڭ ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە پۇرسەت ئارىسىدا غايەت زور ئەكس پەرق ھاسىل قىلغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغانىدىم.

بىز دائىم تەڭرى قۇياش نۇرى ۋە ھاۋانى جىمىكى مەۋجۇداتلارغا، جانلىقلارغا باراۋەر بەھرىمەن بولسۇن دەپ ئاتا قىلغان،

دەيمىز. دەرھەقىقەت شۇنداقمۇ؟ شەھەرلەردىكى تار، كىچىك كوچىلاردا ھاۋا بۇلغانغان، قۇياش نۇرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدۇ. ئاھ كىشىلەر، سىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىڭلارنى قەدىرلىمەيسىلەر، ئەكسىچە تېخى ئۇلارنى نابۇت قىلىسىلەر، ھەرقېتىم سىلەر «تەڭرىم بەرگەن نېمەتلىرىڭگە شۈكۈر» دەپ دۇئا قىلغان ۋاقىتتا، نۇرغۇن قېرىنداشلىرىڭلار ئاچ - يالىڭاچ يۈرگەن بولىدۇ. مەن كىشىلەرنىڭ شەھەرلەردىن ئايرىلىپ، پارلاق نۇرلار، شاۋقۇن - سۈرەنلەر، ئەيش - ئىشرەتلىك دۇنيانى بىر ياققا چۆرۈۋېتىپ، ئورمانلىقلار، ئېتىز دالىلارغا قايتىپ كېلىپ ئاددىي - ساددا تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى نەقەدەر ئۈمىد قىلىمەن - ھە! ئۇلار بالىلىرىنى تېنىك ئۆسىدىغان قامەتلىك قارىغايلاردەك ساغلام ئۆستۈرەلىسە، بالىلىرىنىڭ پىكىر - تەپەككۇرىنى يول بويىدىكى رەڭگارەڭ گۈللەردەك پۇراقلىق ۋە پاك قىلالىسا قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! بۇ مېنىڭ شەھەردە بىر يىل ياشاپ يېزىغا كەلگەندىن كېيىن ئويلىغانلىرىم.

مەن ھازىر يەنە يۇمشاق مۇنبەت تۇپراققا قەدەم قويدۇم. يەنە يېشىل مەخمەل كەبى چېغىر يوللاردا ماڭدىم. ئوت - چۆپلەر بىلەن قاپلانغان دەريا بويىغا كېلىپ سۈزۈك، يېقىملىق كۆي بىلەن ئېقىۋاتقان سۇغا قولۇمنى تىقتىم. تاشتىن قوپۇرۇلغان تامدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ، شوخ ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تولىمۇ چىرايلىق دولقۇنلىنىپ تۇرغان ياپيېشىل دالىغا، ئېتىزغا كىردىم.

مەن سەيلە قىلغاندىن سىرت، قوش كىشىلىك ۋېلىسىپىتكە مىنىپ ھەريان چېپىپ ئويناشقا بەكمۇ ئامراق. ئالدىمدىن شامال ئۇرۇپ تۇرسا، تۆمۈر ئات ئوي - دۆڭلەردە ئېگىز پەس چاپسا كۆڭلۈم ئاجايىپ يايراپ كېتىدۇ. دېمەك، شامالغا قارشى يۈرۈش ئادەمگە شادلىق، كۈچ ئاتا قىلسا، ئۇچقاندەك چېپىش ئادەمنىڭ كەيپىنى چاغ قىلىدۇ.

ئىمكانىيەت بولسىلا، سەيلە قىلغان، ئات مىنگەن، قىيىقتا ئوينىغان چاغلاردا ئىتىمنى ھەمراھ قىلىۋالىمەن. يوغان، قاۋۇل ماسدىن ئىتى، قاراشلىرى مۇلايىم سىپىنىل ئىتى، ئورمانلىقلاردا قوغلاشقا ماھىر تايغان، ساداقەتمەن، ئەمما بەشرىسى سەت دىرۋ-يىل بۆرە كۈچىكى قاتارلىق نۇرغۇن ئىت دوستلىرىم بار. ھازىر مەن نەسلى ساپ بۆرە كۈچىكىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرد-مەن. ئۇنىڭ قۇيرۇقى بۇدۇر، چىرايى غەلىتە ھەم ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدۇ. بۇ ئىتلار مېنىڭ فىزىئولوگىيىلىك كەمتۈكلۈكۈمنى بىلىدىغاندەك، ھەر قېتىم يالغۇز قالغىنىمدا، مەندىن بىر قەدەم ئايرىلماي ماڭا ھەمراھ بولىدۇ. يامغۇر يې-غىپ، سىرتلارغا چىقىشقا ئىمكان بولمىغان چاغلاردا مەن باشقا قىزلارغا ئوخشاش ئۆيدە بولۇپ، تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ۋاقىت ئۆتكۈزىمەن. مەسىلەن، توقۇش، تىكىش قىلىمەن. كىتابلارنى ۋاراقلاپ ئۇيەر - بۇيەردىن ئوقۇيمەن ياكى دوستلىرىم بىلەن بىر - ئىككى قول شاھمات ئوينايمەن. مېنىڭ كاتەكچىلىرى ئويۇلغان ئالاھىدە ياسالغان بىر شاھمىتىم بار بولۇپ، ئۇرۇقلار ئۇنىڭ ئىچىدە مىدىرلىماي تۇرىدۇ. قارا ئۇرۇقلار توز، ئاق ئۇرۇقلارنىڭ ئۇچى ئېگىلگەن، ئۇرۇقلارنىڭ چوڭ - كىچىكلى-كىمۇ ئوخشاش ئەمەس، يەنى ئاق ئۇرۇق چوڭراق، قارا ئۇرۇق كىچىكرەك. شۇنداق بولغاچقا، مەن سىلاپ بېقىپلا قارشى تەرەپ-نىڭ ئەھۋالىنى بىلەلەيمەن. ئۇرۇقلار يۆتكەلگەن چاغدا تەۋرى-نىش ھاسىل بولىدۇ، بۇنىڭدىن ماڭا قاچان مېڭىش نۆۋىتى كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمەن.

ئۆزۈم يالغۇز قېلىپ ئىچىم پۇشسا، قارتا ئوينايمەن. قار-تىمنىڭ ئوڭ تەرەپ بۇرجىكىدە ئەمالار يېزىقىدا بەلگە بار. شۇ ئارقىلىق قايسى قارتا ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلەيمەن. ئەگەر يېنىمدا باللار بولۇپ قالسا، كىچىك بالا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلار بىلەن ئويناشتىن تولىمۇ خۇشال بولىمەن. چۈنكى، ئۇلار مېنى،

مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇلار ماڭا يول باشلىغۇچى بولۇپ، مېنى ئۇيان - بۇيانلارغا ئاپىرىپ، ئۆزلىرىگە قىزىق تۇيۇلغان ئىشلارنى ماڭا ئېيتىپ بېرىدۇ. كىچىك بالىلار قولۇمغا خەت يېزىشنى بىلمەيدۇ، بەزىدە ئۇلارنىڭ لەۋلىرىدىنمۇ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئۇقالمايمەن. بۇنداق چاغلاردا نائىلاج قول ئىشارىتى ئارقىلىق سۆزلىشىمىز. ئۇلارنىڭ گېپىنى خاتا چۈشىنىۋالغان، بىر ئىشلارنى خاتا قىلىپ قويغان ۋاقتىمدا ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ. مەنمۇ دائىم ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىمەن، ئويۇن ئۆگىتىمەن. ئۇلار بىلەن بىللە بولسام كەيپىم چاغ بولىدۇ، ۋاقىتمۇ تېز ئۆتىدۇ.

مۇزېي بىلەن سەنئەت سارايلىرىمۇ ھەۋەس ۋە ئىلھام مەنبەسى. مېنىڭ كۆزۈم كۆرمىسىمۇ، قول بىلەن تۇتۇپلا مۇزدەك سوغۇق بىرەر مەرمەر تاش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت، ھېسسىيات ۋە گۈزەللىكنى ھېس قىلالىغانلىقىمدىن نۇرغۇن كىشىلەر دەرگۇمان بولىدۇ. بۇنىسى ھەقىقەت! مەن بۇ نەپىس سەنئەت بۇيۇملىرىنى سىلاپ ھەقىقەتەن ھەقىقىي ھەۋەس ۋە خۇشاللىق تاپىمەن. بارماقلىرىم بۇ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ سىزىقلىرىغا تەگكەن چاغدا، مەن سەنئەتكارلار ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي - پىكىرنى ھېس قىلالايمەن. ئەپسانىۋى قەھرىمانلار ھەيكەللىرىنىڭ يۈزلىرىدىن ئۇلارنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى، باتۇرلۇقى ۋە سۆيگۈسىنى بەئەينى ھايات ياشاۋاتقان كىشىلەرنىڭ يۈزىنى سىلاپ ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇسىنى ۋە مىجەز - خاراكتېرىنى بىلىۋالغانغا ئوخشاشلا ئېنىق سېزىۋالىمەن. مەن دىئانىنانىڭ ھەيكىلىنىڭ تۇرقىدىن ئورمانلىقتىكى گۈزەللىك ۋە ئەركىنلىكنى، ئۇنىڭ شىرنى بويسۇندۇرالىغان، يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى يېڭەلىگەن روھىنى بىلىپ يەتتىم. ۋېناس ھەيكىلىنىڭ ئارامبەخش، نەپىس ئەگرى سىزىقلىرى قەلبىمنى شادلىق، ھاياجانغا تولدۇردى. بارمىقىمنىڭ مىس ھەيكىلى بولسا ئورمانلىقتىكى سىرلارنى ئېچىپ كۆز ئالدىمدا

نامايان قىلدى.

كۈتۈپخانامنىڭ تېمىدا قولۇمنى سوزسام يەتكۈدەك پەس ئېسىلغان هومېرنىڭ يۇمىلاق ھەيكىلى بار. مەن دائىم ئۇنىڭ چىرايلىق، ئەمما غەمكىن يۈزىنى هۆرمەت بىلەن سىلايمەن. ئۇنىڭ جىددىي هالىتىنى ئىپادىلەيدىغان پېشانىسىدىكى ھەربىر قورۇقنى ناهايىتى پىششىق بىلىمەن، يەنى ئۇنىڭ هايات ياشىغان يىل، ئايلىرى، غەم - قايغۇ ئىزنالىرىنى بىلگەنگە ئوخشاش بىلىمەن. مۇزدەك سوغۇق كۆل رەڭ تاشلار ئارىسىدا ئۇنىڭ ئەما كۆزلىرى هېلىمۇ هەم ئۆزى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان يۇنان (گرېتسىيە) ئۇچۇن يورۇقلۇق ۋە سۈزۈك ئاسمان ئىزدىمەكتە. ۋاهالەنكى، نەتىجە هامان ئۈمىدسىزلىك. سىزىپ قويغاندەك چىرايلىق لەۋلىرى، جاۋغايلىرىدىن قەتئىيلىك، چىنلىق ۋە مۇلايىملىق ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. مانا بۇ غەم - قايغۇ، دەرد - ئەلەمنى كۆپ تارتقان شائىرنىڭ چىرايى. ئاھ! مەن ئۆزۈن كېچىدەك زۇلمەت باسقان ئۇ جاھالەتلىك دەۋرنى، ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى هەسرەت - نادامەتنى مەن تولۇق چۈشىنىمەن.

ئاھ، قاراڭغۇلۇق، ئاھ، زۇلمەت،
شۇتاپ قۇياش پارلاپ تۇرىدۇ.
ئەمما ئەتراپ تامام قاراڭغۇ،
ئۈمىد نۇرى هېچ كۆرۈنمەيدۇ.

مەن گويا هومېرنىڭ ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، توختىماي مېڭىپ ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىمەن. ئۇ تۇرمۇشنى، سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ۋە ئۇرۇشنى كۈيلىدى، قەھرىمان بىر مىللەتنىڭ شانلىق ئىش ئىزلىرىنى كۈيلىدى. مانا بۇ بۈيۈك سەلتەنەتلىك ناخشا - كۈي، ئۇ ئەما شائىرنى ئۆچمەس شان - شەرەپكە ۋە مەڭگۈلۈك ئىززەت - هۆرمەتكە سازاۋەر

www.uyghurkitap.com

قىلدى.

مەن ئەگرى سىزىقلارنىڭ رىتىمىنى تۇتۇش سەزگۈسى كۆرۈش سەزگۈسىدىن بەكرەك چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ، دەپ قارايمەن. شۇڭا، بەزى چاغلاردا ھەيكەل گۈزەللىكىدىن زوق ئېلىشتا قول كۆزدىن بەكرەك سەزگۈرمۇ، قانداق دەپ ھەتتا ئۆزۈممۇ گۇمان قىلىپ قالىمەن. شۇنداق بولۇش، بولماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆزۈم يۇناننىڭ مەرمەر ھەيكەللىرىدىن يۇنانلىقلارنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتەلەيمەن، دەپ قارايمەن.

كەمدىن ـ كەم بولىدىغان ئىش بولسىمۇ، ئوپېرا كۆرۈشمۇ مېنىڭ ئالاھىدە بىر خۇشاللىقىم. ئوپېرا قويۇلۇۋاتقان چاغدا، بىرىنىڭ ئوپېرا ۋەقەلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشىنى ياخشى كۆرىمەن. بۇنىڭدا ئادەم ئوپېرانى ئوقۇغانغا قارىغاندا كۆپرەك ھۇزۇر ئالالايدىكەن. ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق بولغاندا، مەن كۆپ ھاللاردا ئۆزۈمنى شۇ مۇھىتتا تۇرغاندەك سېزىدىكەنمەن. مەن بىر قانچە ئارتىس بىلەن كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇم. ئۇلارنىڭ يۇكسەك ئورۇنداش ماھارىتى مېنى ھازىرقى مۇھىت، ماكاندىن ئايرىپ، رومانتىك قەدىمكى زامانلارغا باشلاپ بارغاندى. بولۇپمۇ ئېللېن ترې كارامەت قالتىس سەنئەت ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدىكى غايىۋى خانىشنىڭ رولىنى ئېلىپ ئويۇن قويۇۋاتقاندا، بىر قېتىم مېنىڭ ئۇنىڭ يۈزىنى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سىلىشىمغا يول قويدى.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئېسىل سۈپەتلىك ۋە جۇشقۇنلۇق ھەرقانچە زور قايغۇ ـ ئەلەملەرنىمۇ پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەلەيتتى. پادىشاھنىڭ كىيىمىنى كىيگەن (شۇ رولنى ئالغان) سىرنېرى ئوۋېن ئېللېن ترېنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىدىن قالتىس ئالىيجانابلىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. پادىشاھنىڭ رولىنى ئالغان چاغدا ئۇنىڭ

چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان بىر خىل سوغۇققانلىق، تېگىگە يېتىپ بولمايدىغان غەزەپنى مەن زادىلا ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم.

تۇنجى قېتىم تىياتىر كۆرگەندىكى ئەھۋال ھېلىمۇ ئېسىمدە ناھايىتى ئېنىق تۇرۇپتۇ. ئۇ 12 يىلنىڭ ئالدىدىكى ئىش بولۇپ، لېسلېي بوستۇندىكى چاغ ئىدى. سۇللىۋان خېنىم مېنى ئۇ رول ئالغان «شاھزادە بىلەن كەمبەغەل» ناملىق تىياتىرغا ئېلىپ باردى. ئۇ بۇ كىچىك ئارتىس رولىنى قالتىس ئوبدان ئالدى. ۋەقەلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كۆپچىلىك بىردەم خۇشاللىقتا چۇمسە، بىردەم ھەسرەت چېكەتتى. مەن تىياتىرخانىدىكى شادلىق ۋە غەزەپلىك، قايغۇلۇق ۋە خۇشاللىق ئارىلىشىپ كەتكەن شۇ كەيپىياتنى پەقەتلا ئۇنتۇيالمىدىم.

ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىن، ئارقا سەھنىگە بېرىپ ئېسىل ئويۇن كىيىمىنى كىيگەن بۇ ئارتىسنى كۆرۈشۈمگە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ ۋالىلداپ تۇرغان ئالتۇن چاچلىرى مۈرىلىرىگە يېيىلغانىدى. ئويۇننى ھېلىلا تۈگەتكەن بولسىمۇ، چىرايىدا ھارغىنلىق ياكى كۆرۈشۈشنى خالىماسلىقتەك ئالامەتلەردىن ئەسەر يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئېنىق دېيەلەيدىغان دەرىجىگە كەلگۈچە كۆپ مەشىق قىلغانىدىم، شۇڭا ئۇنىڭغا گەپ قىلدىم. ئۇ گەپلىرىمنى ئۇققاندىن كېيىن خۇشاللىق بىلەن قولىنى ئۇزىتىپ مەن بىلەن كۆرۈشتى. مەن بىلەن تونۇشقانلىقتىن خۇشال بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەنمۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدۇمكى، سەكرەپ كەتكىلى تاس ـ تاس قالدىم.

ھاياتلىقتا، تۇرمۇشتا نۇرغۇن ئەيىب ـ نۇقسانلار بولىدۇ. لېكىن، مەن بۇ رەڭدار دۇنيا بىلەن تۈرلۈك ئاماللارنى قىلىپ ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمە ئۇچراشتىم. دۇنيا ئاجايىپ گۈزەل، ھەتتا قاراڭغۇلۇق ۋە تىمتاسلىقمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. قانداق مۇھىتتا بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئادەم ئۆزلۈكسىز تۈردە

تىرىشىشى، قانائەتلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم.
بەزىدە ھايات دەرۋازىسىنىڭ تاقىلىشىنى كۈتۈپ يەككە-يېگانە ھالدا ئولتۇرغىنىمدا، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەندەك بىر خىل تۇيغۇ مېنى گويا سوغۇق تۇماندەك ئەسىر قىلاتتى. بىراقتا يورۇقلۇق، مۇزىكا، دوستلۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن، تەقدىر ئىلاھى دەرۋازىنى شەپقەتسىزلىك بىلەن توسۇپ تۇرغانلىقتىن، مەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيتتىم. قەلبىمدە قىزغىنلىق ئوتلىرى يالقۇنجاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ھەققانىي سۆزلەر بىلەن تەڭرىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگۈم كېلەتتى. ئەپسۇسكى ئاچچىق، ئەلەملىك، ئەمما پايدىسىز بىر تالاي گەپلەر تىلىمنىڭ ئۇچىغا يامراپ كەلگەندە بولسا، ياش ئېقىپ ئىچىمگە كىرىپ كەتكەنگە ئوخشاش توختاپلا قالاتتىم ــ دە، جىمغورلۇق قەلبىمگە سىڭىپ كىرەتتى. ئاندىن ئۈمىد ئىلاھى تەبەسسۇم چىراي بىلەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قېشىمغا كېلىپ، قۇلىقىمغا: «ئۆزۈڭنى ئۇنتۇساڭلا، خۇشاللىققا ئېرىشىسەن» دەيتتى. شۇڭلاشقا، مەن باشقىلار كۆزى بىلەن كۆرگەن يورۇقلۇقنى مېنىڭ قۇياشىم دەپ، باشقىلار قۇلىقى بىلەن ئاڭلىغان مۇزىكىنى مېنىڭ كۈيۈم دەپ، باشقىلارنىڭ لېۋىدە جىلۋە قىلغان تەبەسسۇمنى مېنىڭ خۇشاللىقىم دەپ بىلىپ ياشىدىم.

*دوستلىرىم ئەنە شۇ تەرىقىدە ھاياتىمنى باشقىدىن ياراتتى. ئۇلار قاتتىق باش قاتۇرۇپ، تۇرلۇك چارە ئاماللارنى تېپىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ مەندىكى ئەيىب - نۇقسانىنى (كەمتۈكلۈكنى) ئاجايىپ ياخشى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئايلاندۇرۇپ، مېنى تەڭرى ياراتقان كەمتۈكلۈك كۆلەڭگۈسى ئىچىدە بىمالال، شاد - خۇرام ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.*

# ماڭا نۇر دەستىسى سۇنغان قوللار

مەن ماڭا ھەمدەم بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر يېزىپ چىقالىغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى - ھە! مەن ھازىرغىچە كىتابىمدا يازغان بەزى كىشىلەر كىتابخانلارغا تونۇشلۇق، لېكىن بەزىلىرىنى بولسا كىشىلەر ئانچە تونۇپ - بىلىپ كەتمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار سەۋەبلىك گۈزەل، شېرىن، ئېسىل بولۇپ ئۆزگەرگەن ھاياتلىقتا، ئۇلارنىڭ تەسىرى مەڭگۈ ياشايدۇ.

ئادەمنى پەخىرلىنىش، بەختىيارلىق تۇيغۇسىغا چۈمدۈرىدىغان بەزى پايدىلىق دوستلارنى تونۇشتىن ئارتۇق ئىش بولمىسا كېرەك. بۇنداق بولۇشى، ئۇلار گويا ئادەمنى سېھىرلەيدىغان يارقىن كۆيدەك كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. قول ئېلىشقان چاغدا ئىپادىلەنگەن خەيرخاھلىقنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇمۇرلۇق، خۇش پېئىل، قىزىقچى مىجەز خاراكتېرى مەندىكى خاپىلىق، بىئارامىلىق ۋە غەم - ھەسرەتنى بىراقلا يوق قىلىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ئەتىسى ئويغىنىپ ئورنۇمدىن تۇرغاندا، تامامەن باشقىچە ئادەم بولىمەن - دە،

تەڭرى ياراتقان رېئال، ھەقىقىي دۇنيادىكى گۈزەللىك ۋە ماسلىق-
نى كۆرىمەن، چىرىكلىك، چۈشكۈنلۈك ئاجايىباتقا، مۆجىزىگە
ئايلىنىدۇ. گەپنىڭ قىسقىسى، ئاشۇ پايدىلىق دوستلىرىم يېنىمدا
بولسا ئۆزۈمنى شۇنچىلىك خاتىرجەم، كۆڭلۈم توق سېزىمەن.
بەلكىم، بەزىدە ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈشۈم ئاشۇ بىر قېتىملا بولۇپ
قېلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ خاتىرجەم چىرايى، مۇلا-
يىم، سىپايە مىجەزى قەلبىمدىكى مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدىغان مۇز
پارچىلىرىنى ئېرىتىپ، گويا ئېقىپ دېڭىزغا قۇيۇلۇپ، دېڭىز
سۈيىنىڭ قويۇقلۇقىنى بۇلاق سۈيىدەك سۇسلاشتۇرغان قەلبىمدە
ئىللىقلىق پەيدا قىلىدۇ.

كىشىلەر دائىم مەندىن: «سىزنى بىزار قىلىدىغان ئادەملەر-
مۇ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇ گەپنىڭ تېگىگە ئانچە يېتەلمەي-
مەن.

مېنىڭ قارىشىمچە، كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان كىشىلەر ھەم-
مىلا ئىشقا ھەددىدىن زىيادە قىزىقىدىغان كالۋالار، بولۇپمۇ مۇخ-
بىرلاردۇر. مەن ئۆزىنىڭ گېپىنىلا يورغىلىتىدىغان، كىشىلەر-
گە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشقا، تەربىيە بېرىشكە ئامراق كىشىلەرنى-
مۇ ياقتۇرمايمەن. چۈنكى، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ سىز بىلەن بىللە
ماڭغان، ئەمما قەدىمىڭىزگە ماسلىشىمەن دەپ ئەتەي ئۇششاق
چامداپ، ئاستا ماڭغان كىشىلەرگە ئوخشاش ساختىلىقى ۋە كۆپ-
تۈرمىچىلىكى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويىدۇ.

مەن تۇتقان تۈرلۈك قوللار مەسىلىنى بەك ئوبدان چۈشەندۈ-
رۈپ بېرىدۇ. مەسىلەن، بەزى قوللاردىن تەكەببۇرلۇق، يولسىز-
لىق، ئۆزىنى ئۈستۈن چاغلاشنى سېزىمەن. بەزى قوللاردىن بىر
خىل مىسكىنلىكنى، قول ئېلىشقاندا گويا غەربىي شىمال شامى-
لىدەك بىر خىل سوغۇقلۇقنى بىلىمەن. يەنە بەزى كىشىلەر
شۇنچىلىك خۇشخۇي، روھلۇق بولىدۇكى، ئۇلارنىڭ قولى گويا
قۇياش نۇرىدەك قەلبىمنى ۋىللىدە ئىسسىتىدۇ. بۇ بەلكى باللار-

نىڭ قولى بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنداقتىمۇ بۇ قوللار مېھىر بىلەن باققان نەزەرگە ئوخشاشلا ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا، مەن قىزغىن قول ئېلىشىش ۋە بىرەر پارچە دوستانە خەتتىن ھەقىقىي تەسەللىي تېپىپ خۇشال بولىمەن.

يىراق - يىراقلاردا مېنىڭ يۈز كۆرۈشمىگەن نۇرغۇن دوستلىرىم بار. ئۇلار شۇنچىلىك كۆپكى، كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ خەتلىرىگە ئايرىم - ئايرىم خەت يېزىپ جاۋاب قايتۇرالمىدىم، ئۇلارغا بولغان مىننەتدارلىقىمنى ھەم ئېيتىپ تۈگىتەلمەيمەن. شۇنداق بولسىمۇ، مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ دوستانە، يارقىن خەتلىرى بىلەن ماڭا ئىلھام، تەسەللى بەرگىنى ئۈچۈن ئۇلارغا تۈگىمەس رەھمەتلەر ئېيتىمەن!

نۇرغۇن ئاقىللار بىلەن تونۇشقىنىم ھەمدە ئۇلار بىلەن ئالاقىدە بولالىغىنىم ئۈچۈن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن. باش روھانىيى بروكىس بىلەن تونۇشقانلىكى ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنىڭ نەقەدەر قىزىقارلىق، كۆڭۈللۈك بولىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىدۇ. مەن كىچىككىنە بالا چاغلىرىمدىلا، ئۇنىڭ تىزىدا ئولتۇرۇشنى، قوللىرىنى تۇتۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇ ماڭا تەڭرى ۋە مەنىۋى دۇنيا ھەققىدە قىزىق، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنى ماڭا سۇللىۋان خېنىم قولۇمغا يېزىش ئارقىلىق ئۇقتۇراتتى. بۇ ھېكايىلەرنى ھەيرانلىق ۋە خۇشاللىق ئىلكىدە ئاڭلايتتىم. ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى تازا چۈشىنىپ كەتمىسەممۇ، بۇلار مەندە ھاياتلىققا قارىتا زور قىزىقىش، ھەۋەس قوزغىغانىدى. يېشىمنىڭ چوڭىيىشى بىلەن چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى. بىر قېتىم ئۇنىڭدىن:

— نېمىشقا دۇنيادا دىن بۇنچە كۆپ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ مۇنداق دىدى:

— خېلېن، دۇنيادا مېھىر - مۇھەببەت ناملىق بىر خىل دىن يوق يەر يوق. تەڭرىنى پۈتۈن جېنىڭ ۋە تېنىڭ بىلەن ياخشى

كۆرگەن. تەڭرى ياراتقان بارلىق پەرزەنتكە قولۇڭدىن كېلىشىچە مۇھەببەت قويغىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، شۇ نەرسىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇتقىنكى، ياخشىلىق يامانلىقتا تەڭ كېلەلمەيدۇ. جەننەتكە كىرىشنىڭ ئاچقۇچى سېنىڭ قولۇڭدا.

ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مانا بۇ ئۇلۇغ ھەقىقەتنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىدا مېھىر ـ مۇھەببەت مول بىلىم ۋە ئېتقاد ئۆز ئارا سىڭىشىپ بىر خىل كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئايلىنىپ كەتكەن.

ئېرىشتۈرەر تەڭرى سېنى ئازادلىققا، رىغبەتكە،
كەمتەر ۋە رايىش قىلىپ ئېرىشتۈرەر تەسەللىگە.

باش روھانىي بىروكىس ماڭا ھېچقاچان ھېچقانداق بىر ئالاھىدە ئېتقادنى ئۆگەتمىدى. بىراق، مۇنداق ئىككى خىل پىكىرنى كاللامغا نەقىش قىلىپ قويدى. بۇنىڭ بىرى، تەڭرى جىمىكى مەۋجۇداتنىڭ ئاتىسى، ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمدىكى ھەممە ئادەم قېرىنداشلاردۇر. بۇ بارلىق ئېتىقاد ۋە دىنىي ئەقىدىنىڭ ئاساسى. يەنە بىرى شۇكى، تەڭرى دېمەك مېھىر ـ مۇھەببەت دېمەكتۇر. تەڭرى ئاتا دېمەكتۇر. بىز بولساق ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى، قارا بۇلۇت ھامان تارقىتىۋېتىلىدۇ، ئادالەت ھامان رەزىللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ.

مەن بۇ دۇنيادا ئىنتايىن خۇشال ـ خۇرام ياشايمەن، كېيىنكى ئىشلارنىمۇ كەمدىن ـ كەم ئويلايمەن. بىرلا يېرىم، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان بىر قانچە قەدىرдан دوستۇمنى دائىم ئويلاپ تۇرىمەن. ئايلار، يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ تېز ئۆتكەچكە، ئۇلارنىڭ بۇ ئالەمدىن كەتكىنىگە خېلى يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ماڭا ئۇلار ھېلىمۇ يېقىنلا تۇرغاندەك، ئەگەر ئۇلار قاچان بولمىسۇن بىر چاغدا كېلىپ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىلگىرىكىـ

دەكلا مەن بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىدىغان بولسا، مەن پەقەتمۇ ئەجەبلەنمەيدىغاندەك بىلىنىدۇ.

باش روھانىي بىروكىس ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مەن «ئىنجىل» نى باشتىن ـ ئاياغ ئوقۇپ چىقتىم. شۇنىڭدەك دىن، پەلسەپە نۇقتىسىدىن بايان قىلىنغان بىر قانچە ئەسەرنى ئوقۇدۇم. بۇنىڭ ئىچىدە سۋېدىنبېرگنىڭ «جەننەت بىلەن دوزاق»، درۇ-موندنىڭ «ئىنسانىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشى» بار. مەن بولسام يۇرىكىمگە تەسەللىـي بېـرىۋاتقىنى يـەنـىـلا بىروكسنىڭ مې-ھىر ـ مۇھەببىتى بولۇۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولىمەن.

مەن خېنرى درومونىدىس ئەپەندى بىلەن تونۇشىمەن. ئۇنىڭ قىزغىنلىق بىلەن سۆزلىغان بەردەم قوللىرىنى تۇتقىنىمدا سۆيۈنۈپ كېتىمەن. ئۇ كىشىلەرگە باھار ئاپتىپىدەك ئوچۇق ۋە ئىللىق، ئىنتايىن بىلىملىك ھەمدە سۆزمەن دوستۇم. ئۇ بارلىكى جاي جۇشقۇن ھاياتى كۈچكە تولىدۇ.

دوكتور ئولىۋېر ۋېندل خولمېس بىلەن كۆرۈشكەن چاغدىكى ئىشلار ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرىدۇ. باش باھار كۈنلىرىنىڭ بىرى، ئۇ سۆللىۋان خېنىم بىلەن مېنى يەكشەنبە چۈشتىن كېيىن كۆرۈشۈشكە چاقىردى. ئۇ چاغدا مەن سۆزلەشنى يېڭىلا ئۆگەنگەنىدىم.

ئىشىكتىن كىرىشىمىزگىلا، بىزنى ئۇنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلىدى. ئۇ ئوچاق ئالدىدا يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغا-نىكەن، ئوچاقتا چاراسلاپ ئۆلۈغ ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ مەن ئۆتكەن كۈنلەرنىڭ ئەسلىمىسىگە چۆكۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپتى-مەن، دېدى.

ـــ يەنە چارلىس دەرياسىنىڭ شىۋىرلاشلىرىغا سەما بولۇۋا-تىمەن، دەڭا، ـــ دەپ قوشۇمچە قىلدىم مەن.

ـــ شۇنداق، دېدى ئۇ، ـــ چارلىس دەرياسى مەندە نۇرغۇن گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قوزغايدۇ.

www.uyghurkitap.com

كۆتۈپخانىدىكى باسما مېيى ھىدىنى سىزىپ بۇ يەرنىڭ كىتاب بىلەن تولغانلىقىنى بىلدىم - دە، تەبىئىي يوسۇندا قولۇمنى ئۇزىتىپ كىتابلارنى ئىزدىدىم، بارماقلىرىم نەپەس مۇقاۋىلانغان تىنىمىزونىڭ شېئىرلار توپلىمىغا تەگدى. سۇللىۋان خېنىم كىتاب ئىسمىنى ئېيتىپ بېرىۋىدى، مەن مۇنۇ شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلىشقا باشلىدىم.

ئاھ! دېڭىز ئۇر ئۆزۈڭنى، ئۇرۇلغىن،
كۆل رەڭ خادا تېشىغا ئۇرۇل!

قولۇمغا ياش تامچىسى تامغانلىقىنى سېزىپ دېكلاماتسىيە قىلىشتىن توختىدىم، سۆيۈملۈك شائىرنىڭ بۇ شېئىرنى ئاڭلاپ كۆز يېشى قىلغانلىقىدىن بۆلەكچە بىر خىل بولۇپ قالدىم. ئۇ مېنى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇپ، تۇرلۇك قىزىقارلىق نەرسىلەرنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ئۆزۈم ناھايىتى ياقتۇرىدىغان «سولاقتىكى شاتۇتى» ناملىق شېئىرنى دېكلاماتسىيە قىلدىم. كېيىن ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتۈم. مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىلا ئەمەس، ئۆزىنىمۇ ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم.

دوكتور خولمېس بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي سۇللىۋان خېنىم ئىككىمىز مېردىمىلىك دەرياسى بويىدىكى پىنھان ئۆيگە بېرىپ ۋىتلىنى يوقلىدۇق. بۇ يازنىڭ ناھايىتى ئوچۇق بىر كۈنى ئىدى. ۋىتلىنىڭ مۇلايىم، سىلىقلىقى، تولىمۇ ئەتراپلىق ۋە ئاجايىپ سۆزلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۇنىڭ كۆپۈنكى مەتبەلىك بىر شېئىرلار توپلىمى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىن «ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىم» دېگەن بىر شېئىرنى ئوقۇدۇم. ئۇ مېنىڭ شۇنچىلىك توغرا تەلەپپۇز بىلەن ئوقۇيالىغانلىقىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە مەن پەقەت قىينالماي ئوچۇق ئاڭلىدىم، دېدى.

ئۇنىڭدىن بۇ شېئىر ھەققىدە نۇرغۇن سوئاللارنى سورىدىم ھەمدە
قولۇمنى ئۇنىڭ لېۋىگە قويۇپ جاۋابىنى ئاڭلىدىم. ئۇ بۇ شېئىر-
دىكى ئوغۇل بالا مەن، قىز بالىنىڭ ئىسمى ساللى دېدى. قالغان
تەپسىلاتلار ئېسىمدە قالماپتۇ.

مەن يەنە «تەڭرىگە مەدھىيە» دېگەن شېئىرنى ئوقۇدۇم،
ئاخىرقى مىسرانى ئوقۇۋاتقىنىمدا، ئۇ قولۇمغا بىر قۇلىنىڭ ھەي-
كىلىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. گويا پەرىشتىلەر پېتىرنى سولاقخانى-
دىن ئېلىپ چىقىۋاتقاندا، بەدىنىدىكى كويزا - كىشەنلەر ئاجراپ
چۈشۈپ كەتكەنگە ئوخشاش، زوڭ ئولتۇرغان بۇ قۇلنىڭ كىشەن-
لىرىمۇ ساڭگىلاپ تۇراتتى. كېيىن ئۇ بىزنى كۈتۈپخانىسىغا
باشلاپ كىردى. سۇللىۋان خېنىمنىڭ خىزمىتىگە ئاپىرىن ئو-
قۇش يۈزىسىدىن ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن بېغىشلىما يېزىپ
بەردى. ئاندىن ماڭا:

— ئۇ قەلبىڭىزنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگۈچى، — دېدى.

ئۇ بىزنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى، مېھرى بىلەن پېشا-
نەمگە سۆيۈپ قويدى. ئۇنىڭغا كېلەر يىلى يەنە يوقلاپ كېلىشكە
ۋەدە بەردىم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلى ۋەدەمنى ئىشقا
ئاشۇرالمىدىم.

ياش قۇرامى ۋە باشقا جەھەتلەردە نۇرغۇن پەرق بولسىمۇ،
مېھرىمىز چوڭقۇر قەدىردان دوستلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. ئېد-
ۋارد ئېۋېرت خار شۇلار جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن
سەككىز يېشىمدىلا تونۇشقان، يېشىم چوڭايغانسېرى ئۇنىڭغا بول-
غان ھۆرمىتىم ئاشقانىدى. ئۇ بىلىملىك ھەمدە بەكمۇ ئاق كۆ-
ڭۈل، ساخاۋەتچى، سۇللىۋان خېنىم ئىككىمىزنىڭ بېشىمىزغا
كۈن چۈشكەندە سايىۋەن بولىدىغان قەدىردان دوستىمىز ئىدى.
ئۇنىڭ قۇدرەتلىك، سېخىي قوللىرى بىزنى نۇرغۇن خېيىمخەتەر،
مۈشكۈلاتلاردىن ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزدى.

ئۇ بىزگىلا ئەمەس، قىيىن ئەھۋالدا قالغان ھەرقانداق ئا-

دەمگە ئاشۇنداق ھەمدەمدە بولاتتى. ئۇ چەكسىز مېھىر ـ شەپقىتى بىلەن كونا دىنىي ئەقىدىلەرگە يېڭى مەنا بېغىشلىدى. ھەمدە كىشىلەرنى قانداق ئېتقادتا بولۇش، قانداق ياشاش ۋە ئەركىنلىككە قانداق ئېرىشىش ۋە ئۇنى قانداق قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلىدى. دۆلەتنى سۆيۈش، ئىنسانلارنى سۆيۈش، تىرىشىپ تىرمىشىپ، كۆندىن ـ كۈنگە ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئىنتىلىش جەھەتتە ئۇ كۆپلەپ تەشۋىقات ـ تەرغىبات، تەربىيە بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆزى ئەمەلدە كۆرسىتىپ ھەممىگە ئۈلگە بولدى. ئۇ ئەنە شۇنداق تەشۋىقات تەرغىباتى، ئەمەلىي سۆز ھەرىكىتى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە دوست بولدى.

تەگرى ئۇنىڭغا رەھمەتلەر ياغدۇرغاي!

كىتابىمىنىڭ باش تەرىپىدە دوكتور بېل بىلەن تۇنجى رەت كۆرۈشكەندىكى ئەھۋاللارنى يازغانىدىم. كېيىن بەزىدە ۋاشىنگتوندا، بەزىدە ئۇنىڭ بىرېيتون تۇمشۇقى ئارىلىدىكى پىنھان ئۆيىدە نۇرغۇن كۈنلەرنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە شاد ـ خۇرام ئۆتكۈزدۈم. مەن دوكتور بېلنىڭ تەجرىبىخانىسىدا، ئۇلۇغ بىرىس دەرياسى قىرغاقلىرىدىكى ئېتىز ـ دالىلاردا، ئۇنىڭ ئۆز تەجرىبىسى ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلاپ شادلىققا چۆمەتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە لەگلەك ئۇچۇراتتىم. ئۇ ماڭا لەگلەك ئۇچۇرۇش ئارقىلىق كەلگۈسى ئۇچار كېمىنى كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى بايقاشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ھەرتەرەپلىمە پەننى پىششىق بىلىدىغان دوكتور بېل ھەربىر تەتقىقات تېمىسىنى سىزگە ئىنتايىن قىزىقارلىق، جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان، كىشىدە ھەۋەس، زوق ـ ئىشتىياق قوزغايتتى. ئۇ سىزگە ئازراقلا ۋاقىت سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ بىر كەشپىياتچىغا ئايلىنالايدىغانلىقىڭىزنى ھېس قىلدۇراتتى. ئۇ بالىلارغا بەك ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن يۇمۇرىستىك روھ ۋە مول شېئىرىي تۇس ئېپادىلىنىپ تۇراتتى. بىرەر گاس بالىنى

قۇچىقىغا ئالغاندا، چىن كۆڭلىدىن خۇشال بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ گاس باللار ئۈچۈن قوشقان تۆھپىسى مەڭگۈ ساقلىنىدۇ ھەمدە كېيىنكى ئەۋلاد باللارغا بەخت - خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ شەخسىي نەتىجىلىرى ۋە كۈچلۈك تەسىرى ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ۋە ھۆرمىتىمىزنى زىيادە قىلىدۇ.

نيۇيوركتا تۇرغان ئىككى يىل جەريانىدا، نۇرغۇن داڭدار كىشىلەرنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ كاتتا نامىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغان بولساممۇ، ئۇلار بىلەن كۆرۈشىمەن دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدىم. ئۇلارنىڭ كۆپى بىلەن قەدىردان دوستۇم لاۋرېنىس خوتتوننىڭ قەسرىدە تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتۈم. لاۋرېنىس خوتتون ئەر - خوتۇنلارنىڭ نەپىس بېزەلگەن، يېقىشلىق ئۆيىدە مېھمان بولالىغىنىم، ئۇلارنىڭ كىتاپخانىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلالىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختىيار ھېس قىلدىم. ئاجايىپ ئىقتىدارلىق نۇرغۇن دوستلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا بولغان قايىللىقى، ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، بۇ ئەر - خوتۇنلارغا بېغىشلىما يېزىپ خاتىرە قالدۇرۇپتۇ. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كىتابخانىسىدا بۇ بېغىشلىمىلارنى ئوقۇپ چىقىش زور بەخت ھېسابلىنىدۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، خوتتون ئەپەندى كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېتىدىكى ئەڭ ئېسىل ئوي - پىكىر ۋە ھېس تۇيغۇلارنى ئويغىتىشقا ماھىر ئىكەن. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنىڭ «مەن تونۇيدىغان ئوغۇل بالا» دېگەن كىتابىنى ئوقۇمايمۇ ئۇنى ئوبدان چۈشىنەلەيدىكەن. ئومۇمەن ئۇ مەن تونۇيدىغان ئىنتايىن مەرد، قولى ئوچۇق، ئاق كۆڭۈل بىر كىشى.

لاۋرېنىس خوتتون خانىم ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولالايدىغان ساداقەتمەن دوست. مەن ئېرىشكەن كاللامدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا مەنسۇپ. ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى

ۋە ياردىمى بولغاچقىلا، مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش جەريانىدا ئىلگىرىلىيەلىدىم. ئوقۇشنىڭ قىيىنلىقىدىن بەل قويۇۋەتكەن چاغلىرىمدا، ئۇنىڭ خېتى مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ، ماڭا قايتىدىن غەيرەت ـ جاسارەت بېغىشلايتتى. بىر قېيىنچىلىقنى يەڭگەندە، كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئاددىي ۋە ئاسان بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ماڭا ئۇ ھەقىقىي تۈردە تونۇتتى.

لاۋرېنىس خوتتون ئەپەندى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇن دوستلىرىنى ماڭا تونۇشتۇردى. بۇلار ئىچىدە مەشھۇر بولغان ۋىلىيام دېئىن خولىس ئەپەندى بىلەن مارك تۋېن بار. مەن يەنە لىچاۋاتسون گىلدېر ئەپەندى ۋە ئادخوۋدېر كلارېنس ۋتمان ئەپەندىنىمۇ كۆردۈم. چارىس رۇدرى ۋانا ئەپەندى بىلەنمۇ تونۇشتۇم. ئۇ ھېكايە سۆزلەشكە ئۇستىلىقى بىلەن دوستلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانىدى. كۆپچىلىك ئۇنى، ئۇ باشقىلارنى ئۆزىنى سۆيگەندەك سۆيىدۇ، كىشىلەرگە خەيرخاھلىق قىلىپ بېشىنى سىلايدۇ، دەپ تەرىپلەيتتى. بىر قېتىم ۋانا ئەپەندى ئورمان شائىرى جون بېرلونى ئەپەندىنى باشلاپ مېنى يوقلاپ كەلدى. مەن ئۇلارنىڭ نەسر ۋە شېئىر ئىجادىيىتىدىكى تالانت ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئېيتىمەن. مۇلايىم، يېقىشلىق ئىكەنلىكىدىن ئۇلارنىڭ مۇئامىلە ۋە شەيئىلەر بىلەن ئۇچرىشىشىدىكى سېھرىي كۈچىنى ھەقىقىي تۈردە چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۇ داڭدار كاتتا كىشىلەر جىمى جاھاندىن سۆزلىشەتتى، كەسكىن تالاش ـ تارتىش قىلاتتى. ئاجايىپ پاساھەتلىك سۆزلەر ئۇزۇككە كۆز قويغاندەك دەل جايىغا چۈشەتتى. بۇ ھالەت گويا ئاسكارلىيۇس قەھرىمان ئالىيۇسنىڭ كەينىدىن تازا چۈشمىگەن قەدەملەر بىلەن ئۇلۇغ تەقدىرگە قاراپ يۈرۈش قىلغانغا ئوخشاش، ئادەمنى ئەجەبمۇ ئارقىدا قاپتىمەن، باشقىلار نەدە، مەن نەدە يۈرۈپتىمەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. ئۇلار ماڭا نۇرغۇن ئۇلۇغ ھەقىقەتلەرنى سۆزلەپ بەردى. گىلدېر

ئەپەندى ماڭا ئۆزىنىڭ سەھرايى كەبىردىن قانداق ئۆتۈپ، ئايدىڭدا ئەلئىپھرامنى سەيلە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ بىر قېتىم ماڭا خەت يازغاندا، ئاسانلا سىلاپ بىلىۋالسۇن دەپ، ئىمزاسىنى ئويۇپ ئەمالار يېزىقى شەكلىگە كەلتۈرىدىغانلىقىنى ئېسىمگە سالدى. مارك تىۋىن ماڭا دىكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن بىر، ئىككى ناھايىتى ياخشى يېزىلغان ئەسىرىنى (ھېكايىسىنى) ئۇنىڭ لېۋىنى سىلاش ئۇسۇلۇم بىلەن ئاڭلىدىم. مارك تىۋىنىنىڭ ئوي - پىكرى ۋە ھەرىكىتى كۆپچىلىكنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقان چاغدا كۆزلىرىنىڭ سىرلىق تۇستە ئاجايىپ چاقناپ تۇرغانلىقىنى سېزىۋالاتتىم. ئۇ ئۆزىگىلا خاس، تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان بۆلەكچە بىر خىل تەلەپپۇزدا مەسخىرە قىلغان ياكى كىشىلەرنىڭ يىغىرىنى ئاچقان چاغدا، سىزنى ئۇ گويا ئىنتايىن مۇلايىم، ئىنسانلارغا خاس خەيرخاھلىق تۇيغۇسىغا باي ئىلىيادنىڭ سىمۋولىدەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

نيۇيوركتا يەنە قىزىقارلىق نۇرغۇن ئەربابلار بىلەن كۆرۈشتۈم. «ئەۋلىيا نىكولاس گېزىتى» نىڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر مۇھەررىرى مارى ماپۇس دوج خانىم، «ئىرېلاندىيىلىكلەر» ناملىق كىتابنىڭ سۆيۈملۈك ئاپتورى كېتى دوۋگاس ۋىگىيىن خانىم ماڭا مېھىر - مۇھەببەتكە باي سوۋغىلارنى، جۈملىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئوي - پىكرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كىتابلار، يۈرەككە ئوت ياقىدىغان يالقۇنلۇق خەتلەر ۋە بەزى رەسىملەرنى ئەۋەتتى.

ئەپسۇس، سەھىپە چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق دوستلىرىمنى تولۇق بايان قىلالمىدىم. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئالىيجاناب، پاك پەزىلەتلىرىنى قەلەم، سىيا بىلەن تولۇق ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، ھەتتا لاۋرېنىس خوتتون خانىم ئۈستىدە توختىلىدىغان چاغدا كۆڭلۈمدە خېلىلا ئىككىلىنىش بولدى. بۇ يەردە يەنە ئىككى دوستۇمنى تىلغا ئالمىسام

بولمايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى پىتسبۇرگلىق ۋىلياسۇ خانىم. لىنـ
ـدىستتىكى چاغدا، دائىم ئۇنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. ئۇ ھەمىشە
باشقىلارغا ياخشىلىق قىلاتتى. ئۆزى توغرا تاپقان پىكىرنى زېرىكـ
ـمەي - تېرىكمەي سۆزلەپ تۇراتتى.

كارنېگى ئەپەندىمۇ ماڭا نۇرغۇن نەپ يەتكۈزگەن يەنە بىر
دوستۇم، ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋە قابىل كارخانا رەھبەرلىرىگە خاس
ئىقتىدارىغا تەڭ كېلەلەيدىغان ئادەم يوق دېيەرلىك. ئۇ دانا،
كەسكىن، باتۇرلۇقى، كارامەت ئىقتىدارى بىلەن كۆپچىلىكنىڭ
ھۆرمىتى ۋە ئەزىزلىشىگە سازاۋەر بولغان. ئۇ ھەممىلا ئادەمگە
مېھرىبان، شەپقەتلىك بولۇپ، ساخاۋىتىنى داۋراڭ قىلماستىن
جىممىدە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنى سەۋەبلىك مەن ئۇنىڭ توغرىسىدا
كۆپ سۆزلىسەم بولاتتى، بىراق، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىـ
ـمەنكى، ناۋادا ئۇنىڭ قىزغىن ھەمدەمدە بولۇشى، ياردەم قىلىشى
بولمىغان بولسا مەن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمىگەن بولاتتىم.

دوستلىرىم ئەنە شۇقەدەر ھاياتىمنى باشقىدىن ياراتتى. ئۇلار
قاتتىق باش قاتۇرۇپ، تۇرلۇك چارە - ئاماللارنى تېپىپ، پۈتۈن
كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، مەندىكى ئەيىب - نۇقسانـ
ـنى ئاجايىپ ياخشى ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئايلاندۇرۇپ، مېنى تەڭـ
ـرى ياراتقان كەمتۈكلۈك كۆلەڭگۈسى ئىچىدە بىمالال، شاد -
خۇرام ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈنسىزلىك ئىلكىدىن چىقىش

*ياشلىق نۇرى شۇ قەدەر چاقناق، پارلاقكى، ئادەم ئۇنىڭ بېقىپ قاراشقا پېتىنالمايدۇ. ياشلىقتىكى ھېچنېمىدىن قورقماس-لىقتەك قارامىلىق، باتۇرلۇقتا ئادەمنىڭ تولىمۇ زوقى كېلىدۇ.*

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئالىي مەكتەپ ھاياتىم

يۇقىرىدا مەن ئالىي مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدىكى ھاياتىمنى بايان قىلدىم. ئەمدى ئالىي مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدىن كېيىنكى ئەھۋاللارنى سۆزلىمەكچىمەن.

«بالىلىق دەۋرىم» نىڭ بۇ قىسمىنى دېكلىف ئۇنىۋېرسىتې-تىنىڭ 1 - يىللىقىدىكى چاغدا يازغان ماقالىلىرىمنى توپلاپ تۈزدۈم. شۇ چاغلاردا مەن كىرلاند مۇئەللىمنىڭ يېزىقچىلىق دەرسىگە قاتنىشىۋاتقان، ھەپتىدە بىر پارچە ماقالە يېزىۋاتقان-دىم. باشتا مەن بۇلارنى رەتلەپ نەشر قىلدۇرۇش پىلانىنى خىيا-لىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. «ساھىبجامالىلار كىتاب - ژۇر-نىلى» نىڭ باش مۇھەررىرى بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت قېشىمغا كې-لىپ مۇنداق دېدى:

— باشلىقىمىز ژۇرنىلىمىزدا سىزنىڭ تەرجىمىھالىڭىزنى بېسىپ چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. بىز بۇنى ئۇلاپ بېرىش شەك-لىدە چىقارماقچى، ھەمدەمدە بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز.

ئۇنىڭ كېلىش مۇددىئاسىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، مەن بۇنى دەرسلەرنىڭ بەك ئالدىراشلىقىنى باھانە قىلىپ چىرايلىقچە رەت قىلدىم، ئەمما ئۇ چىڭ تۇرۇۋالدى.

— سىز يېزىقچىلىق دەرسىدە بىر مۇنچە ماقالە يېزىپ بوپ-

سىزغۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران بولدۇم.

— ھە! بۇ ئىشلارنىمۇ بىلىپ بوپسىز - دە!

— مەن مۇشۇ كەسپنىڭ نېنىنى يەيمەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى مۇخبىر كۆرەڭلىگەن ھالدا. ئۇ ئارقىدىنلا، — مەكتەپتە يازغان ماقالىلىرىڭىزنى ئاز - تولا ئۆزگەرتسىڭىزلا، ژۇرنالنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۇ شۇنداق ئاسان ئىش، — دېدى.

مەن ئامالسىز «بالىلىق دەۋرىم» نىڭ ئەسلىي ئورىگىنالىنى 3000 دوللارغا «ساھىبجامالىلار كىتاب - ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىشقا قوشۇلدۇم ھەمدە توختامغا قول قويدۇم. راستىمنى ئېيتسام، ئۇ چاغدا مەن 3000 دوللارغا قىزىقىپ قالغان، ئاز - تولا كۆرەڭلەپ، ئۆزۈمچە خۇش بولۇپ كەتكەن، شۇڭا ماقالىنىڭ ئاران يېرىمى يېزىلىپ پۈتكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغان، كېيىنكى يېرىمىنى يېزىشقا تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. ئىشلار مۇشۇنداق بېكىتىلدى. ئىشلار باشتا خېلى ئوڭۇشلۇق يۈرۈشتى، ئەمما، كېيىن بېرىپ بېشىمنى ئوبدانلا قاتۇردى.

مەن نېمە يېزىشىمنى بىلمەيتتىم. تېخىمۇ يامىنى، كەسپىي يازغۇچى بولمىغانلىقىم ئۈچۈن قولۇمدىكى ماتېرىياللارنى قايسى يوسۇندا مۇۋاپىق تۇردە ئىشلەپ ژۇرنالنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشتۇرۇشنى بىلمەيتتىم، ھەتتاكى ئېلان قىلىنىش ۋاقتىنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا پۈتۈنلەي چۈشەنچەم يوق ئىدى. دېمەك، مەن بۇ كەسپنىڭ ئەھلى ئەمەس ئىدىم.

ژۇرنالدىن ئەۋەتىلگەن «كېيىنكى ماقالىڭىزنى تېز ئەۋەتىڭ ياكى 6 -، 7 - بەتتە مۇناسىۋەت ئېنىق ئىپادىلەنمىگەن، دەرھال تېلېگراممىدا يوللاپ چۈشەنچە بېرىڭ» دېگەندەك تېلېگراممىنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىمدا، تەمتىرەپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالاتتىم.

www.uyghurkitap.com

تەلىيىمگە يارىشا، بىر سىنىپتىكى ساۋاقدىشىم رېينوئا ماڭا بىرسىنى تونۇشتۇردى.

— ئۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقدىشى، ئۇ ئىنتايىن ئەقىللىق، ئۆتكۈر ھەم مەرد، چەۋاندازلارغا خاس روھقا ئىگە، كىشىلەرگىمۇ قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ. ھاجىتى چۈشكەنلەرگە چوقۇم رەت قىلماي ھەمدەم بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ ماتىس ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. ماتىس ئەپەندى خاربوت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى بولۇپ، شۇ چاغلاردا دېكلىق ئىنستىتۇتىدا قوشۇمچە دەرس بېرىۋاتقانىكەن، بۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن. رېينوئانىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، مەندە ماتىسقا قارىتا دەسلەپكى قەدەمدە ياخشى تەسىرات پەيدا بولدى. كېيىنكى ئارىلىشىش جەريانىدا ماتىس ئەپەندىنىڭ رېينوئا ئېيتقاندەك، ھەقىقەتەن زېرەك، پاراسەتلىك، كىشىلەرگە قىزغىن، ئوچۇق كىشى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر بىلىپ يەتتىم. ئۇ قىيىنچىلىقىمنى ئۇققاندىن كېيىن، دەرھال ئېلىپ كەلگەن ماتېرىياللىرىمنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈردى. ئاندىن ئىنتايىن پۇختىلىق بىلەن ماڭا رەتلىشىپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ماقالىلەرنى ئۆز قەرەلىدە تاپشۇرۇپ تۈگەتتىم.

ماتىس ئەپەندى تەپەككۇرى ئۆتكۈر، ھېسسىياتقا باي، كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىياتچى ئىدى. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ چاغدا ئۇ ماڭا ياخشى، قەدىردان دوست ۋە ئىشىنىشكە ئەرزىيدىغان ئاكا بولدى. ئىشلىرىمدا ھەم كەم بولسا بولمايدىغان مەسلەھەتچىم بولدى. ئەگەر ھازىر يازغانلىرىم سەۋىيە جەھەتتە بۇرۇنقىغا يەتمەيدۇ دەپ قارالسا، مەن قىلچە ئەجەبلەنمەيمەن. چۈنكى، بۇ قېتىم ماتىس ئەپەندى يېزىقچىلىقىمغا ياردەملىشىپ بېرەلمىدى.

يۇقىرىدا مەن دېكلىقتا ئوقۇش جەريانىدا مېنى ھەممىدىن بەك قىينىغان ئىشنىڭ بىرى ئەمالار يېزىقىدىكى ئوقۇشلۇقنىڭ

يوقلۇقى، يەنە بىرى ۋاقىت تەقسىماتىنى قىلىشنىڭ قىيىن بول-
غانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەنىدىم. دەرستىن سىرتقى تاپشۇرۇقلارنى
سۇئاللىۋان مۇئەللىم قول تىلى بىلەن ماڭا سۆزمۇ سۆز، جۈملىمۇ
جۈملە ئېيتىپ بېرىدىغان بولغاچقا، مەن ھەمىشە تون يېرىمىغىچە
ئۆگىنىش قىلاتتىم. ھالبۇكى، بۇ چاغدا باشقا ئوقۇغۇچىلار چۈش
قويىندا بەھۇزۇر سەيلە قىلاتتى. لوج مۇئەللىم بىلەن ۋېدۇ
مۇئەللىممۇ مېنىڭ دەرسلىكلىرىمگە بەلگە قويۇپ بېرەتتى. بە-
راق، بەزى مۇئەللىملەر ماڭا قانداق ئۆگىنىشىم كېرەكلىكىنى
دەپ بەرمىگەچكە، كۆپ ھاللاردا دەرسلەرگە يېتىشىپ بولالمايت-
تىم.

ھازىر قىزىل كرېست جەمئىيىتى ئەمالار ئۈچۈن ئەمالار
كىتابىدىن مىڭلاپ نەشر قىلدۇردى. (تەھرىر ئىلاۋىسى: بۇ
1928 ـ يىلدىكى سانىنى كۆرسىتىدۇ) . شۇڭا، نۇرغۇن كىتابلار-
نى ئوقۇغىلى بولىدۇ. بىراق، ئۆز ۋاقتىدا ئەمالار يېزىقىدىكى
كىتابلار ئوتتۇزدىن ئاشمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ كىتابلار
مەن ئۈچۈن بىباھا گۆھەر ھېسابلىناتتى. مەن بېشىمنى ئېچىمگە
تىقىپ، بۇ كىتابلارنى قوللىرىم بىلەن «ئوقۇپ» دىسسېرتاتسى-
يەم ئۈچۈن ماتېرىيال توپلىغان، چوڭ ـ كىچىك ئىمتىھانلارغا
تەييارلىق قىلغانىدىم. ھەر قېتىم ئەمالار يېزىقىدىكى كىتابلارنى
ئوقۇغىنىمدا، ھەمىشە ھازىر مەن باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ئۆزۈم
كىتاب كۆرۈپ، تىرىشچانلىق كۆرسىتەلەيدىغان بولدۇم دەپ ئوي-
لاپ، كۆڭلۈم بۆلەكچە ئېچىلىپ قالاتتى.

كەسپىي ئۆگىنىش جەھەتتە مەن ئەدەبىيات ياكى تارىخلارنى
قىلچە كۈچىمەستىن ئوقۇيالايتتىم ۋە چۈشىنەلەيتتىم. بۇ بەلكىم
مېنىڭ بالىلىق دەۋرىمدىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىم بىلەن مۇنا-
سىۋەتلىك بولسا كېرەك. چۈنكى، مەن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ
ئوقۇشتىن بۇرۇنلا نۇرغۇنلىغان ئېسىل، تەسەۋۋۇرغا باي، بىلىم
خاراكتېرى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى ئوقۇغانىدىم. شۇڭا، بۇ دەرس-

www.uyghurkitap.com

لەرنى زور قىزىقىش بىلەن بېرىلىپ ئوقۇدۇم، نەتىجىلىرىمۇ ئىنتايىن ياخشى بولدى. بۇلارنى ھازىر ئويلىسام ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ تەلەيلىك ئىكەنلىكىمدىن خۇش بولىمەن.

بىردىنبىر ئەپسۇسلىنىدىغىنىم شۇكى، ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا پروفېسسورلار بىلەن يەنىمۇ كۆپ ئالاقىدە بولالمىدىم ۋە پىكىر ئالماشتۇرالمىدىم. كۆپلىگەن پروفېسسورلارنىڭ دەرسىنى مەن خۇددى پاتېفوننى ئاڭلىغاندەك مېخانىك ھالدا ئاڭلاپلا ئۆتكۈزدۈم. مەكتەپ مۇدىرى، پروفېسسور برىگگۇسنىڭ ئۆيى ماڭا قوشنا بولسىمۇ، مەن ئۆزلۈكۈمدىن ئۇنىڭ ئۆيىگە بىرەر قېتىممۇ كىرىپ باقمىدىم. ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىمغا ئىمزا قويغان دوكتور ئېدىۋارت بىلەنمۇ بىرەر سەۋەب بولمىغان ئەھۋالدا كۆرۈشمىدىم. يېزىقچىلىق دەرسىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروفېسسور كوبلان، «ئىلېزابىت دەۋرىدىكى ئەدەبىيات» دەرسى بېرىدىغان دوكتور نېلسون، نېمىس تىلى دەرسىنى بېرىدىغان پروفېسسور پاترېيت قاتارلىقلار مېنى ئانچە - مۇنچە چاي ئىچىشكە چاقىرىپ قوياتتى. مەكتەپ سىرتىدا ئۇچرىشىپ قالساقمۇ ئىنتايىن قىزغىن، مۇلايىم مۇئامىلە قىلاتتى.

فىزىئولوگىيىلىك ھالىتىم باشقىلاردىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىنىپتىكى ساۋاقداشلىرىم بىلەن بەك ئارىلىشىپ، بىللە ئويناپ كۈلەلمەيتتىم. بىراق، كۆپچىلىك يەنىلا تۇرلۇك شەكىللەردە مەن بىلەن ئالاقىدە بولاتتى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇپ تۇراتتى. سىنىپىمىزدىكى ساۋاقداشلار دائىم بىرلىكتە سىرتتىكى ئاشخانىلارغا بېرىپ ساندۇۋىچ يەپ، كولا ئىچىپ كېلەتتى. ھەممىسى مېنى ئارىغا ئېلىپ ئولتۇرۇپ، تۇرلۇك قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ مېنى كۈلدۈرەتتى. ساۋاقداشلىرىم تېخى مېنى مۇئاۋىن سىنىپ باشلىقى قىلىپ سايلىدى.

ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى تۇرمۇشۇم، دەرسلەرنى ئۆگىنىشكە باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ۋاقىت سەرپ

قىلغان، دەرسلەر ئېغىر كېلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولغىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، باشقا ساۋاقداشلارغا ئوخشاشلا ناھايىتى مول ۋە رەڭدارلىققا ئىگە بولدى.

بىر كۈنى دوستلىرىم ماڭا:

— خېلېن، بروكلىن ئاۋات رايونىدىكى دوستىمىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئويناپ كېلەيلىمۇ؟ — دېدى. لېكىن، بىز ئاخىرىدا بوستوندىكى «تىرل» ئىتلىرى بىلەن تولغان كاتتا ماگىزىنغا باردۇق. ئىتلار مېنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى. بولۇپمۇ گراف توماس ناملىق ئىت ماڭا تولىمۇ يېقىنچىلىق قىلدى. بۇ ئىت بەك چىرايلىقمۇ ئەمەس، ئەمما بەك ئەركە ئىدى. يېنىمدا ياۋاش، رايىش قىياپەتتە تۇرغان بىلەن، سىلاپ قويۇۋىدىم، ئۇ خۇشال بولۇپ قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، بوش قاۋاپ كەتتى.

— ھەي! گراف توماس، خېلېننى ياخشى كۆرەمسەن؟ خېلېن، سىزمۇ بۇ ئىتنى ياقتۇردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى دوستلىرىم.

مەنمۇ دەرھاللا جاۋاب بەردىم:

— ھەئە، بۇ ئىت ماڭا بەك ياقتى!

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىتنى سىزگە سوۋغا قىلايلى، بۇ بىز كۆپچىلىكنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىتىمىز بولۇپ قالسۇن، — دېدى دوستلىرىم.

توماس كۆپچىلىكنىڭ قىلىشىۋاتقان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋاتقاندەك، ئەتراپىمدا پىرقىراپ يۈردى.

گراف توماس سەل تىنچلانغاندىن كېيىن، مەن:

— گراف دېگەندەك ناملارنى پەقەت ياقتۇرمايمەن. چۈنكى، بۇ ناملار ئادەمگە بەكلا ئېگىزگە ئېسىلغاندەك ئاڭلىنىدىكەن، — دېدىم.

بۇ گەپنى دېيىشىمگە ئىت گېپىمنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بىر چەتتە ئولتۇرۇپ، ئۈنچىقارماي جىمپلا كەتتى.

— قاراڭلار، فىت دېگەن ئىسىم قانداقراق؟

بۇ گەپ بىلەن تەڭ گراف توماس گويا بۇنىڭغا پۈتۈنلەي قوشۇلغاندەك، خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۈچ قېتىم موللاق ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىتنى كونچۇدىكى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم.

شۇ چاغدا بىز كۆلتىس كوچىسى 14 ـ نومۇردىن بىر ئۆينىڭ بىر قىسمىنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتۇق. بۇ ئۆي ئەسلىي ھەشەمەتلىك ئىمارەت بولۇپ، ناھايىتى مەنزىرىلىك، چىرايلىق بىر دۆڭگە سېلىنغان، تۆت ئەتراپىدا ياپيېشىل دەل ـ دەرەخلەر ياشناپ تۇرغانىكەن. ئۆينىڭ ئالدى دەرۋازىسى چوڭ يولغا قاراپ تۇرسىمۇ، ئۆيلەر تولىمۇ ئىچكىرى بولغاچقا، چوڭ يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ ئاۋازى ئاساسەن ئاڭلانمايتتى.

ئۆينىڭ كەينى كەڭرى گۈلزارلىق بولۇپ، ئۆي ئىگىسى ئۈچ رەڭدە ئېچىلىدىغان رۇخسگۈل، قوغۇنگۈل قاتارلىق ھەرخىل گۈللەرنى تېرىۋەتكەنىدى. ئۆي كۆپىنچە گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى بىلەن تولاتتى. ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى چىرايلىق كىيىنگەن ئىتالىيىلىك قىز كېلىپ گۈللەرنى ئۈزۈپ، بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بىز ھەمىشە ئاشۇ ئىتالىيىلىك قىزنىڭ شوخ كۈلكىسى ۋە لەرزان، يېقىملىق ناخشا ساداسى ئىچىدە ئويغىناتتۇق ـ دە، گويا ئۆزىمىزنى ئىتالىيە زېمىنىدىكى بىر كەنتتە تۇرۇۋاتقاندەك سېزەتتۇق.

كۆلتىستا تۇرغان مەزگىلدە بىز خاربوت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ياش لېكتورلار بىلەن تونۇشتۇق. كۆپچىلىك خۇشال، ئىناق ـ ئىتتىپاق ئۆتۈپ، قەدىردان دوستلاردىن بولۇپ كەتتۇق. ئۇلاردىن فىلىپ سىمىت ئەپەندى ۋاشىنگتون دۆلەتلىك گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئورنى ئالياسكا بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولۇپ، ئۇنىڭ خانىمى ئەڭ ياخشى ساۋاقداشلىرىمىزنىڭ بىرى رېينوئا ئىدى. رېينوئا ئىككىمىز ئىنتايىن يېقىن دوست ئىدۇق.

ھەرقېتىم سۇلۇلىۋان خانىمنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قالغان چاغ-
لاردا، ئۇنىڭ ئورنىدا ئۇ دەرس تەكرارلىشىمغا ياردەملىشەتتى،
مېنى سىنىپلارغا ئاپىراتتى.

بۇ ئەزالارنىڭ ئىچىدە جون ماتىس ئەپەندىمۇ بار بولۇپ، ئۇ
بىر مەزگىل ماڭا روھىي ۋە تۇرمۇش جەھەتتە تۇۋرۇك بولدى،
كېيىن ئۇ سۇلۇلىۋان خېنىم بىلەن توي قىلدى. ياشلار ئاجايىپ
جۇشقۇن، روھلۇق، كۆتۈرەڭگۇ، تىتىك كېلىدىكەن. شۇڭا،
بىز كۆپىنچە يېزا يولىدا بىر ماڭساق ئون چاقىرىملاپ مېڭىپمۇ
ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتۇق. بەزىدە ئۈچ كىشىلىك ئورۇندۇقى
بار ۋېلىسىپىتكە مىنىپ سەيلىگە چىقىپ قىرىق چاقىرىم يىراق-
لارغا بېرىپ يۇخادىن چىققۇچە ئويناپ، ئاندىن كەيپىمىز چاغ
ھالەتتە ئۆيگە قايتاتتۇق. ئۇ غەمسىز يايرىغان ئالامەت ئېسىل
چاغلار ئىدى. نېمە ئىش قىلمايلى كۆڭلىمىز يايرايتتى، قانداق
ئويۇن ئوينىمايلى، ئالەمچە خۇشال بولاتتۇق. ياشلارنىڭ نەزىرى-
دە، تەبىئەتتىكى جىمىكى نەرسە ـ دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئۇچلىرىدا
جىلۋە قىلغان ئىللىق كۈز قۇياشى، توپ ـ توپ بولۇپ بەكمۇ
چىرايلىق رەت تۈزۈپ جەنۇبقا قاراپ ئۇچقان ئۇچار قاناتلار،
قىشلىق ئوزۇقلۇق غەملەش كويىدا ياڭاق توشۇش بىلەن ئالدىراش
يۇرگەن تىيىنلار، مەي باغلاپ پىشىپ يەرگە تۆروكلاپ چۈشكەن
مېۋىلەر، ئۆستەڭ بويىدىكى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك چىرايلىق
گۇللەر ھەمدە ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇپسۈزۈك دەريا سۇلىرى
شۇقەدەر گۈزەل ئىدى، ئادەمگە شۇقەدەر زوق بېغىشلايتتى،
يۇرەكلەرنى شۇنچىلىك ياشنىتاتتى.

قىشنىڭ ھاۋا ئوچۇق، ئايدىڭ كېچىلىرى بىز مەپە كىرا
قىلىپ ئۇيان ـ بۇيانلارنى سەيلە قىلاتتۇق ياكى تاغقا چىقىپ چانا
تېيىلاتتۇق. دالىلاردا ئاجايىپ شوخ ئويۇنلارنى ئوينايتتۇق ياكى
بولمىسا قەھۋەخانىلاردا جىمجىت ئولتۇرۇپ، پۇرقىراپ ھور كۆ-
تۈرۈلۈپ تۇرغان مەززىلىك قەھۋە ئىچەتتۇق، قارىسىلا ئىشتىھا

قوزغىلىدىغان تاماقلارنى يەيتتۇق، شادلىقىمىز ئىچىمىزگە پاتماي قالاتتى.

قىش كېچىسى ئۇزۇن بولىدۇ. بەزىدە بىز ئۇدا بىر قانچە كېچە لاۋۇلداپ ئۇلۇغ ئوت كۆيۈۋاتقان مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ كولا ئىچىپ، ئاقبالداق يېگەچ ھەرخىل پاراڭلارنى قىلىشاتتۇق. جەمئىيەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە جەھەتتىكى تۈرلۈك مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزەتتۇق. قايسى مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەشمەيلى، تېگى ـ تەكتىگە يېتىشكە ئامراق ئىدۇق.

بىز بىر توپ ياشلار مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى بىلىۋالدۇق. ھەققانىيەت تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، جەمئىيەتتىكى رەزىل كۈچلەرنى، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى ياقتۇرماسلىق، تىنچلىقنى سۆيۈش، ئىنسانلارنى سۆيۈش جەھەتتە ھەممىمىزنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقاتتى. ئەمما، قۇربىمىز تايىنلىق، تۈپكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش قولىمىزدىن كەلمەيدىغان بولغاچقا، ئەمەلىي ئىشتىن نوقۇل مۇلاھىزە كۆپرەك ئىدى. ئوتوپىيىلىك ئىدىيە بەرپا قىلىشنىڭمۇ ھېچ ئەھمىيىتى يوق ئىدى. بىراق، ھېچكىممۇ ئوخشىمىغان پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا پېتىنالمايتتى. بەزى قىزىق قان رادىكال ياشلار دۇنيادا چۇشۇش ئۈچۈن «ساتقىن» لارنى ئىزدەپ يۈرەتتى.

ياشلىق نۇرى شۇقەدەر چاقناق، پارلاقكى، ئادەم تىك بېقىپ قاراشقا پېتىنالمايدۇ. ياشلىقتىكى ھېچنېمىدىن قورقماسلىقتەك قاراملىق، باتۇرلۇققا ئادەمنىڭ تولىمۇ زوقى كېلىدۇ. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىز بىر قېتىم پىيادە يىراق بىر يەرگە باردۇق. گۈركىرەپ قاتتىق بوران چىقىپ شىلەپەمنى ئۇچۇرۇپ كەتتى. يەنە بىر قېتىم 4 ـ ئايلار بولسا كېرەك، بىز يەنە پىيادە يولغا چىقتۇق. توساتتىن شارقىراپ قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىۋىدى، نەچچىمىز كىچىككىنە يامغۇرلۇق ئىچىگە پاتمىغانىغا قارىماي تىقىلدۇق. 5 ـ ئايدا، كۆپچىلىك دالىغا چىقىپ بۆلدۈرگەن تەر-

دۇق.

تــوۋا! مەن تېخى قىزىلىق يېشىغا يەتمىدىم. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا ھەدىسە بالىلىق، ياشلىق دەۋرىمنى ئەسلەپ كېتىمەن - ھە!

تۆت يىللىق ئالىي مەكتەپ ھاياتىم مانا مۇشۇنداق خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە بىلىنمەيلا تۈگەپ قالدى. ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىمۇ مانا ئاخىر ئېچىلدى. شۇ چاغدىكى گېزىتلەردە مەن بىلەن سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدىكى كۆرۈنۈشلىرىمىز ئېلان قىلىندى. بىر گېزىت مۇنداق دەپ خەۋەر قىلغانىدى:

«ئوقۇش پۈتتۈرۈش زالى بۈگۈن ئادەم بىلەن لىق تولغانىدى، مۇراسىمغا قاتناشقان ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دىپلوم ئالىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، مېھمانلارنىڭ دىققىتى ناھايىتى گۈزەل، نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى ئەما قىز خېلېن كېللېرغا مەركەزلەشتى. بۇ قىزغا ئۆز ۋۇندىن بۇيان جاپا - مۇشەققەتتىن قاچماي ياردەم بېرىپ كەلگەن مۇئەللىمى سۇللىۋان خېنىممۇ بۇ شەرەپتىن تەڭ بەھرىمەن بولدى. مۇراسىم باشقۇرغۇچى خېلېن كېللېرنىڭ ئىسمىنى ئوقۇغاندا، پۈتۈن مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىدى. بۇ قىز ئالىي مەكتەپ دەرسلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇپ پۈتتۈردى. شۇنىڭدەك ئۇنىڭ ئەنگلىيە ئەدەبىياتى دەرسلىكىدىكى ئىپادىسى تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولدى. ئۇ بۇ نەتىجىلىرى بىلەن مەكتەپ رەھبەرلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ماختىشىغا، ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى».

سۇللىۋان مۇئەللىم مېنىڭ ئەنگلىيە ئەدەبىياتى دەرسىدە يۇقىرى نومۇر ئالغانلىقىمدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتتى. لېكىن، بۇ نەتىجە پۈتۈنلەي ئۇنىڭغا مەنسۇپ. مۇشۇ ئىككى پاكىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، گېزىتتە خەۋەر قىلىنغانلىرى پۈتۈنلەي

كۆپتۈرمە، يالغان گەپلەر، بۇنداق بولۇشى، مېنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئالاھىدە كەلگەنلەر بەش - ئالتىلا ئادەم بولۇپ، ئۇ كۈنكى مېھمانلارمۇ مۇخبىر، خەۋەر قىلغاندەك ئۇنچە كۆپ ئەمەس ئىدى. ئاپامنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشالمىغانلىقىدىن كۆڭلۈم يېرىم بولدى. مەكتەپ مۇدىرىمىز رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا نەچچە ئېغىز سۆز قىلدى، ئەمما مەن بىلەن سۇللىۋان مۇئەللىمنى ئالايىتەن تىلغا ئالمىدى، باشقا ئوقۇتقۇچىلارمۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېنى تەبرىكلىمىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن دىپلوم ئالغىلى سەھنىگە چىققاندىمۇ، گېزىتتە يېزىلغان «گۈلدۈراس ئالقىشلار» ياڭراپ كەتمىدى. قىسقىسى، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى گېزىتتە تەسۋىرلەنگەندەك مىسلىسىز دەرىجىدە داغدۇغىلىق بولمىدى.

بەزى ساۋاقداشلار سۇللىۋان مۇئەللىمگە ناھەقچىلىق بولدى، دەپ رەنجىشتى. ئۇلار مۇراسىم كېيىملىرىنى سالغاچ:

— تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدى. سۇللىۋان مۇئەللىمگىمۇ ئىلمىي ئۇنۋان بېرىلىشى كېرەك ئىدى، — دېيىشتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سۇللىۋان مۇئەللىم مېنى زالدىن ئاچىقتى. بىز بىۋاسىتە نيۇ - ئېنگلاندىكى لېنشاغا بارىدىغان ماشىنىغا چىقتۇق. ئۇ يەر بىز بېرىپ تۇرۇشنى پىلانلىغان جاي ئىدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، مەن دوستلىرىم بىلەن ئۇرومونا پوئاگا كۆلىدە قولۋاق سەيلىسى قىلدىم. يۇلتۇزلار كۆز قىسىشقان كۆك ئاستىدىكى جىمجىت كۆلدە بۇ دۇنيانىڭ بارلىق دەرد - ئەلەم، خوشلۇق، خاپىلىقلىرىنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇدۇم.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىنى كۆپتۈرۈپ ئېلان قىلغان گېزىت يەنە مۇنۇلارنى خەۋەر قىلدى: «بوستون شەھىرى شەھەرلىك ھۆكۈمىتى لېنشادىكى كاتتا بىر قورو - جاينى خېلېنغا

سوۋغا قىلدى. بۇ ناھايىتى كەڭرى، يوغان قورو، ئۇنىڭ ئىچىدى-
كى ئۆيلەر كىشىلەر خېلىپنغا سوۋغا قىلغان مىس ھەيكەللەر
بىلەن توشتى. خېلىپن يەنە تۇمەنلىگەن كىتابلار بىلەن تولغان
غايەت چوڭ بىر كۇتۇپخانىغا ئىگە بولدى. ئۇنىڭدا ئۇ بەئەينى
كىتاب شەھىرىدە تۇرغاندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن
باياشات، كۆڭۈللۈك ئۆتمەكتە».
بۇنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. مەن ۋە سۇللىۋان مۇئەللىم
نەدىمۇ ھەشەمەتلىك كاتتا قورو ـ جايدا ئولتۇرىمىز دەيسىلەر؟
ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۆيىمىز خېلى بۇرۇن سېتىۋالغان قەدىمي
بىر دېھقان ئۆيى. ئۆيىنىڭ ئەتراپى تاشلىنىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن
بولغان يەتتە مو ئېتىز، مۇئەللىم سۈت سىغىش مەيدانى بىلەن
فار فۇر بۇيۇملار قويۇلغان ئامبار ئۆينى تېشىپ بىرلەشتۇرۇپ
چوڭ ئۆيگە ئايلاندۇرۇپ، كۇتۇپخانا قىلدى. ئۇنىڭدا ئەمالار يېزى-
قىدىكى بىرەر يۈزدەك كىتابلار بار. ئۆيلەر، جاھازىلار ئاددىي
بولسىمۇ، مەن بۇ يەردىن تولۇق رازى بولدۇم. چۈنكى، بۇ يەرگە
قۇياش نۇرى تولۇق چۈشىدۇ. شەرق، غەرب تەرەپتىكى دېرىزى-
لەرگە گۈل قويغىلى بولىدۇ. يەنە يىراقتىكى قارىغايلار كۆرۈنۈپ
تۇرىدىغان ئىككى قاناتلىق ئەينەك ئىشىك بار. سۇللىۋان مۇئەل-
لىم يەنە مېنى كەيپىي چاغ ۋاقىتلاردا چىقىپ ئايلانسۇن دەپ
ھۇجرامنىڭ يېنىغا چاققانغىنا بالكون چىقىرىپ بەردى.
مانا مۇشۇ بالكوندا مەن قۇشلارنىڭ «مۇھەببەت ناخشىلىرى»
نى تۇنجى قېتىم ئاڭلىدىم. بىر كۈنى بالكوندىكى مەيىن شامالدىن
ھۇزۇرلىنىپ ھۇجرىغا كىرگۈم كەلمەي خېلى ئۇزۇن ئولتۇر-
دۇم. بالكوننىڭ جەنۇب تەرىپىگە ياماشقاق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرى-
ۋەتكەن بولۇپ، بۇلار ۋادەكتىن ئارتىلىپ چىققانىدى. شىمال
تەرىپىدە ئالما دەرەخلىرى بار بولۇپ، ئالما دەرەخلىرى چېچەكلى-
گەندە ئەتراپ خۇش ھىدقا تولاتتى.
ئۇشتۇمتۇت، ۋادەكنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىمدا نازۇك بىر

www.uyghurkitap.com

تىترەش سېزىمى پەيدا بولدى. بۇ سېزىم قولۇمنى بۇزىكانتىنىڭ
گېلىغا قويغان چاغدىكىگە ئوخشايتتى. بۇ تىترەش بىردەم، بىر-
دەم بولۇپ، بىردەم تىترەيتتى، بىردەم توختايتتى. توختىغان
مەلۇم چاغدا گۈلنىڭ بىر تال بەرگى يۇزۇمنى بوش سىيپلاپ
يەرگە چۈشەتتى. شۇئان يا بىرەر قۇش ئۇچۇپ كېلىپ ياكى
شامال چىقىپ گۈل بەرگىنى تۆكۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىدىم. مەن
تۇرلۇك قىياسلاردا بولۇۋاتقىنىمدا، ۋادەك يەنە تىترەشكە باشلى-
دى.

— بۇ زادى نېمە ئىشتۇ؟

مەن خىيالغا چۆكۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سېزىمىمنى
تىگشاپ جىممىدە تۇردۇم. بىر چاغدا سۇللىۋان مۇئەللىم دېرىزى-
دىن قولىنى چىقىرىپ مېنى مىدىرلىماسلىققا ئىشارەت قىلدى
ھەمدە قولۇمنى تۇتۇپ:

— يېنىگىزدىكى ۋادەككە بىر قۇش قونۇپتۇ. سەللا مىدىر-
لىسىگىز ئۇچۇپ كېتىدۇ. شۇڭا جىم تۇرۇڭ، ھەرگىز مىدىر-
لىماڭ، — دېدى.

مەن قۇشنىڭ سايرىشىغا زەن سېلىپ ئاخىر ئۇنىڭ سايرىشى-
دىكى رىتىم ۋە ئاھاڭنى پەرق ئېتىۋالدىم. شۇنىڭدەك بۇ سايراش-
نىڭ بارا - بارا ئۇنلۇك ۋە تېز بولۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم.
سۇللىۋان مۇئەللىم ماڭا يەنە مۇنداق ئۇچۇر يوللىدى:

— بۇ قۇشنىڭ ئاشىقى ئالما شېخىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا جور
بولۇپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ قۇشنىڭ ئالما شېخىدا تۇرغىنىغا خېلى
ئۇزۇن بولغان بولسا كېرەك، ئۇھو، قاراڭ، مانا ئۇلار ھازىر
بىرلىكتە قوش ئاۋازلىق ناخشا توۋلاشقا باشلىدى.

بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە:

— ھازىر ئىككى قۇش ئالما شېخىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز ئارا
كۆڭۈل ئىزھار قىلىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

بۇ دېھقان ئۆيىنى مەن بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرى سىبلىن

ئەپەندى ماڭا سوۋغا قىلغان قەنت شىركىتىنىڭ پېيىغا ئالماشتۇرغانىدىم.

بىز ئەڭ ئېغىر كۈنگە قالغاندا، سىبلىن ئەپەندى بىزگە ياردەم قولىنى سۇنغانىدى. سىبلىن ئەپەندىنى تۇنجى قېتىم توققۇز ياش ۋاقتىمدا كۆرگەن، ئۇ بالا چولپان لىتنى ئېلىپ كېلىپ بىز بىلەن ئوينىغانىدى. شۇ چاغدا بۇ بالا چولپان تىياتىر «كىچىك مەلىكە» دە رول ئېلىپ ئويناۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، سىبلىن ئەپەندى بىز قىيىنچىلىقتا يولۇققان هامان پۈتۈن كۈچى بىلەن بىزگە ياردەم بەردى هەمدە دائىم بوگىنىس ئەماللار مەكتىپىگە كېلىپ بىزنى يوقلاپ تۇردى.

ئۇ هەرقېتىم كەلگەندە، ئەتىرگۈل، پېچىنە، مېۋە ئالغاچ كېلىپ كۆپچىلىككە تارقىتىپ بېرەتتى. بەزىدە كۆپچىلىككە تاماق ئېلىپ بېرىپ مېهمان قىلاتتى ياكى پەيتون كىرا قىلىپ بىزنى سەيلە قىلدۇراتتى. بالا چولپان لىتمۇ بىز بىلەن بىللە بولاتتى.

لىت ناهايىتى چىرايلىق، ئوماق، شوخ قىزچاق ئىدى. سىبلىن ئەپەندى دائىم ئىككىمىزگە:

— ئىككىڭلار مېنىڭ ئەڭ ئامراق قىزلىرىم، — دەيتتى، ئاندىن ئىككىمىزنىڭ ئويۇنىغا زوقى بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

ئۇ چاغدا، مەن باشقىلار بىلەن قانداق سۆزلىشىشنى ئۆگىنىۋالاتتىم. ئەمما، سىبلىن ئەپەندى هەمىشە دېگەنلىرىمنى ئانچە ئاڭقىرالمايتتى، بۇنىڭدىن تولىمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولاتتى.

بىر كۈنى مەن سىبلىن ئەپەندىنى تازا بىر خۇش قىلىۋېتەي، دېگەن ئوي بىلەن «لىت» دېگەن ئىسىمنى ئالايىتەن تەكرار دەپ مەشىق قىلدىم. شۇنچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ لىتنىڭ تولۇق ئىسمىنى ئوبدان دېيەلمەي، جىلى بولغىنىمدىن يىغلاپ تاشلىدىم. سىبلىن ئەپەندى كەلگەندە، مەن ئۇنىڭغا مەشىق نەتىجىلىرىمنى نامايان قىلاي دەپ كۆپ قېتىم تەكرار سۆزلەپ،

ئاخىر ئۇنىڭغا سۆزۈمنى ئاران دېگەندە ئۇقتۇرالىدىم. بۇنىڭدىن شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم ۋە ھاياجانلاندىمكى، شۇ چاغدىكى ھاياجانلىق كەيپىياتىمنى ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن كۆڭلۈمدىكى سۆزلەرنى ئېنىق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن ياكى ئەتراپ شاۋقۇن - سۈرەنلىك بولۇپ، سىبلىن ئەپەندى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ پىكىر ئالماشتۇرۇشقا ئامال بولمىغان چاغلاردا، ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ، سىلىق ئاھاڭدا سۆزلەپ ماڭا تەسەللى بېرەتتى:

— سۆزلىرىڭىزنى تازا چۈشىنەلمىدىم. بىراق، سىزنى ياخشى كۆرىمەن. سىزنى مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن.

سىبلىن ئەپەندى تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر، سۇللىۋان مۇئەللىم ئىككىمىزگە ھەرئايدا تۇرمۇش پۇلىنى ئۆكسىتمەي ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ قەنت كارخانىسىنىڭ پاي چېكىنى بىزگە سوۋغا قىلغان چاغدا، لازىم بولغاندا ئۇنى سېتىۋەتسەڭلار بولىدۇ، دەپ تاپىلىغانىدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇئەللىم ۋە مەن بۇ ئۆيگە بىرىنچى قېتىم ئاياغ قويغان، دېرىزىلەرنى ئېچىپ، يېڭى تۇرمۇشىمىزنى باشلىغان چاغدا، سىبلىن ئەپەندى گويا بىز بىلەن بىللىدەك ھېسسىياتتا بولۇشتىن خالىي بولالمىدۇق.

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىككىنچى يىلى، يەنى 1905 - يىلى 5 - ئاينىڭ 2 - كۈنى سۇللىۋان خېنىم بىلەن ماتسى ئەپەندى توي قىلدى. مەن ئۆزۈمدىن بىرى سۇللىۋان خېنىمنىڭ ياخشى بىر ئادەم بىلەن تېپىشىپ، بەختىيار، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ توي قىلغىنىغا مەن چىن يۈرىكىمدىن خۇشال بولدۇم ۋە ئۇلارغا يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن مەڭگۈلۈك بەخت تىلىدىم.

توي مۇراسىمىغا دوستىمىز ئېدۋارد خار رىياسەتچىلىك قىلدى. توي مۇراسىمى ئاق رەڭلىك چىرايلىق بىر ئۆيدە ئۆتكۈزۈل-

دى. يېڭى ئەر - خوتۇنلار تويدىن كېيىن شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن يېڭى ئورلىئانغا كەتتى. ئاپام مېنى ئېلىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن جەنۇبقا قايتتى.

يەتتە، سەككىز كۈندىن كېيىن، ماتىس ئەپەندى بىلەن سۇللىۋان خېنىم ئاپام ئىككىمىز تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغاندا، بىز قاتتىق قورقۇپ كەتتۇق. جەنۇبنىڭ باش ياز مەنزىرىسىدە، مېنى بىردىنلا خۇشال قىلىش ئۈچۈن توساتتىن كۆز ئالدىمدا پەيدا بولغان ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى ئادەمنى كۆرۈپ گويا چۈش كۆرگەندەك بوپقالدىم. ماتىس ئەپەندى:

— بۇ يەردىكى گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق ناۋاسى بىزنى ئۇچۇرۇپ كەلدى، — دېدى.

شېرىن ئاي ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئەر - خوتۇنلار قۇشلارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايرىشىنى يېڭى تويىنىڭ ئەڭ شېرىن نەغمىسى، ئەڭ ياخشى مۇبارەكلىشى دەپ قارىغان بولسا كېرەك.

كېيىن، بىز تۆتىمىز لېنشادىكى ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدۇق. بەزى مىش - مىش پاراڭلار ئاندا - مۇندا قۇلىقىمىزغا كىرىپ قالدى. گەپ توقۇمىسا ئىچى پۇشۇپ قالىدىغان بەزى كىشىلەر، سۇللىۋان مۇئەللىم توي قىلىۋالدى، بۇنىڭدىن خېلېنىنىڭ چوقۇم كۆڭلى يېرىم بولدى، كىم بىلىدۇ، تېخى ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ يۈرەمدۇ دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. مۇشۇنداق ئۆيغا كەلگەن بەزى كىشىلەر تېخى خەت يېزىپ ماڭا تەسەللىي بەردى. ئەمما، ئۇلار شۇنى زادىلا ئويلىمىغانكى، بۇنىڭدىن زادىلا كۆڭلۈم يېرىم بولمىدى، ئۇلارغا ھەسەتمۇ قىلمىدىم. ئەكسىچە بۇ ئىش تۈپەيلى تۇرمۇشۇم تېخىمۇ كۆڭۈللۈك ۋە مول ئۆتتى.

چۈنكى، سۇللىۋان مۇئەللىم قەلبى پاك، ئېسىل پەزىلەتلىك، مېھرىبان، سەمىمىي ساداقەتمەن، ماتىس ئەپەندىمۇ كىشىلەرگە سەمىمىي، قىزغىن، ئوچۇق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ

ھېكايىلىرى مېنى قاتتىق كۈلدۈردى. شۇنىڭدەك ماڭا دائىم بىلىشكە تېگىشلىك ساۋاتلار ۋە ئىلىم پەننىڭ يېڭى بىلىملىرىنى سىڭدۈرۈپ تۇردى. ئاندا - ساندا مەن بىلەن نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات يۈزلىنىشى ئۈستىدە مۇزاكىرە قىلدى.

ماشىنكامدىكى كاشلا تۈپەيلى نورمال يېزىقچىلىق سۈرئىتىمگە دەخلى يەتكەنىدى. ماقالىنى ۋاقتىدا پۈتتۈرۈش ئۈچۈن، ماتىسى ئەپەندى كېچىلەپ ئىشلەپ ماڭا قىرىق بەت ئورىگىنالنى ماشىنكىدا بېسىشىپ بەردى.

شۇ چاغدا، مەن تەكلىپكە بىنائەن «ئەسىر ژۇرنىلى» غا ماقالە ئەۋەتىپ تۇراتتىم. «ساۋات ۋە تەسىراتلار» ناملىق بۇ ماقالەمدە، ئاساسلىقى ئەتراپىمدا بولۇپ ئۆتكەن بەزى ئىشلارنى تەسۋىرلىگەنىدىم. ئايال پادشاھ جېيمىن ئاۋستېن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تېمىدا كىتاب يازغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلىرىمنى توپلاپ نەشر قىلىدىغان چاغدا، كىتاب ئىسمىنى «مەن ياشاۋاتقان دۇنيا» دەپ ئۆزگەرتىۋەتتىم.

مەن بۇ كىتابنى يېزىۋاتقان ۋاقىتلاردا كەيپىياتىم ناھايىتى ئۈستۈن بولدى. نيۇئىنگلاندنىڭ ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان مەنزىرىلىرىنى يېزىۋاتقىنىمدا، مەن خۇشال كەيپىياتتا خىيالىمغا كەلگەن پەلسەپەۋى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلدىم. قىسقىسى، تەپەككۇر قىلىشلا بولىدىكەن، يازايچۇ دېگەن ھەرقانداق ئىشلارنى يازغىلى بولىدىكەن.

ئارقىدىن ئېتىز - ئېرىقلار ئىلھامى بىلەن شېئىرلار توپلىمى «تاش تام ناخشىسى» نى يېزىپ چىقتىم. بىر كۈنى، بىز دالىدىكى قەدىمىي تاش تامنى رېمونت قىلدۇق. جانغا راھەت باھار ھىدى، ئەمگەك خۇشاللىقى بىلەن كۆڭلۈمدە باھار شادلىقىغا قارىتا مەدھىيە، لىرىك ھېسسىياتلار ئۇرغۇدى.

بۇ شېئىرلىرىمنى رەتلەشكە ماتىسى ئەپەندى ھەمكارلاشتى. ئۇ ئۆزىگە ياقمىغان، قانائەت ھاسىل قىلمىغان جايلارنى قىلچە

ئاياپ ئولتۇرماي كۆرستىپ بەردى. ئۆزىگە ياققان، زوقىنى قوزغىغان جايلارنىمۇ ئاجايىپ ماختاپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ بىز بۇ شېئىرلارنى قايتا - قايتا دېكلاماتسىيە قىلدۇق، سۆز - مىسرالار ئۈستىدە تەكرار ئويلاندۇق، زېرىكمەستىن تۈزەتتۇق. ماتسى ئەپەندى:

— بىز بۇ ئىشنى شۇقەدەر كۆڭۈل قويۇپ، سەممىي ساداقەت بىلەن قىلدۇق. ئەگەر بۇنىڭدا يەنىلا ياخشى بولمىغان جايلار كۆرۈلسە، بۇنىڭغا ھېچ ئامالىمىز يوق، — دېدى.

بىز لېنىشاغا كەلگەندىن كېيىن، دادامنىڭ ئالابامادىكى دېھقانچىلىق مەيدانى يادىمىزغا كېلىپ، ئاددىي تېرىقچى تۇرمۇشىنى كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش، تۈرلۈك زىرائەتلەرنى تېرىش نىيىتىگە كەلدۇق. بىز كونچاردىن فىت ئىسىملىك بىرلا ئىتنى ئېلىپ كەلگەنىدۇق، بۇ يەرگە كېلىپ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە فىت ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە ئىت باقتۇق. بىزگە يېقىن توخو فېرمىسىدىن بىر نەچچە چۈجە ئەكېلىپ باقتۇق. ھەممەيلەن ئۇنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ باقتى. كىم بىلسۇن، چۈجىلەر بىزنىڭ يۇزىمىزنى ئاز راقمۇ قىلمىدى، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ پىلانىمىز پۈتۈنلەي سۇغا چىلاشتى.

ئۆيلەر بىكار تۇرۇپ قالدى، دەپ ئويلاپ، بىر قانچە ئۆينى قوتان قىلىپ ئات باقماقچى بولدۇق، ئاندىن بىر ئات سېتىۋالدۇق. ئۇ كۆندۈرۈلمىگەن، خۇيى بەك ئەسكى بىر ئات چىقىپ قالدى. يولدا كەلگۈچە ئات ئەكېلىپ بەرگەن ئۆسمۈرنى ئۈچ قېتىم يەرگە ئېتىۋېتىپتۇ. ھالبۇكى، ئۇ ئۆسمۈر ئاتنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگەندە بۇلارنى دېمەپتۇ، شۇڭا بىز بۇ ئىشلارنى بىلمەپتۇق.

ئەتىسى ئەتىگەن ماتسى ئەپەندى بازارغا بارماقچى بولۇپ، ھېلىقى ئاتنى ئاچىقىپ ھارۋىغا قاتتى. نەچچە قەدەم ماڭار ماڭماي-

ـلا، ئۇشتۇمتۇت ئات سەكرەپ، چىچاڭشىپ كەتتى. ماتسى ئەيىد-
ـدى ھەيران بولدى. ئاتنىڭ ئۇستىدىكى جابدۇقلاردا مەسىلە بولۇ-
شى مۇمكىن، دەپ قاراپ تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولۇپ پەسكە
چۈشتى. ئۇ ئاتنى ھارۋىدىن چىقىرىشىغا، ئات تىك بولۇپ،
قاتتىق كىشنىدى، ئاندىن بىر چاپقانچە ھەش - پەش دېگۈچە
كۆزدىن غايىب بولدى. ئىككى كۈندىن كېيىن، بىر دېھقان
قوشنىمىز ئۇنىڭ جابدۇقلىرى بىلەن ئورمانلىقتا چېپىپ يۈرگەن-
لىكىنى كۆرۈپ، تۇتۇپ بىزگە ئەكېلىپ بەردى.

بىز يېتىپ كېتىپ تېپىلغان بۇ ئاتنى ئامالسىز مەخسۇس
ئات كۆندۈرىدىغانلارغا سېتىۋەتتۇق. شۇ چاغلاردا ئىقتىسادىي
ئەھۋالىمىز كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس ئىدى. بىز بەزىلەرنىڭ ئالما
دەرىخى ئۆستۈرۈڭلار، دېگەن مەسلىھەتى بىلەن يۈز تۈپ ئالما
كۆچىتى سېتىۋېلىپ تىكتۇق. 5 - يىلىغا كەلگەندە ئالمىلار مېۋى-
گە كىردى. مەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئالمىلارنىڭ سانى ۋە
چوڭ - كىچىكلىكىنى خاتىرىلەپ ماڭدىم.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، خىزمەتكار ئالاقزادە بولغان
ھالدا پالاقلاپ كىرىپ:

— ۋاي ئاللا! چاتاق بولدى! ياۋا كالىلار! ياۋا
كالىلار! — دەپ توۋلىدى.

بىز نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ يۈگۈرۈپ دېرىزە ئالدىغا
كەلدۇق. ئەسلىي بۇلار ياۋا كالا ئەمەس، يېقىن ئەتراپتىكى
تاغدىن كەلگەن ياۋا كېيىكلەر ئىكەن. تېخى بىر جۈپ ئەركەك،
چىشى كېيىك ئۈچ بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئالمىزارلىقىمىزغا
سەيلە قىلغىلى كەپتۇ. قۇياش نۇرىدا ئۇلارنىڭ چىرايلىق قامى-
تى، تېتىك، شوخ ھەرىكەتلىرى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلارلىق
ۋە گۈزەل ئىدىكى، ھەممىمىز كۆز ئۈزەلمەي ھاڭۋېقىپ قاراپلا
قالدۇق. شۇ ئارىلىقتا ئۇلارنىڭ تەلۋىلىكى تۇتتى. بۇ بىر توپ
چوڭ - كىچىك چاقىرىلمىغان مېھمانلار، قىلچە ھېيىقماستىن

ئالمىلىرىمىزنى ۋەيران قىلىشقا كىرىشتى. كېيىنكىلەر كەتكەندىن كېيىن، بىز گويا چۈشتىن ئويغانغان تەرزدە ئۆزىمىزگە كېلىپ، «ئاپەت» ئەھۋالىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتۇق. كۆرمىسەكمۇ بولغانىكەن، كۆرۈش بىلەنلا ئارقىمىزغا ئۈچۈپ كەتكىلى تاسلا قالدۇق.

ئاھ، تەڭرىم! يۈز تۈپ ئالما دەرىخىدىن ئارانلا بەش تۈپ قاپتۇ!

بىز قىلىشقا تىرىشقان تۈرلۈك دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ئىشلىرى ئەنە شۇ تەرزدە پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولدى. ھالبۇكى، ئەسلىمىلىرىم ئىچىدە بۇ بىر مەزگىللىك تۇرمۇش تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە مول مەزمۇنلۇق تۇرمۇش ھېسابلىنىدۇ.

ماتسى ئەپەندى ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلغان ھويلىدىكى ئالما دەرەخلىرى شۇنداق ئاينىدى ھەم كۆپ مېۋە بەردى. ھەريىلى كۈزدە، ئالما پىشىپ مەي باغلىغاندا، مەنمۇ شوتىنى ئېلىپ بېرىپ ئالما ئۈزەتتىم.

كۆپچىلىك قورۇدىكى دەل - دەرەخلەرنى پۈتاپ رەتلىگەندە، مەن يەردىكى شاخلارنى يىغىپ، رەتلەپ ئوتۇن قىلىشقا باغلاپ چىقاتتىم.

ماتسى ئەپەندى ناھايىتى ئەپچىل بىر چارىنى تاپتى. يەنى، ئۇ ئۆيىنىڭ سىرتىدىن تاغ باغرىغا بارغۇچە بولغان ئارىلىقتىكى دەرەخلەرگە سىم تارتتۇرەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەن شۇ سىمنى تۇتۇپ، ئۆزۈم يالغۇزمۇ ئورمانلىققا بارالايدىغان بولدۇم. بۇ «سىم تارتىلغان چىغىر يول» 400 - 500 يۈز مېتىر كېلەتتى. دېمەك، شۇنچە يىراق يەرگە مەن ھېچكىمنىڭ ياردىمىسىز بېرىپ كېلەلەيتتىم. ئېزىپ قالارمەنمىكىن، دەپمۇ ئەندىشە قىلمايتتىم. ئورمانلىق ئېگىز ئۆسكەن تۈرلۈك ئوت - چۆپلەر ۋە خىلمۇ - خىل خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن تولغانىدى. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ كارامەت ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولۇپ، ھازىر ئويلى-

سامىغۇ قاتتىق ھاياجانلىنىپ، خۇشاللىقتا چۇشىمەن.

ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئەرزىمەس بىلىنگەن نۇرغۇن ئىشلاردا مەن ئەركىنلىك لەززىتىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىمەن. مەن دائىم يالغۇز چىقىپ ئاپتاپ سىنىمەن. بۇنداق چاغلاردا كۆڭلۈم بولەكچە ئېچىلىپ كېتىدۇ. ماڭا بۇلارنى بەخش ئەتكەن ئادەم ماتسى ئەپەندى، شۇڭا ئۇنىڭغا چىن يۈرىكىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

بىز لېنشادا 1905 ـ يىلىدىن 1911 ـ يىلىغىچە تۇردۇق. ئۇ چاغدا ماشىنا، ئايروپىلان يوق، رادىئومو يوق ئىدى. نەلەردە ئۇرۇش بولغىنىنى تېخىمۇ ئاڭلىمايتتۇق. ھەممىلا ئادەم تىنچ، خاتىرجەم، ئازادە كەيپىياتتا تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

ھازىرقى دەۋردە تۇرۇپ ئۆتمۈشنى ئەسلىسە، ئادەم گويا يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك چەكسىز ھاياجانلىنىدىكەن.

*مەن بىر مەھەل تەۋەككۇلچىلىكىمىزدىن ئەندىشىگە چۈشكەندىم. تۇرۇپ ئويلىسام، يېنىمىزدا مارك تۋېن ئەپەندى بولىسىلا، يولدىن ئېزىپ قالساقمۇ، ئۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش بولىدىكەن.*

## مارك تۋېن بىلەن ئۇچرىشىش

مەن مارك تۋېننىڭ نامىنى 1894 ـ يىلىلا، مەن تېخى ئەقلىمنى تاپمىغان چاغلاردىلا ئاڭلىغانىدىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇ ماڭا بارغانسېرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

چۈنكى، ئۇ ماڭا ئادىمىيلىكنىڭ ئىللىقلىقىنى، ھاياتنىڭ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بېل ئەپەندى بىلەن سۇللىۋان مۇئەللىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان ئادەم مارك تۋېن ئىدى.

مارك تۋېن ئەپەندىنى مەن تۇنجى قېتىم نيۇيوركتا، لاۋرېنس خوتتون ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە كۆردۈم. ئۇ چاغدا مەن ئارانلا 14 ياش ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشقان چاغدا مەندە: «پاھ، بۇ ماڭا ياردەم بېرەلەيدىغان ئادەم ئىكەن» دېگەن بىر خىل بىۋاستە تۇيغۇ بولدى. ئۇ كۈنى ئۇنىڭ ئىنتايىن قىزىقارلىق، يۇمۇرلۇق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم يورۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن يەنە خوتتون ئەپەندى ۋە لوج ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ بىلەن بىر قانچە قېتىم كۆرۈشتۇم. بىز چوڭراق ئىشلار بولۇپ قالسا خەت ئالاقە قىلىپ تۇردۇق.

مارك تۋېن ناھايىتى زىل، سەزگۈر ئادەم بولۇپ، مېيىپ ۋە دىلى ئازار يېگەنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇ ماڭا دائىم بەزى تەسىراتلىرىنى ۋە بېشىدىن ئۆتكەن قىزىقارلىق ھەم

خەتەرلىك ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ مېنى رىغبەتلەندۈرەتتى. ماڭا ھاياتنىڭ نۇرلۇق تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە ئىلھام بېرەتتى.

بىر كۈنى ئاخشام خوتتون ئەپەندىنىڭ كۇتۇپخانىسىدا مارك تۋېن بىر مۇنچە داڭدار كىشلەرگە نۇتۇق سۆزلىدى. تىڭشىغۇچىلار ئىچىدە كېيىنكى كۈنلەردە زوڭتوڭ بولغان ۋىلسون ئەپەندىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ نۇتقىنىڭ مەزمۇنى فىلىپپىننىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ مۇنداق دىدى:

— فىلىپپىنلىق 600 دەك خوتۇن - باللار ئۆچكەن يانار تاغقا يوشورۇنۇۋالغانىكەن، ئەمما پولكوۋنىك ۋانستون ئۇلارنى قورشىۋېلىپ بىر - بىرلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، بۇ پولكوۋنىك يەنە قول ئاستىدىكىلەرگە دۈشمەن ئارمىيىسىدەك كىيىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، فىلىپپىنلىق ۋەتەنپەرۋەر زات ئاكنادو قاتارلىق نۇرغۇن كىشلەرنى قولغا ئالدى.

مارك تۋېن ئەپەندى بۇ رەھىمسىز، قانخور پولكوۋنىكنى غەزەپ بىلەن سۆككەندىن كېيىن ھەسرەت بىلەن:

— ئەگەر ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىمىغان بولسام، بۇ دۇنيادا ئىنسان قىلىپىدىن چىققان بۇنداق ئادەملەرنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمىگەن بولاتتىم، — دېدى.

مەيلى سىياسىي ۋەقە ياكى ئۇرۇش بولسۇن، فىلىپپىنلىق ياكى پانامالىق ۋە ياكى قالاق رايوندىكى يەرلىك مىللەتلەر بولسۇن، ئىنسانپەرۋەرلىككە يات بارلىق ئىشلارغا مارك تۋېن ئەپەندى قەتئىي قارشى تۇراتتى. جىم تۇرۇۋېرىشنى لايىق كۆرمەي، چوقۇم چۇقان سالاتتى، تەنقىد ۋە ھۇجۇم قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ ئىنزچىل ئىستىلى ئىدى. ئۇ ئۆزىنى ماختاپ ئۇچۇرغانلارغا ئۆچ ئىدى. ئەخلاقى ۋە جۇرئىتى يوق كىشلەرنىمۇ كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇنىڭچە بولغاندا، ئادەم نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلىشى، شۇنداقلا ساختىپەزلەرنىڭ رەزىل قىلمىشىنى سۆكىشى، ئەيىبلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا،

ئۇ رەزىل كۇچلەرگە قارشى شەپقەتسىز جەڭ ئېلان قىلغىلى بولاتتى.

ماركى تۋېن ئەپەندى ماڭا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ماڭا مۇناسىۋەتلىكلا ئىش بولسا چوڭ، كىچىك دەپ ئايرىماستىن قىزغىن مۇئامىلىدە بولاتتى. بىزنىڭ تونۇشلىرىمىز ئىچىدە ئۇ سۇللىۋان خېنىمنى ھەممىدىن بەك ھۆرمەت قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئىزچىل تۇردە بىزنىڭ ئەڭ قەدىردان دوستىمىز بولدى.

ماركى تۋېن بىلەن خانىمى ناھايىتى مېھىر - مۇھەببەتلىك بولۇپ، ئىناق ئۆتەتتى. بەختكە قارش ماركى تۋېننىڭ خانىمى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ بۇنىڭدىن ئىنتايىن قايغۇرۇپ، تۇرمۇشتا بىراقلا بىر مۇنچە نەرسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. شۇڭا، ئۇ دائىم:

— ھەر قېتىم ئۆيۈمگە مېھمانلار كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزۈم يەككە - يېگانە ھالدا ئولتۇرۇپ، غېرىبلىق، مىسكىنلىكنىڭ دەردىنى تارتىپ ئازابلىنىمەن، — دەيتتى.

خانىمى تۇگەپ كېتىپ ئىككىنچى يىلى ئىدى. بىر قېتىم ئۇ:

— ئۆتكەن بىر يىل مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر، ئەڭ قايغۇلۇق بىر يىل بولدى. ناۋادا مەن نۇرغۇن ۋاقتىمنى خىزمەت بىلەن ئۆتكۈزمىگەن بولسام، بەلكىم ياشىيالمىغان بولاتتىم، — دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەممىشە مەن كۆپرەك خىزمەت بىلەن بولسام ياخشى بولاتتى، دەپ ھەسرەت چېكىدىغان بولدى.

بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دەپ تەسەللىي بەردىم:

— سىز كۆپ ئويلىماڭ، پۈتۈن دۇنيادىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى ھۆرمەتلەيدۇ، نامىڭىز تارىخلارغا يېزىلىدۇ. شاۋبېرنات سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى تولىستوينىڭ ئەسەرلىرى

بىلەن تەڭ ئورۇندا قويدى. ئوبزورچى كىپلىنگمۇ سىزنى ئامېرى-كىنىڭ سىرۋانتىسى دەپ تەرىپلىدى.

ئۇ مېنىڭ گېپىمگە جاۋابەن مۇنداق دېدى:

— سىز مېنى مۇنداق گەپلەرنى دەپ ئاۋۇندۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. بىلەمسىز، خېلىن، مېنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسى كىشىلەرنى كۈلدۈرۈشتىن ئىبارەت بىرلا مەقسەت ئۈ-چۈن، چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈلكىسى مېنى خۇشال قىلىدۇ، سۆيۈن-دۈرىدۇ.

مارك تۋېن ئەپەندى ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان ئەدىب. مەن يەنە ئۇنى ھەقىقىي، ئۇلۇغ بىر ئامېرىكىلىق، دەپ ھېسابلايمەن. چۈنكى، ئۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئەجدادلىرىغا خاس يول ئېچىش روھىغا ئىگە، ئەركىنلىك، بارا-ۋەرلىكنى قەدىرلەيدۇ. مەردانە، خۇشخۇي مىجەزلىك، ئۇش-شاق ـ چۈششەك ئىشلار بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ، يەنە كېلىپ بەكمۇ يۇمۇرلۇق، ئوچۇق، قىزىقچى.

ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇ دۆلىتىمىز ئېچىلغان دەۋردى-كى ئامېرىكىلىقلارغا خاس بارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇ مەن نەشر قىلدۇرغان «مەن ياشاۋاتقان دۇنيا» ناملىق كىتابنى ئوقۇپ چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىزگە قىسقىلا قىلىپ: «ئۈچىڭلار دەرھال كۆلبەمگە كېلىپ، بىر نەچچە كۈن كۆلبەمدىكى ئوچاق ئالدىدا مەن بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ياشاپ باقساڭلار قانداق؟» دەپ خەت يېزىپتۇ. بۇ خەتنى كۆرۈپ ھەم ھەيران بولدۇق، ھەم خۇشال بولدۇق.

شۇنىڭ بىلەن ئۈچىمىز خۇشال ـ خۇرام ھالدا يۈك ـ تاقلارنى ئېلىپ يولغا چىقتۇق. ئۇ يەرگە بارساق مارك تۋېن بىزنى ئەكېلىشكە ئەۋەتكەن پەيتون ۋوگزالدا ساقلاپ تۇرغا-نىكەن. بۇ 2 ـ ئاي ۋاقتى بولۇپ، يىراق ـ يېقىندىكى تاغلار، ئېدىرلار ئاپئاق لىباس كىيگەن، يول بويىدىكى دەرەخ شاخلىرى

مۇز چوكىدىن مارجانلار ئېسىپ چىرايلىق ياسانغانىدى. قارىغايزارلىقتىن كەلگەن شامال سوغۇق ئارىلاش خۇش پۇراقنى دىماغقا ئۇراتتى. پەيتۇن ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا ئاستا، سىلىق ماڭاتتى.

پەيتۇن مىڭ بىر مەشەققەتتە بىر دۆڭگە چىققاندا، ئاق رەڭلىك بىر ئىمارەت كۆرۈندى. بىزنى ئالغىلى كەلگەن كىشى بىزگە مارك تۋىن ئەپەندىنىڭ بالكوندا يولىمىزغا قاراپ تۇرغانلىقىنى ئېيتتى. پەيتۇن يوغان تاش دەرۋازىدىن كىرگەندە، ئۇلار يەنە:

— مارك تۋېن ئەپەندى بىزگە قول پۇلاڭلىتىۋاتىدۇ، — دېدى ۋە ئارقىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مارك تۋېن ئەپەندىنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاق كىيىمى، كۆمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرى قۇياش نۇرىدا چاقناپ يالتىراۋاتىدۇ، بەئەينى دولقۇنلار قىيالارغا ئۇرۇلغان چاغدىكى ئاق بۇژغۇنلاردەك كىشىنى ھاياجانغا سالماقتا.

بىز ئۇلۇغ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاق ئالدىدىن ئورۇن ئېلىپ ئازادە جايلىشىۋالدۇق. ئۆي قارىغاي پۇرىقى بىلەن تولغانىدى. بىز ئىسسىق ھور پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىزىل چاي ئىچىپ، سېرىق ماي سۇرتۇلگەن قاتلىما يەپ ئاجايىپ ھوزۇرلاندۇق. مارك تۋېن ئەپەندى ماڭا:

— ئەگەر بۇ قاتلىمىغا يەنە بۆلجۈرگەن قىيامى سۇرتۇلگەن بولسا تېخىمۇ يېيىشلىك، تەملىك بولاتتى، — دېدى.

ئارام ئېلىپ بولغاندىن كېيىن مارك تۋېن ئەپەندىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن:

— ئادەتتە مېھمانلارنىڭ ھەممىسى خوجايىننىڭ ئۆي - جاي ۋە مۇھىتىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئىشىنىمەنكى، سىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، شۇڭا سىلەرگە قورۇ - جايىمنى كۆرسىتەي، — دېدى.

ئاساسلىق ھۇجرىنىڭ يېنىدا قۇياش نۇرى بىۋاسىتە چۈشۈپ

تۆرىدىغان كارىدور شەكىللىك بالكون بولۇپ، تەشتەك ـ تەشتەك هەرخىل، بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق گۈللەر بۇ يەرگە بۆلەكچە هۆسن قوشقانىكەن. خوجايىنىمۇ بۇ يەرنى ناهايىتى ياخشى كۆرىدىكەن. كارىدوردىن ئۆتكەندە تاماقخانا، ئاندىن يەنە بىر هۇجرا بار ئىكەن. بىز ماڭا ـ ماڭا بىليارد جوزىسى قويۇلغان كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىگە كەلدۇق. ئاڭلىساق، بۇ مارك تۋېن هەممىدىن كۆپ تۆرىدىغان جاي ئىكەن. مارىك تۋېن ئەپەندى بىزنى بىليارد جوزىسى يېنىغا باشلاپ كېلىپ مۇلايىملىق بىلەن ماڭا بىليارد ئويناشنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى، مەن ئىتتىكلا:

— بۇنى كۆز بىلەن كۆرۈپ ئويىنىمىسا بولمايدۇ، شۇڭا مەن ئوينىيالمايمەنغۇ دەيمەن، — دېدىم.

ئۇ تېزلا مۇنداق دىدى:

— بۇمۇ بار گەپ، بىراق لوج ئەپەندى ياكى خوتتون ئەپەندىگە ئوخشاش ئۇستىلار بۇنى كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ كارامەت ياخشى ئوينايدۇ، — دېدى.

ئارقىدىن بىز مارك تۋېن ئەپەندىنىڭ 2 ـ قەۋەتتىكى هۇجرىسىنى كۆرۈپ، كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى، قەدىمىي پوسۇندىكى كارىۋاتلاردىن هۇزۇر ئالدۇق.

كۈن غەربكە پېتىۋاتقاندا، بىز يەرگىچە ئورنىتىلغان دېرىزە ئالدىغا كېلىپ سىرتتىكى مەنزىرىنى تاماشا قىلدۇق.

— خېلىبىن، بۇ يەردە تۇرۇپ قانداق مەنزىرىنى كۆرەلەيدىغانلىقىمىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭا، بىز تۇرۇۋاتقان بۇ دۆڭ سۈتتەك ئاق رەڭلىك دۇنيا، يىراقتا كۆز يەتكۈسىز قارىغايزارلىق ئورون ئالغان، ئولڭ، سول ئىككى تەرەپتە بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن چوڭ ـ كىچىك ئېدىر، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە ئۆزۈلگەن ۋە تۇتاشقان تاش تام بار، ئۇنىڭمۇ ئۈستى زۇمرەت ئاسمان. پۈتكۈل مەنزىرە ئادەمگە بىر خىل ئەركىنلىك تۇيغۇسى بەخش

ئېتىدۇ. ئۇلار خېلىلا قەدىمىي، ئىپتىدائىي بولغاچقا، كۆڭلى ـ كۆكسىڭىز ئېچىلىپ، ئازادىلىك ھېس قىلىسىز. قېنى پۇراپ بېقىڭا، دەممۇدەم ئۇرۇلۇۋاتقان قارىغاينىڭ ئىللىق پۇرىقى قالتىسمۇ قانداق؟

بىز مارك توۋېن ئەپەندىنىڭ ھۇجرىسىغا قوشنا ھۇجرىغا جايلاشتۇق. ھۇجرىدىكى تام مەش ئۈستىدە ئىككى شامدان، شامدان يېنىغا ئۆيدىكى قىممەت باھالىق بۇيۇملارنىڭ ئورنى رەتلىك يېزىپ كۆرسىتىلگەن بىر كارتوشكا قويۇلغان، بۇ يەرگە ئوغرىنىڭ قەدىمى تەگكەچكە ئۇ شۇنداق قىلغان، يەنى ئۇ ئوغرىلىققا كىرگەنلەر تۈن كېچىدە تىمىسقىلاپ مېنى بىسەرەمجان قىلماي، ئۇدۇل بېرىپ خالىغان نەرسىسىنى ئالسۇن، دەپ بۇيۇملار قويۇلغان جايىنى ئېنىق كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئىش مارك توۋېن ئەپەندىنىڭ قىزىقچى، ھەزىلچى مىجەزىگە تولىمۇ باب كېلىدۇ.

ئادەتتە تاماق ۋاقتىدا مېھماننىڭ ۋەزىپىسى بەھۇزۇر غىزالىنىش بولسا، ساھىبخانا كۆڭلىنى خوش قىلىش رولىنى ئالىدۇ. ئېسىل تاماقلارنى يەپ تويغاندىن كېيىن، بىز ساھىبخانىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ رەھمەت ئېيتمىساق كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ، بىراق مارك توۋېن ئەپەندىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشى ئادەتتە كىشىلەرگە پەقەتلا ئوخشىمايدۇ. تاماق ۋاقتىدا مېھمانلارنىڭ كەيپى چاغ بولماي جىم ـ جىم ئولتۇرۇپ غىزالانسا ئۇنىڭ ئىچى سىقىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ دائىم ھەرخىل قىزىق گەپلەرنى قىلىپ كىشىلەرنى كۈلدۈرىدۇ. بۇ جەھەتتىكى تالانتىمۇ قالتىس بولۇپ، ھەربىر چاقچىقى جايىغا چۈشىدۇ، گەپلىرى ئادەمنى كۈلدۈرىدۇ.

مارك توۋېن ئەپەندى تېخى كۆپىنچە ئورنىدىن تۇرۇپ، تاماق شىرەسىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا، ھەتتا تاماقخانىنىڭ ئۇ بېشىغىچە مېڭىپ كېتىدۇ. بەزىدە ھېكايە سۆزلىگەچ ئارقامغا كېلىپ، مېنىڭدىن نېمىلەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى سورايدۇ. خۇشلۇقى تۇتۇپ كەتكەندە بولسا، گۈللەردىن بىرەرنى ئۈ-

زوپ، بۇ قائداق گۈل دەپ مەندىن سورايدۇ. ئەگەر گۈل نامىنى توغرا دېيەلىسەم، بەئەينى كىچىك بالىلاردەك خۇشال بولىدۇ. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئېچىلىپ كۈلىدۇ.

مارك تۋېن ئەپەندى مېنىڭ سەزگۈرلۈكۈمنى سىناش ئۈچۈن، ئۇشتۇمتۇت باشقا ئۆيگە غىممىسىدە چىقىپ فىسگارمون چېلىپ، فىسگارمون ئاۋازىدىن ھاسىل بولغان تىترەشكە قارىتا ئىنكاسىم بولغان بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن مېنى كۆزىتەتتى. كېيىن سۆللىۋان مۇئەللىم ماڭا، مارك تۋېن ئەپەندىنىڭ فىسگارمون چېلىپ تۇرۇپ سىزنى كۆزەتكەندىكى تۇرقى بەكمۇ كۈلكىلىك، دېدى.

مارك تۋېن ئەپەندىنىڭ ئۆيىنىڭ ئاستىغا خىش يېيىتىلغان. شۇڭا، ئادەتتىكى ئاۋازلارنى ئانچە سېزەلمەيمەن. لېكىن، مۇزىكا ئاۋازى ماڭا ئۈستەل ـ ئورۇندۇق بويلاپ بىلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ ئاۋازلارنى بەزىدە تېزلا سېزىۋالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا مارك تۋېن ئەپەندى مەندىن بەكرەك خۇشال بولاتتى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز مەش ئالدىدا ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ھەرخىل پاراڭ بىلەن ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتۇق. ھەركۈنى ئەتىگەندە، خىزمەتكار مېنى سائەت ئونلاردا ئويغىتاتتى. ئورنۇمدىن تۇرۇپلا بېرىپ مارك تۋېن ئەپەندىگە سالام بېرەتتىم. بۇ چاغدا ئۇ كۆپرەك چىرايلىق ئۆيئىچلىك ئىشتان كىيگەن، ياستۇققا يېرىم يۆلەنگەن ھالدا ئەسەرنى ئاغزاكى ئېيتىۋاتقان، كاتىپ خاتىرىلەۋاتقان ھالەتتە بولاتتى. بىر كۈنى، ئۇ مېنىڭ كىرگىنىمنى كۆرۈپلا:

ــ بىز بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن بىللە چىقىپ بۇ ئەتراپتىكى ئېتىز ئېرىق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلايلى، بولامدۇ؟ ــ دېدى.

ئۇ كۈنكى سەيلىمىز ئاجايىپ كۆڭۈللۈك بولدى. مارك تۋېن ئەپەندى قېلىن تېرە جۇۋا، قۇلاقچا كىيدى. مېھرىبانلىق بىلەن

مېنى قولۇمدىن يېتىلەپ ئەگرى - بۈگرى تار يولدا كېتىۋېتىپ، ئەتراپتىكى مەنزىرىنى ماڭا چۈشەندۈردى. مارك تۋېن ئەپەندىنىڭ بايانىدىن مەن قىيا بىلەن دەريا ئارىلىقىدىكى تار يولدا كېتىۋاتقانلىقىمىزنى، ئەتراپنىڭ مەنزىرىسى جانغا راھەت بەخش ئەتكۈچى گۈزەل، جەلبكار مەنزىرە ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئېرىق - ئۆستەڭ بىلەن چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن، ياماشقان ئوت - چۆپلەر بىلەن ئورالغان تاش تام ئالدىغا كەلدۇق. تاشلاردا يىللارنىڭ ئىزناسى قالغانىدى.

تاغ يولىدا ئۇزۇن يۈرگەندىن كېيىن، مارك تۋېن ئەپەندى ھېرىپ قالدى. ئۇ ماتىسى ئەپەندى ئالدىمىزدا بېرىپ، بىزنى ئەكېلىشكە پەيتۇن ئەۋەتسۇن، دېدى. ماتىسى ئەپەندى كەتكەندىن كېيىن، مارك تۋېن ئەپەندى، سۇللىۋان مۇئەللىم، مەن ئۈچەمىز تاغ باغرىدىكى چوڭ يولغا چىقىپ پەيتۇن ساقلىماقچى بولدۇق.

بىراق، بىز تۇرغان جايىمىزدىن چوڭ يولغا چىققۇچە تىكەن چاتقاللار ئۆسكەن چىغىر يولدىن، سۈيى مۇزدەك، سوغۇق بىر ئۆستەڭدىن، ئاخىرىدا ياپپېشىل مۇخلار بىلەن قاپلانغان سىلىق يەردىن ئۆتۈپ خېلى ئۇزۇن يول يۈردۇق. نەچچە قېتىم يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدۇق.

مارك تۋېن ئەپەندى ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن بولسىمۇ، قىزىقچىلىقىنى تاشلىماي، قىزىق - قىزىق پاراڭلارنى سېلىپ ماڭدى.

— ئوت - چۆپ ئارىسىدىكى يول بارغانسېرى تارىيىپ بارىدۇ. ئۇنى بويلاپ مېڭىۋەرسىڭىز، ئاغمىخانىغا ئەگىشىپ دەرەخكە چىقىپ قالىسىز، — دېدى ئۇ.

دەرۋەقە يول بارا - بارا تارىيىپ باردى. كېيىن بىز يانتۇ بولۇپ ئاران ماڭدۇق. مەن يولدىن ئېزىپ قالدۇقمۇ، قانداق

دەپ ئەندىشىگە چۈشكەنندىم. مارك تۋېن ئەپەندى تەسەللىي بېرىپ:

— ئەنسىرىمەڭ، بۇ قاقاس جاينى خەرىتىدىن تاپالمايسىز؛ باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، بىز ھازىر يەر شارى شەكىللىنىشتىن بۇرۇنقى تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇقتا كىرىپ قالدۇق. بىراق، قەسەم قىلىمەنكى، چوڭ يول كۆزىمىز يېتىدىغان ئاۋۇ تەرەپتە، — دېدى.

ئۇنىڭ دېگىنى توغرا چىقتى. چوڭ يول ھەقىقەتەن يېقىنلا يەردىكەن. گەپ شۇ يەردىكى، چوڭ يول بىلەن ئارىلىقىمىزدا خېلى چوڭقۇر بىر ئۆستەڭ ياتاتتى.

— بۇ ئۆستەڭدىن قانداق ئۆتەرمىز؟

بىز نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي تۇرغاندا، ماتىس ئەپەندى بىلەن پەيتۇنچىنىڭ قارىسى كۆرۈندى.

— جايىڭلاردا تۇرۇپ تۇرۇڭلار، بىز سىلەرنى ئالغىلى كەلدۇق.

ماتىس ئەپەندى بىلەن پەيتۇنچى قولمۇقول ياندىكى بىر قاشانى بۇزۇپ چاققانغىنا كۆۋرۈك ياسىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن شۇ چاغدىكىدەك كۆڭۈللۈك سەيلە قىلىپ باقمىدىم. شۇ چاغدا مەن بىر مەھەل تەۋەككۈلچىلىكىمىزدىن ئەندىشىگە چۈشكەنندىم. تۇرۇپ ئويلىسام، يېنىمىزدا مارك تۋېن ئەپەندى بولسىلا، يولدىن ئېزىپ قالساقمۇ، ئۇ ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش بولىدىكەن. شۇڭا، بۇ قېتىمقى سەيلە ھاياتىمدىكى ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

بىز مارك تۋېن ئەپەندىنىڭ ئۆيىدە خېلى كۈنلەر تۇردۇق. ئەتە قايتىمىز دېگەن كۈنى ئاخشىمى، مارك تۋېن ئەپەندى بىزگە «ھەۋۋانىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» نى دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى. ھەممىمىز بېرىلىپ ئاڭلىدۇق. مەن قولۇمنى سوزۇپ ئۇنىڭ كالپۇكىنى بوش تۇتۇپ، ئۇنىڭ مۇزىكىدەك يېقىملىق ئاۋا-

زىنىڭ ئادەمگە بېرىۋاتقان ھۇزۇرىنى ھەقىقىي يوسۇندا ھېس قىلدىم.

ئۇ ئوقۇپ ھەۋۋانىڭ ۋاپات بولغانلىقى، ئادەم ئاتىنىڭ ئۇنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرغان كۆرۈنۈشكە كەلگەندە، ھەممەيلەن ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدۇق.

ئەزەلدىن خۇشال كۇنلەر بەك تېز ئۆتىدۇ. بىزنىڭ قايتىدىغان ۋاقتىمىزمۇ بولۇپ قالدى. مارك تۋېن ئەپەندى بالكوندا بىزنى ئۇزىتىپ قالدى. خېلى يىراق يەرلەردىنمۇ ئۇنىڭ قول پۇلاڭلىتىشلىرىنى كۆرۈپ تۇردۇق. بىزمۇ پات - پات كەينىمىزگە قايرىلىپ ئاق رەڭلىق ئىمارەت بارا - بارا كىچىكلەپ ئاخىر پۈتۈنلەي كۆرۈنمەي قالغانغا قەدەر قاراپ تويمىدۇق.

پەيتۇندىكىلەر ئېغىزىمىزدىن چىقارمىغان بىلەن بىردەك:

— «ئەمدى ئۇنى يەنە قاچان كۆرەرمىز؟» دېگەن بىرلا مەسىلىنى ئويلايتتۇق. بۇ بىزنىڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېچقايسىمىز خىيالىمىزغا كەلتۈرمىدۇق.

مارك تۋېن ئەپەندى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر نۆۋەت باردۇق. ئەمما، ھەممىلا ئىش بۇرۇنقىغا پەقەتلا ئوخشىمايتتى. تام مەشلىك يوغان ئۆيمۇ سۆرۈن تۇس ئالغان بولۇپ، رەتلەپ، ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرۇپ تۇراتتى. پەلەمپەي يېنىدىكى بىر تەشتەك قوغۇنگۇللا ئۆتكەنكى ئۇنتۇلماس كۆڭۈللۈك كۇنلەرنى ئەسلەۋاتقانغا ئوخشاش باراقسان بولۇپ چىرايلىق ئېچىلىپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

*مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارغا ئاز - تولا بولسىمۇ تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە تىرىشىپ بىلىم ئىگىلىدىم.*

## يېڭىلىقنى تەن بەرمەيدىغانلار

مەن ئاخىر كۆپچىلىك ئالدىدا سۆز قىلالايدىغان هالغا كەلدىم. ئاۋازىم دىگەندەك يېقىملىق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇ گەپ قىلالماسلىقتىن كۆپ ياخشى. چۈنكى، خىزمىتىمنى قانات يايدۇرۇشۇمغا سۆزلىيەلىشىمنىڭ ياردىمى كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا دائىم: «مەن كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارغا ئاز - تولا بولسىمۇ تۆھپە قوشۇش مەقسىتىدە تىرىشىپ بىلىم ئېلىۋاتىمەن. بۇ دۇنيادا مەن قىلالىغۇدەك، پەقەت مېنىڭلا قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلار تېپىلىپمۇ قالار. ئەمما، بۇ ئىش نېمىدۇ؟» دەپ ئويلايتتىم. ئەمما، ئۇيان ئويلاپمۇ، بۇيان ئويلاپمۇ بۇنىڭ جاۋابىنى پەقەتلا تاپالمىغانىدىم.

قىزىق ئىش، دوستلىرىممۇ مېنىڭ غېمىمنى يەپ بۇنىڭ ئامالىنىمۇ قىلىپ قويۇپتۇ. بىرى ماڭا:

— سىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كۆپ بىلىم ئالىمەن دەپ ئۆزىڭىزنى ئۇپراتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر سىز مۇشۇ روھىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئوخشاش سەرگۈزەشتىسى بار باللارغا سەرپ قىلسىڭىز، ئۇ هالدا جەمئىيەتكە قوشىدىغان تۆھپىڭىز چوقۇم تېخىمۇ زور بولىدۇ. شۇنداقلا، بۇ تەگرى سىزنىڭ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىدىغان ئىش. خىراجەت مەسىلىسىدىن غەم قىلماڭ، ئۇنى تەييارلاشقا مەن مەسئۇل بولىمەن. بۇنىڭغا رايىڭىز

قانداق؟ — دېگەنىدى.

مەن شۇ چاغدا جاۋابەن:

— كۆڭلىگىزنى چۈشەندىم. بىراق، ئالىي مەكتەپنى ئو-قۇپ تۈگىتىشتىن بۇرۇن، بۇ ئىشنى ھازىرچە ئويلاشمايمەن، — دېگەنىدىم.

لېكىن، بۇ دوستۇم بۇنىڭلىق بىلەن نىيىتىدىن يانماي، مېنى قايىل قىلىشقا كۆپ تىرىشتى. پات - پات سۇللىۋان مۇئەللىم ۋە مەن بىلەن تولا مۇنازىرىلىشىپ ھېچ ھالىمىزنى قويمىدى. بىز ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلەشمەيدىغانلا بولدۇق. ھالبۇكى، ئۇ بۇنى ماقۇل بولدى، دەپ خاتا چۈشىنىپ قاپتۇ. ئەتىسىلا تاڭ سەھەردە بىز تېخى ئورنىمىزدىن تۇرماستىلا، بۇ دوستىمىز نيۇيوركقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ نيۇيورك، ۋاشىنگتون قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، مېنى ئەمالار مائارىپ خىزمىتىگە ئۆزىنى بېغىشلاش قارارىغا كەلدى ۋە بۇ ئىشقا دەرھاللا كىرىشمەكچى بولدى، دەپ تەشۋىق قىپتۇ.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەيران قالغان خوتتون خانىم شۇئان، دەرھال نيۇيوركقا كېلىپ بۇنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرگەن بولسىڭىز، دەپ ماڭا خەت يېزىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن ۋە سۇللىۋان خېنىم ئامالسىز جاپا تارتىپ نيۇيوركقا بېرىپ، بىزگە ماددىي ياردەم بەرمەكچى بولغان ئەپەندىلەرنى زىيارەت قىلدۇق. بۇ چاغدا، بىر ئىش بىلەن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالغان لوج ئەپەندى مارك تۋېن ئەپەندىنى ئۆزىگە ۋەكىل قىپتۇ. بىر قانچە ئادەم يىغىلىپ، بۇ ئىشنى تۇنجى قېتىم مۇزاكىرە قىلىشتى. مارك تۋېن ئەپەندى ئەڭ ئاخىرىدا خۇلاسە قىلغان تەرزدە:

— لوج ئەپەندى بۇ ئىش ئۈچۈن پەقەتلا پۇل چىقارمايمەن، دەپ ئېنىق ئىپادە بىلدۇردى، — دېدى.

بىر ئەپەندى گەپنى چوڭ يەردىن باشلاپ، خېلىنىڭ ئەمالار

www.uyghurkitap.com

مەكتىپى قۇرۇشى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى، دېدى ۋە بۇ كېپىنى كۆپ تەكىتلىدى. ئەمما، مەن تەڭرى مۇشۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرگەن ھۆججەتنى كۆرمىدىم. ئەجەبا ياكى ئۇ ئەپەندىدە تەڭرى ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەزىپىگە تەيىنلەش ئوقتۇرۇشى بارمىدۇ؟ ئۇنداق بولمىسا بۇ ئىشنىڭ تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئىكەنلىكىنى ئۇ قانداق بىلىدۇ. ھالبۇكى، باشقا ئىشلار تەڭرىنىڭ ئىرادىسى ئەمەسمۇ؟ بۇنداق گېپلەر ئادەمنى قانداقمۇ قايىل قىلالىسۇن؟

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە ئارىلىقتا، بۇنداق ئىشلاردىن بىر قانچىسى بولدى. بەزىلەر مېنى باش رولچى قىلىپ ھەممىلا يەرگە ئاپىرىپ نۇتۇق سۆزلەتمەكچى بولدى. بەزىلەر بولسا مېنى پۇل چىقىرىپ بارلىق ئەمالارنى بىر شەھەرگە يىغىپ تەربىيىلىسە دېگەندەك پىلانلارنى تۈزۈشتى. مەن بۇ پىلانلارنى قىلغۇچىلارغا:

— سىلەرنىڭ پىلانىڭلار ئەمالارنى ھەقىقىي مۇستەقىللىققا ئېرىشتۈرەلەمدۇ، كەچۈرۈڭلار، بۇ ئىشقا قىزىقمايمەن، — دېدىم.

ئۇلار جاۋابىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق رەنجىشتى، بەك ئۆزۈمچىلىكەنسىز، ئۆزىڭىزگە پايدىلىق ئىشلارنىلا قىلىدىكەنسىز، دەپ ئەيىبلەشتى.

بەختىمگە يارىشا، پروفېسسور بېل، لوج ئەپەندى قاتارلىق ماڭا قىزغىن ھەمدەمدە بولۇۋاتقان ئەپەندىلەر ئىنتايىن ئۇقۇمۇشلۇق، ھالغا يېتىدىغان، غەرەز ئۇقمىدىغان بولغاچقا، مېنىڭ ياقتۇرغان ئىشىمنى قىلىشىمغا ئەڭ زور دەرىجىدە ئەركىنلىك بەردى، زادىلا ئارىلىشىۋالمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى مېنى قاتتىق تەسىرلەندۇردى ۋە ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. شۇڭا ئۆزۈمچە: «جەمئىيەت ۋە ئىنسانلارغا ھەقىقىي يوسۇندا پايدىلىق، شۇنىڭدەك قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا، مەن چوقۇم پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرىشىپ ئىشلەيمەن» دەپ نىيەت قىلدىم.

ئالىي مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، مەن ئەمالارغا ھەقىقىي يوسۇندا تۆھپە قوشىدىغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى.

بىر كۈنى، چارلىس كاپل ئىسىملىك بىر ياش مېنى يوقلاپ كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: «دادام بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئەنگلىيە ئەمالار مەكتىپىگە كۈچ قوشۇش ئۈچۈن لوندوندا ئالىي مۇزىكا پىداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرغاندى. مەن سىزنى ئەمالار پاراۋانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مىزان قىلغان ‹بوستون ئاياللار سودا سانائەت بىرلەشمىسى› گە كىرىشكە دەۋەت قىلىش مەقسىتىدە كەلدىم».

مەن تېزلا بۇ تەشكىلاتقا كىردىم. ئاندىن ئىككىمىز بىرلىكتە پارلامېنتقا بېرىپ، ئەمالارنى قوغداش ئۈچۈن ئالاھىدە كومىتېت قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ ئىلتىماس سۇندۇق.

ئىلتىماسىمىز ئوڭۇشلۇق ھالدا ماقۇللۇقتىن ئۆتتى. شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە كومىتېتمۇ تېزلىكتە قۇرۇلدى. مېنىڭ خىزمىتىممۇ ئالاھىدە كومىتېتنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان ئاساستا ناھايىتى ياخشى بىر باشلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بىز ئالدى بىلەن كاپل ئەپەندىنىڭ قوماندانلىقىدا، ئەمالار قىلسا بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، مەخسۇس ئەمالارغا قول ھۈنەر سەنئىتىگە ئوخشاش قوشۇمچە كەسىپنى ئۆگىتىدىغان بىر تەجرىبىخانا قۇرۇپ چىقتۇق. ئەمالارنىڭ ئەمگەك مەھسۇلاتىنى سېتىشنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز يەنە بوستوندا مەخسۇس سېتىش دۇكىنى ئاچتۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ماسساچۇسېتس شتاتىنىڭ بىر قانچە يېرىدە مۇشۇنىڭدەك دۇكان ئاچتۇق.

لېنشاغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمالار مەسىلىسى ئۈستىدە تېخىمۇ ئىنچىكە ۋە ئالايىتەن ئويلىنىپ، نۆۋەتتە ئەمالار ئۈچۈن جىددىي بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىككى تۈرلۈك ئىش بار،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىرى، ئۆزىنى ئۆزى قامداش ئىقتىدارىنى ھازىرلاش ئۈچۈن، قانداق قىلىپ ئەمالارنى بىرخىل ھۈنەرنى ئۆگىنىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، ئەمالارنى ئۆزئارا ئالاقىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، شۇنداقلا كەسپىي تەكشۈرۈشنى تېخىمۇ ئوبدان ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك ئورگان بولۇشى كېرەك. ئىككىنچىسى، ئەمالارنىڭ تەربىيىلىنىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، نۆۋەتتە ئامېرىكا، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردا ھازىر بار بولغان بىر قانچە خىل ئەمالار يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلدىم.

بىر كۈنى دوكتور مولو ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي يول جاپاسى تارتىپ نيۇيوركتىن كومىتېتىمىزغا كەلدى ۋە ئەمالىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇسۇلىنى ئېيتىپ مۇنداق دېدى:

— نۆۋەتتە، ئەمالار مەكتىپىدىكى بالىلارنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى تۇغۇلغان ۋاقتىدا كېسەل باكتېرىيىسىنىڭ يۇقۇملىنىشى سەۋەبلىك كۆرەلمەس بولۇپ قالغان، ئەگەر بىز بالا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى دېزىنفېكسىيە، ئالدىنى ئېلىش ئىشلىرىنى ئىشلىسەك، بۇنداق ئەھۋالدىن چوقۇم ساقلانغىلى بولاتتى.

بۇنىڭ ئۈچۈن دوكتور بوۋاق تۇغۇلغان ھامان كۆزىنى دېزىنفېكسىيە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن ھەمدە بۇ نۇقتا قانۇندا ئېنىق بەلگىلىنىشى كېرەك دەپ قارايدىكەن. ئۇ بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن كومىتېتىمىزنىڭ پائال تۈردە، باشلامچىلىق بىلەن جامائەت پىكرى توپلىشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن.

بىز ئۇنىڭدىن تەڭلا دېگۈدەك:

— سىز كېسەلنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇپ نېمىشقا ھازىرغا قەدەر ھەرىكەت قوللانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدۇق.

— راستىمنى ئېيتسام، كېسەللىك باكتېرىيىسى بىلەن

يوقۇملىنىش دېگىنىمىز، باللارنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ناشايان ئىشلارنى قىلىپ، كىشىگە دېگىلى بولمايدىغان كېسەللەرنى يۇق-تۇرۇۋالغانلىقى دېمەكتۇر. بۇنداق ئەھۋاللارنى دوختۇرلار ئوچۇق ئاشكارا دېيەلمەيدۇ. گېزىت - ژۇرناللارمۇ بۇنداق ئىشلارنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. شۇنداق تۇرسا، مەندە نېمە ئامال بولسۇن. شۇنداق بولغاچقىلا سىلەردىن ياردەم سوراپ كەلدىم، — دىدى ئۇ نائىلاجلىقىنى بىلدۇرۇپ.

مۇنداق توسالغۇلارمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ. دوكتورنىڭ چۈ-شەندۇرۇشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كومىتېتىمىزدىكى بارلىق ئە-زالار بۇ خىزمەتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قانات يايدۇرۇشقا قوشۇل-دى. ئەمما، خۇددى پروفېسسور مولو ئېيتقاندەك، ئىش ئۇنداق ئاسان ئەمەس ئىكەن، دوختۇرلار بىلەن ئاممىۋى تەشۋىقات ئور-گانلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا قاراشلىرى بار بولغانلىقتىن، بۇ خىل مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئادىتىنى ئاسان-لىقچە ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلار ياردەم بەرگۈسى بولسىمۇ، قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

شۇ تەرىقىدە ئىككى يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. 1907 - يىلى مەن كانزاس شەھىرىگە بارغاندا، بىر كۆز دوختۇرى بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ قالدىم.

— بۇنداق ئىشلاردا گېزىتلەرنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ. سىلەر نېمىشقا «كانزاس شەھەرلىك چولپانلار گېزىتى» تەھرىر بۆلۈمىنىڭ باش مۇھەررىرى بىلەن كۆرۈشۈپ باقمايسىلەر؟ بەل-كىم ئۇ سىلەرنىڭ ئەمالار مەسىلىسىنى گېزىت يۈزىدە مۇھاكىمە قىلىشىڭلارغا ئۇناپ قىلىشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ.

مەن دەرھال ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ چولپانلار گېزىتىنىڭ باش مۇھەررىرى نىلسون ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۈم. ئەپسۇسكى، ئۇ تەلىپىمنى ئىنتايىن كەسكىن تەلەپپۇزدا رەت قىلدى. مەن قاتتىق ئۈمىدسىزلەندىم. بەلكىم شۇئان چىرايىمغا تەپكەن ئۈمىد-

سىزلىكنىم ئۇنى سەل ئېرىتقان بولۇشى مۇمكىن. ئۇ بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ:

— مۇنداق قىلايلى، نېمە يازغىنىڭلار بولسا، شۇنى يېزىۋېرىڭلار، ئۇنى بېسىش - باسماسلىقنى قارار قىلىش ھوقۇقى بىزدە بولسۇن، بولامدۇ؟ — دېدى.

مەن تېزلىكتە بىر قانچە ئەينەن مەسىلىنى يېزىپ ئەۋەتتىم. نىلسون ئەپەندى بۇ ماقالىنى چولپانلار گېزىتىنىڭ بىرىنچى بېتىگە بېسىپ چىقاردى. شۇنداق قىلىپ، بىز ئاخىر بىرىنچى قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتتۇق.

شۇ يىلى «ھۆرقىز ژۇرنىلى» ئوخشاش مەسىلە يېزىلغان ماقالىنى باستى. مەن ئارقا - ئارقىدىن يازغان بىر قانچە ماقالە پۈتۈن مەملىكەتتىكى گېزىت - ژۇرناللاردا كۆچۈرۈپ بېسىلىپ، مۇھاكىمە دائىرىسى كېڭەيدى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەخسۇس ئەمالار مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنغان «ئەمالار دۇنياسى»، «ئەمالار ژۇرنىلى» قاتارلىق ژۇرناللار ئارقا - ئارقىدىن تەسىس قىلىندى.

مەن يەنە ھاۋالىگە ئاساسەن «مائارىپ قامۇسى» دا ئەمالارغا ئالاقىدار ئىلمىي ماقالىلەرنى ئېلان قىلدىم. شۇنىڭدىن باشلاپ خىزمىتىم تەدرىجىي يوسۇندا كۆپەيدى. ماقالە ئۇيۇشتۇرۇش ئەشى ئۇزۇلمىدى، تېخى دائىم ھەرخىل يىغىنلارغا قاتنىششقا ۋە نۇتۇق سۆزلەشكە توغرا كەلدى. شۇڭا، ھەتتا بۇ ئىشلارغا يېتىشەلمەي قالدۇق.

توساتتىن تۇرمۇش قەدىمىم تېزلىشىپ ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، ھەمىشە ئالدىراپ - تېنەپ يىغىنلارغا باراتتىم. يىغىندىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم، باشقا تەكلىپلەر مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. بەزى كۈنلىرى ھەتتا بەش، ئالتە جايغا بېرىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتلەرمۇ بەك كۆپ بولۇپ، بىر تەرەپ قىلىشقىمۇ كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. بەك چارچاپ كەتكەنلىكتىن،

مۇئەللىم ئىككىمىز بۇ ئىشلارغا يېتىشەلمەي قالدۇق، سالامەتلىكىمىزمۇ ياخشى بولمىدى.

ئالدىراشلىقتا قول ـ قولىمىزغا تەگمەي قالغان بولساقمۇ، تۇرمۇشتا يەنىلا پۇلدىن قىسىلىپ، بىر مەھەل خىزمەتكار ياللاشقىمۇ قۇربىتىمىز يەتمىدى. شۇنىڭ بىلەن سۇللىۋان مۇئەللىم ھەركۈنى ئەتىگەندە ماتىسى ئەپەندىنى ۋوگزالغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىن، قايتاشىدا سەي ـ پەي ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. بۇ چاغدا مەن جوزا ـ ئورۇندۇقلارنى سۈرتۈپ، ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ، ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى يىغاتتىم. ئاندىن گۈللۈكتىن گۈل ئۈزۈپ كىرىپ لوڭقىلارغا چىلايتتىم ياكى چىغىرىقنى ئايلاندۇرۇپ سۇ تارتاتتىم. چىغىرىقنى ئەتتىممۇ، يوق، دېگەننى ئەستە تۇتۇۋالاتتىم. دېمەك، قىلىدىغان ئىشلىرىم خېلىلا جىق ۋە ئېغىر ئىدى. قېرىشقاندەك مۇشۇ مەزگىلدە ماڭا ئۆيۈشتۇرۇلغان ماقالە، كېلىدىغان خەت ـ چەكلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ كەتتى.

مەن ئوبلاست باشلىقىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن 1906 ـ يىلى ماساچۇسېتس ئوبلاستلىق ئەمالار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدۇم. كومىتېتنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنىدا، سۇللىۋان خېنىم يېنىمدا ئولتۇرۇپ قول تىلى ئارقىلىق ماڭا يىغىننىڭ ئەھۋالىنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. مېنىڭ تەسىراتىم شۇ بولدىكى، ئەزالارنىڭ ھەممىسى پايتىمىدەك ئۇزۇن، مەنىسىز نۇتۇق سۆزلەشكە ئامراق ئىكەن. تۈگىمەس سوراق ـ سوئاللار، جاۋابلار قاتارلىق رەسمىيەتچىلىكلەر ئادەمنى هارغۇزۇۋېتىدىكەن. شۇڭا، بەش، ئالتە ئايدىن كېيىن بۇ ۋەزىپىدىن ئىستېپا بەردىم.

ئەمالارغا ھەقىقىي يوسۇندا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتە كوللېكتىپنىڭ كۈچىگە تايانماي ھەرگىز بولمايدۇ. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن جامائەت پىكرىنىڭ دىققىتى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. شۇڭا، مەن بۇرۇنقىدەكلا ھەرتۈرلۈك ئاشكارا سورۇنلارغا بېرىشىم، دوختۇرلار يىغىنى ياكى باشقا يىغىن-

www.uyghurkitap.com

لارغا قاتنىشىشىم، بۇنىڭ ئۈچۈن نۇتۇق سۆزلەش ماھارىتىمنى ئېخىمۇ ئىرىشىپ مەشىق قىلىپ، ئاممىغا يۈزلەنگەندە سۆزۈمنى تېخىمۇ بەك قايىل قىلارلىق قىلالايدىغان بولۇشۇم كېرەك.

مەن بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن ئۇستازلاردىن ئىپادىلەش ماھارىتى ئۆگەندىم. ئەپسۇسكى، ئۇنۇمى كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. مۇشۇنداق بىر چاغدا مەن بوستۇندا ۋايت ئەپەندىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ مۇزىكا نەزەرىيىسىنى پۇختا تەتقىق قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ئاۋاز چىقىرىش فۇنكسىيىسىنى ناھايىتى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلغانىكەن، مەن تەلىيىمنى بىر سىناپ بېقىش نىيىتىدە ئۇنى ياردەمگە چاقىردىم.

ۋايت ئەپەندى تەلىپىمگە خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ:

— بۇ ئىشنى قانچىلىك دەرىجىدە قىلالايدىغانلىقىمنى مەنمۇ بىلمەيمەن. بىراق، بۇ ئىش ماڭا نىسبەتەن بىرخىل تەتقىقات ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بىز بىر سىناپ باقايلى، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ ۋايت ئەپەندى 1910 - يىلىدىن باشلاپ ھەر شەنبە كۈنى لېنشاغا كېلىپ ئۆيىمىزدە تۇرۇپ، يەكشەنبە كۈنى قايتىپ كەتتى. شۇ ۋاقىت ئىچىدە ماڭا دەرس ئۆتتى.

ئون ياشقا كىرگەن ۋاقتىمدا سۇللىۋان مۇئەللىم مېنى خېللا ئەپەندىنىڭ قېشىغا ئاپارغان، بۇ مېنىڭ ئاۋاز چىقىرىش ئۇسۇلىنى تۇنجى قېتىم ئۆگىنىشىم ئىدى. ماڭا ئاۋاز چىقىقاندا پەيدا بولغان تىترەشنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن خېللا ئەپەندى قولۇمنى يۈزىگە قويۇپ، «ARM» دېگەن ئاۋازنى ئاستا چىقارغان ھەمدە مېنى دوراپ ئاۋاز چىقىرىشقا دەۋەت قىلغان. مەن قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىپ تەكرار مەشىق قىلىپمۇ ناھايىتى تەسلىكتە قالايمىقانلا بىر ئاۋازلارنى چىقارغانىدىم.

— گېلىڭىزنى يۇمشاقراق قىلىڭ، تىلىڭىزدىمۇ بەك كۈچەپ كەتمەڭ.

ئۇ ماڭا سەۋرچانلىق بىلەن كۆرسەتمە بېرىپ ئاۋازىمنى تۈزى-

تەتتى. تاۋۇش چىقىرىشنى مەشىق قىلىشتىن بۇرۇن تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، شۇنىڭدەك كىچىككىنە بالا ۋاقتىدىن تارتىپ توختاتماي مەشىق قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئاندىن ئاۋازنى سىلىق، يېقىشلىق قىلغىلى ۋە تېخىمۇ كۆپ تاق سۆزنى ئەستە تۇتقىلى بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا، مەن گاس - گاچىلار تەربىيىسىدە گاس - گاچا بالىلارغا ئاۋاز مەشىقىنى بالدۇرراق قىلدۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋايت مۇئەللىم بۇ ئىشنى سىناپ بېقىش روھىي ھالىتى بىلەن باشلىغانىدى. ئەمما، بارا - بارا قىزىقىپ ماڭا ئۈچ يىل ئۆگەتتى، تېخى ئىككى يىل ياز پەسلىدە لېنشادا تۇردى.

ۋايت مۇئەللىمنىڭ مەشىق ئۇسۇلى ئىشنى تاۋۇش ئورگانلىرىدىن باشلاش، ئاندىن تاۋۇش چىقىرىش مەشىقى قىلدۇرۇش، ئاخىرىدا رېتىم، ئۇرغۇ، تاۋۇش سۈپىتى، ئاھاڭنى ئۆگىتىش بولدى. شۇ تەرىقىدە ئۈچ يىل ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئاخىر كۆپچىلىك ئالدىدا زورىغا سۆزلىيەلەيدىغان بولدۇم.

سۇلىۋان مۇئەللىم بىلەن مەن يېڭى جېدسىپى شتاتىنىڭ مونتاكرى دېگەن يېرىدە تەجرىبە خاراكتېرلىك نۇتۇق سۆزلىدۇق. ئۇ خېلى قاتتىق كۈچەش بىلەن بولغان تەجرىبە بولدى. بۇنى ھازىر ئويلىساممۇ، يۈرىكىم سالغاندەك بولىدۇ. مۇنبەرگە چىقىپ قاتتىق تىترەپ كەتتىم، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم. تەييارلىۋالغان سۆزلىرىم ئېغىزىمدا چۆرگىلەپ تۇرسىمۇ، قېرىشقاندەك ئاۋاز چىقىرالمىدىم. ئاخىرىدا پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ، زور غەيرەتكە كېلىپ، بار كۈچۈم بىلەن ئاۋاز چىقاردىم. شۇ چاغدا گويا زەمبىرەك ئېتىلغاندەك تۇيغۇدا بولدۇم، ئەمما كېيىن كىشىلەر ماڭا ئاۋازىڭ گويا پاشىنىڭ غىڭىلدىشىدەك چىقتى، دېيىشتى. نېمىلا بولمىسۇن، مەن يېڭىلگىنىگە ئاسانلىقچە تەن بەرمەيدىغانلاردىن، شۇڭلاشقا ئىنتايىن كۈچىگەن بولسامۇ، ھەرھالدا كۆزلىگەن نۇتقىمنى سۆزلەپ تۈگەتتىم. مۇنبەردىن

چۈشۈپلا ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ، پۇشايمان بىلەن:

— ماڭا سۆزلەش بەك قىيىن چۈشىدىكەن. مەن سەل ئۆزۈمنى چاغلىماي قاپتىمەن. قولدىن كەلمەيدىغان ئىشقا زوروقۇشنىڭ ئۈنچە پايدىسى يوقكەن، — دېدىم.

ئەمەلىيەتتە بۇنىڭلىق بىلەن ئىشەنچىمنى ھەقىقىي تۈردە يوقاتمىدىم، ئەكسىچە قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ تېخىمۇ تىرىشىپ مەشىق قىلىشقا كىرىشتىم. مەن ئاخىر كۆپچىلىك ئالدىدا سۆز قىلالايدىغان ھالغا كەلدىم. ئاۋازىم دېگەندەك يېقىملىق ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇ گەپنى قىلالماسلىقتىن كۆپ ياخشى، چۈنكى خىزمىتىمنى قانات يايدۇرۇشۇمغا سۆزلىيەلىشىمنىڭ ياردىمى كۆپ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇ سەۋەبتىن ئارزۇيۇم ئاخىر قىسمەن بولسىمۇ ئىشقا ئاشتى.

*مەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ نۇرغۇنى ماڭا ئوخشاش شور پېشانىلەر ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا تەسەللىي بېرىمەن ۋە ئۇلارنى رىغبەتلەندۈرىمەن.*

## غەيرەت بىلەن مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلەش

سۆزلەشنى يېڭى ئۆگەنگەن چاغلاردا، سىرتلارغا چىقىپ سۆزلەشكە ئانچە جۈرئەت قىلالمايتتىم، چۈنكى، نېمە دەپ سۆزلىشىمنى بىلەلمەيتتىم. بىراق، مەن ھەر قېتىم نوتۇق سۆزلىگەن چاغدا، ھەرقايسى قاتلامدىكى ئاڭلىغۇچىلار، يەنى قېرىلار، كىچىك باللار، بايلار، نامراتلار، شۇنىڭدەك گاس - گاچا قاتارلىق تېنىدە تۈرلۈك كەمتۈكلۈك بار كىشىلەر كېلىپ نۇتقىمنى ئاڭلايتتى.

مۇئەللىم ئىككىمىز ناھايىتى قارشى ئېلىندۇق. شۇڭا، بىز غەيرەتكە كېلىپ ئۇيان - بۇيان بېرىپ نوتۇق سۆزلەشكە باشلىدۇق.

سۇللىۋان مۇئەللىم ناھايىتى تالانتلىق ناتىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئاجايىپ جانلىق، تەسىرلىك بايانلىرى ئاڭلىغۇچىلارنى قاتتىق تەسىرلەندۈرۈپ، ھاياجانغا سالاتتى. بولۇپمۇ مۇئەللىمنىڭ ماڭا قانداق جاپا مۇشەققەتلەر بىلەن تەلىم بەرگەنلىك جەريانىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئىختىيارسىز تەسىرلىنەتتى. سۇللىۋان مۇئەللىم بىرەر سائەتتەك سۆزلەيتتى. بۇ ئارىلىقتا مەن بىر ياندا جىممىدە ئولتۇرۇپ ئېلىۋالغان ئەمالار يېزىقىدىكى ئەدەبىي ئەسەرنى ئوقۇيتتۇم.

مۇئەللىمنىڭ سۆزى تۈگەپ نۆۋەت ماڭا كەلگەندە، بىرى مېنى يېتىلەپ مۇنبەرگە ئەكېلەتتى. مەن ئاۋۋال بارماقلىرىمنى

www.uyghurkitap.com

مۇئەللىمنىڭ لېۋىگە قويۇپ، پەستە ئولتۇرغانلارغا مۇئەللىمنىڭ كالپۇكىنىڭ مىدىرلىشىدىن ئۇنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلەلەيدىغانلىقىمنى ئىسپاتلاپ بېرەتتىم، ئاندىن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتىم. ئادەتتە مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىشىلەرگە ئىشەنچ، ئىرادە، قەيسەرلىك بولسىلا، ئىنسانلاردىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ كۆپ ھاللاردا تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان مەلۇم دەرىجىگە يېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى داۋلىنىمۇ چۈشەندۈرەتتىم.

بىرمەھەل ئۇيان ــ بۇيان بېرىپ سۆزلىگەن بولساممۇ، سۆزلەش ماھارىتى جەھەتتە تۈزۈك ئىلگىرىلەش بولمىغىنىدىن ئىچىم سىقىلاتتى. تەلەپپۇزۇم دېگەندەك توغرا بولمىغاچقا، بەزىدە ئاڭلىغۇچىلار مېنىڭ زادى نېمىلەرنى دېگەنلىكىمنى ئۇقالمايۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولاتتىم. گاھىدا سۆزلەپ يېرىمىغا كەلگەندە بوغۇزۇمدىن غەلىتە ئاۋاز چىقاتتى ياكى ئاۋازىم پەسلەپ كېتەتتى. بۇنى ياخشىلاشقا ھەرقانچە تىرىشقىنىم بىلەنمۇ ئۇچۇق، قۇلاققا ياققۇدەك ئاۋاز چىقىرالمايتتىم.

ئاڭلىغۇچىلارغا گېپىمنى ئېنىقراق ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم گېپىمنى تەكىتلىمەكچى بولغىنىمدا، گېلىم مەن بىلەن قېرىشاتتى، تىلىممۇ قېتىپ قالغاندەك، زۇۋان سۈرەلمەي قالاتتى. بۇنداق چاغلاردا جىددىيلىشىپ ۋە جىلى بولۇپ كېتەتتىم. بۇنداق بولغانسېرى ئىش تېخىمۇ چاتاق بولاتتى. قانچىلىك ئوسال بولىدىغانلىقىمنى ئېيتمايلا قوياي! بۇنداق ئەھۋاللاردا نۇتقىم شۇنچىلىك ناچار بولدى. ئەگەر بۇ سورۇندا بىرەر باشقىچە ئاۋاز بولىدىغان بولسا، چوقۇم ئاۋازىمنى بېسىپ كەتتى دەپ ئويلاپ ئىنتايىن بىئارام بولاتتىم. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەيداندا ئورۇندۇق سۈرۈلگەن ياكى سىرتتا ماشىنا ماڭغان ئاۋازنى سەزسەم، ئىختىيارسىز تىت ــ تىت بولۇپ كېتەتتىم.

ئاڭلىغۇچىلىرىمىنىڭ ئىنتايىن سەۋرچانلىق بىلەن گېپىمنى باشتىن ئاخىر ئاڭلىشىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم. مەن ھەر قېتىم سۆزۈمنى تۈگەتكەندە، ئاڭلىغۇچىلار مەيلى گېپىمنى قانچىلىك ئاڭلىيالىسۇن، گۈلدۈراس ئالقىش ياڭرىتاتتى، بەزى كىشىلەر ئالايىتەن قېشىمغا كېلىپ مېنى رىغبەتلەندۈرەتتى.

مەن سۆزلەشنى قاملاشتۇرالمىغان بىلەن سۇلىلىۋان مۇئەللىم ناھايىتى ياخشى سۆزلەيتتى. ئۇ كۆپىنچە كۆپچىلىككە مېنى يېتەكلەش جەريانىنى سۆزلەيتتى. ئۇ گەپكە ئۇستا بولغاچقا، ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ سۆزىنى بېرىلىپ ئاڭلايتتى. بەزىدە ئۇ سۆزلىگەن مەزمۇنلاردىن مەنمۇ قاتتىق تەسىرلىنەتتىم ھەتتا چاۋاك چېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم.

بىز باشتا نيۇئىنگلاند ۋە يېڭى جېرسېي شتاتى ئەتراپىدا سۆزلىدۇق، كېيىن دائىرىنى بارا - بارا كېڭەيتىپ خېلى يىراق جايلارغا باردۇق. 1913 - يىلى بىز ۋاشىنگتونغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلىدۇق. بىزنىڭ ۋاشىنگتونغا بېرىشىمىز زۇڭتۇڭ ۋىلسوننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش ھارپىسىغا توغرا كەلدى. شۇڭلاشقا، بىرلەشمە ئاگېنتلىق زۇڭتۇڭنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمى ئەھۋالىنى مۇشتېرىلەرگە خەۋەر قىلىشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن پۈتكۈل مۇراسىم جەريانىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم.

مۇراسىم بولىدىغان كۈنى ھاۋا بۇلۇتلۇق بولۇپ، پاراتتىن ئۆتۈشكە ناھايىتى مۇۋاپىق كېلەتتى. بۇ كۈنى ۋاشىنگتون شەھەر رايونى ئالاھىدە قايناپ كەتتى. كىشىلەر پاراتنى ئوبدانراق كۆرۈدىغان جاي تاللاش ئۈچۈن ئېگىز جايلارغا چاپاتتى. پاراتتىن ئۆتۈۋاتقان ئارمىيە ئالامەت ھەيۋەتلىك، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ روھى ئۇرغۇپ تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ئادەممۇ ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. ھەربىي ئوركېستىر ھەيۋەتلىك ھەربىي مارشنى ئورۇنداپ سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭدى،

ھەممە ياق قاينام تاشقىنلىق ۋە شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەنىدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا: «بۇ سۆيۈملۈك ياش جەڭچىلەرشەپقەتسىز ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ قالمىغاي ئىدى، ئۇلار چىرايلىق ھەربىي فورمىسىنى رەتلىك كىيىپ، زۇڭتۇڭغا قاراپ سالام قىلسىلا كۇپايە» دەپ ئويلىدىم.

كىم بىلسۇن، ئۇزۇن ئۆتمەي 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. مەن ئۇرۇشقا قارشى ئىدىم، ئەمما قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيتتى. دېمىسىمۇ، بۇ ئۇرۇشنى توختىتىشقا مېنىڭ قانداقمۇ كۈچۈم يەتسۇن.



www.uyghurkitap.com

*مەن بېل دوكتورنى ھاياتىمدا ئۇ سۇللىۋان مۇئەللىمدىن بۇرۇنراق پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشى كۆرسەم كېرەك. ئۇ مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغان بىر چاغدا ماڭا ئىللىق دوستلۇق قولىنى سۇنغانىدى.*

# دوكتور بېلنى ياد ئېتىمەن

ۋاشىنگتوندا مېنىڭ نۇتۇق سۆزلىشىم زۇڭتوڭ ۋىلسوننىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىدىن بۇرۇنغا ياكى كېيىنكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئېسىمدە قالماپتۇ. ئەمما، دوكتور بېلنىڭ شۇ چاغدا بىز بىلەن بىرلىكتە بىر مەھەل ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ياشىغانلىقىنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن.

ئەمەلىيەتتە، ۋاشىنگتوندا دوكتور بېل بىلەن مۇنبەردە بىللە تۇرۇشۇم تۇنجى قېتىملىق ئىش ئەمەس، مەن 15 ياش ۋاقتىمدىلا، دوكتور بېل بىلەن بىرلىكتە گاس - گاچىلار مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنىغا قاتناشقانىدىم.

ئادەتتىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، دوكتور بېل تىلغا ئېلىنسا، كۆپچىلىك ئۇنىڭ يەنە تېلېفون كەشپىياتچىسى، گاس - گاچىلار مائارىپىغا كۈچ چىقارغان مەشھۇر ساخاۋەتچى ئىكەنلىكىنىمۇ ئويلىشى مۇمكىن. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ئىنتايىن قەدىردان، سۆيۈملۈك، ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر دوست، دەرۋەقە، دوكتور بېل بىلەن مېنىڭ ئارىلاشقان ۋاقتىمىز ئەڭ ئۇزۇن، مۇناسىۋىتىمىزمۇ بەك ياخشى.

مەن بېل دوكتورنى ھاياتىمدا ئۇ سۇللىۋان مۇئەللىمدىن بۇرۇنراق پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشى كۆرسەم كېرەك. ئۇ مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇرغان بىر چاغدا ماڭا

www.uyghurkitap.com

ئىللىق دوستلۇق قولىنى سۇنغانىدى. دوكتور بېلىنىڭ ياردىمى بولغاچقا، ئاننا نوتىس ئەپەندى ماڭا سۇللىۋان مۇئەللىمنى تونۇشتۇرغان. دوكتور بېل سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ يېتەكلەش ئۇسۇلىدىن باشتىن ـ ئاخىر ئىنتايىن مەمنۇن بولدى. ئۇ مۇئەللىمگە چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇپ: «سىزنىڭ خېلېننى تەربىيەلەش شەكلىڭىزنى بارلىق مائارىپچىلارنىڭ ئەڭ قىممەتلىك پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ» دېگەنىدى.

دوكتور بېلىنىڭ گاس ـ گاچىلارغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. بۇ خىل كۆڭۈل بۆلۈش ئۇلارنىڭ ئەۋلاد مىراسى ئىكەن! دوكتور بېلىنىڭ بوۋىسى كېكەشلىكنى ئوڭشاشنىڭ ئىجادچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى مېرىبېل ئەپەندى گاس ـ گاچىلار مائارىپىدا لەۋ بىلەن ئوقۇش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغانىكەن. مېرىبېل ئەپەندى بەكلا قىزىقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ گاس ـ گاچىلارغا قوشقان تۆھپىسىدىن تەمەننا ئەيلىمەي، ئەكسىچە ئوغلىغا پەرۋاسىزلىق بىلەن: «بۇ كەشپىياتتىن پەقەتمۇ پۇل تاپقىلى بولمايدىكەن» دېگەنىكەن.

دوكتور بېل بۇنىڭغا جىددىي يوسۇندا جاۋاب بېرىپ: «ئەمما، بۇ خىل كەشپىيات تېلېفون كەشپىياتىدىنمۇ مۇھىم» دېگەن.

دوكتور بېل ئىنتايىن ۋاپادار ئوغۇل بولۇپ، ئاتا ـ بالىنىڭ بىر ـ بىرىگە مېھرى چوڭقۇر ئىدى. بۇنىڭدىن خەۋەردار كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بەكمۇ ھەۋىسى كېلەتتى. دوكتور بېل دادىسىنى بىر ـ ئىككى كۈن كۆرمىسىلا:

— مەن بېرىپ دادام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي جۇمۇ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشسەم خېلى كۆپ ھاسىلاتقا ئىگە بولىمەن، — دەيتتى.

دوكتور بېلىنىڭ ئېيتىشىچە، كۆركەم قورۇ جايى پودوماك دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلۇش ئېغىزى ساھىلىغا جايلاشقان بولۇپ،

ئىنتايىن گۈزەل مەنزىرىلىك ئىدى. مەن ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ دەريا بويىدا مۆرىدىشىپ ئولتۇرۇپ، تاماكا چەككەچ ئۆتكەن - كەچكەن كېمىلەرنى تاماشا قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. تاسادىپەن كەم ئۇچرايدىغان بىرەر قۇشنىڭ ئاۋازى كەلسە دوكتور بېل:

— دادا، بۇ خىل قۇشنىڭ ئاۋازىنى قانداق بەلگە بىلەن ئىپادىلىسە ئوبدان بولار، — دەيتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئاتا - بالا ئىككىسى ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئاۋاز چىقىرىش ئىلمىي تەتقىقاتىغا كىرىشىپ كېتەتتى. بۇ ئاتا - بالىلار ھەرقانداق بىر خىل ئاۋازنى ئانالىز قىلاتتى، ئاندىن ئۇلارنى قول تىلىغا ئايلاندۇرۇپ ئىپادىلەيتتى. مەخسۇس ئاۋاز تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئاتا - بالا ئىككىيلەننىڭ تەلەپپۇزى ئىنتايىن ئوچۇق، بەكمۇ تەسىرلىك، يېقىملىق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇلارنىڭ پاراڭىنى ئاڭلاشنىڭ ئۆزى ھۆزۇر ئىدى.

دوكتور بېل دادىسىغىلا ئەمەس، ئاپىسىغىمۇ ناھايىتى بەك ۋاپادار ئىدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان چاغدا، ئاپىسى ئاڭلاش ئىقتىدارى ئېغىر توسالغۇغا ئۇچراش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئاساسەن گاس بولۇپ قالغانىكەن.

بىر كۈنى، دوكتور بېل مەن بىلەن سۆللىۋان خېنىمنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ شەھەر سىرتىغا ئويناتقىلى ئاپاردى. ئۇ يەردىن نۇرغۇن چىرايلىق ياۋا گۈللەرنى تېرىۋالدى. قايتىپ كېلىۋېتىپ، توساتتىن ئۇنىڭ بۇ گۈللەرنى ئاپىسىغا بەرگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇ شوخلۇق قىلىپ بىزگە:

— بىز دەرۋازىدىن يۈگۈرگىنىمىزچە كىرىپ، دادام، ئاپامنى تازا بىر ھەيران قالدۇرايلى، — دېدى.

بىراق، بىز ماشىنىدىن چۈشۈپ دەرۋازا پەلەمپىيىگە قەدەم قويۇۋاتقاندا، ئۇ بىردىنلا مېنىڭ قولۇمدىن تۇتۇپ ماڭا:

www.uyghurkitap.com

— دادام، ئاپام ئۇخلاۋاتقاندەك قىلىدۇ، بىر كەپ قىلماي ئاستا مېڭىپ كىرەيلى، — دېدى.

ئۇچىمىز پۈتىمىزنىڭ ئۇچىدا تىۋىش چىقارماي مېڭىپ گۈللەرنى لوڭقىغا سېلىپ قويۇپ قايتىپ چىقتۇق. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ تىنچ ئۇخلاۋاتقان قىياپىتى ماڭا تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. قاتار قويۇلغان ئىككى يۇمشاق ساپادا دوكتورنىڭ ئاپىسى بېشىنى ساپانىڭ تۇتقۇچىغا قويۇپ ياتقانىكەن، يۈزى كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئاقارغان چېچى كۆرۈنەتتى. دادىسى بولسا ساپانىڭ ئارقا يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ، بەئەينى بىر پادىشاھدەك سۇرلۇك قىياپەتتە ئۇخلاۋاتاتتى.

مەن مۇشۇنداق بىر ئائىلە كىشىلىرى بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن تولىمۇ خۇشال ئىدىم. پات - پات ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ تۇراتتىم. موماي تىكىش - توقۇشقا ئۇستا بولۇپ، گۈل - گىياھ نۇسخىلىرىنى ناھايىتى چىرايلىق تىكەتتى. ئۇ قولۇمدىن تۇتۇپ، بۇ ھۈنەرنى ماڭا ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەتتى. دوكتور بېلىنىڭ مەن بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىككى قىزى بار ئىدى. ئۆيىگە بارسام ئۇلار خۇددى ئۆز ئائىلىسىنىڭ ئادىمىدەك قىزغىن مۇئامىلىدە بولاتتى.

دوكتور بېل كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم ئىدى. شۇڭا، نۇرغۇنلىغان داڭدار ئالىملار دائىم ئۇلارنىڭكىگە مېھمان بولۇپ كېلەتتى. ئەگەر سورۇندا مەن بولۇپ قالسام، دوكتور بېل ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى قولۇمغا يېزىپ ماڭا ئۇقتۇراتتى. مەنمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاپ خۇشال بولاتتىم. گەپلىرىنى چۈشەنسەم - چۈشەنمىسەم ئاڭلاپ ھارمايتتىم. ئۇلار پەقەت سىز كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنسىڭىزلا، چوقۇم بىلىۋالىسىز، دەپ قارايتتى.

دوكتور بېل يېتۇك بىر مۇنازىرىچى بولۇپ، ئۇ ئۆيىگە كىرىپ بىر - ئىككى مىنۇت ئىچىدىلا ئۆيدىكى جىمى ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتاتتى. ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭ گېپىنى تىڭ-

شاشقا ئامراق ئىدى. مانا بۇ ئۇنىڭ باشقا كىشىلەرگە ئوخشىماي-
دىغان سىھىرىي كۈچى. شۇنداقتىمۇ دوكتور بېل ئۆزىنىڭ سۈپ-
ېيكتىپ ئوي - پىكرىنى پەقەتمۇ باشقىلارغا تاڭمايتتى، ئەكسىچە
ئىنتايىن كەمتەر ئىدى. ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە قارىتا تەكەل-
لۇپ بىلەن:

— شۇنداقمۇ؟ بەلكىم سىزنىڭ پىكرىڭىز توغرىدۇ، مەن
يەنىمۇ ئوبدان ئويلاپ باقاي، — دەيتتى.

بىرلا گاس - گاچىلار مائارىپى ئىشىدا ئۇ ئىنتايىن قەتئىي
ئىدى. ئېغىزدا سۆزلەش ئۇسۇلى قول ئىشارىتى بىلەن سۆزلەش-
تىن كۆپ ياخشى دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇراتتى. بۇنىڭغا سەۋەب
كۆرسىتىپ:

— بىر گاس ھەم گاچا كىشى قول ئىشارىتى بىلەن سۆزلى-
گەندە، ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ غەلىتە نەزەر بىلەن قارىشى تۈپەي-
لى ئارىدا يېرىكلىك پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنىڭ
ئادەتتىكى كىشىلەردەك بىلىم سەۋىيىگە يېتىشىنى قىيىنلاشتۇ-
رۇپ قويىدۇ، — دەيتتى.

بەزى كىشىلەر بەلكىم بۇ خىل كۆز قاراشقا قوشۇلماسلىقى
مۇمكىن. بىراق، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، گاس - گاچىلار مائا-
رىپى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دوكتور بېل-
نىڭ گاس - گاچىلار مائارىپىغا قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىسىگە ئاپى-
رىن ئەيلىمەي، ئۇنى ھۆرمەتلىمەي تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچقان-
داق قارا نىيەت يوق، ئۆزىگە مۇناسىپ جاۋاب قايتۇرۇلۇشىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. پەقەت ئۆزىدىكى ئىلمىي قاراش ئاسا-
سىدا گاس - گاچىلار مائارىپ ئىشىنى زور كۈچ بىلەن قانات
يايدۇرىدۇ، كېڭەيتىدۇ، خالاس. ئۇ ئۆز خىراجىتى بىلەن تۇر-
لۇك تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى، بىر مەھەل مەكتەپمۇ ئاچتى.
ئەنگلىيە گاس - گاچىلار مائارىپىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيى-
تىنىمۇ ئۇ قۇرغان. ئۇ تېلېفون كەشىپ قىلىپ ئېرىشكەن پۇلنى

گاس ـ گاچىلارغا ئوقۇش مۇكاپاتى بېرىشكە سەرپ قىلدى.
دوكتور بېل گاس ـ گاچىلارنى نورمال ئادەملەردەك سۆزلىيەلەي-
دىغان قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن يۈرەك قېنىنى ۋە زېھنى كۈچىنى
سەرپ قىلدى.

دوكتور بېل ئەسلىي شوتلاندىيىنىڭ يىراق، چەت بىر يېرد-
دىن بولۇپ، ئامېرىكىدا ئولتۇراقلىشىپ قالغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت
بولغاچقا، ئۇ ھەقىقىي بىر ئامېرىكىلىق ھېسابلىناتتى. ئۇ قىز-
غىن، ئوچۇق ـ يورۇقلۇقى، ئاق كۆڭۈل مىجەزى، مۇئامىلىدە
ئىللىق ۋە سىلىقلىقى بىلەن دوستلىرىنىڭ زور ھۆرمىتىگە سازا-
ۋەر بولغانىدى.

ئادەتتىكى پاراڭلاردا، ئۇ ھەممىشە دېگۈدەك گەپنى ئىلىم پەن
بىلەن ئالاقىدار تېمىغا يۆتكەيتتى. بىر قېتىم دوكتور بېل بىزگە
ئۆزىنىڭ كىچىككىنە بالا چېغىدىلا دېڭىز ئاستىغا توك سىمى
تارتىشنى ئويلىغانلىقى، 1886 ـ يىلى بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئېشىش-
تىن بۇرۇن، تەجرىبىسىنىڭ قانچە قېتىملاپ مەغلۇپ بولغانلىقى-
نى ئېيتىپ بەرگەن. شۇ چاغدا مەن ئاران 12 ياش بولغاچقا،
ئۇنىڭ گەپلىرىنى گويا ئەپسانە ئاڭلىغاندەك ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ
قېتىپ قالاتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر كەلگۈسىدە دېڭىز
ئاستىدىكى توك سىمى ئارقىلىق يىراق شەرق بىلەن سۆزلىشەلەي-
دۇ، دېگەن گېپى مەندە ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى.

دوكتور بېل دائىم بىزنى تېلېفون تۈنجى قېتىم كۈندىلىك
تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەن ئىمارەتكە ئېلىپ باراتتى ۋە ماڭا:

— ئەگەر ياردەمچىم توماس ۋاتسوننىڭ ياردىمى بولمىغان
بولسا، تېلېفون كەشپىياتىم ھازىرقىدەك مۇكەممەل بولماسلىقى
مۇمكىن ئىدى، — دەيتتى.

1876 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى دوكتور بېل باشقا
بىر ئۆيدە ئىشلەۋاتقان ۋاتسون ئەپەندىگە:

— ۋاتسون، ئىش چىقىپ قالدى. بۇياققا كې -

www.uyghurkitap.com

لىڭا، ــ دېدى.

بۇ ئىنسانلار تارىخىدا تۇنجى قېتىم تېلېفون ئىشلىتىلگەندە قىلىنغان سۆز.

توساتتىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋاتسون شۇ چاغدا قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن.

ــ تۇنجى قېتىم بولغاندىن كېيىن، بۇنىڭدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك گەپ قىلسىڭىز ياخشى بولماسمىدى، ــ دەپ سورىدىم مەن دوكتور بېلنىڭ بايانىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كۆڭلۈمگە كەلگەن گەپنى قىلىپ.

دوكتور بېل دەرھال جاۋاب قايتۇردى:

ــ خاتالاشتىڭىز، خېلىن! بۇ دۇنيا بارا - بارا بەك ئالدىراشچىلىق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، تېلېفون بىلەن قىلىدىغان سۆز: «ئىش چىقىپ قالدى، بۇياققا قېشىمغا كېلىڭا» دېگەندەك ئەمەلىي، ئېھتىياجلىق سۆزلەر بولۇشى كېرەك.

دوكتور بېل تېلېفوندىن باشقا، سۆزلىشىش ئاپپاراتى، ئىنددوكسىيىلىك تارازا قاتارلىق بىر مۇنچىلىغان كېرەكلىك نەرسەلەرنى كەشىپ قىلغان. ئەگەر دوكتور بېل كەشىپ قىلغان تېلېفونلۇق تەكشۈرۈش ئەسۋابى بولمىغان بولسا، ئېھتىمال زۇڭتۇڭ گافۇرنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەن قاتىلنى تاپقىلى بولمايتتى.

خاتىرەمدە قالغان دوكتور بېلغا ئالاقىدار ئىشلار بەك كۆپ، يەنە كېلىپ بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنچىلىك گۈزەل ئەسلىمىلەر، بۇلارنى دەپمۇ تۈگىتەلمەيمەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، بىر قېتىم بىز بىرلىكتە پېتىسبورگقا ساليوت كۆرگىلى باردۇق. ساليوتلار ئاسماندا گۈزەل گۈل ياپراقلىرىدەك چېچىلغاندا، خۇشال سەكرەپ:

ــ ياھ! قاراڭلار! دەريا سۇيىمۇ كۆيۈۋاتىدۇ! ــ دەپ تۇۋلىدۇق.

ھازىر دوكتور بېل ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى بىلەن بىرلىكتە

ساياھەت كېمىسىنىڭ پالوبىسىدا تۇرۇپ ئايدىڭ كېچە مەنزىرىسى-
نى تاماشا قىلغانلىقىمنى ناھايىتى ئېنىق ئەسلەيمەن.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى كېمىدە دوكتور نېۋكونمۇ بار ئىدى. ئۇ
ھاياجان بىلەن بىزگە ئاينىڭ تۇتۇلۇشى، يۇلتۇزلارنىڭ ئېقىشى
ۋە قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ھەققىدە تۈرلۈك ئىشلارنى سۆزلەپ بەرگە-
نىدى.

دوكتور بېل ماڭا ئۆز ئاتا ـ ئانامدەكلا كۆيۈنەتتى. دائىم:

— خېلېن، سىز تېخى ياش، كۈنلەر ئۇزۇن، شۇڭا توي ئىشىڭىزنى ئويلىشىپ قويسىڭىز بولاتتى. سۇللىۋان مۇئەللىم ھامان بىر كۈنى توي قىلىدۇ. ئۇ چاغدا سىزگە كىم ھەمراھ بولىدۇ، — دەيتتى.

مەن ھەمىشە:

— ھازىر ئۆزۈمنى ناھايىتى بەختلىك سېزىمەن. يەنە كې-
لىپ مەندەك ئادەم بىلەن توي قىلىشنى كىم خالايدۇ، دەي-
سىز، — دەپ جاۋاب بېرەتتىم.

شۇنداق دېگىنىم بىلەن، دوكتور بېلنىڭ كەلگۈسۈمدىن ھەققەتەن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. شۇڭا، سۇللىۋان مۇئەللىم ماتسى ئەپەندى بىلەن توي قىلغان چاغدا، ئۇ بۇ ئىشنى يەنە تىلغا ئالدى.

— قارىڭە، مەن دېگەن ئىش بولدىمۇ؟ ھېلىمۇ كېچىكمەي-
سىز، مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ، تېزرەك بىر ئۆي تۇتۇۋېلىڭ.

— ياخشى كۆڭلىڭىزنى تولۇق چۈشەندىم. بىراق، ناۋادا بىرەر يىگىت مەندەك بىر قىز بىلەن ئۆي تۇتسا، ئۇ ھالدا ئۇ يىگىت تولىمۇ بىچارە بولۇپ قالامدۇ؟ مەن ھېچقانداق ئىش قىلالمىغاندىن كېيىن، ئەر بولغۇچىغا يۈك بولىمەن شۇ.

— ئېھتىمال سىز كۆپلىگەن ئۆي ئىشلىرىنى قىلالماسلىقى-
ڭىز مۇمكىن. ئىشىنىمەنكى، سىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئاق
كۆڭۈل يىگىتلەر چىقىدۇ. ناۋادا شۇنداق بىر يىگىت چىقىپ،

بۇ ئىشلار بىلەن ھېسابلاشماستىن سىز بىلەن توي قىلماقچى بولسا، سىز پىكرىڭىزنى ئۆزگەرتەرسىز؟

دوكتور بېل ئېيتقاندەك كېيىن مەندىمۇ ھەقىقەتەن سۆيگۈ پەيدا بولدى. بۇنى ھازىرچە دېمەي تۇراي.

دوكتور بېلنى ئاخىرقى قېتىم 1920 ـ يىلى كۆردۈم. ئۇ شۇ چاغدا شوتلاندىيىدىن يېڭىلا قايتىپ كەلگەنىكەن.

— بىر ھېسابتا مەن ئانا يۇرتۇمغا بېرىپ كەلگەن بولدۇم. لېكىن ئۇ يەردىكى چاغدا كۆڭلۈمدە گويا يات بىر ئەلگە كېلىپ قالغاندەك ياتلىنىش، غېرىبسىنىش بولدى، — دېدى ئۇ.

ئارقىدىن ئۇ ئىنتايىن قىزىقىسىنغان قىياپەتتە ئايروپىلان ھەققىدە سۆزلىدى ھەمدە ئايروپىلان ياساشنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ئون يىلغا قالماي نيۇيورك بىلەن لوندون ئارىلىقىدا ھاۋا يولى ئېچىلىدۇ، ئايروپىلان قاتناش قورالى قىلىنىدىغان دەۋر پات ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا خۇددى ھەممە ئۆيدە ماشىنا ئىسكىلاتى بولغانغا ئوخشاش، چوڭ ئىمارەتلەرنىڭ ئۈستىگە كىچىك ئايروپىلانلار قونىدىغان مەيدان ياسىلىدۇ، دېگەن قىياسنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە، يەنە دۇنيا ئۇرۇشى بولۇپ قالسا، ھاۋا ئۇرۇشى ئاساسىي جەڭ مەيدانى بولىدۇ، سۇ ئاستى پاراخوتلىرى دېڭىزدا ئوكيان چارلاش پاراخوتلىرىدىنمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، دېدى.

ئۇ يەنە مۇنداق بىر بېشارەتنى ئېيتتى.

— كەلگۈسىدە ئالىملار ئىسسىق بەلۋاغ كېلىماتىنى سوۋۇتۇش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلىدۇ ياكى بولمىسا، ئىسسىق ھاۋانى سوغۇق بەلۋاغلارغا ئاققۇزۇپ، ئاندىن جەنۇبىي قۇتۇپ، شىمالىي قۇتۇپنىڭ سوغۇق ھاۋاسىنى ئىسسىق بەلۋاغلارغا ئاققۇزۇش ئارقىلىق ئىسسىق ـ سوغۇقنى تەڭشەپ، يەر شارىنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئىنسانلارنىڭ ماكانلىششىغا مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ.

مەن بۇنداق ئۇمىدۋارلىققا تولغان بېشارەتنى ھەر قېتىم

ئاڭلىغىنىمدا، ئاجايىپ خۇشال بولاتتىم. بىراق، بۇنداق پىشا-رەتلەرنىڭ شۇنچىلىك تېزلىكتە ئەمەلىيەتتە كۆرۈلىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدىم. شۇڭلاشقا، ئالتە يىلدىن كېيىن فرانسىيە ئالىملىرىنىڭ ھەقىقەتەن دېڭىز - ئوكيانلاردىن پايدىلىنىپ ھاۋا كېلىماتىنى تەڭشىگەنلىكىنى ئاڭلىغىنىمدا، ھەيرانلىقتا ئېغىزىمنى ئېچىپلا قالدىم!

شۇ قېتىم مەن ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا، گويا بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىشىمىز بولۇپ قالىدىغانلىقىنى كۆڭلۈم تۇيغاندەك، ئايرىلغۇم كەلمەي بەكمۇ تارتىنىشتىم. ئەپسۇسكى كۆڭلۈم تۇيغان ئىش راست چىقىپ قالدى!

دوكتور بېل 1922 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋاپات بولدى، جەسىتى شەھەردىكى چاقماق تېغى چوققىسىغا قويۇلدى. بۇ جاينى ئۇ ئۆزى تاللىغانىدى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم ئۇ تاغ چوققىسىنى كۆرسىتىپ ماڭا:

— خېلىن، مەن كۆز يۇمغاندا ئاشۇ جايدا ياتىمەن، — دېگەنىدى.

بۇ سۆزنى ئۇ بىمالال ئېيتقاندىن كېيىن، بىروۋنىڭ بىر كۇپلېت شېئىرىنى ئوقۇدى:

ئاقار يۇلتۇزلار ئۇچىدۇ ھەريان،
بۇلۇتلار ئارا چاقار چاقماقلار.
بۇلۇت ھەم چاقماق،
ئۇچرىشار ھامان.

مەن گېزىتتىن دوكتور بېلنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئوقۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئەڭ قەدىرلىك، ئەڭ ئەزىز بىر دوستتىن ئايرىلغانلىقىمنى ئېنىق تونۇپ يەتتىم.

بىز يىراق مۇساپىلىك نۇتۇق سۆزلەش سەپىرىمىزنى ئاخىر-



www.uyghurkitap.com

لاشتۇرۇپ ھېرىپ - ئېچىپ لېنشاغا قايتىپ كەلدۇقتە، سۇللە-
ۋان مۇئەللىم ئىككىمىز ئىختىيارسىز كەلگۈسىمىزدىن ئەنسى-
رەپ بىئارام بولدۇق. چۈنكى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىز كۈن-
دىن - كۈنگە خارابلىشىپ پۇلدىن قىسىلماقتا ئىدۇق. ئىلگىرى
لوج ئەپەندى بىزگە قەرەللىك ھالدا تۇرمۇش پۇلى ئەۋەتىپ تۇرات-
تى. سۇللىۋان مۇئەللىم توي قىلغاندىن كېيىن، بۇ تۇرمۇش
پۇلىنىڭ يېرىمى كەملەپ كەتتى. بۇ كەملىكنى قەلەم بىلەن
تولدۇرۇش ئۈمىدىدە بولغانىدۇق، لېكىن بۇمۇ سۇغا چىلاشتى.
بىزنىڭ نامراتلىقىمىز مەخپىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بىزگە
ئۆز ئىختىيارىي بىلەن ياردەم بېرىشنى بىلدۈرگەنلەرمۇ بولدى.
پولات - تۆمۈر شاھى كارنېگى ئەپەندى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى
ئىدى. بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئۇ قانداق ئۇققان بىلمىدۇق،
1911 - يىلى ئۇ بىزنىڭ ئىقتىسادتا قىينىلىپ قالغانلىقىمىزدىن
خەۋەر تېپىپ، دوستىمىز خاللاغا بىزگە پۇل بېرىش نىيىتى
بارلىقىنى ئېيتىپتۇ.
خاللا بۇ ئىشنى بىزگە يەتكۈزۈۋېدى، مەن ئۇنىڭغا بۇ تەك-
لىپنى كارنېگى ئەپەندىنى رەنجىتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا چىراي-
لىقچە رەت قىلىشنى ئېيتتىم. چۈنكى، ئۇ چاغدا مەن ياش،
جۇشقۇن بولۇپ، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايانمايمۇ ئوبدان ياشاپ
كېتەلەيمەنغۇ، دېگەن ئويدا ئىدىم.
شۇنداق بولسىمۇ، كارنېگى ئەپەندى ئىنتايىن تەكەللۇپ بى-
لەن، ماڭا ئوبدانراق ئويلىنىشىمنى، زۆرۈر دەپ قارىسام،
ھەرقانداق ۋاقىتتا پۇل بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.
ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. مەن ۋە سۇللىۋان مۇئەللىم يەنە
نيۇيوركقا بارغاندا، كارنېگى ئەپەندى بىلەن خانىمى بىزنى ئۆيىگە
چاقىرىۋالدى. ئەر - ئايال ئىككىلىسى ئىنتايىن مۇلايىم، چىد-
قىشقاق ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى مارگارت خېنىم شۇ
چاغدا ئون ئالتە ياشلىق، كۆرگەنلا ئادەم ياخشى كۆرۈپ قالغۇدەك

گۈزەل قىز ئىكەن. بىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى. كارنېگى ئەپەندى ئامراق قىزىغا مېھىر بىلەن قاراپ كۈلۈپ:

— بۇياق ئائىلىمىزنىڭ كىچىك ساخاۋەتچىسى، ئەتىدىن ـ كەچكىچە قولىقىمىزغا شىۋىرلاپ، بىزگە ياردەم بېرىشكە موھتاج كىشىلەرگە قانداق ياردەم بېرىشنى ئۆگىتىدۇ، — دېدى.

بىز چاي ئىچكەچ، كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن پاراڭلاشتۇق. كارنېگى ئەپەندى توساتتىن يادىغا كەلگەندەك سورىدى:

— ئۆتكەندە ئېيتقان تەكلىپىمنى ھېلىمۇ قوبۇل قىلىش خىيالىڭىز يوقمۇ؟

— شۇنداق، يېڭىلىگىنىمگە تەن بەرگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

— كۆڭلىڭىزنى ئوبدان چۈشىنىمەن. لېكىن، بۇنى سىز باشقىلارنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، يوق؟ ناۋادا سىز قارشى تەرەپنىڭ رەت قىلىنغان چاغدىكى ھېسسىياتىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چاغدىمۇ ئۆز پىكرىڭىزدە چىڭ تۇرامسىز؟

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ قاتتىق تەئەججۈپلەندىم. چۈنكى، مەن كاتتا بايلارنىڭمۇ ئۆزىگە لايىق بۇرچى بارلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدىم. ئۇنىڭ باشقىلارنىڭ كۆڭلى ۋە خۇشاللىقىنى شۇ قەدەر چوڭ بىلىدىغانلىقىدىن ئاجايىپ تەسىرلەندىم.

ئارقىدىن كارنېگى ئەپەندى، قاچانلا بولمىسۇن ھاجىتىم چۈشكەن چاغدا، قىلچە تارتىنماستىن ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىشىمنى قايتا تەكىتلىدى.

ئۇ مۇئەللىم بىلەن مېنىڭ نۇتۇق سۆزلەش ئىشىم توغرىسىدا سۆزلەپ، بىزدىن نېمىلەرنى سۆزلەيسىلەر، بىلەتنى نەچچە پۇلغا ساتىسىلەر دېگەندەك گەپلەرنى سورىدى.

— مەن «بەخت» دېگەن تېمىدا سۆزلىمەكچى، بىلەتنى بىر دوللاردىن بىر يېرىم دوللارغىچە ساتماقچى بولۇۋاتىمەن، —



www.uyghurkitap.com

دېدىم. ئىراق، كۆتمىگەندە ئۇ:

— ۋاھ! بۇنداق بولسا بىلەت بەك قىممەت بولۇپ كېتىدۇ. مېنىڭچە بىلەت باھاسى بەش موچەن بولسا كىرىم تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ. توغرا! شۇنداق بولسۇن، بىلەت باھاسى يەتتە مو بەش پۇڭدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، — دېدى.

مۇئەللىم ئىككىمىز نۇتۇق سۆزلەش ئىشىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋەردۇق. شۇ يىلى كۈزدە سۆللىۋان مۇئەللىم چوڭ ئوپېراتسىيە قىلىنىپ تېنى بەك ئاجىزلاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىن نۇتۇق سۆزلەش سەپىرىگە چىقالمىدى. ھېلىمۇ ياخشى يازدا بەش، ئالتە پارچە ماقالە يېزىپ قويغانىكەنمەن. يېقىن بىر مەزگىل باشقىلارغا ھاجىتىمىز چۈشمىدى. بىر مەزگىل ئىركەشكەندىن كېيىن، قىيىنچىلىققا باش ئېگىشكە مەجبۇر بولدۇم.

بۇ ياندۇرقى يىلى 4 ـ ئاي ئىدى. بىز ماين شتاتىغا نۇتۇق سۆزلىگىلى باردۇق، ماشىنىنى ئۆزىمىز ھەيدەپ شەھەرگە كىردۇق. توساتتىن ھاۋا بۇزۇلۇپ سوغۇق بولۇپ كەتتى. ئەتىسى ئەتىگەن ئويغىنىپ قارىسام، مۇئەللىم خېلى قاتتىق ئاغرىپ قاپتۇ. بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كېلىشىمىز بولۇپ، تونۇش ـ بىلىش، دوست بۇرادەرلىرىمىز يوق ئىدى. نېمە قىلارىمىزنى بىلەلمەيلا قالدۇق. ئاخىر ئەقلىمىزنى تېپىپ مېھمانسارايدىكىلەردىن بىزنى ماشىنا بىلەن ئۆيىمىزگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئۆتۈندۇق. بىر ھەپتىدىن كېيىن مەن نائىلاج ياردەم تەلەپ قىلىپ كارنېگى ئەپەندىگە خەت يازدىم.

ئۇ تېزلا جاۋاب خەت ۋە چەك ئەۋەتىپتۇ. ئۇ خېتىدە:

«راستىمنى ئېيتسام، تەلەي، ئامەتنىڭ ماڭا ئوڭ كۆزى بىلەن قارىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن. چۈنكى، سىزنىڭ دۇنيادىكى كىشىلەر نەزىرىدىكى ئورنىڭىز شۇ قەدەر يۈكسەك ۋە ئالىيجاناب. شۇنداق تۇرۇپ، ماڭا مۇشۇنداق بىر پۇرسەت بەرگىنىڭىزدىن ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختىيار ھېس قىلدىم. ساخاۋەت

قىلىش ساخاۋەتنى قوبۇل قىلىشتىن بەكرەك خۇشاللىنارلىق بولىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن رەھمەت ئېيتىدىغان ئادەم سىز ئەمەس، مەن!» دەپ يېزىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، سۇللىۋان مۇئەللىم ئىككىمىز ۋاقتىنچە پۇل ئۇچۇن باش قاتۇرمايدىغان بولدۇق. لېكىن، يۇرىكىمنى ئەزگەن باشقا بىر ئىش بولدى. يەنى، ماتسى ئەپەندى بىلەن سۇللىۋان خانىم ئايرىلىپ تۇرىدىغان بولدى. دەرۋەقە ماتسى ئەپەندىمۇ جىق جاپا تارتتى. بىراق، بۇ ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدا يەنە باشقا نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكىر بايان قىلىشىم ئەپسىز.

*ھازىر بولۇۋاتقان ئۇرۇش ۋە كۈنسېرى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەت خىيالىمغا كەلسىلا، ساخاۋەت دېگەندەك گەپلەرنى بۇرۇنقىدەك بىمالال ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن. چۈشلىرىمدە دائىم ئېقىۋاتقان قانلار، بولۇۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنى كۆرۈپ قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىمەن.*

## ئۇرۇشقا قارشى داغدۇغىلىق ھەرىكەت

1913 - يىلى كۈز، بىز زىيارەت ۋە نۇتۇق سۆزلەش سەپىرى بىلەن ئالدىراش بولدۇق. ۋاشىنگتوندا غالداڭلاپ، غىچىرلاپ ماڭىدىغان يېزا تراللىبۇسىغا ئولتۇردۇق. نيۇيوركتا ئەتىگەن ماڭىدىغان بىرىنچى نۆۋەتلىك ئاپتوموبىلغا ئولتۇردۇق. بۇ ئاپتوموبىل ئۆي ئۆينىڭ ئالدىدا توختاپ سۈت يىغىدىكەن، شۇڭا يول بويى قانچە قېتىم توختىغانلىقىمىزنىمۇ بىلەلمىدۇق.

بىز تېكساس بىلەن لۇئىس ئانناغا كەلسەك، بۇ يەرلەرگە يېڭىلا كەلكۈن كەلگەن بولغاچقا، كۆپ جاي تېخى سۇنىڭ ئىچىدە ئىكەن. ئاپتوموبىل ئىچىدە ئولتۇرۇپمۇ، سۇنىڭ كەلكۈن سۇيىدەك شالاقلاپ ئاپتوموبىلغا ئۇرۇلغانلىقىنى سېزەتتۇق. توساتتىن «قاراس» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، يولۇچىلار تەڭلا دېگۈدەك سىرتقا قارىدى. سۇدا لەيلەپ يۈرگەن يوغان، توم بىر ياغاچ ئاپتوموبىلغا ئۇرۇلغانىكەن. سۇدا لەيلەپ يۈرگەن نۇرغۇن ئات - كالا ئۆلۈكى كۆرگەنلىكى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. بىز ئولتۇرغان پويىز يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ كەتكەن بىر تۈپ دەرەخنى خېلى يىراق جايغىچە سۆرەپ ماڭدى.

شەھەرلەردىكى مەكتەپلەر، ئاياللار تەشكىلاتلىرى، شۇنداقلا يېزا ۋە كان رايونىدىكى تەشكىلاتلار بىزنى نۇتۇق سۆزلەشكە

www.uyghurkitap.com

تەكلىپ قىلاتتى. گاھىدا سانائەت مەركەزلىرىگە بېرىپ ئۇنىڭ تەشكىلاتلىرىغا نوتۇق سۆزلەيتتۇق. ئاساسىي قاتلاملارغا چوڭقۇر چۆككەندىن كېيىن، مەن كىشىلىك ھاياتقا قارىتا ئوخشىمىغان تونۇشقا ئىگە بولدۇم. شۇنداقلا، ئىلگىرى سەبىيلەرچە ئوي - خىياللاردا بولغانلىقىمنى بىلدىم. ئىلگىرى مەن دائىم، مەن ھەم ئەمما، ھەم گاس بولغىنىم بىلەن يەنىلا خېلىلا بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشەلەيمەن. چۈنكى، دۇنيادا قىيىن ئىش يوق. كۆڭۈل قويۇپ ئىش قىلساقلا، ئاتالمىش تەقدىر بىزنى ھېچقانداق قىلالمايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. بىراق، مەن شۇنچە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەنلا يېڭىپ كەلگەنلىكىمدىن ئىبارەت بىر مۇھىم نۇقتىنى ئۇنتۇغانىكەنمەن. مېنىڭ بۇنچىلىك تەلەيلىك بولۇشۇمدىكى سەۋەب، مەن بەختلىك بىر ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، ئاتا - ئانام مېنى ئارزۇلاپ باقتى، كېيىن سۇللىۋان مۇئەللىم ۋە نۇرغۇن قەدىردان دوستلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ ئالىي مەلۇماتلىق بولدۇم. ئەپسۇسكى، مەن بۇ نۇقتىنى باشتا چوڭقۇر بىلىپ يەتمىگەنىكەنمەن.

ھازىر شۇنى ئوبدان بىلىۋاتىمەنكى، مۇھىتنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولغانلىقتىن، ھەممىلا ئادەم ئۇتۇقلۇق ھالدا ئارزۇ - ئارمانىغا يېتەلمەيدىكەن. مەن سانائەت رايونى، كان رايونىدىكى نامرات ئەمگەكچىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، مۇھىتنىڭ بىر ئادەمگە پەيدا قىلىدىغان بېسىمىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

بۇ ئويۇم تەدرىجىي يوسۇندا چىڭ ئېتىقادقا ئايلاندى. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن روھسىزلىنىپ، مەيۇسلەنمىدىم. بىرلا يېرى، ئىنسانلار ئۆزىگىمۇ، باشقىلارمۇ ياردەم بېرىشى لازىم، دەيدىغان كۆز قارىشىم يەنىمۇ كۈچەيدى. ھازىر مۇھىت ناھايىتى قورقۇنچلۇق بولسىمۇ، ئىنسانلار يەنىلا ئۈمىدۋار بولۇشى، ئۆزلۈكسىز كۆرەش قىلىشى لازىم. ئوڭۇشلۇق شارائىتتا ياشاۋاتقانلار ياردەم-

گە موھتاج كىشىلەرگە ياردەم بېرىش بۇرچىنى تېخىمۇ ئوبدان ئادا قىلىشى كېرەك.

1914 - يىلى 1 - ئاي، مەن تۇنجى نۆۋەت ئامېرىكا قۇرۇق- لۇقىدىن چىقىش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. بولۇپمۇ بۇ سەپىرىمدە ئاپامنىڭ ماڭا ھەمراھ بولۇشى بىلەن نۇرغۇن قۇلايلىقلا ئېرىشكى- نىمدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئاپام سەپەر قىلىشقا ئامراق ئىدى. مەن ئاخىر ئۇنى شەرقتىن ئاتلانتىك ئوكيان، غەربتىن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىغىچە بولغان ئامېرىكا قۇرۇقلۇقى مەنزى- رىسىدىن ھۇزۇر ئالدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم.

نۇتۇق سۆزلەش سەپىرىمىزنىڭ بىرىنچى بېكىتى كانادانىڭ ئوتتاۋا دېگەن يېرىدىن باشلاندى، ئاندىن مىچىگان، مىننېسوتا، ئېفۋالارغا باردۇق. شۇ تەرزدە ئوتتۇرا غەرب رايونىدا يۈردۇق.

سەپەر جەريانىدا ئاپام ناھايىتى روھلۇق، تېتىك بولدى. بىرلا يېرى، ئۇ مەندىن ھېرىپ قالدىمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلات- تى. كالىفورنىيە شتاتىغا بارالىغانلىقىمىزدىن ئاپامنىڭ خۇشلۇ- قى ئىچىگە سىغماي كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ شتاتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، بولۇپمۇ سان فرانسىسكونىڭ دېڭىز بويلىرى ئاپامغا تولىمۇ ياقتى، دائىم گۈگۈم مەھەلدە ئۇ قۇملۇق سايازدا ئايلىناتتى. ماڭا توختىماستىن بۇ يەرنىڭ كېلىماتى ئادەمگە بەك ياقىدىكەن، دېڭىز بويى مەنزىرىسى شۇنچىلىك گۈزەل ئىكەن، ئادەمنىڭ پەقەتمۇ كەتكۈسى كەلمەيدىكەن، دەيتتى.

ئاپام ئىككىمىز ماتورلۇق كېمىگە چۈشۈپ دېڭىزغا چىققان- دا، ئاپام كېمىگە ئەگىشىپ ئۇچقان چايكىلارغا ئامراق بولۇپ قالدى. ئۇ يېمەكلىكلەرنى بېرىپ چايكىلارنى يېنىغا كەلتۈرۈپ تاماشا قىلدى. ئاپام تۇغما شائىر ئىدى. شۇڭا، كۈن ئولتۇرغان چاغدىكى گولدېن گات كۆۋرۈكىنىڭ مەنزىرىسىنى شېئىرىي تە- لەپپۇزدا ماڭا تەسۋىرلەپ بەردى. ئۇ يەنە ھۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن ئامېرىكا شەمشادى «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ پادشاھى»،

چۈنكى ئۇنىڭ قامەتلىك، ھەيۋەتلىك بەستى ئادەمدە قايىللىق، ھۆرمەت تۇيغۇسى قوزغايدۇ، دېدى.

ھازىر يېزىقچىلىق قىلىۋېتىپ شۇ چاغدىكى خۇشال چاغلارنى ئەسلىگىنىمدە، ھەربىر خۇشاللىنارلىق ئىشلار كىنو لىنتىسىدەك كۆز ئالدىمدىن ئۆتكەندەك بولدى. مەن گويا «قىيالار ئائىلىسى» نى كۆرۈۋاتقاندەك، ئاپام ئىككىمىزنىڭ ئەتىگەندە ناشتا قىلىپ بولۇپ، «قىيالار ئائىلىسى» دىن چىقىپ، ئاجايىپ - غارايىپ قىيالار ئورماندەك قەد كۆتۈرگەن دېڭىز بويىدا خۇشال ئوينىغانلىرىمىز، كۆك، سېرىق گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن سۆيۈملۈك قوم دۆڭلىرىنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكىمىزنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن.

مەن قوشماقلار دېڭىز بوغۇزىدا تۇرۇپ، تەبىئەتنىڭ جانغا راھەت ھاۋاسىنىڭ پەيزىنى سۈرۈۋاتقاندا، ئاپام مېنى يېنىغا تارتىپ چەكسىز ھاياجان بىلەن:

— بۇ گۈزەل، ئۇنتۇلغۇسىز مەنزىرىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى قايغۇ - ھەسرەتلىرىم، كۆڭۈلسىزلىكلىرىم ئاللىقاياقلارغا كەتتى، — دېدى.

بۇ دېڭىز بوغۇزىدىن يىراقتىكى شەھەر، دېڭىز بوغۇزىدىن دېڭىز بويلىرىغىچە سوزۇلغان ئاۋات كوچىلار كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. بىز يەنە بۇ يەردە تۇرۇپ، شەھەر كوچىسىدىكى سائەت راۋىقىنى كۆرەلەيتتۇق. ھەر بەش - ئالتە مىنۇتتا بىر پاراخوت پورتتىن قوزغىلىپ سىگنال بېرىپ دېڭىزغا چىقاتتى.

مېنىڭ 2 - قېتىملىق قۇرۇقلۇقنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتۈپ نونۇق سۆزلەش سەپىرىم 1914 - يىلى 10 - ئايدا باشلاندى. بۇ قېتىم كاتىپ توماس خېنىم ماڭا ھەمراھ بولدى.

كاتىپلىق خىزمىتىمۇ يېنىك خىزمەت ئەمەس، نۇتۇق سۆزلەش ئىشىنى كېڭەيتىش، توختام تۈزۈش، كونتەرتىپلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇش، يۈك - تاقىلارنى يىغىشتۇرۇش، كېيىنكى

ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كا-
تىپ قىلاتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئىشلار خېلىلا زېرىكەرلىك ئىدى.
تەلىيىمگە توماس خېنىم ئىنتايىن قابىل، قولىدىن ئىش كېلىدى-
غان، ئىشنى چاققان، مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق، لايىقىدا بىر تەرەپ
قىلىدىغان ئايال ئىدى. قولى بوشاپ قالسا تېخى مېنىڭ تۇرمۇش-
تىكى ئىشلىرىمغا قارىشاتتى، نەرسىلىرىمنى رەتلەيتتى. ئەگەر
توماس خېنىمنىڭ ياردىمى بولمىسا، بىزنىڭ ھال - كۈنىمىزنىڭ
قانداق بولارىنى ھەقىقەتەن تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ پېتىنالمايمەن.
بىز كارنېگى ئەپەندىدىن پۇل ئېلىپ تۇرساقمۇ، چىقىمىمىز خې-
لىلا كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەش
پرىنسىپىدىن ۋاز كېچەلمەيتتۇق.

1 - دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، بىز ئىلگىرىكى-
دەك خالىغان جايغا بېرىپ نۇتۇق سۆزلەش، سەپەر قىلىشقا
ئامالسىز قالدۇق. ھازىر بولۇۋاتقان ئۇرۇش ۋە كۈنسېرى كەس-
كىنلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەت خىيالىمغا كەلسىلا، ساخاۋەت
دېگەندەك گەپلەرنى بۇرۇنقىدەك بىمالال ئېغىزىمدىن چىقىرالماي-
مەن. بۇ كۈنلەردە چۈشلىرىمدە دائىم ئېقىۋاتقان قانلار، بولۇۋات-
قان قىرغىنچىلىقلارنى كۆرۈپ قورقۇپ ئويغىنىپ كېتىمەن.
مۇشۇ كۈنلەردە بەزى نەشرىيات ۋە ژۇرنال چىقىرىدىغان ئورۇنلار
مەندىن زامانغا لايىقراق، قىزىقارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ بېرىشنى
تەلەپ قىلدى. ئەپسۇسكى، ھازىر كاللامدا پىلىموتنىڭ تاتاتلى-
شى، ئارمىيە، خەلقنىڭ ئاھۇ - زارى تۇرسا، بۇنداق ماقالىنى
يېزىشقا قانداقمۇ قولۇم بارسۇن؟

شۇ چاغدا مەن ياۋروپادىن ياردەم تەلەپ قىلىپ ئەۋەتىلگەن
نەچچە مىڭ پارچە خەت - چەك تاپشۇرۇۋالدىم. لېكىن، بۇلارنىڭ
تەلىپىنى قاندۇرۇش قولۇمدىن كەلمىگىنى ماڭا تولىمۇ ئەلەم
قىلدى. گەپنىڭ سەترەكىنى قىلسام، مەنمۇ بىچارە ھالدا بولۇپ،
تەرەپ - تەرەپكە قاتراپ نوتۇق سۆزلەش ئارقىلىق ئاران جان

www.uyghurkitap.com

بېقىنىۋاتقان ئادەم ئىدىم. بۇ مەزگىلدە بىزنىڭ تەشكىلاتىمىز داغدۇغىلىق هالدا ئۇرۇشقا قارشى هەرىكەتنى قانات يايدۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ بۇ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. ئەمما، بىز بىلەن قارشى مەيداندا تۇرۇۋاتقان تەشكىلاتلارمۇ بار بولۇپ، ئۇلار قېرى روزۋېلت زۇڭتۇڭ باشچىلىقىدا ئامېرىكىنى ئۇرۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق كۈچىمەكتە ئىدى.

سۇللىۋان مۇئەللىم بىلەن مەن ئۇرۇشقا قەتئىي قارشى ئىدۇق. ئامېرىكىنى ئۇرۇش قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشتىن بار كۈچ بىلەن توسۇش كېرەك، دەپ قارايتتۇق. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، 1916 - يىلىدىن باشلاپ بىز كانزاس، مىچىگان شتاتى، نېبراسكا شتاتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇرۇشقا قارشى نۇتۇق سۆزلىدۇق. ئەپسۇسكى بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز ئۇتۇقلۇق بولمىدى.

بىز ئىمكانىيەت يار بەرگەنلىكى جايلارغا بېرىپ كۆز قاراشىمىزنى بازارغا سالدۇق، بەزىدە هەشەمەتلىك چېركاۋلاردا، بەزىدە ۋاقىتلىق قۇراشتۇرۇلغان چېدىرلاردا سۆزلىدۇق. نۇرغۇنلىغان ئاڭلىغۇچىلار بىز بىلەن تەڭ چۇقان كۆتۈردى، بىزنى قوللىدى. ئەپسۇسكى شۇ چاغدىكى گېزىتلەرنىڭ كۆپى بىزنىڭ مەيدانىمىزنى قوللىمىدى. قىسمەن گېزىت - ژۇرناللارنىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ئۆزگىرىش ئادەمگە قاتتىق ئەلەم قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىلگىرى كۈچەپ كۆپتۈرمىچىلىك قىلىپ مېنى «دەۋرىمىزدىكى مۆجىزە» دەپ مەدهىيىلىگەن ياكى «ئەمالارنىڭ نىجاتكارى» دەپ ئاتىغانىدى. لېكىن، هازىر گېپىم جەمئىيەت ياكى سىياسىيغا ئازراقلا تاقىلىدىغان بولسا، مېنى سولچىللارنىڭ يالاقچىسى، دەپ قاراپ دەرهال قاتتىق هۇجۇم قىلىدىغان بولدى.

ئەلۋەتتە، تىڭشىغۇچىلار ئىچىدىنمۇ بىزنىڭ ئۇرۇشقا قارشى مۇقامىمىزغا قوشۇلمايدىغانلارمۇ چىقىپ قالاتتى. يەنە كېلىپ ئامىمىغا ئۇرۇش قىلىش ئىدىيىسى تەشۋىق قىلىنىپ تۇرغاچقا،

پۈتۈن ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىش قىزغىنلىقى تېز يامراپ كەتتى.

شۇ چاغدىكى ئۈمىدسىزلىكىمنى تەسۋىرلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ! 1916 ـ يىلى كۆزدە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن تېنىم ۋە روھىمنى تەسەللىيى تاپقۇزۇش ئۈچۈن مەن شۇنچىلىك مەيۈس ھالدا لېنشادىكى ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم. بىراق، لېنشادىمۇ كۆڭۈل كۆتۈرۈلگۈدەك ئىش يوق ئىدى. توماس خېنىم رۇخسەت سوراپ شوتلاندىيىگە كەتكەن، ماتىسى ئەپەندىمۇ بۇ يەردىن كەتكەنىدى ماتىسى ئەپەندى 1914 ـ يىلىلا سۈللىۋان خانىمدىن ئايرىلىپ تۇرغانىدى)، شۇڭا مېنى ئايال خىزمەتكار ئىتتان خۇشال كۈتۈۋالدى. ئۇ مېنى گۈللۈكتە جىم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭدەپ قويۇپ، ئۆيلەرنى باشقىدىن تازىلاپ، يىغىشتۇرۇپ، زىنىنەتلىدى. ئەمما، ئۇ مېنىڭ ھازىر گۈللەرنى تاماشا قىلىشقىمۇ رايىم يوقلۇقىنى نەدىن بىلسۇن؟ تېلېفون بېرىپ ئاپامنى چاقىرتىپ كېلىش خىيالىمغا كەلگەندىن كېيىن، كۆڭلۈمدىكى غېرىبلىق، مەيۈسلۈك سەل ـ پەل كۆتۈرۈلگەن بولدى.

ئۇزۇن ۋاقىتلىق سەپەر ھارغىنلىقى ۋە قاتناشنىڭ قىستاڭچىلىقى ئېغىر كەلگەن سۈللىۋان مۇئەللىم يەنە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئۇ توختىماي يۆتىلەتتى. دوختۇر ئۇنى براشىدۇ كۆلى بويىدا قىشنى ئۆتكۈزۈشكە دەۋەت قىلدى. ئەگەر مۇئەللىم بىزدىن يەنە ئايرىلىدىغان بولسا، ئائىلىمىزنىڭ ئىشىنى داۋاملىق ئىشلىتىشكە قۇربى يەتمەيتتى. لېكىن، بىز ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتۇق، ئۇنى كەتكۈزگۈمىز كەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ كېتىدىغان بولسا، لېنشادا تۇرمۇش پۈتۈنلەي توختاپ قالاتتى.

مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن بېشىم قېتىپ، ئىشلەشكە زادىلا قولۇم بارمىدى. ھەتتا مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ پىكىرمۇ قىلالمىدىم. ھاياتىمدا تۇنجى رەت كىشىلىك ھاياتنىڭ تولىمۇ مەنىسىزلىكىنى ھېس قىلدىم.

www.uyghurkitap.com

ئەگەر سۆللىۋان مۆئەللىم بولمىسا، بۇ دۇنيا نەقەدەر مەنسىز، كۆڭۈلسىز بولۇپ كېتەر ـ ھە! ئۇ يېنىمدا بولمىسا، مەن چوقۇم ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايمەن. بۇلارنى ئويلاپ كۆڭۈلۈم ناھايىتى پەرىشان بولدى.

بىر يىگىتكە كۆڭلۈمنىڭ چۈشۈپ قېلىشىمۇ، مۇشۇنداق چەكسىز يالغۇزلۇق تۇيغۇسىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن بولدى.

بىر كۈنى ئاخشام كۇتۇپخانامدا ئۆزۈم يالغۇز ئويغا چۆمۈپ ئولتۇراتتىم. ۋاقىتلىق توماس خېنىمنىڭ ئورنىنى ئالغان ياش كاتىپ ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىنتايىن مۇلايىملىق بىلەن يۇمشاق سۆزلەپ ماڭا كۆڭلى بارلىقىنى ئىزھار قىلدى. ئەلۋەتتە، باشتا بۇ گەپلەر ماڭا تاسادىپىي تۇيۇلدى. كېيىن ئۇنىڭ سەمىمىيىتى ۋە ئوتلۇق كۆڭۈل ئىزھارىدىن تەسىرلەندىم. ئۇ ئەگەر توي قىلساق ماڭا ھەرۋاقىت ھەمراھ بولىدىغانلىقىنى، ماڭا كىتاب ئوقۇپ، يېزىقچىلىقىم ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاپ بېرىدىغانلىقىنى، قىسقىسى سۆللىۋان مۆئەللىم قىلىدىغان جىمى ئىشلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەن جىمجىت ئولتۇرۇپ، بۇ مۇھەببەت ئىزھارىنىڭ پەيزىنى سۈرگەندىن كېيىن، قەلبىمنى ئىختىيارسىز تەسۋىرلىگۈسىز بىر خۇشاللىق لەرزىگە سالدى ـ ەە، ھاياجان ئىلكىدە تىترەپ كەتتىم. بۇ ئىشلارنى مۆئەللىم بىلەن ئاپامغا ئېيتماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ مېنى توسۇپ:

— مېنىڭچە ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، — دېدى.

ئۇ بىر پەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى:

— سىزگە مەلۇم، ھازىر سۆللىۋان مۆئەللىم كېسەل، ئاپىڭىز بولسا مېنى ياقتۇرمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئەگەر ئويلاشمايلا بۇ گەپنى ئۇلارغا دېسەك، چوقۇم قارشىلىقىغا ئۇچرىشىمىز ئېنىق. مېنىڭچە، سەل تەخىر قىلايلى، كېيىنچە پۇرسەت تېپىپ دېسەكمۇ بولار.

شۇنىڭدىن كېيىن خېلى بىر ۋاقىت ئىككىمىز بىرلىكتە ۋاقتىمىزنى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدۇق. بەزىدە مۇرىدىشىپ مېڭىپ، ئورمانلاردا سەيلە قىلدۇق، بەزىدە كۇتۇپخانىدا ئولتۇردۇق. ئۇ ماڭا كىتاب ئوقۇپ بەردى.

بىر كۈنى ئەتىگەن مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىم ئالماشتۇرۇۋاتاتتىم، ئۇشتۇمتۇت ئاپام ئالدىراش - تېنەش ھۇجرامغا كىرىپ مەندىن سورىدى:

— بۈگۈن گېزىتتە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان بىر خەۋەر ئېلان قىلىنىپتۇ. خېلېن، سەن بىرسى بىلەن توي قىلىشقا ماقۇل بولدۇڭمۇ؟

ئاپام گەپ قىلىۋاتقاندا، قوللىرى تىترەپ تۇراتتى. مەندە قىلچە روھىي جەھەتتىن تەييارلىق يوق بولغاچقا، قاتتىق ئەجەبلەندىم. شۇنداقلا قارشى تەرەپنى ئاقلاش ئۈچۈن يالغان سۆزلەپ:

— بۇ پۈتۈنلەي بىلجىرلىغانلىق، گېزىتلەر دائىم مۇشۇنداق بىمەنە خەۋەرلەرنى باسىدىكەن. بۇ ئىشتىن زادىلا خەۋىرىم يوق، — دېدىم.

ئاپامغا شۇنداق دەپ قۇتۇلدۇم، مۇئەللىمگىمۇ راست گېپىمنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئاپام دەرھال ئۇنى ئىشتىن بوشىتىۋەتتى. ھازىر ئويلىسام، شۇ چاغدا نېمىشقا يالغان سۆزلەپ، ئاپامنى، مۇئەللىمنى ۋە ھېلىقى يىگىتنى ئازابلىغانلىقىمنى چۈشىنەلمەي ئىچىم پۇشىدۇ. مېنىڭ مۇھەببەت رومانتىكام ئەنە شۇنداق تۈگىدى.

بۇ قىش ھەرخىل باش ئاغرىقلىرى، خاپىلىق، ئىچ پۇشۇقلىرى ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى.

براشىدو كۆلىنىڭ ھاۋاسى خېلى سوغۇق ئىدى، مۇئەللىمنىڭ كېسىلىدە روشەن ياخشىلىنىش بولمىدى. 12 - ئاينىڭ ئاخىرى مۇئەللىم بىلەن توماس خېنىم ھاۋاسى ئىسسىقراق پۇئېرتو - رىكو ئارىلىغا كېتىپ، يەنە بىر يىلنىڭ 4 - ئېيىغىچە

تۇردى. ئۇلار ئۇ يەردىن ماڭا ھەر ھەپتىسى خەت يازدى.

ئۇلار خېتىدە دائىم پۇئېرتو - رىكونىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، تەڭگە ھۆزۈر، كېسەلگە شىپا ھاۋاسى ھەققىدە، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان تۇرلۇك چىرايلىق گۈللەر ھەققىدە يېزىشاتتى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ مۇئەللىم قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، بالدۇرلا، يەنى 4 - ئايدىلا لېنشاغا قايتىپ كېلىۋالدى. ئۇنىڭ كېسىلى ئىككىنچى يىلى كۈزدە ئاران ساقايدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ لېنشاغا كېلىۋالغان بىلەن بىر يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت نوتۇق سۆزلەشكە ئۇيان - بۇيان بارالمىدۇق.

خىزمەت بولمىغانلىقتىن، يىغىپ قويغان پۇلىمىز كۈنسېرى ئازىيىشقا باشلىدى. بىز لېنشادىكى ئۆينى سېتىۋېتىپ باشقا جايدىن كىچىكرەك ئۆي تاپماقچى بولدۇق.

ئۇزۇن يىل ئولتۇرغان ئۆيدىن ئايرىلىش ھەقىقەتەن كۆڭۈل قىيمايدىغان، يۈرەك ئېزىلىدىغان ئىش ئىكەن! توساتتىن ئۆيدىكى ھەربىر ئۈستەل، ئورۇندۇق ئاجايىپ سۆيۈملۈك، ھېسسىياتقا باي تۇس ئالدى. بولۇپمۇ مەن دائىم يېزىقچىلىق قىلىدىغان ئۈستەل - ئورۇندۇق، كىتاب ئىشكاپى، دائىم يېنىدا تۇرۇپ سىرتقا نەزەر سالىدىغان يەردىن كۆتۈرۈلگەن دېرىزە، گىلاس دەرىخى ئاستىدىكى ساپادىن ئايرىلىشقا چىدىماي قالدىم. ھالبۇكى، ئايرىلىش پەيتى يېتىپ كەلگەندە، بۇلارنى كاللامدىكى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان نەرسىلەر قويىدىغان بىر بۇلۇڭغا قويۇپ، كۆز ياش قىلىپ ماڭدىم.

بىز 13 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئولتۇرغان ئۆيىمىزدىن يۈرىكىمىز ئېچىشقان ھالدا ئامالسىز ئايرىلدۇق. بۇ يەردە بىز تۇرمىغان بىلەن بۇ قەدىناس ئۆي باشقا بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۈچۈن رولىنى جارى قىلدۇرىدىغۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئۆزىمىزگە تەسەللىي بەردۇق.

هازىر بۇ ئۆي بوستوندىكى جورىدان ماخۇ تۇرلۇك ماللار شىركىتىنىڭ ئايال خىزمەتچىلىرى ياتىقى قىلىندى. خوجايىن ئالماشقان بولسىمۇ، مەن ئۇ ئۆيىنى يەنىلا خوجايىنلاردەكلا ياخشى كۆرىمەن، كۆڭۈل بۆلىمەن.

چۈنكى، ئۇ يەردە ئەسلەشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن ئەسلىمە-لەر بولۇپ، ئۇلار ھاياتىمنىڭ راسا قىيامىغا يەتكەن ئون يىلىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ كۆلكە ۋە يىغىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بىراق تېخىمۇ مۇھىمى پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتى كۈچكە تول-غان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*بۇ سورۇندا تۇرۇپ، گويا ئۆزۈمنى سەزمەستىن گەرشكە چىقىپ قالغاندەك، ئۆزۈمنى ئۇ يەردە تونۇش ۋە قەدىردان دوستلىرىم بىلەن جەم بولغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم.*

## كىنوغا چىقىش

بىز لىنشادىن ئايرىلىپ، مەملىكەت ئىچىدە بىر مەزگىل قىسقا سەپەردە بولغاندىن كېيىن، نيۇيورك شەھەر ئەتراپى بولغان ئۇزۇن ئارالدىكى فراسىت ئېدىرلىق رايونىدا ئولتۇراقلىشىش قارارىغا كەلدۇقتە، بۇ گۈزەل مەنزىرىلىك جايدىن كۆرۈنۈشى خېلى جايىدا بىر ئۆي سېتىۋالدۇق. ئۆينىڭ تېشى قەدىمىي قەلئەلەر سىياقىدا بولۇپ، كۆپۈنكى شەكىللىك قىرلىرى بار ئىدى. بىز ئۇنىڭغا «سازلىق شەھەر» دەپ نام بەردۇق.

«بىز» ـ سۇللىۋان مۇئەللىم، توماس خېنىم، مەن ۋە گوللان ئىسىملىك ئىتنى كۆرسىتەتتى.

بىز ئۇزۇن ۋاقىت قاتراش، ئىشلەش بىلەن بولغاچقا، بىر مەزگىل تىنچ، ئارامخۇدا ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. مەن ھويلىغا دەل ـ دەرەخ تىكىشنى ئۆگىنىۋالدىم. ئىككىنچى قەۋەتتىن مەخسۇس ئۆزۈمگە چاققانغىنا كۇتۇپخانا چىقىرىۋالدىم. بۇ ئۆينىڭ تۆت تەرىپى دېرىزە ئىدى. دانتېس ئەسەرلىرىنىڭ ئەسلىسىنى ئوقۇش مەقسىتىدە ئىتاليان تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدىم.

يېڭى جايغا تېخى تۇزۇك جايلىشىپ بولمىغانىدۇق، بەكمۇ كۇتۇلمىگەن (ھەيران قالارلىق) بىر خەت تاپشۇرۇۋالدۇق.

فرانسىس مىرا يازغان بۇ خېتىدە مېنىڭ «بالىلىق دەۋرىم» دېگەن كىتابىمنى كىنو قىلىپ ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى، مېنىڭ كىنوغا چىقىشىمنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى يازغانىدى.

مەن مېنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىم كىنو قىلىپ ئىشلەنسە چوقۇم مەندەك بەختسىز كىشىلەرگە ئىلھام بولىدۇ، ئۆزئارا ئۆچمەنلىك، رەزىللىك، زوراۋانلىق بىلەن تولغان بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانلارنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ، بۇنداق ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويسام قانداق بولىدۇ، دەپ ئويلاپ ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولدۇم. ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن كىنونىڭ نامى «قۇتۇلدۇرۇش» بولدى.

هازىر ئويلاپ باقسام، ئۆز ۋاقتىدا جاپادىن قاچماي، ئاردىلىقنى يىراق كۆرمەي ھوللىۋودقا كېلىپ، كىنو ئىشلەيمەن دەپ چېپىپ يۈرگىنىمگە ھېچ ئەقلىم يەتمەيدۇ. شۇ چاغلاردا بەك ساددا، سەبىي ئىكەنمەن. شۇڭا، ئۆزۈمچە مېنىڭ ئىشلىرىم ئىنتايىن تەسىرلىك، بۇ كىنو ئىشلىنىپ چىقسا تاماشىبىنلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ كۆرىدۇ، ھەتتا ئەسنەشكىمۇ پېتىنالمايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. شۇ مەنمەنچىلىكىم تۈپەيلى، مەن كىنو شىركىتىنىڭ تەكلىپىنى قىلچە ئىككىلەنمەيلا قوبۇل قىلدىم. قىزىق بولغىنى شۇكى، مەندەك ئەيىبناق، مېيىپ بىر ئادەم قانداقمۇ كىنودا باش رول ئالالىسۇن؟ دېگەنلەرنىمۇ خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن.

ئادەتتە ئايال چولپانلار زىلۋا، خۇش پىچىم، ساغلام، پەردازاتلاردەك چىرايلىق بولىدۇ. مەندەك سېمىز، كۆرۈمسىز قىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئايال چولپانلار بىلەن بىر قاتاردا قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. يەنە كېلىپ مېنىڭ بىردە تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرۈپ يىغلىتىدىغان، بىردە خۇشال قىلىپ قاقاقلىتىپ كۈلدۈرىدىغان ماھارىتىم بولمىسا، ماڭا كىنوغا چىقىشنى كىم قويۇپتۇ؟ بۇلارنى ھازىرچە سۆزلىمەي تۇراي، ئىشقىلىپ مېنىڭ ھوللىۋودتىكى كۈنلىرىم تولىمۇ مەنىلىك ۋە رەڭدار ئۆتتى. راستىمنى ئېيتسام، شۇ چاغدا كىنوغا چىققان ئىشلىرىمدىن ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايمەن.

www.uyghurkitap.com

مەن ھوللىۋودتا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈردۈم، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان ئۇچىل تۇرمۇشتا مەن پات - پات ھەيرانلىقتىن ئېغىزىمنى ئېچىپ قالاتتىم ياكى شادلىنىپ يۈرىكىم قېپىغا سىغماي قالاتتى. دەرۋازىدىن چىقسام قانداق ئىشلارغا يولۇقىدىغانلىقىمنى زادىلا بىلەلمەيتتىم. گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلغان چىغىر يولدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتسام، توساتتىن ياندىكى ئېتىزدىن بىر ئاتلىق چەۋەنداز ئوقتەك چېپىپ چىقاتتى. چوڭ يولدا كېتىۋاتقىنىمدا، مۇز ساتىدىغان ماشىنىنىڭ ئۇشتۇمتۇت تۆت چاقىنىڭ ئاسمانغا قاراپ قالغىنىنى كۆرەتتىم. يىراقتىكى تاغ باغرىدا، قاچانلاردىدۇر گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتقان كەپە پەيدا بولۇپ قالاتتى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مەن بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ - غارايىپ، بەكمۇ قىزىقارلىق نۇرغۇن ئىشلارنى كۆردۈم ۋە ئاڭلىدىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم بىز بىر مۇنچە ئادەم پىژ - پىژ ئاپتاپتا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ قۇملۇققا باردۇق. تونۇردەك قىزىپ كەتكەن قۇملۇقتا ئۇيەر - بۇ يەردە ئۆسكەن كاكتوس بىلەن چاتقال كۆزگە چېلىقاتتى. كىچىككىنە كەنتكە ئەگىلىدىغان جايغا كەلگەندە، توساتتىن بىرى ۋارقىراپ كەتتى:

— قاراڭلار! ئىندىئان تۇرىدۇ! راست ئىندىئانكەن. . .

كۆپچىلىك خۇشال بولدى، ئۇنى كۆرۈپ باقايلى، دەپ دەرھال ماشىنىدىن چۈشتى. قارىسام راستتىنلا بىر ئىندىئان تۇرىدۇ، يېنىدا ھېچكىم يوق.

مېنىڭ يېنىمدا تۇرغان بىر يول باشلىغۇچى ئالدىغا بېرىپ ئۇ ئىندىئاندىن، بىر قىز (مېنى دېمەكچى) بېشىڭىزدىكى پەي بېزەكنى تۇتۇپ باققان بولسا، ماقۇل بولسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئىندىئاننىڭ بېشىدا قارىچىغىنىڭ رەڭ بېرىلىپ، رەڭدار جىلۋە قىلىپ تۇرغان چىرايلىق پېيى تۇراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئىندىئان تولىمۇ ھەيۋەت تۇس ئالغانىدى. مەن دەككە - دۈككىدە

يېقىن بېرىپ، قول ئىشارىتى بىلەن مەقسىتىمنى ئۇنىڭغا قايتا بىلدۈردۈم. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئىندىئان راۋان ئىنگلىز تىلىدا:

— بۇ خېنىم خاتىرجەم تۇتۇۋەرسۇن، قانچىلىك تۇتسا مەيلى، پىكىرىم يوق، — دېدى.

ھەممەيلەن قاتتىق قورقۇپ كەتتۇق. كېيىن ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىندىئان ئەمەس، سۇرەتكە ئالغۇچىلارنى كۈتۈپ تۇرغان ئارتىس ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى.

توماس خېنىم بىلەن مەن ھەركۈنى سەھەر تۇرۇپ ئات مىنەتتۇق. شەبنەم ئۈنچىلىرى سۆيۈپ ياتقان ئوتلاقتىن ئوت – چۆپ ۋە دەرەخلەرنىڭ خۇش پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. سەھەرنىڭ سالقىن شامىلى جانغا ھۇزۇر بېغىشلاپ، ئادەمنىڭ كەيپىنى چاغ قىلاتتى. مەن شۇ تەرىقىدە جىقلى تېغى باغرىدىكى چىغىر يوللاردا نۇرغۇن ۋاقىت كۆڭۈللۈك سەيلە قىلدىم.

«مېنىڭ بالىلىق دەۋرىم» ئاساسىدا يېزىلغان سىنارىيە «قۇتۇلدۇرۇش» ئاخىر سۇرەتكە ئېلىنىشقا باشلىدى. رېژىسسور «يېشىل ئارال» فىلىمى بىلەن داڭق چىقارغان جورجى خاۋسىت پرات ئىدى. بىرىنچى بولۇپ فىلىمنىڭ بېشى سۇرەتكە ئېلىنغاندا، پرات ئەپەندى شىرەنى ئۇرۇشنى بەلگە قىلىپ مەن بىلەن ئالاقىلەشتى . خىزمىتىمىزنىڭ جەريانى ئادەتتە مۇنداق بولاتتى. توماس خېنىم سىنارىيىنى كۆرۈپ بولغان ھەمدە رېژىسسور، كۆرسەتمىسىنى ئالغاندىن كېيىن، بۇلارنى قولۇمغا يېزىپ بېرەتتى. مەن تولۇق چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، رېژىسسورنىڭ شىرەنى ئۇرۇشىغا دىققەت قىلاتتىم.

بەزىدە رېژىسسور ئۆزى قېشىمغا كېلىپ قولۇمغا يېزىپ: «قورقماڭ، قەپەستىكى شىر ئەمەس، ناھايىتى بىر قۇشقاچ، بىلدىڭىزمۇ؟ ھەببەللى، يەنە بىر قېتىم كېلەيلى» دەيتتى. رېژىسسور ماڭا كۆڭۈل بۆلگەنسېرى مەن جىددىيلىشىپ بىئارام

بولاتتىم.

راست گەپنى قىلغاندا، سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى ئالدىدا رولنى تەبىئىي ئېلىش ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەسكەن. مەيلى ئۆرە تۇرۇڭ، مەيلى ئولتۇرۇڭ، كۈچلۈك چىراغلار سىزگىلا مەركەزلەشكەچكە، پۈتۈن بەدەن ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك قىزىپ، تەر قۇيۇلۇپ تۇرىدىكەن. پات - پات گىرىم تەر بىلەن ئېقىپ سەتلىشىپ كېتىۋاتامدۇ، قانداق، دەپ ئاگاھ بولۇپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۇنداق بولمىسا ئېكراندا بۇرۇننىڭ ئۇچى پارقىراق كۆرۈنىدىكەن ياكى پېشانە پارقىراپ كېتىپ ئۇنۇمى ياخشى چىقمايدىكەن. شۇڭا، گىرىم پات - پات يېڭىلىنىپ تۇراتتى.

سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى ئالدىدا تۇرساملا ئالاقزادە بولۇپ كېتەتتىم. رېژىسسور بولسا مەن بىلەن قېرىشقاندەك، ماڭا ھېلى كۈلۈڭ، ھېلى كۈلۈمسىرەڭ دەيتتى، ھېلى قوشۇمىڭىزنى تۈرۈپ ئويغا چۆمگەن ھالەتنى ئىپادىلەڭ دەيتتى. مەن كەيپىياتىمنى قانداقمۇ كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگەرتەلەيمەن؟ بەزىدە بۇيرۇقنى ئاڭلىسامۇ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالاتتىم.

ھە دېگەندىلا جىمى ئادەم رولغا رەسمىي كىرىشىپ كېتەلمىگەچكە، نۇرغۇن جايلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى (سۈرەتكە ئېلىنمىغاندا). مېنىڭ بالىلىق ۋاقتىمنىڭ رولىنى ئالغان قىز ناھايىتى ياخشى رول ئالىدىكەن. ئۇ گاس ياكى گاچا بولمىسىمۇ، بۇ رولنى بەكمۇ قاملاشتۇردى. شۇڭا، مەن ئۇ قىزنى ناھايىتى ياقتۇرۇپ قالدىم. مېنىڭ رولۇمنى ئالغاچقىمىكىن، ئۇمۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمنىڭ رولىنى ئاجايىپ چىرايلىق، كۆلسە ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرىدىغان بىر ئايال چولپان ئالدى. ئۇ باشتا قارىغۇلۇقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالغانىدى. ئەمما، ئۇ تۇرۇپ - تۇرۇپلا قارىغۇلۇقى پەقەتلا يادىدا يوق كۆزىنى ئېچىۋالاتتى. ئەتراپتىكى خىزمەتچى خادىملار

قاتتىق كۆلۈپ كېتەتتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ قىياپىتى تولىمۇ كۈل-كىلىك تۇس ئالاتتى.

بىراق، بۇ ئارتىس بۇ رولنى خۇشاللىق ۋە رازىمەنلىك بىلەن ئوينىدى، يەنە كېلىپ، تەجرىبىلىك، ناھايىتى ئۇستا ئارتىس ئىدى. بولۇپمۇ چۈشىدە يۇنان تەڭرى، ئىلاھلىرىنى كۆرگەن چاغدىكى كۆرۈنۈشنى شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن ئوينىدىكى، بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندۈم.

ئۆۋەت ھاياتىمدا مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن دوستلىرىمنى تونۇشتۇرۇپ سەھنىگە چىقىرىشقا كەلدى. ماڭا ئېنشتاينىن ياردەم قىلغان ساخاۋەتچى دوستلىرىمدىن خېنرى جۋانمۇند ئەپەندى، مارك تۋەن ئەپەندى ۋە باش روھانىي بىروكس قاتارلىقلار ئالەمدىن ئۆتكەن، ھايات ياشاۋاتقانلارمۇ ياشىنىپ قالغان بولۇپ، مەن باشتا ئۇچراشقان چاغدىكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

مەن دوكتور بېلغا خەت يازغانىدىم، ئۇ تېزلا جاۋاب قايتۇ-رۇپ: «خېتىڭىزنى كۆرۈپ، ۋاشىنگتوندا كۆرگەن كىچىككىنە قىز بالا يادىمغا كەلدى. مېنىڭ نەزىرىمدە، سىز يەنىلا شۇ چاغدىكى سەبىي قىز، سىز خۇشال بولىدىغانلىكى ھەرقانداق ئىشنى قىلىشنى چىن كۆڭلۈمدىن خالايمەن. بىراق، ھازىر مەن چەت ئەلدە، بىر مەزگىل ئامېرىكىغا قايتالمايمەن. لېكىن، مېنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇ؟ ئىككىمىز تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان چاغدا، مەن ھەرگىزمۇ 70 بىر ياشلىق بوۋاي ئەمەس ئىدىم، ئۇ چاغدا چېچىمدا بىر تال ئاق چاچمۇ يوق ئىدى. سىزچۇ؟ سىز ئاران يەتتە ياشتا ئىدىڭىز. راستىنىلا رېئاللىق تەسۋىرلىنىدىغان كىنو ئىشلىنىدىغان بولسا، مېنىڭچە باشقا بىرى مېنىڭ رولۇمنى ئالسۇن، سىز چېچىڭىغا ئاق كىرمىگەن، ناھايىتى كېلىشكەن بىر يىگىتنى مېنىڭ رولۇمنى ئالىدىغانغا تېپىپ بې-رىڭ. كىنوغا ئېلىش ئاخىرلىشىدىغان چاغدا، بىز ھازىرقى تۇرقىمىز بىلەن سەھنىگە چىقايلى. بۇ رۇنقى ۋاقىت بىلەن ھازىر-

قى ۋاقىت مۇشۇنداق سىلىشتۇرۇلسا تازا قىزىق بو-
لار ـ ھە؟» دەپ يازغانىدى.
بۇ خەتنى كۆرگەندىن كېيىن توساتتىنلا كاللامغا مۇنداق بىر
ياخشى چارە كەلدى: «ھە توغرا! سىمۋول خاراكتېرلىق بىر
كۆرۈنۈشتە دوستلىرىمنى مەيدانغا چىقىرىپ تونۇشتۇرسا بولماس-
مۇ؟ بەلكىم بۇنىڭ ئۈنۈمى ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، مەسى-
لەن، مەن ئىككى تەرىپىدە تۇخۇمەك دەرىخى قاتار كەتكەن چوڭ
يولدا سەيلە قىلىپ كېتىۋاتسام، توساتتىن دوكتور بېل ۋە جۋان-
موند ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىمەن، بىز پاراڭلىشىپ ماڭى-
مىز، يەنە كۆل ۋە تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى قوشۇلۇپ، تەبىئىي
كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىنىدۇ.» مەندەك ئەما ھەم گاس ئادەمگە
نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ سايىسى تولىمۇ مۇۋا-
پىق كېلىدۇ. ئويلىغانسېرى، بۇ چارە ماڭا بەك بەلەن بىلىندى.
ئەپسۇسكى، كىنو شىركىتى مېنىڭ تەكلىپىمنى قوبۇل
قىلماي، كاتتا بەزمە سورۇنى تۈزۈپ، ماڭا ياردەم قىلغان ھەممە
ئادەم ـ جۈملىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن دوستلار تەڭلا بەزمىدە پەيدا
بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.
بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ كەتكىنىگە 20 يىل بولغان، مەن
بەكمۇ سېغىنىپ ئەسلەيدىغان داداممۇ بار ئىدى. ئەلۋەتتە، باش
روھاني بىروكس، دوكتور خولمېس، دوكتور خېنرى جۋانمونىد
قاتارلىقلارنىڭ «سايىسى» بار ئىدى. مەن يەنە 20 يىلغا يېقىن
ۋاقىت كۆرۈشمىگەن ئىئوسېف ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئاجايىپ
خۇشال بولدۇم. ئۇ بىز يېڭى تونۇشقان چاغدىكىدىنمۇ روھلىنىپ
تېتىكلىشىپ كېتىپتۇ.
بۇ سورۇندا تۇرۇپ، گويا ئۆزۈممۇ سەزمەستىن ئەرشكە
چىقىپ قالغاندەك، ئۆزۈمنى ئۇ يەردە تونۇش ۋە قەدىردان دوست-
لىرىم بىلەن جەم بولغاندەك ھېس قىلىپ قالدىم. بىراق، ئۇلار
بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكىنىمدە، ئۇلارنىڭ قولى ئوخشاشلا

ئىسسىق بولسىمۇ، گەپ قىلغاندىكى تەلەپپۇزى، قىياپىتى مەن ئوبدان بىلىدىغان دوستلىرىمنىڭكىگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇلار ماڭا گەپ قىلغان چاغدا، مەندە گويا يېڭىلا چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ خاتا تۇيغۇدا بولغاندەك بىر تۇيغۇ بولدى. بەزمە ئاخىرلىشىدىغان چاغدا، مەن مۇنداق سۆز قىلدىم:

— نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدە 80 مىڭدەك ئەما يەككە - يېگانە، يار - يۆلەكسىز، بىچارە ئەھۋالدا تۇرماقتا. ھالبۇكى، جەمئىيىتىمىزدە ھازىر ئۇلارغا ياردەم بېرەلەيدىغان مۇكەممەل تۈزۈم يوق. . . دۇنيادا قانچىلىغان كىشىلەر ھاياتلىقنىڭ خۇۋلۇقىنى كۆرمەي، تۇرمۇشتا شاد - خۇراملىق دېگەن نەرسىنىڭمۇ بارلىقىنى بىلمەي، دەرد - ئەلەم ئىچىدە ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇۋاتىدۇ! . . . شۇنىڭ ئۈچۈن بىز مۇشۇ كىشىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇش يارىتىپ بېرەيلى، بۇ دۇنيانى بەختىيارلىق ۋە خۇشاللىققا تولدۇرايلى.

كىنونىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى سۈرەتكە ئېلىنىپ بولغاندا، كۆپچىلىك بىردىنلا فىلىمدە كولمىناتسىيە نۇقتىسى يوقلۇقى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، دراماتىك تۈسىنىڭ كەم بولغانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

— خېلېننىڭ ھاياتى بەكمۇ ئاددىي ئىكەن. ئۇ ھاياتىدا ئۇلۇغ مۇھەببەتكە نائىل بولماپتىكەن. ئۇنىڭ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ رومانتىك ئىشلار بولماپتىكەن!

— شۇ ئەمەسمۇ، ئەمسە بىز ئۇنىڭغا ئاشىقتىن بىرنى تېپىپ بېرەيلى، ئۇلار ئاشىق - مەشۇق ئويۇنى ئوينىسۇن، قانداق؟ ھازىر كىنولاردا بۇنداق كۆرۈنۈش بولمىسا، ئانچە قارشى ئېلىنمايدۇ.

بىراق، رېژىسسور بۇنداق گەپ - سۆزلەرگە باشتىن ئاخىر قارشى چىقىپ، بۇنداق قىلىش يىلانغا پۇت چىقارغاندەك ئىش بولىدۇ، چاپىقىنى ئالىمىز دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدىغان ئىش

www.uyghurkitap.com

قىلمايلى يەنە، دېدى. قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق، ئاخىر ئاز تولا دراماتىك تۇسكە ئىگە بىر قانچە كۆرۈنۈش قوشۇش قارار قىلىندى.

قوشۇلغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرىدە، «بىلىم» گە ۋەكىللىك قىلىدىغان، چىرايى تاتىراڭغۇ بىر خېنىم بىلەن «بىلىمسىز» لىككە ۋەكىللىك قىلىدىغان بەستلىك، گىرىوي، يوغان بىر يە- گىت «ۋاقىت» ناملىق بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئېلىشىدۇ. نەتى- جىدە «بىلىم» يېڭىپ كىچىككىنە خېلېننى قۇچىقىغا ئېلىۋالى- دۇ.

يەنە بىر كۆرۈنۈشتە سۇللىۋان خېنىم تۇرلۇك ئۇسۇللارنى سىناپ باقسىمۇ، كىچىك خېلېن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندە، ئۇ ئىختىيارسىز ئۈمىدسىزلىنىپ، مەيۈسلىنىپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا خروستوس پەيدا بولۇپ، مۇئەللىمگە:

ـــ سەبىي قەلبىنى ئويغىتىمەن دەيدىغان بولسىڭىز، قېشىم- غا كېلىڭ، ئۇنى تاشلىۋەتمەڭ! ـــ دەيدۇ.

سۇللىۋان مۇئەللىم قايتىدىن روھلىنىپ غەيرەتكە كېلىدۇ.

مەجبۇرىي يوسۇندا قىستۇرۇلغان بىر مۇنچە كۆرۈنۈشلەرمۇ بار. مەسىلەن، بەختسىز مېيىپلارغا ھاياتلىق، جان چاقىرىش مەقسىتىدە ناھايىتى پەرىشان، يۈرىكى ئېزىلگەن بىر ئانا بىر مەشئەلنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. قۇدرەتلىك تۆت دۆلەت رەھبىرى فرانسىيىگە يىغىلىپ يىغىن ئېچىپ، دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىمەكچى بولۇۋاتقاندا، خېلېن پەيدا بولۇپ، ئۇ- لاردىن ھەرگىز ئۇرۇش قوزغىماڭلار، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارغا ئىلتىجا قىلىدۇ. كېيىن ئۇلار بۇ كۆرۈنۈش بەكلا زورمو- زور قىستۇرۇلغان كۆرۈنۈش دەپ قاراپ قىسقارتىۋەتتى.

خىيالىغا كەلگەن تۇرلۇك ئاجايىپ ـ غارايىپ كۆرۈنۈشلەر قىستۇرۇلۇۋېرىپ، كىنونىڭ ۋەقەلىكى ئاساسىي تېمىدىن چەتلەپ چىنلىق تۇيغۇسى ئازلاپ كەتتى. بولۇپمۇ كىنو ئاخىرلىشىدىغان

چاغدىكى كۆرۈنۈشنى هازىر ئويلىسام بەكمۇ كۈلگۈم كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ پۈتۈنلەي بىر خىيالىي كۆرۈنۈش ئىدى. ئۇلار مېنى تىنچلىق ئەلچىسى قىلىپ ياساپ، گويا پاك، ئەخلاقلىق ئەۋلىيا ئاياللارغا ئوخشاش بوز ئاتقا مىنگۈزۈپ، نامايىشچى قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭغۇزدى. بۇ بوز ئاتنىڭ ناهايىتى شوخ، چاپىدىغان بولسا ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ يېنىدا قويىدىغانلىقىنى كىم بىل-سۇن. مەن بىر قولۇمدا كانايىنى، بىر قولۇمدا ئاتنىڭ چۇلۋۇرى-نى تۇتۇپ ماڭدىم، ئات مېنى نەچچە قېتىم تاشلىۋەتكىلى تاس قالدى، شۇڭا جىددىيلىشىپ، يۈرىكىم ئېغىزىمغا تىقىلدى، چى-لىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلدۈم. باش ئۈستۈمدە قۇياش چوغدەك قىزدۇرۇپ تۇرغاچقا، ئىككى چېكەمدىن تەر گويا جۈمەكتىن سۇ چۈشكەندەك ئاقتى. هەتتا قولۇمدىكى كانايمۇ تەردىن هۆل بو-لۇپ، ئېغىزىمغا ئاپارسام تۈز تېتىدى .

دەككە - دۈككە ئىچىدە بىر مەھەل ماڭغاندىن كېيىن، ئاستىمدىكى ئات هېچقانداق بۇيرۇق بېرىلمىگەن ئەھۋالدا ئازراق-مۇ شەپە بېرىپ قويماستىن ئۈشتۈمتۈت ئادەمدەك تىك بولغان-دى، قورقۇپ جېنىم بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالدى. هېلىمۇ ياخشى بىر مۇخبىر كۆرۈپ قېلىپ ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىپ ئاتنى تارتىپ يەرگە دەسسەتتى، بولمىسا مەن چوقۇم ئاتتىن تىك موللاق ئېتىپ يەرگە چۈشەتتىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*مەن ئوينىۋاتقان ئويۇننىڭ مەزمۇنى چاكىنا ئەمەس، ئادەملەرگە دېگىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىشمۇ يوق دەپ قارىدىم. شۇڭا، مەن بىمالال يۈرۈۋەردىم.*

## سىرىك ئۆمىكىدىكى ھايات

مەن رولغا چىققان بۇ كىنو ياخشى باھاغا ئېرىشتى، ئەمما كۆرىدىغانلار كۆپ بولمىدى.

مەن تىنچلىق، ئاراملىق ئىزدەپ يەنە فرانسىتىكى تۇرالغۇمغا قايتىپ كېلىپ ئىككى يىلنى ئارامخۇدا ئۆتكۈزدۇم. بۇ ئارىلىقتا بىز كاللىمىزنى ئىشلىتىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ چىقىمنى تېجىدۇق. دوستلارنىڭ ياردەم پۇلى مەن تىنىقتىن توختىغىچىلا بېرىلىدىغان بولغاچقا، سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىغا ئاز- تولا پۇل توپلاپ قويمىسام بولمايتتى. ئالىمادىس مەن ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەم، ئۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟

مۇشۇنى نەزەردە تۇتۇپ، 1920 - يىلىدىن باشلاپ پودو سارىيى سىرىك ئۆمىكىگە كىرىپ، مېھمانلارغا ئويۇن قويۇشقا قاتناشتوق. بۇ ئىش تۆت يىلغا يېقىن ۋاقىت، يەنى 1924 - يىلى باھارغىچە داۋاملاشتى. ئەلۋەتتە، بۇ تۆت يىل جەريانىدا بىز ئىزچىل تۇردە ئويۇن قويمىدۇق. باشتا نيۇيورك، نيۇ ئىنگلاند ياكى كانادادا ئويۇن قويۇشقا ئاندا - مۇندا قاتناشتۇق. 1921 - يىلىدىن 1922 - يىلىغىچە ئارىلىقتا دۆلەت ئىچىدە ئويۇن قويىدۇق.

بىزنىڭ سىرىك ئۆمىكىدە ئويۇن قويۇۋاتقانلىق خەۋىرىمىز تارقالغاندىن كېيىن، مەلۇم ھېمايىچىلەرنىڭ سۆز - چۆچەكلىرى

چىقتى.

— قاراڭلار، خېلىن نام چىقىرىش ئۈچۈن ۋاستە تالللماي- دىغان بوپتۇ.

بەزى ياخشى نىيەتلىك قىزغىن كىشلەر خەت يېزىپ مېنى ئاگاھلاندۇردى ۋە سېرىك ئۈمىكىگە كىرمەسلىكىمنى دەۋەت قىلدى. ئەمەلىيەتتە مەن بۇ ئىشنى نام چىقىرىش ئۈچۈن قىلدىمىمۇ؟ مېنىڭمۇ كۆڭلۈمگە پۈككەن پىلانىم بار. شۇڭا، بۇ پىلاننى ئۆز ئىرادەم بويىچە ئىشقا ئاشۇرماقچى، خالاس. ھەتتا سۈللىڭۋان مۇئەللىممۇ مەن جىق خىزمەت ئىشلىگەندىن كېيىنلا، بۇ ئىشنى قىلىشقا تەسلىكتە قوشۇلدى.

مېنىڭچە بۇ ئىش ماقالە يېزىشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان ۋە كىرىمىمۇ جىق ئىش ئىكەن. نامىدا ئايلىنىپ ئويۇن قويۇش دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كۆپ ھاللاردا بىر جايدا بىرەر ھەپتە تۇرىدىكەنمىز. بۇ جەھەتلىرى ئىلگىرى بىز نوتۇق سۆزلىگەنگە ئوخشمايدىكەن. ئۇ چاغلاردا بەزى كۈنلىرى بىر قانچە جايغا بېرىپ سۆزلەشكە، ئۇيان - بۇيان چېپىشقا توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ بىرەر جايغا بارغاندا ئۇھ دەپ ئارام ئېلىشقىمۇ پۇرسەت يوق بولۇپ، ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئۇدۇل سەھنىگە چىقاتتۇق. سېرىك ئۈمىكىدە بولسا ھەركۈنى چۈشتىن كېيىن ۋە ئاخشىمى يىگىرمە مىنۇتتىنلا ئويۇن قويۇلاتتى. سېرىك ئۈمىكىنىڭ باشقۇ- رۇش پرىنسىپى خېلىلا قېلىپلاشقان، تۇرمۇشى ناھايىتى نورمال ئىدى. بىز ناھايىتى ئەركىن بولۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئەندىشە قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق، شۇنداقلا نۇتۇق سۆزلىگەندەكلا تاماشى- بىنلارنىڭ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشىدەك ئىشلا- رمۇ كەمدىن - كەم كۆرۈلەتتى.

بۇ خىزمەتنى ئىشلىگەندىن تارتىپ مەن جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە ناھايىتى يېنىكلەپ، روھىم كۆتۈرۈلۈپ قالدى. بىراق، سۈللىڭۋان مۇئەللىم مەندەك خاتىرجەم، تېتىك ئەمەس ئىدى. ئۇ

بىر خىل ئوڭايسىزلىقتىن بىئارام بولاتتى. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. نېمىشقا دېگەندە، باشتا بىزنىڭ ئىسمىمىز ئويۇن تىزىملىكىدە سېرىكچىلەر، هايۋان كۆندۈرگۈچىلەر، هەتتا شىر-پىل، شاتۇت قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە يېزىلدى. بۇ ئەھۋالدا كىملا بولمىسۇن ئىچى ئاچچىق بولاتتى. ئەمما، مەن ئويناۋاتقان ئويۇننىڭ مەزمۇنى چاكىنا ئەمەس، ئادەملەرگە دېگىلى بولمايدىغان ھېچقانداق ئىشىمۇ يوق دەپ قارىدىم، شۇڭا بىمالال يۈرۈۋەردىم.

بۇ دائىرىدە تونۇشقان كىشىلەر مېنى بۇرۇن ھەرقانداق سورۇندا تونۇشقان كىشىلەردىن بەكرەك قىزىقتۇردى ۋە جەلپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپى مەردانە، خۇشخۇي، سەمىمىي، ئادالەتپەرۋەر بولۇپ، قىلغان ئەتكەنلىرىدىن دائىم ئىنتايىن تەسىرلەنەتتىم. قىسقىسى، سېرىك ئۆمىكىدە مەن ھەقىقەتەن بەك كۆڭۈللۈك، خۇشال ئۆتتۇم. سەھنىدىكى تاماشىبىنلارمۇ مېھرىبان، ئاق كۆڭۈل، قىزغىن بولۇپ، مەن سۆز قىلغان چاغدا ھەقىقىي يوسۇندا ئالقىشلايتتى، ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئادەتتە، ئاۋۋال سۇللىۋان مۇئەللىم مېنى تەربىيىلەش ئۇسۇلىنى تونۇشتۇراتتى، ئاندىن مەن ئۆزۈمنى قىسقىچە تونۇشتۇراتتىم. ئاخىرىدا تاماشىبىنلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەتتىم.

تاماشىبىنلارنىڭ سوئاللىرى كۆپرەك مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك بولاتتى:

— سىز سائەتنى كۆرەلمەيدىغان تۇرۇپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنى قانداق پەرق ئېتەلەيسىز؟

— توي قىلىشنى ئويلاشتىڭىزمۇ، يوق؟

— كۆزىڭىز كۆرمەيدىكەن، ئۇنداقتا ئەرۋاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەمسىز؟

— سىز چۈشلىرىڭىزدە قانداق نەرسىلەرنى كۆرىسىز؟

مانا مۇشۇنىڭدەك نۇرغۇن سوئاللار، بەزىلىرى بۇنىڭدىنمۇ

كۆلكىلىك، قاملاشمىغان سوئاللار قويۇلاتتى.

تاماشىبىنلارنىڭ ماڭا بولغان ئىنكاسىغا ئەزەلدىن ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتىم. بۇ يەرگە كەلگەن تاماشىبىنلار ئوچ-ئۇق، قىز-غىن ئىدى. مېنىڭ گەپلىرىم ئورۇنلۇق تۇيۇلغۇدەك بولسا ياكى كۆڭلىگە ياقسا، قىلچە قورۇنۇپ ئولتۇرماستىن چاۋاك چېلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى، ھېسسىياتىنى قىلچە يوشۇرمايتتى. شۇڭ-لاشقا، مەنمۇ ئۇلارغا ئوچۇق - يورۇق، خۇشال ھالدا كۆڭلۈمدى-كى گەپنى قىلىپ قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەتتىم.

تاماشىبىنلارنىڭ ئىنكاسىنى تىلغا ئالغىنىمدا، دىنىي جەم-ئىيەتتە نوتۇق سۆزلىگەندە يۈز بەرگەن ھازىرقىنىڭ پۈتۈنلەي ئەكسى بولغان باشقا بىر ئىش يادىمغا چۈشۈپ قالدى. دىنىي جەمئىيەتكە كىرگەن ئاڭلىغۇچىلارنىڭ سالاھىيىتى ئەلۋەتتە سې-رىك كۆرگىلى كەلگەن تاماشىبىنلارنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايت-تى. ھېسسىياتىمۇ ۋە كەيپىياتىمۇ باشقىچە ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تاڭ قالغۇدەك سۈرلۈك جىمجىت ھالەتتە تۇرۇشى مېنى ناھايىتى تەمتىرىتىپ قويىدى. كۆزۈم كۆرمىگەن، قۇلىقىم ئاڭلىمىغان، ئۇلارنىڭ چىراي ئىپادىسىنى بىلمىگەن بولسامۇ، قىلىۋاتقان گەپلىرىمگە ئىنكاس قايتۇرمايۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ تۇراتتىم. سەھنە تىمتاس، مۇنبەر ناھايىتى ئېگىز ئىدى. بۇ ھال مەندە ئۆز ئۆزۈمگە سۆزلەۋاتقانغا ئوخشاش بىر خىل خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلدى. مەن رادىئو ئىستانسىسىغا بېرىپ سۆزلىگەندىمۇ شۇنداق بولدى. ئەتراپ تىمتاس، ئادەملەرنىڭ ماڭغان تىۋىشىمۇ يوق، چاۋاكمۇ يوق، ئەلۋەتتە، مەن گويا ئادەمسىز دۇنيادا تۇرۇۋاتقان-دەك، ھاۋادا ھەتتا بۇرنۇمغا تونۇش بولغان تاماكا، چاچ يېلىمى، ئەتىر پۇرىقىمۇ يوق.

شۇڭا مەن دەيمەنكى، سېرىك ئۆمىكىدە تۇرۇپ تاماشىبىنلار بىلەن ئىچقويۇن - تاشقويۇن بولۇشقا مىڭ مەرتىۋە رازىمەن. ئۇلار بىلەن بىللە بولسام قورۇنمايمەن ۋە تىمتاسلىق ھېس قىلمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

*«باقىي ئالەم» دە، مەن ھامان بىر كۈنى ئاپام بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئەمما، ھازىر ئاپام يوق بۇ دۇنيا ماڭا شۇ قەدەر جىمجىت، زۇلمەت بىلىنىۋاتىدۇ.*

## مېھرىبان ئاپامنىڭ ۋاپاتى

بىر قېتىم ئۆيۈن قويۇشقا چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا، توساتتىن ئاپامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان چاغدىكى قايغۇم، ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر، ئەڭ قايغۇلۇق دەقىقىلەر بولدى. شۇ چاغدا بىز لوس ئانژېلېستىكى مەلۇم بىر جايدا ئۆيۈن قويماقچى بولۇۋاتاتتۇق. دادام ۋاپات بولغاندا، مەن ئاران 14 ياش بولغاچقا، ئۆلۈم، جۇدالىقنىڭ نەقەدەر قايغۇلۇق بولىدىغانلىقىنى دېگەندەك چۈشەنمىگەنىكەنمەن. شۇڭا، ئۇنچىدەك قايغۇرۇپ كەتمىگەنىدىم. ئەلۋەتتە، ئاپام بىلەن بىللە تۇرغان ۋاقتىمىزنىڭ ئۇزۇن بولۇشى، مېھرىمىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئايرىلىشقا قىيمايدىغان نۇرغۇن تەرەپلەرنىڭ بولغانلىقى مېنىڭ بۇنچە قايغۇرۇپ، ئېزىلىپ كېتىشىمگە سەۋەب بولغاندۇ.

سۈللىۋان مۇئەللىم كېلىشتىن ئىلگىرى خاتىرەمدە ئاپامغا ئالاقىدار ئىشلار يوق دېيەرلىك ئىدى. كېيىن ئاپامنىڭ دائىم: «سېنى تۇغقان چاغدا ناھايىتى مەغرۇرلانغان ھەم خۇشال بولغانىدىم» دېگىنىنىلا بىلىمەن.

ئاپامنىڭ گېپى چوقۇم راست. سەۋەب ئاپام مەن 19 ئايلىق بولغۇچە ئارىلىقتىكى ئىشلارنى، مەيلى كىچىك ياكى چوڭ بول-

سۈن، خاتىرىسىدە ناھايىتى ئېنىق ساقلىنغان بولۇپ، ھەمىشە
ماڭا گويا ئائىلىدىكى بىباھا بۇيۇملارنى ساناپ بەرگەنگە ئوخشاش
شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەتتى.

— ئايىغىڭ چىققاندىن كېيىن، — دەيتتى ئاپام، — ھوي-
لىغا چىقىپ، گۈللەر ئارىسىدىكى كېپىنەكلەرنى قوغلاپ ئويناشقا
ئامراق بولۇپ كەتكەنىدىڭ. ئوغۇل باللاردىنمۇ يۈرەكلىك ئى-
دىڭ. توخۇ، ئىت قاتارلىق ھايۋانلاردىن پەقەت قورقمايتتىڭ.
دائىم ئۇلارنى بۇدرۇق قوللىرىڭ بىلەن قۇچاقلىۋالاتتىڭ. كۆز-
لىرىڭ بەك ئۆتكۈر ئىدى. كىشىلەر كۆرەلمىگەن يىڭنە، تۈگمە
دېگەندەك نەرسىلەرنى سەن تېپىپ بېرەتتىڭ. تۈگمە قادىغاندا
ماڭا ئوبدان ياردەمچى بولاتتىڭ.

ئاپام بۇلارنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەي سۆزلەيتتى. ئاپامنىڭ
يەنە دېيىشىچە، ئۇ بامبۇكتىن ئۈچ پۈتلۈق بىر قەپەس توقۇپتۇ،
ھەممە يېرىدىن كىچىك تۆشۈكچىلەر قويۇپتۇ. مەن بۇنى كۆرۈپ
خۇشال بولۇپ بىر نېمىلەر دەپ ۋىچىرلاپ كېتىدىكەنمەن. ھە
دىسە ئاپامنىڭ قۇچىقىغا، يېتىۋېلىپ باللارچە كەمتۈك تىللىرىم
بىلەن:

— يەنە قاچانغىچە توقۇيسىز، — دەپ سورايدىكەنمەن.

ئاپامنىڭ ئېيتىشىچە، مەن ئوچاقتا ئوتنىڭ گۈرۈلدەپ كۆ-
يۈشىنى بەك ياخشى كۆرىدىكەنمەن. شۇڭا، ئاخشاملىرى ياتقىلى
ئۇنىماي ئوتۇننىڭ چاراسلاپ، ئوتنىڭ گۈرۈلدەپ كۆيۈشىگە قا-
راپ ئولتۇرىدىكەنمەن. ئوت ئۇچقۇنلىرى چاراسلاپ مورىدىن چى-
قىپ كەتسە تېخىمۇ بەك خۇشال بولىدىكەنمەن.

«شۇ چاغلاردا ئىككىمىز ئاجايىپ خۇشال - خۇرام ياشىغا-
نىدۇق» دەيتتى ئاپام ھەمدە ئەسلەشتىن كېيىن مەمنۇن بولغان

www.uyghurkitap.com

هالدا ئۇھەسسىنىپ قوياتتى ۋە ئۇ ئىشلارنى خۇلاسىلەيتتى.

مەن بەختكە قارشى قاتتىق ئاغرىپ قېلىپ، ئەما ۋە گاس بولۇپ قالغاندا، ئاپام تېخى ئەمدىلا 23 ياشقا كىرگەنىكەن. ئاپام تۇغۇلۇشىدىن ئىچى كۆچلۈك، ئېھتىياتچان، بەك ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كەتمەيدىغان مىجەزلىك بولغاچقا، دوستلىرىمۇ كۆپ ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، مەن بۇ ھالەتتە ساقايغاندىن كېيىن، ئاپامنىڭ تۇرمۇشى ياش تۇرۇپلا قايغۇرۇش، دەرد ـ ئەلەم، جاپا ـ مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتۈپتۇ. تېخىمۇ روھى چۈشۈپ، پەرىشان يۈرۈپتۇ. مەن چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاپامنى ئاياپ ئىمكانقەدەر مۇستەقىل ئىش قىلىشنى ئۆگەندىم. ئاپام بەلكىم مەن بىلەن بىللە ساياھەتكە چىققان، لېنشادا بىرگە تۇرغان چاغلاردا كۆڭلى سەل ئېچىلىپ تەسكىن تېپىپ قالغاندۇ. ئەمما، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۇ چوقۇم مېنىڭ مېيىپلىكىمدىن يۈرىكى ئېزىلىپ، جىق يوشۇرۇن ياش تۆكتى! ماڭا ئاپام ئاخىرقى بىر قانچە يىلدا بۇرۇنقىدىن بەكرەك جىمغۇر بولۇپ كەتكەندەك بىلىندى.

ئاپام، ئەتىگەندە ئويغانسامىلا كاللامغا بىرىنچى بولۇپ خېلىپىننىڭ ئىشى كىرىۋالىدۇ، ئاخشامدا ئۇخلاشتىن ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ غېمىنى يەيمەن، دېگەنىدى. ئاپامنىڭ قوللىرى بوغۇم يالىلۇغى كېسىلىدىن ئاغرىپ تۇرغاچقا، خەت يېزىشتا قىينىلاتتى. ئەمما، ئۇ مېنى دەپ دائىم ئەمالار يېزىقىدا ماڭا خەت يېزىپ تۇراتتى.

ئاپام مېنىڭدىن كېيىن سىڭلىمنى تۇغدى، بەش يىلدىن كېيىن يەنە ئىنىم فىلىپنى تۇغدى. بۇلارنىڭ تۇغۇلۇشى ئاپامنىڭ كۆڭلىگە ئاز ـ تولا مەلھەم بولدى.

دادام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئاپام بالىلارنى تەربىيىلەشتەك ئېغىر يۈكنى ئۆزى يالغۇز زىممىسىگە ئېلىپ، تۇرمۇشتا

جىق قىينالدى، كۆپ جاپا تارتتى. سىڭلىم تەسلىكتە چوڭ بولۇپ ئالاباما شتاتىدىكى كۆنسىپي ئەپەندىمگە ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇھ دەپ خاتىرجەم بولدى. ئۇ سىڭلىم ۋە مېنىڭ قېشىمدا نۆۋەت بىلەن تۇردى، ئامراق باللىرىنى يوقلىدى.

ئاپام ياش چاغلىرىدا ئۆي ئىشلىرىغا ئانچە كۆڭۈلشمەيدىكەن. ياتلىق بولغاندىن كېيىن، ئامالسىز ئائىلە يۈكىنىڭ يېرىمىنى ئۈستىگە ئاپتۇ. ئۇ ئىشچىلارنىڭ قىلغان ئىشىنى نازارەت قىلغاندىن سىرت، سەي تېرىش، ئۆي هايۋانلىرىنى بېقىش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا گۆش سۇرلەشنى ۋە باشقا تۇرلۇك تاماقلارنى ئۆزى قىلاتتى. باللارنىڭ كېيىم - كېچەكلىرىنىمۇ ئۆزى پىچىپ تىكەتتى، يەنە دادام هەركۈنى باشلاپ كېلىدىغان مېهمانلارنىڭ ئالدىغا چىقاتتى. ئىشقىلىپ، ئاپام جەنۇب ئائىلىلىرىدە قىلىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ئۆزى قىلىپ تۈگىتەتتى.

چوشقا سېنى سۇرلەش، تەرخەمەك چىلاشتا ئاپامنىڭ يىراق - يېقىندا داڭقى بار ئىدى، بۇلارنى يېگەنلەر بەكلا ماختايتتى، سوراپ ئېلىپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا مەن كىچىك بولغاچقا، ئاپامنىڭ ئالدىراشلىقى ۋە جاپاسىنى پەقەت چۈشەنمەي، ئاپامنىڭ پېشىگە ئېسىلىۋېلىپ، يېنىدىن پەقەت ئايرىلماي يۈرگەنىكەنمەن. ئاپام زادىلا ۋايسىماي، ھەممىگە جىم - جىم بەرداشلىق بەرگەنىكەن.

ئاپامدەك دىلى نازۇك، نېرۋىسى ئاجىز بىر ئايال مۇشۇنچەۋالا كۆپ ھەم ئېغىر ئائىلە ئىشلىرىنى قانداقمۇ قىلىپ كەتكەندۇ؟ سۇللۇۋان مۇئەللىم دائىم، بۇنىڭغا زادىلا ئەقلىم يەتمەيدۇ، دەيتتى ھەمدە ئاپامنى ماختايتتى. ئىچ - ئىچىمىزدىن قايىل

بولىدىغان ئىش شۇ ئىدىكى، بىز ھېچقاچان ئاپامنىڭ ۋايسىغىنىنى ، قاقشىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدۇق. ئۇ ئۈن ـ تىنسىز ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ قىلىدىغىنى ئىشلا ئىدى، قاچانلا بولسۇن ئىشلەۋېرەتتى.

ئاپام يەنە گۈلگە ئاشىق باغۋەن ئىدى. گۈللەرنى قانداق تېرىش، كۆچۈرۈشنى، شۇنداقلا گۈل ـ گىياھ، دەل ـ دەرەخلەرنى قانداق پەرۋىش قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى. سۇغىرىش، ئوتاشتەك ئادەمنى چارچىتىدىغان ئېغىر ئىشلارنى ئۇ كۆڭۈل ئېچىش قاتارىدا كۆرگەندەك بېرىلىپ قىلاتتى. گۈل ـ گىياھقا شۇنچىلىك ھېرىسمەنلىكىمۇ، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ نازۇك، زىللىقىنى چۈشەندۈرەتتى. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر يىلى ئەتىيازدا ئۇ بىر تۈپ ئەتىرگۈل كۆچۈرۈپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن بىر قانچە كۈن ئۆتمەيلا سوغۇق ئېقىم كىرىپ، يېڭىلا كۆچۈرگەن گۈل سوغۇققا بەرداشلىق بېرەلمەي توڭلاپ ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ ماڭا يازغان خېتىدە بۇنىڭدىن ئىنتايىن قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مەن گويا بەكمۇ قەدىردان ئادىمىمدىن ئايرىلغاندەك، ئىختىيارسىز ئۇنى سېغىنىپ يىغلىۋەتتىم» دېگەنىدى.

ئاپام قۇشلارنىمۇ بەك ياخشى كۆرەتتى. ھەر قېتىم لېنشاغا كەلسە، ئەتراپىدىكى ئورمانلاردا سەيلە قىلىشقا ئامراق ئىدى. سەيلىگە چىققۇچە دان ئېلىۋېلىپ قۇشلارنى باقاتتى. ئۇ ئانا قۇشلارنىڭ بالىلىرىغا ئۇچۇشنى ئۆگىتىدىغانلىقىنى كۆرسە، شۇنچىلىك خۇشال بولاتتىكى، قاراۋېرىپ ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيتتى.

ئاپام ۋەزىيەت، سىياسىي مەسىلىلەرگىمۇ بەك قىزىقاتتى، دائىم كىتاب، گېزىت ئوقۇپ تۇراتتى. ساختا ۋە چاكىنا

ئادەملەر ـ سىياسىي سەھنىدىكى كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ئەلۋەتتە ـ دىن ناھايىتى نەپرەتلىنەتتى. تاپتىن چىققان پارلامېنت ئەزالىرى ۋە سىياسىيونلارنى مەسخىرىلىك سۆزلەر بىلەن تەنقىد قىلاتتى.

ئاپام كاللىسى سەگەك، سىياسىي ئىشلارغا پەم ـ پاراسەت بىلەن باھا بېرەلەيدىغان توماس كارلى خانىم قاتارلىق ئوبزورچىلارغا ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئۇ كارلى خانىم بىلەن خەت ئالاقە قىلغان. يازغۇچىلاردىن ۋىتمان، بالزاك قاتارلىقلارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى قايتا ـ قايتا ئوقۇغان بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر ئاپامغا ياد بولۇپمۇ كەتكەنىدى.

بىر يىلى ياز، بىز ياز ئۆتكۈزگىلى پامونت كۆلى يېنىدىكى تاغ باغرىغا جايلاشقان ياغاچ ئۆيگە باردۇق. ئۇ يەردە بىز ياخشى كۆرىدىغان سۈيى زۇمرەتتەك كۆك كۆل، ئاسمان پەلەك ئورمانلار، ھاۋالىق چىغىر يوللار بار ئىدى. بىر كۈنى بىز كۆل بويىدىكى تاش ئۇرۇندۇقتا ئولتۇراتتۇق. ئاپام كۆلدە قولۋاق بىلەن ئويناۋاتقان ياشلارغا نەزەر تاشلاۋىتىپ، ئۇشتۇمتۇت بىرەر ئىش كۆڭلىگە كەلدى بولغاي، بىردىنلا كەيپى ئۇچۇپ بۆلەكچە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاپ زادىلا تاپالمىدىم.

دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئاپام ئۇرۇشقا دائىر ئىشلارنى پەقەتمۇ ئېغىزغا ئالمىدى. بىر قېتىم سىرتقا سەپەرگە چىققاندا، دالىدا چېدىر تىكىپ قونغان ياشلارنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھەسرەت چېكىپ:

— ھەي، بىچارىلەر، بۇ تېتىك، سۆيۈملۈك ياشلار كۆپ ئۆتمەي جەڭ مەيدانلىرىغا ئەۋەتىلىدۇ. ئۇلارنى ئۇرۇشقا بارغۇزماسلىقنىڭ قانداق چارىسى باردۇ، — دېدى.

ئۇ سۆزلەۋېتىپ ئۈنسىز ياش تۆكتى، كېيىن روسىيىنىڭ تىنچلىق شەرتلىرىنى ئاڭلاپ:

— «ئۇرۇش ئىنسانلارنىڭ جىنايىتى ھېسابلىنىدۇ» دېيىلگەن دۆلەت ھەممىدىن قالتىس! ئارمىيىنى نۇرغۇن تاغ - دېڭىزلار ئايرىپ تۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىرىپ ئۇلارنى قۇچاقلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

ئاپام ھايات ۋاقتىدا دائىم ياشانغان ۋاقتىمدا باشقىلارنى ئانچە ئاۋارە قىلمىسام، بۇ دۇنيادىن جىممىدە كېتىپ قالسام دەپ تىلەيتتى. ئاپام سىڭلىمنىڭ ئۆيىدە ۋاپات بولدى. ئۇ بۇ دۇنيا بىلەن ھېچقانداق ئادەمگە مالاللىق كەلتۈرمەي جىممىدە، تىنچقىنە خوشلىشىپتۇ. ئۇنىڭ جان ئۈزگىنىنى باشقىلار كېيىن بايقاپتۇ. مەن ئاپامنىڭ ۋاپات بولغانلىق شۇم خەۋىرىنى ئويۇن قويۇۋېتىپ ئىككى سائەت بۇرۇن ئاڭلىدىم. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاپامنىڭ كېسەل بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئازراقمۇ روھىي تەييارلىقىم يوق ئىدى.

— ئاھ! مۇشۇنداق چاغدىمۇ، سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويامسىلەر؟

مەن دەرھال ئۆزۈمنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمدىن ياش تۆكۈلىدىغاندەك تۇيۇلدى. بىراق، مەن قەيسەرلىك بىلەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم . سەھنىگە چىقىپ ئويۇن قويغان چېغىمدا، مېنىڭ شۇ قەدەر ئېغىر شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغىنىمنى تاماشىبىنلار زادىلا سەزمىدى. بۇنىڭدىن سۈللىۋان مۇئەللىم ئىككىمىز تەسەللىي تاپتۇق.

ئېسىمدە شۇنداق ئېنىق تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى بىر تاماشىبىن مەندىن:

— بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

مەن ئۆزۈمدىن «مەن زادى قانچە ياشقا كىردىم؟» دەپ سورىدىم. ماڭا ئۆزۈم ناھايىتى چوڭ بولۇپ كەتكەندەك بىلىنەتتى. لېكىن، بۇ سوئالغا توغرىدىن - توغرا جاۋاب بەرمەستىن سوئال قويدۇم:

— سىزنىڭچە مەن قانچە ياشقا كىرگەندىمەن؟

تاماشىبىنلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئارقىدىن بىرى سورىدى:

— سىز بەختلىكمۇ؟

بۇ سوئالنى ئاڭلاپ كۆز ياشلىرىم تۆكۈلۈشكە تاس قالدى. بىراق، مەن يېشىمنى توختىتىۋېلىپ، ئىمكانقەدەر ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن:

— شۇنداق! مەن ناھايىتى بەختلىك. چۈنكى، مەن تەڭرىگە ئىشىنىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم.

شۇ كۈنى مۇشۇنداقراق سوئاللارغا جاۋاب بەردىم.

سەھنە ئارقىسىغا ئۆتكەندىن كېيىن، قايغۇمنى ھەرقانچە قىلىپمۇ بېسىۋالالمىدىم. ئوي - پىكىر يۈرگۈزۈشكە، بىرەر ئىش قىلىشقا ئامالسىز قالدىم. مەن «باقىي ئالەم» دە ھامان بىر كۈنى ئاپام بىلەن كۆرۈشىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئەمما، ھازىر ئاپام يوق بۇ دۇنيا ماڭا شۇ قەدەر جىمجىت، زۇلمەت بىلىنىۋاتىدۇ. قاچان، قەيەردە بولسۇن، ھەربىر شەيئىي ماڭا ئاپامنى ئەسلىتىپ تۇراتتى. مەن ئىچىمدە: «ئاھ، مەن يەنە ئاپام ئەۋەتكەن ئەما ئەدىبىنىڭ كىتابىنى تاپشۇرۇۋالسام قانداق ياخشى بولار ئىدى - ھە!» دەپ نىدا قىلاتتىم.

ئىككىنچى يىلى 4 - ئايدا ئالابامادىكى سىڭلىمنىڭ ئۆيىگە

بارغىنىمدا، ئاپامنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

جېنىم ئاپا! مەن ئۇچۇن بىر ئۆمۈر جاپا چەكتىڭىز، ئەمدى جەننەتكە كىرىپ ئارام تاپقانسىز! بىلىشىڭىز كېرەككى، مەن تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇشۇنداق بولۇپ قالغانمەن. سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ئەمدى ئارام تاپسۇن، مانا بۇ ماڭا تەسەللىي بولىدىغان ئىش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*كونىلاردا «قىرىق ياشتىن ئۆتكەنلەر جاھاندىكى ئىشلارنىڭ كۆپىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ بولىدۇ، ئۇلارغا قانداقتۇ ئالاھىدە خۇشاللىق قايتا نېسىپ بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن.*

## كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق

ئۇزۇن ۋاقىتلىق تەشكىللەش، پىلانلاش ئارقىلىق، نۇرغۇن-لىغان كىشىلەرنىڭ شۇنداق قىلىش زۆرۈر ئىدى دېگەن قارىشى بىلەن 1921 - يىلى مەملىكەت خاراكتېرلىك ئەمالار ئورگىنى ئاخىر قۇرۇلدى. بۇ پىلانىنىڭ باشلامچىسى پېنسىلۋانىيە شتاتى ئەمالار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى ئىدى. بۇ قارار ئوخىئو شتاتىدا ئۆتكۈزۈلگەن ئامېرىكا ئەما كارخانىچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ يىللىق خۇلاسىلەش يىغىنىدا رەسمىي ماقۇللاندى.

نيۇيوركلىق M.C ماك گر ئەپەندى بۇ ئۇيۇشمىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك باشلىقى بولدى. ماك گر ئەپەندى باشتا ئۇيۇشمىنى پۇتۇنلەي دوستلار يـاردەم قــىلغان مەبلەغ بىلەن ماڭدۇردى. 1924 - يىلىدىن باشلاپ، ئۇيۇشما فاڭجىنىنى ئۆزگەرتىپ مەب-لەغنى جەمئىيەتتىكى ئاممىدىن يىغىشنى قارار قىلدى. شۇ سە-ۋەبتىن ئۇلار مەن بىلەن سۆزلىشىپ، مۇئەللىمنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىزنى ئۈمىد قىلىشتى.

راست گەپنى قىلسام، ئازغىنا پۇلنى دەپ تەرەپ - تەرەپكە چاپىدىغان كۈنلەردىن راستىنلا قورقۇپ قالغانىدىم. ئۇلارنىڭ پىلانىدىن خەۋەر تاپقان ۋاقىتتا، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەستايىدىللىق

بىلەن ئويلىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلغان بولساممۇ، ئەمما بۇنداق قىلىشنى كۆڭلۈمدىن ئانچە خالاپ كەتمىدىم. ھالبۇكى، شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا جەمئىيەتتىكى ئامىمىنىڭ ئىنئانىسى بولمىسا، ھەرقانداق ساخاۋەت تەشكىلاتلىرى ياكى مائارىپ ئورگانلىرى داۋاملىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدىغانلىقى، بارلىق ئەمالارنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئىشنى پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ئىشلەشكە ئۆزۈمنى مەجبۇر قىلىشىم كېرەكلىكى كۆڭلۈمگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە ھەرخىل ئېگىز بىنالارغا كىرىپ چىقىپ، لىفىت بىلەن گاھ يۇقىرىغا چىقىپ، گاھ پەسكە چۈشۈپ نۇتۇق سۆزلەشكە باشلىدىم.

بۇنداق دەۋەت بىلەن مەبلەغ يىغىشتىن ئەمالارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن بىرەر ماھارەتنى ئۆگىنىۋېلىشىغا ھەمدەمدە بولۇش، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان سورۇن بىلەن تەمىنلەشنى، ئۇنىڭدىن باشقا تالانتلىق، ئەمما ئائىلىسى نامرات ئەمالارنىڭ تالانت - ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنىمۇ مەقسەت قىلاتتى. مەسىلەن، مۇزىكا تالانتى بار بەزى ئەمالار ئائىلىسى نامرات بولغانلىقتىن پىئانىنو، ئىسكىرىپكا قاتارلىق قىممەت باھالىق مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى سېتىۋالالمايتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنداق كۆمۈلۈپ ياتقان تالانت ئىگىلىرى ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىدى.

مەن ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، ئىلگىرى - ئاخىر ئۈچ يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە مەملىكەتنىڭ ھەربىر بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ، چوڭ - كىچىك 123 شەھەرنى زىيارەت قىلدىم. 249 مەيدان يىغىلىشقا قاتناشتىم. 200 نەچچە مىڭ ئاڭلىغۇچىغا نۇتۇق سۆزلىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، گېزىتخانا، دىنىي جەمئى-

يەت، مەكتەپ، يەھۇدىي دىنىي زالى، ئاياللار جەمئىيىتى، ئۆس-
مۈرلەر تەشكىلاتى، قىزلار تەشكىلاتى، مۇلازىمەت كوپىراتىپى
تەشكىلاتى، «شىر» جەمئىيىتى قاتارلىق ھەرخىل تەشكىلات ۋە
تەشكىللەرنى سەپەرۋەر قىلدۇق. ئۇلار دائىم ئىئانە قىلىش يە-
غىنلىرىنى ئېچىپ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنى زور كۈچ بىلەن قول-
لىدى. بولۇپمۇ «شىر» تەشكىلاتى ئەزالىرى مېيىپ باللارغا
پۈتۈن كۈچى بىلەن كۆڭۈل بۆلگەنگە ئوخشاشلا ئەمالارغىمۇ ئىل-
لىقلىق يەتكۈزدى. ئىئانە قىلىش خىزمىتى ئەزالارنىڭ ئاساسلىق
پائالىيىتىگە ئايلاندى.

كونىلاردا: «40 ياشتىن ئۆتكەنلەر جاھاندىكى ئىشلارنىڭ
كۆپىنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ بولىدۇ. ئۇلارغا قانداقتۇر ئالاھىدە
خۇشاللىق قايتا نېسىپ بولمايدۇ» دەيدىغان گەپ بار ئىكەن.
بىراق، تەڭرى ماڭا بەك ئامراق ئوخشايدۇ. مەن 40 ياشقا
كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈمنى ئۆتكۈزۈپ ئۇزۇنغا قالماي، مەن
زادىلا ئويلاپ باقمىغان، خۇشاللىنىشقا ئەرزىيدىغان بىر قانچە
ئىش ئارقا ـ ئارقىدىن بولۇپ ئۆتتى. بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنچىسى،
ئامېرىكا مەملىكەتلىك ئەما كەسىپچانلار ئۇيۇشمىسى قۇرۇلدى.
ئىككىنچىسى، بىز قوزغىغان ئىئانە قىلىش ھەرىكىتى نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىپ پارلاق نەتىجە-
لەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۈچىنچى خۇشاللىق ئىش، مەملىكەت-
لىك ئەما كەسىپچانلار جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەرخىل ئەمالا-
ر يېزىقىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى دۆ-
لەتلىك ئەمالار كۇتۇپخانىسى قۇرۇلدى. دۆلەت خېلى خىراجەت
ئاجرىتىپ ئەمالار يېزىقىدا كىتابلارنى چىقاردى، ئارقىدىنلا ھەر-
قايسى شتاتلاردىكى قىزىل كرىست جەمئىيەتلىرىمۇ، ئۆزلىرىگە

قاراشلىق ئەمالار يېزىقى ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، ئۇلارنى كىتابلارنى مەخسۇس ئەمالار يېزىقىغا تەرجىمە قىلىشقا مەسئۇل قىلدى. ئارقىدىن يەنە دۇنيا ئۇرۇشىدا بەختكە قارشى كۆزىدىن ئايرىلغان جەڭچىلەر ئۈچۈن پاراۋانلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى قوزغالدى. بىزنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئارزۇيىمىز مانا مۇشۇ تەرزدە بىر - بىرلەپ ئىشقا ئاشتى، بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندۈم، كۆڭلۈم كۆپ تەسكىن تاپتى.

1926 - يىلى قىشتا بىز ۋاشىنگتونغا كەلدۇق. بىزنىڭ كېلىشىمىز دۆلەتلىك ئەمالار كۇتۇپخانىسى قۇرۇش ۋە ئەمالار يېزىقىدا كىتاب چىقىرىشقا خىراجەت ئاجرىتىش توغرىسىدىكى لايىھە دۆلەت مەجلىسىدە ماقۇللانغان ۋاقىتتا توغرا كەلدى. بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىشەنچىمىز زور دەرىجىدە ئاشتى. قەلبىمىز كەلگۈسىگە قارىتا ئۈمىدكە تولدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن مۇئەللىم بىلەن ئاقسارايغا بېرىپ زۇڭتۇڭ كوئولىج بىلەن كۆرۈشتۇق. زۇڭتۇڭ بىزنى ئىنتايىن قىزغىن، ئوچۇق كۇتۇۋالدى، ئاندىن بىزنىڭ ئەمالار ئۇيۇشمىسى توغرىسىدىكى دوكلاتىمىزنى ناھايىتى زور قىزىقىش بىلەن ئاڭلىدى. كېيىن قولۇمنى تارتىپ لېۋىگە قويۇپ، ماڭا:

— مېنىڭچە، سىلەر ئىنتايىن قالتىس ئىش قىلىۋېتىپسىلەر، قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى ئىش بولسا، مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن ھەمكارلىشىمەن، — دېدى.

دەرۋەقە، زۇڭتۇڭ سۆزىگە ئەمەل قىلدى. كېيىن تېخى ئەمالار ئۇيۇشمىسىنىڭ پەخرىي باش لىدىرى بولدى ھەمدە فوند جەمئىيىتىمىزگە نۇرغۇن پۇل ئىئانە قىلدى. كوئولىج خانىمىمۇ بىزنىڭ مۇلازىمەت خىزمىتىمىزگە قاتنىشىدىغانلىقىنى تەكرار

بىلدۈردى. بۇ بىرىنچى خانىم دەرۋەقە گاس ـ گاچىلارغا ئىنتا-يىن مېھرىبانلىق كۆرسەتتى، گاس ـ گاچىلار ئۈچۈن ئاز بولمى-غان پاراۋانلىقنى قولغا كەلتۈردى.

بىز ئەما پالاتا ئەزاسى توماس شىيىر ئەپەندى ۋە لىيىسىنگىر ـ خوتونلارنىمۇ زىيارەت قىلدۇق. ئۇلارمۇ زور كۈچ بىلەن ياردەم بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاشىنگتوندا تۇرىدىغان قەدىردان دوستىمىز، يەنى دوكتور بېلىنىڭ قىزى ئايلۇز خانىممۇ بىز ئۈچۈن ئامىمىغا مۇراجىئەت قىلىپ، بىزنى چەكسىز مىننەتدار قىلىۋەتتى.

رېترويىتتا، يەرلىك مېيىپلارنى قوغداش ئىتتىپاقىنىڭ باش-لىقى كارمىل ئەپەندى مېنىڭ كۆپ يىللىق قەدىردان دوستۇم ئىدى. ئۇ قىلچە باش تارتماستىن شەھەر خەلقىگە مۇراجىئەت قىلدى. نەتىجىدە بىز ئۇ يەردە بىرلا قېتىم يىغىلىش ئۆتكۈزگەن بولساقمۇ، 420 مىڭ دوللارغا ئېرىشتۇق. يىغىندىن كېيىنمۇ ئاز بولغاندا بىر دوللار، كۆپ بولغاندا 4 مىڭ 500 دوللار بولۇپ نۇرغۇن ئىئانە تاپشۇرۇۋالدۇق. دېمەك، مۇشۇ شەھەردىنلا ئوب-دانلا كۆپ ھاسلاتقا ئىگە بولدۇق.

مىلادېلفىيىدىمۇ ئىئانە يىغىش ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى. ئىئانە قىلىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى لاك دوكتور ئامىمنى ئىئانە قىلىشقا ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن دەۋەت قىلىپ، بىر ھەپتىدىلا 220 مىڭ دوللار ئىئانە يىغدى.

سېنت ـ لۇئىس، چىكاگو، كون تىراۋ شەھىرى قاتارلىق جايلارنىڭ ئىنكاسى سوغۇقراق بولدى. ئەمما، روچىستېتەك كى-چىككىنە جايدىن 150 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك ئىئانىگە ئېرىشتۇق. ھەممىگە مەلۇم، كىنو چولپانلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئادەتتىكى

كىشىلەرگە قارىغاندا كۆپ باياشات. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشىمەنغۇ، دەپ پىلان سوققانىدىم، ئەپسۇسكى نەتىجىدە ئادەمنى تولىمۇ نائۇمىد قىلدى. لوس ئانژېلېسقا ئارقا - ئارقىدىن كۆپ خەت يازغان بولساممۇ، مارى بوكفور ئىسىملىك بىرلا ئايال چولپان جاۋاب قايتۇردى، باشقىلىرىدىن ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. شۇڭلاشقا، بىز مارى بوكفور ۋە ئۇنىڭ ئېرى دوۋگلاس فايمون ئەپەندىنىڭ ياخشى كۆڭلىدىن ئالايىتەن مىننەتدار بولدۇق.

بۇ سەپىرىمىزدە، سانتالورادىكى دېھقانچىلىق تەجرىبە مەيدانىغا بېرىپ، ئۇ يەرنىڭ مەسئۇلى لۇشا بابېنىك بىلەن كۆرۈشتۇق. ئۇ ئىلگىرى بۇ يەردە زادىلا ئۆسمەيدىغان تۈرلۈك مېۋە - چېۋە، گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەرنى مۆجىزە كەبى ئۆستۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاجايىپ قالتىس دېھقانچىلىق ئالىمى ئىدى. ئۇ ناھايىتى مەرد، سېخىي، قولى ئوچۇق بولۇپ، ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن بىزگە تەجرىبە مەيدانىنى كۆرسەتتى. ئۇ ماڭا قۇملۇقتا ئۆسىدىغان كاكتوسنىڭ تىكىنى بارلىقى، ئائىلىلەردە ئۆستۈرىدىغان بولسىمۇ، دائىم تىكىنى قولنى زەخىملەندۈرىدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ بۇنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېيتتى ھەمدە بۇ كاكتوسلارنى تۇتۇپ بېقىڭ، تىكىنى بارمۇ، يوق بىلىسىز، دېدى. دەرۋەقە، سىلىسام تەكشى ۋە سىلىق، شۇنداقلا سۇغا تويۇنغاندەك بىلىندى. ھازىر ئويلىسام، بۇ نەرسىنى يېسە چوقۇم بەك تەملىك بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

كىتاب يازىمەن دەپ ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىئانە توپلاش ئۈچۈن سىرتلارغا ناھايىتى ئاز چىقتىم. ئەمما، خىزمىتىمىز تېخى تۈگىمىگەن، بەلگىلىگەن نىشانغا يېتىشكە يەنە 1 مىليون



www.uyghurkitap.com

500 مىڭ دوللار كەم ئىدى. شۇڭلاشقا، ئاخىرقى بەتنى تۈگە-
تىپلا قولۇمدىكى ئورگىنالنى يىغىشتۇرۇپ يەنە يولغا چىقتىم.
كۆڭۈل ئاۋۇندۇرغان بىر ئىش شۇكى، ئىلگىرى چاپقانلىرىمىز
بىكار كەتمىدى. بۇ ئىككى يىلدا ئىئانە يىغىش پائالىيىتى بولمى-
دى، شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنى كىشىلەر بىلىپ
كەتكەچكە، ئۈزۈلدۈرمەي پۇل ئەۋەتىپ تۇرغانلار بولدى. كاتتا
بايلاردىن روكلىفېللېر ئەپەندى، ماگنال ئەپەندى قاتارلىقلار ئاز
بولمىغان پۇللارنى ئىئانە قىلدى. هازىرغا قەدەر پۇل ئىئانە
قىلغانلارنى ساناپ تۈگەتكىلى، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر -
بىرلەپ ئاتاپ بولغىلى بولمايدۇ. لېكىن، بىز پۇل ئىئانە قىلغۇ-
چى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە بىردەك چەكسىز مىننەت-
دارلىق بىلدۈرىمىز. ئۇلارنىڭ ئىللىق مېهرى ئەمالارنىڭ ھەم-
مىسىنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدۇ ھەمدە ئەۋلادىن ئەۋلادقا تارايدۇ.
راست گەپنى قىلغاندا، ئىئانە ئەسلىي سانىسىزلىغان كىشى-
لەرنىڭ ئاز - ئازدىن بېرىشى بىلەن توپلىنىدىغان مەبلەغ، ئەگەر
مۇشۇنچە كۆپ ياخشى نىيەتلىك ساخاۋەتچىلەرنىڭ ياردىمى بولمى-
سا، ئۇيۇشمىمىز هازىرقىدەك خىزمەتلەرنى پىلان بويىچە قانات
يايدۇرالمىغان بولاتتى. ھەر قېتىم توماس خېنىم كونۋېرتنى
يىرتقاندا، خەتلەرنىڭ ئارىسىدىن پۇل چېكى چىقاتتى. بۇ خەتلەر
جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىن، يەنى ئوقۇغۇچىلار، ئەم-
گەكچىلەر، ھەربىيلەردىن كېلەتتى. يەنە دۇنيانىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىن، جۇملىدىن گېرمانىيىلىكلەر، ئىتالىيىلىكلەر،
جۇڭگولۇقلاردىن كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىزگە ئوخشاش
مېيىپلارمۇ تېپىلاتتى.
بىر كۈنى ئەتىگەن، پوچتىكەش دېترويتتىن كەلگەن بىر

www.uyghurkitap.com

خەتنى ئەكېلىپ بەردى. نامرات بىر ئايال ئىشچى، دەپ ئىمزا قويۇلغان خەت ئىچىدىن بىر دوللار ئىئانە چىقتى.

باللارنىڭ ئىنكاسىمۇ ئاجايىپ قىزغىن بولدى. مەن ھەممىشە ئۇلارنىڭ سەبىي، غۇبارسىز كۆڭلىدىن تەسىرلىنىپ ياش تۆكەتتىم. بەزى كىشىلەر ئىئانە پۇل سېلىنغان ئېغىر كومزەكلەرنى كۆتۈرۈپ كېلىپ تىزىمغا قوياتتى ـ دە، ئۇنى ئېچىپ، چىققان پۇللارنى ساناپ قولۇمغا تۇتقۇزاتتى. بەزى باللار قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان خەتلىرىنى يېزىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى كوكاكولا، ماروژنى ئېلىپ يەڭلار دەپ بەرگەن پۇللىرىنى ئىئانە قىلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، نيۇيوركنىڭ ئاندى دېگەن يېرىدە يىغىلىش قىلغاندا، بىر مېيىپ ئۆسمۈر 500 دوللار ئىئانە قىلدى ھەمدە بىزگە بىر دەستە چىرايلىق ئەتىر گۈل تۇتتى. بۇ ئۆسمۈر ھازىر باقىي ئالەمگە كەتتى، ئەتىر گۈلمۇ قۇرۇپ كەتتى. بىراق، ئۇنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستىكى قەلب ئېتىزىمدىكى گۈلزارلىقتا مەڭگۈ خۇش پۇراق، چىرايلىق گۈل كەبى ئېچىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

*بىر ئادەم قاراڭغۇلۇق ياكى ئۇنسىزلىك ئىچىدە ياشىغان ھالەتتىمۇ ئۇ يەنىلا نورمال ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆتكەنلەرنى ئەسلەيدۇ، تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئۆزىگە خاس شاد - خۇراملىق ئىچىدە ياشايدۇ.*

# قاراڭغۇلۇق ۋە ئۇنسىزلىك ئىلكىدىن چىقىش

بەزىلەر ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ: «مېنىڭچە سىز ئۇچرىشالايدىغان دۇنيا بەكمۇ كىچىك ئىكەن، ھەي بىچارە!» دەيتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ مېنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمنى ئانچە چۈشەنمەيدىغانلىقىنى كۆڭلۈمدە ئېنىق بىلىپ تۇراتتىم. ئەلۋەتتە، ئۇلار مېنىڭ قانچىلىك دوستلىرىم بارلىقىنى، قانچىلىك كىتابلارنى ئوقۇغانلىقىمنى، قانچىلىك يەرلەرگە بارغانلىقىمنى بىلمەيتتى. شۇڭلاشقا، كىشىلەرنىڭ مېنى تۇرمۇش دائىرىسى بەكمۇ كىچىك، دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغىنىمدا، دائىم ئىختىيارسىز ئىچىمدە كۈلەتتىم.

مەن ئەمالار يېزىقىدا بولمىغان كىتابلارنى باشقىلارغا ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتىم. مەسىلەن، ھەركۈنلۈك سەھەر گېزىتىنىڭ ماۋزۇلىرىنى سۇللىۋان مۇئەللىم ياكى توماس خېنىم ئوقۇپ بېرەتتى، ئاندىن مەن قىزىققان تېمىلارنى تەپسىلىي ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتىم، ژۇرناللارنىمۇ شۇنداق ئوقۇيتتۇم. ئايدا مەن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتە - سەككىز خىل ژۇرنال ئوقۇيتتۇم. ئۇنىڭدىن

باشقا ئەمالار يېزىقىدىكى ژۇرناللارنى ھەممىشە كۆرۈپ تۇراتتىم. بۇ ژۇرناللارغا كۆپرەك بەزى ئادەتتىكى ژۇرناللارنىڭ ياخشى ماقال ـ ئەسەرلىرى كۆچۈرۈپ بېسىلاتتى.

بەزى كىشىلەر ئۆزلىرى ئەمالار يېزىقىدا ماڭا خەت يازاتتى، بەزىلىرى بولسا خەتنى ئەمالار يېزىقىنى بىلىدىغان كىشىلەرگە يازدۇرۇپ ئەۋەتەتتى. شۇڭا، مەن دائىم بارماقلاردىن يوللانغان دوستلۇق مېھرىدىن لەززەت ئالاتتىم. مەن ئەمالار يېزىقىنى ئوقۇشقا ھەقىقەتەن ئامراق ئىدىم. چۈنكى، بۇ نىمىلا دېگەن بىلەن ئۆزۈمنىڭ بىۋاسىتە ھېس تۇيغۇسى بولاتتى، شۇنىڭدەك تەسىراتىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر بولاتتى.

ئېيتىنا پودا ئىسىملىك بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۇ دۇنيانى ئايلىنىپ چىقماقچى بولغاندا، ناھايىتى ئەتراپلىق ئويلاپ ئەمالار يېزىقى باسمىسىنى ئېلىۋاپتۇ. ھەربىر جايغا بارغاندا، ماڭا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى يېزىپ تۇردى. شۇڭا مەن، گويا ھەممىلا جاينى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئايلانغاندەك، ئاتلانتىك ئوكياندىكى مۇزلارنىڭ يېرىلغانلىقىنى بىرلىكتە ئاڭلىغاندەك، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ ئايروپىلاندا ئولتۇرۇپ ئەنگلىيە بوغۇزىدىن ئۆتكەندەك، پارىژنىڭ چۈشتىكىدەك گۈزەل كوچىلىرىدا بىللە سەيلە قىلغاندەك، سۇ شەھىرى ۋېنتسىيىگىمۇ بارغان، كۆكتە تولۇن ئاي خۇش تەبەسسۇم قىلغان كېچىسى ئاي شولىسىدا كۆركەم تۇس ئالغان ۋېنتسىيىنى زوق بىلەن تاماشا قىلغاچ، كېمىچى ئېيتقان ئىتالىيىنىڭ لىرىك ناخشىلىرىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بۇلار نەقەدەر رومانتىك ـ ھە! بىز ۋېزۇۋىي يانار تېغى بىلەن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنقى رىم گىلادىئاتورلار مەيدانىنى كۆرگەندىن كېيىن، سىرلىق شەرققە سەپەر قىلماقچى.

مەن پوداغا ئەگىشىپ ھىندىستان، جۇڭگوغا بېرىپ، نۇر-غۇنلىغان ئاجايىپ - غارايىپ ۋە قىزىقارلىق ئىشلارنى كۆردۇم.

ئۇ ياپونىيىگە نورۇزگۇلى چېچەكلىرى تۆكۈلۈۋاتقان پەسىلدە يېتىپ باردى. نورۇزگۇلى چېچەكلىرى بىلەن يېڭى ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۇللەر ئاجايىپ كۆركەم دۇنياني هاسىل قىلغانىدى. سالقىن، سۇرلۇك بۇتخانىلاردىن ئاڭلانغان قوڭغۇراق ئاۋازى مەن-دە نۇرغۇن تەسەۋۋۇرلارنى قوزغىدى.

پودانىڭ قاتتىق ھەيرانلىق ئىلكىدە ماڭا: «قاراڭ! قاراڭا! ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى بالىلىرىنى دۈمبىسىگە تېڭىپ بازارلاردا يۈرىدىكەن. ئەرلەر پۇتىغا ئېگىزلىكى تۆت سۇڭ كېلى-دىغان ياغاچ ئاياغلارنى كىيىۋىلىپ، كوچىلاردا تاقىراق - تاقى-راق ئاۋاز چىقىرىپ مېڭىپ يۈرىدىكەن» دەپ كەتكەنلىرى ھەممى-دىن ئاجايىپ بىر ئىشلار دەڭا.

پوداغا ئوخشاش دوستلىرىم تۇرغان يەردە، ئاتالمىش جىسما-نىي جەھەتتىكى قۇلايسىزلىقلارنى يوق دېسىمۇ بولىدۇ.

ماڭا كۆڭۈل بۆلىدىغان دوستلىرىم ئىچىدە ۋىليام سۇئىپ خانىم ھەممىدىن بەك قىزغىن، ماڭا ياردەم بېرىشكە ھەرقاچان تەييار تۇرىدىغانلارنىڭ بىرى.

ۋىليام سۇئىپ خانىم ئىلگىرى نۇرغۇنلىغان ساخاۋەت تەشكىلاتلىرىغا ھەمكارلاشقان، يەنە ئۇ مەن بىلەن ئالاقىسى بارلىكى تەشكىلاتلارغا ھەممىدىن جىق پۇل ئىئانە قى-لىدۇ. ئوي - پىكىرىمىز پەقەتلا بىر يەردىن چىقمىغان چاغلاردا ئۇ ماڭا:

— سىزنىڭ كۆز قارىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن. بىراق، سىز بىلەن مېنىڭ دوستلۇقىمىز باشقا بىر ئىش، — دەيتتى. ئۇ مېنى

يەنىلا ھەرقاچانقىدەكلا قوغدايتتى، ئاپايتتى.
مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان يېقىن دوستۇم فرانك
كېبوت 25 يىلنىڭ ئالدىدىلا كېبوت نەشرىياتىنى قۇرغان. مې-
نىڭ تەرجىمىھال ئەسىرىم «مېنىڭ تۇرمۇشۇم» نى نەشر قىلغا-
نىدى. مەن بۇنىڭ داۋامىنى چىقارماقچى بولغىنىمدا، ئۇ ئىلگى-
رىكىگە ئوخشاشلا، مېنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىدى. ئەمەلى-
يەتتە بولسا، فرانك كېبوت ئون يىلنىڭ ئالدىدىلا مېنى بۇ
كىتابنىڭ داۋامىنى يېزىپ چىقىشقا ئىلھاملاندۇرغان. شۇڭلاشقى-
مىكىن، بۇ كىتابنى يېزىشقا كىرىشكەن چېغىمدا، مەن ھەمىشە
ئۇ يېنىمدا تۇرغاندەكلا ھېس قىلدىم.
1912 ـ يىلى قىش. «يېشىل ئارال» دېگەن كىتابنىڭ
ئاپتورى مېئادوۋلىنىك خانىم لېنشاغا كەلدى. ئىككىمىز بىر
كۆرۈشۈپلا، مۇئامىلىسى سىلىق، خۇشخۇي مىجەزلىك بۇ خانىم
بىلەن چىقىشىپلا كەتتۇق. ئۇ فرانسىيىگە قايتقاندىن كېيىن ماڭا
ئاتكرىتكا ئەۋەتىپتۇ. ئاتكرىتكىغا: «يېشىل ئارالنى بايقىغان
قىزغا بەخت تىلەيمەن» دەپ يېزىپتۇ.
لېنشاغا كەلگەن داڭلىق ئەربابلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ،
بۇلارنىڭ ئىچىدە نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ھىندىس-
تانلىق شائىر تاگور ئەپەندىمۇ بار ئىدى. شائىرنىڭ دىۋە سۈپەت
يوغان بەستى، چىناردەك ئېگىز، قاۋۇل بويى، پاخپاراپ تۇرغان
كۇل رەڭ چاچلىرى، قويۇق ساقال بۇرۇتلىرىنى كۆرۈپ ئىنجىل-
دا تەسۋىرلەنگەن ئەۋلىيالار ئېسىمگە كەلدى. تاگورنىڭ شېئىر-
لىرىنى ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ،
ئۇنىڭ ئىنسانلارغا مېھرىبان، شەپقەت يېغىپ تۇرغان قەلبىنى
چوڭقۇر چۈشەنگەنىدىم، شۇڭا بۇ شائىرنى كۆرۈش ھاياتىمدىكى

زور شان ـ شەرەپ بولۇپ قالدى.

بۇ شائىرغا ئۇنى چەكسىز ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىم ۋە چوقۇنىدىغانلىقىمنى ئىزھار قىلغىنىمدا، ئۇ ماڭا:

ـــ مېنىڭ ئەسەرلىرىمنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئىنسانلارنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ ئاللىغانلىقىڭىزدىن تولىمۇ خۇشالمەن. بىلەمسىز؟ بۇ دۇنيا ھازىر ئۆزلىرىنى سۆيگۈ ئىلاھى ۋە دۇنيادىكى كىشىلەردىن بەكرەك سۆيىدىغان كىشىلەرنى كۈتۈۋاتىدۇ، ـــ دېدى.

تاگور ئەپەندى ۋەزىيەتنى ھەسرەتلەنگەن ھالدا تىلغا ئالدى. ھىندىستان، جۇڭگو ۋە دۇنيادىكى بەزى قۇدرەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ۋەزىيىتى ئۈستىدە يۈرىكى ئېزىلگەن تەلەپپۇزدا سۆزلىدى.

ـــ ياۋروپادىكى دۆلەتلەر جۇڭگولۇقلارنى ئەپيۇن چېكىشكە مەجبۇرلاۋاتىدۇ. ئەگەر بۇنى ئۇلار رەت قىلسا، زېمىنى بۆلۈۋېلىنىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئۆزلىرىنى قوغداش، ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەربىي ھازىرلىقلارنى قايتىدىن تەرتىپكە سالمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئەنگلىيە ئۇرۇش ئوتىنى ئاتلانتىك ئوكيانغا تۇتاشتۇردى. ئۇ يەرلەردە ئۇرغۇن ھەربىي بازىلىرىنى قۇردى. ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ئىچىدە ياپونىيە قەددىنى رۇسلاپ تۇرۇۋاتىدۇ. جۇڭگو بولسا دەرۋازىلىرى چېقىلىپ، قاراقچىلار ئۆيىگە بېسىپ كىرگەندە، ئاندىن ھوشىنى تاپىدىغان ئوخشايدۇ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بىر ئادەم ئەگەر ئۆز ئادىمىنى بەكمۇ ياخشى كۆرسە، كۆپ ھاللاردا ئۇ ئۆز ئادىمىنى ھالاك قىلىدۇ. قارىغاندا دۇنيادىكى كىشىلەرنى پەقەت تەڭرىلەرنىڭ سۆيگۈسى، مېھرىبانلىقىلا قۇتقۇزالايدىغان ئوخشايدۇ.

تاگور ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى ئاڭلاپ گەندى ئەپەندى خىيالى-

www.uyghurkitap.com

غا كەلدى. چۈنكى، گەندى ئەپەندى «سۆيگۈ، مېھرىبانلىق»نى سۆزلەش بىلەنلا قالماي، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

سەنئەتكارلارمۇ مېنى ئالاھىدە ياخشى كۆرسە كېرەك. ئايليەنتالى، جوزىف كېف قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئارتىسلارمۇ ماڭا كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئويۇن قويۇپ بەردى. ئۇلار ماڭا سۆز ۋە ھەرىكىتىنى بارماقلارنىڭ ئىز قوغلىشى بىلەن بىلدۈردى، گاھ قايغۇرتتى، گاھ قاقاقلىتىپ كۈلدۈردى. مەن بىرەر تەپسىلاتنى كەتكۈزۈپ قويماي دەپ، تىنىقىمنى چىقارماي كۈتتۈم، ناخشىچى كاروسو شىيالىپىئابىن قاتارلىقلار، ئۇلارنىڭ لېۋىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئاجايىپ ئېسىل ناخشىلىرىنى ئاڭلىشىمغا رۇخسەت قىلدى. مەن پىئانىنونى سىيلاش ئارقىلىق گوخدېسكىنىڭ مۇزىكىسىدىن زوق ئالغان، خېيفىزنىڭ ئىسكىرىپكىسىنى ئاستا تۇتۇپ تۇرۇپ، يېقىملىق كۈيلەردىن ھوزۇرلانغانىدىم. گوخدېسكى چوپېننىڭ سېرىناداسىنى (مەشۇقە شەنىگە يېزىلغان مۇزىكىلىق ئەسەر) ئورۇندىغان چاغدا، مەن خۇددى ئىسسىق بەلۋاغ دېڭىز ئارىلىدا تۇرغاندەك مۇزىكىغا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن كىرىپلا كەتكەنىدىم.

مەن بەزىدە قولۇمنى رادىئونىڭ ئەكس سادا تاختىسىغا قويۇپ سەنئەت پروگراممىسىنى «ئاڭلايتتىم». مېنىڭچە سازلارنىڭ ئىچىدە ئارفا (چىلتار)، پىئانىنو، ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن گۈزەل، يېقىملىق ئىدى. بىراق، ھازىر مودا بولۇشقا باشلىغان جاز مۇزىكىسىنى ماختاشقا پېتىنالمايمەن. بۇنداق جاڭگۇر - جۇڭگۇر ئاۋازلار ماڭا گويا قانداقتۇر بىرنەرسىلەر ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدىكەن. شۇڭا، بارماقلىرىم ماڭا مۇشۇنداق خەۋەرلەرنى يەتكۈزگەن چاغدا، كەينىمگە بۇرۇلۇپلا قاچ-

قۇم كېلىدىغان بىر خىل تۇيغۇدىن خالىي بولالمايمەن. بۇنداق چاغلاردا بەجايىكى ئېپتىدائىي دەۋردە كىشىلەرنىڭ تىنىدىكى تەبىئەتتىن قورقۇش تۇيغۇسى مەندە قايتا زاھىر بولغاندەك بولىمەن.

مەن كەسپىي ساھەدىكى كاتتا ئەرباب، ئېلېكتىر سايمانلىرىنىڭ كەشپىياتچىسى توماس ئېدىسون ئەپەندى بىلەن كۆرۈشتۇم. مەن نوتۇق سۆزلەش ئۈچۈن يېڭى جېرسىغا بارغان چاغدا، ئېدىسون ئەپەندى ياخشى كۆڭۈل بىلەن مېنى ئۆيىگە چاقىرىۋالدى. ئۇ بىر قاراشتا ئادەمگە ناھايىتى سۈرلۈك ئادەمدەك تەسىرات بېرىدىكەن. ئۇنىڭ خانىمىنىڭ ئېيتىشىچە، ئېدىسون ئەپەندى تەجرىبىخانىسىغا بېكىنىۋېلىپ تۈننى تاڭغا ئۇلاپ ئىشلەيدىكەن. تەجرىبىسى يېرىملاشقاندا، بىرەرسىنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشىدىن ئىنتايىن بىزار ئىكەن، ھەتتا تاماقنىمۇ كۆڭلى تارتمايدىكەن.

ئېدىسون ئەپەندى قولۇمنى پاتېفون ئۈستىگە قويۇپ، مەندىن ئىنتايىن قىزغىنلىق بىلەن ئاڭلىيالىدىڭىزمۇ، دەپ سورىدى. ئەپسۇسكى، مەن زادىلا ئاڭلىيالمىدىم. بىراق، ئېدىسون ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماي دەپ، بېشىمدىكى چىغ قالپاقنى ئېلىپ پاتېفونغا يېقىنلاشتۇرۇپ ئاۋازلارنى چىغ قالپاققا يىغىشقا ھەرىكەت قىلدىم، ئەمما يەنىلا بىلەلمىدىم.

بىز تاماقتا ئولتۇرغاندا، ئېدىسون ئەپەندى ماڭا:

— ھېچقانداق ئاۋازنى ئاڭلىماسلىقىڭىزمۇ پايدىسى بار. سىز ھېچبولمىغاندا پىكرىڭىزنى ئاسانلا يىغالايسىز، تاشقى دۇنيانىڭ پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرىمايسىز، ئادەم مۇشۇنداق ئۆزىنىڭلا دۇنياسىدا ياشىسا ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

www.uyghurkitap.com

مەن جاۋابەن مۇنداق دېدىم:

— ئەگەر مەن سىزگە ئوخشاش ئۇلۇغ كەشپىياتچى بولغان بولسام، گاسلارنى ئاڭلىيالايدىغان قىلىدىغان ئەسۋاب ئىجاد قىلغان بولاتتىم.

— ئوهو، شۇنداق ئويلامسىز؟ — دېدى ئۇ تەئەججۈپ بىلەن، — ئەمما مەن بۇنداق تايىنى يوق ئىشلارنى قىلمايمەن. ئىشقىلىپ ئىنسانلارنىڭ گېپىنىڭ تولىسى ئاڭلىسىمۇ، ئاڭلىمىسىمۇ بولىدىغان گەپلەر.

مەن كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئۇنىڭغا بىۋاستە ئېيتىش مەقسىتىدە ئېغىزىمنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىپ سۆزلىدىم. لېكىن، ئۇ ماڭا، ئاۋازىڭىز بەئەينى پار پارتلىغاندەك ئاڭلىنىپ، نېمە دېگەنلىكىڭىزنى پەرق قىلالمىدىم، دېدى . ئاندىن سىز ئاۋۋال گېپىڭىزنى ماتىسى خانىمغا ئېيتىڭ، ئۇ ماڭا يەتكۈزسۇن. چۈنكى، ئۇنىڭ ئاۋازى ئىسكىرىپكىنىڭ ئاۋازىدەك يېقىشلىق ئىكەن، دېدى. ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزدا سۆزلەيتتى.

مەن ئاپتوموبىل شاهى فورت ئەپەندى بىلەن نېبراسكاغا بارغان چاغدا كۆرۈشتۈم.

فورد ئەپەندى ئۆزى باشلاپ يۈرۈپ بىزگە زاۋۇتىنى كۆرسەتتى. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەريانىنى كەمتەرلىك بىلەن سۆزلەپ بەردى.

— باشتىكى مۇددىئايىم، دېهقانلارمۇ سېتىۋالالايدىغان ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش ئىدى. تەتقىق ۋە تەجرىبە قىلغانسېرى ئاپتوموبىلنىڭ كەسىپ ئەهلىگە ئايلاندىم. ئەمەلىيەتتە، ياخشى پىلانلارنى تۈزگەن ئادەملەر كۆپ، شۇغىنىسى كۆپ ساندىكى كىشىلەر پىلاننى قانداق قىلىپ ئەمەلىي ئىشلىتىشنى بىلمىگەچ-

كە، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ.

فورد ئەپەندىنىڭ ئاپتوموبىل زاۋۇتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلـ-غاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز مۇنداق ئويلاپ قالدىم. ئەگەر بۇ دۇنيانى فورت زاۋۇتى دەپ قاراپ باشقۇرسا تېخىمۇ ئۇنۇملۇك بولامدىغاندۇ؟ ئۇ چاغدا كىشىلەر ئىش ۋاقتى قىسقارتىلسىمۇ كۆپ ئىش ھەققى ئالالامدىغاندۇ؟

ناۋادا، كىشىلەر بىر كۈندە بىر نەچچە سائەتلا ئىشلەش بىلەن كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ غېمىدىن قۇتۇل-سا، ئۇلارغا ئىختىيارىي پائالىيەت قىلىدىغانغا تۆت ـ بەش سائەت ۋاقىت چىقسا ئوبدان بولامدۇ؟ بىراق بۇ ئويلىرىمنىڭ تەلۋىلەر-نىڭ بىلجىرلىشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. دەرۋەقە فورت كۆزگە كۆرۈنگەن كارخانىچى، لېكىن ئۇنىڭ چارىسى پۈتكۈل دۇنياغا مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن، چۈنكى بىر دۆلەتنى زاۋۇت قاتارىدا كۆرۈپ باشقۇرغىلى بولمايدۇ ـ دە!

فورد ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بىر قېتىملىق ئەمالار قۇرۇلتىيىدا فورد ئەپەندى ناھايىتى كۆپ پۇل ئىئانە قىلدى. يەنە، زاۋۇتۇمغا 73 ئەمانى ئېلىپ ئىشلەت-تىم. مەن ئۇلارنى ئىچىم ئاغرىپلا ئىشلەتكىنىم يوق، ئەكسىچە ئۇلارنى خىزمەتتىكى ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى، ئالاھىدە بولغان-لىقى ئۈچۈن ئىشقا ئالدىم، دېدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئېيتقۇسىز خۇشال بولدۇم.

بۇرنۇم ئارامسىزلىنىپ قالغان، كۆڭلۈمدە بىر خىل بىئا-راملىق پەيدا بولغان چاغدا، نيۇيوركقا بېرىپ كۆڭلۈمنى ئېچىپ كېلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. چۈنكى، نيۇيورك شەھىرىد-كى ھەرتۈرلۈك خۇش پۇراقلار بۇرنۇمنى غىدىقلايتتىم. مەن يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاۋات، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلۇق يەر ئاستى تۆمۈر يولى بويلاپ ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتىم. نيۇيوركقا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ باشقىلارغا ئوخشاشلا ياشاۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم ـ دە، روھىم كۆتۈرۈلۈپ، جانلىنىپ كېتەتتىم.

ئاۋات چوڭ شەھەردىن تېپىنچ يېزىغا قايتىپ كەلگەندە، قورۇ ـ جايىم ماڭا ئاجايىپ ئىللىق، ئازادە بىلىنەتتى. بەزىلەر بۇ يەرنى چاشقان ئۇۋىسىغا ئوخشىتىدۇ، لېكىن ماڭا بولسا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئازادە، ئەڭ راھەت جاي بىلىنىدۇ.

مەن دائىم ئۆزۈم يالغۇز دەرۋازا پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېچىك يول بىلەن ئالدىمغا مېڭىۋېرىپ، يولنىڭ ئايىغىغا بارغاندا ئەگىلىسەملا دائىم سەيلە قىلىدىغان چوڭ يولغا چىقاتتىم. ئۆيۈمنىڭ ئەتراپى ناھايىتى مەنزىرىلىك بولۇپ، ئادەمگە ھۇزۇر بەخش ئېتەتتى. بولۇپمۇ ھەريىلى 6 ـ ئايدا كۆركەم گۈلى بىلەن شەرق نەرگىز گۈللىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. بىز گويا گۈل دېڭىزى ئىچىدىكى بىر ئارالدا ياشاۋاتقاندەك بولاتتۇق. مەن ئىككى تەرىپى گېرمانىيە ياكى ياپونىيىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن ئېگىز گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، شىپاڭى بار چوڭ يولدا سەيلە قىلاتتىم. 6 ـ ئاي ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئاي بولۇپ، گۈللەرلا ئەمەس، دەل ـ دەرەخلەرمۇ ئەركىن سوزۇلۇپ ئۆسەتتى، شاخلار گويا نېمىدۇر دېمەكچى بولغاندەك ھەرتەرەپكە ئېگىلەتتى. بەزى چاغلاردا ماڭا دەرەخلەر راستتىنلا گەپ قىلىۋاتقاندەك، «سىلەر ئىنسانلار قاچانمۇ بىر جايىڭلاردا جىم تۇرىدىغان بولارسىلەر» دەۋاتقاندەك، گاھى چاغدا بولسا: «قاراڭلار ئاۋۇ تىنىم تاپماس خېلىنغا، ئۇ گويا شامالدا قالغان كېپىنەكلەردەك گۈل ـ گىياھلار ئارىسىدا تىنىماي موكىدەك ئۇيان ـ بۇيان ئۆتۈپ

يۈرىدۇ» دەۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ھەر تەرەپكە سوزۇلغان كىچىك شاخلار پات - پات بارماقلىرى بىلەن مېنى نوقۇپ قوياتتى.

مەن دائىم: «ئادەملەر نېمىشقا دەرەخلەرگە ئوخشاش مۇقىم بىر جايدا تۇرمايدىغاندۇ؟ دەل - دەرەخلەر ئۇيان - بۇيان بارالمىسىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى باراقسان ئۆسەلەيدىكەنغۇ؟ ھەتتا ئىنسانلاردىنمۇ بەك كۆكۈللۈك ۋە ئۇزۇن ياشىيالايدىكەن!» دەپ ئويلايتتىم.

يېقىندىن بېرى، ئەمگەكچى ۋە كاپىتالىست ئىككى تەرەپنىڭ قارىمۇ قارشىلىقى ۋە ئۇرۇش مەسىلىلىرىنى ئويلاپ ئۇخلىيالماس بولۇپ قالدىم. ئىنسانلار نېمىشقا ئۇرۇش جەھەتلىرىگە قاراتقان زېھنىنى قانداق قىلىپ ئىنسانلار تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، غايىۋى مەنزىلگە قەدەم قويۇش يۆنىلىشىگە قاراتمايدىغاندۇ؟ شۇنداق قىلىغان بولسا بۇ دۇنيا تېخىمۇ ياخشى ۋە گۈزەل بولماسمىدى، دەپ ھەيران بولىمەن. بىراق، مەن بۇ كۈننىڭ ھامان بىر كۈنى يېتىپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

مەن دۇنيادا تىنچلىقنىڭ بالدۇراق ئەمەلگە ئېشىشىنى، ئىنسانلارنىڭ يەنىمۇ بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى ئارزۇ قىلىمەن. شۇنداق بولغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆز يۇمغاندىن كېيىنكى جەننەتنى ئارزۇ قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمايتتى.

يېقىندىن بۇيان، ئۆزۈم يالغۇز كۇتۇپخانىدا ئولتۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا چۆمىدىغان بولۇپ قالدىم. «ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا دوكتور خاۋ ئەمالار، گاس - گاچىلارنى تەربىيىلەشنىڭ بۇ بىر يۇرۇش ئۇسۇللىرىنى لايىھىلەپ چىقمىغان بولسا، مېنىڭ ھاياتىم قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى - ھە!»

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، دوكتور خاۋ رولانى تەربىيىلەش خىد-

يالىغا كەلگەندە، ئەينى چاغدىكى قانۇندا، ئەمالار، گاسلار دۆۋەڭ-لەر بىلەن ئوخشاش قارىلىدۇ، دېگەن ئېنىق بەلگىلىمە بار ئى-كەن.

بوگىنىس مەكتىپىدە سۇللىۋان مۇئەللىم رولا بىلەن بىر ياتاقتا ياتقاچقا، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ناھايىتى ئوبدان بىلىدىكەن. سۇللىۋان مۇئەللىمگە بارماق تىلىنى ئۆگەتكەن تۇنجى كىشى رولا ئىكەن.

سۇللىۋان مۇئەللىم ئۆزىنىڭ ئالاباما شتاتىغا بېرىپ ئەما، ھەم گاس، ھەم گاچا بىر قىزنى تەربىيىلىمەكچى بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، رولا ناھايىتى خۇشال بولغان ھەم:

— ئۇ قىزنى بەك ئەركە مىجەز قىلىپ قويماڭ، ئەيىبناق دەپ ئۇنىڭغا ھەممىلا ئىشتا يول قويۇۋەرسىڭىز، ئۇ بەك ئەركە، باشباشتاق بولۇپ قالىدۇ، — دەپ جېكىلىگەنىكەن.

سۇللىۋان مۇئەللىم ماڭىدىغان چاغدا، ئەمالار مەكتىپىدىكى قىزلار بىرلىشىپ سۇللىۋان مۇئەللىمدىن ماڭا بىر قونچاق ئەۋەت-كەن، قونچاقنىڭ كىيىمىنى رولا ئۆزى تىككەنىكەن. مەن مۇشۇ قونچاق تۈپەيلى «DOLL» دېگەن خەتنى ئۆگەنگەنىدىم.

بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىگە دەسلەپ بارغىنىمدا، سۇللىۋان مۇئەللىم مېنى كۆرۈشتۈرگەن بىرىنچى كىشى رولا ئىدى. ئۇ ئۆيدە چىلتەك توقۇپ ئولتۇراتتىكەن. سۇللىۋان مۇئەللىم بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولغان رولا بىزنى ئاجايىپ خۇشال ۋە قىزغىن كۈتۈۋالدى، مېنىمۇ سۆيۈپ قويدى. ئەمما، مېنىڭ ئۇ توقۇۋاتقان چىلتەكنى كۆرمەكچى بولۇپ قول ئۇزاتقىنىمنى كۆ-رۈپ قېلىپ دەرھال چىلتەكنى بىر ياققا ئېلىۋەتتى ھەمدە قول تىلى بىلەن ماڭا:

— قولىڭىز بەك مەينەتكەن! — دېدى.

ئۇنىڭ يۇزىنى سىيلىماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ كەينىگە داجىپ قولۇمنىڭ مەينەتلىكىدىن بېشارەت بەردى. ئاندىن سۇللىۋان مۇ-ئەللىمدىن:

— سىز بۇ قىزغا ئەدەپ - قائىدە ئۆگەتمىدىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاندىن جىددىي تەرزدە دانىمۇ دانە قىلىپ سۆزلەپ، ماڭا - بىرەر خانىمنى يوقلاپ بارغاندا، سىز ئەدەپ-سىزلىك قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى.

ئارقا - ئارقىدىن دەككە يەپ كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولدى. شۇڭا ئاچچىقىم كېلىپ پولدىلا ئولتۇرۇۋالدىم. لېكىن، رولا قىلچە كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرماستىن مېنى تارتىپلا ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى:

— چىرايلىق كېيىم كىيگەن چاغدا پولدا ئولتۇرسا ھەرگىز بولمايدۇ. كېيىم مەينەت بولۇپ كېتىدۇ. سىز بەكمۇ بەڭۋاش، تەربىيە كۆرمىگەن بالا ئىكەنسىز!

خوشلىشىپ ماڭىدىغان چاغدا، مەن ئۇنى سۆيۈپ قويىمەن دەپ پۇتىغا دەسسەپ تاشلاپ، يەنە دەككە يېدىم. كېيىن رولا سۇللىۋان مۇئەللىمگە:

— بۇ قىز بەڭۋاشراق ئىكەن، لېكىن كاللىسى بەك ئۆتكۇر ئىكەن، — دەپتۇ.

لېكىن، رولا ماڭا تۇنجى كۆرۈشۇشتە ناھايىتى باغرى تاش، قاتتىق قول، يېقىنلىشىش قىيىن ئادەم تەسىراتىنى بەردى.

رولا ئىككىمىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان تەرەپلىرىمىز كۆپ بولۇپ، كۆپ كىشىلەر ئىككىمىزنى تولا سېلىشتۇراتتى. ئىككىمىزنىڭ ئەما، گاس بولۇپ قالغان ياش قۇرامىمىز

www.uyghurkitap.com

ئوخشاپ كېتەتتى. باشتىكى قاراملىقلىرىمىز، باشقۇرۇشقا كۆنـ-
مەسلىكىمىز، بەڭۋاشلىقلىرىمىزمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇ-
نىڭدىن سىرت، ئىككىلىمىز كۆك كۆزلۈك، ئالتۇن چاچلىق
بولۇپ، ئوخشاشلا يەتتە ياشتىلا تەربىيىلىنىشكە باشلىغانىدۇق.
ئوخشاشلىقلىرىمىز مۇشۇ جەھەتلەر بىلەنلا چەكلىنەتتى. تىرىش-
چانلىق جەھەتتە رولا مەندىن كۆپ ئۈستۈن تۇراتتى.

بۇ گەپنى مۇشۇ يەردە توختىتايلى. رولا ھەقىقەتەن زېرەك، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئەگەر باشتا ئۇنى سۆللىۋان مۇئەللىمدەك بىرى تەربىيىلىگەن بولسا، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى مېنىڭكى-
دىن زور بولغان بولار ئىدى.

بۇنى ئويلىسام، مەن ناھايىتىمۇ بەختلىك ئىكەنمەن، دەپ خۇشال بولىمەن. لېكىن، يەنە ئۆزۈمنىڭ 40 يىل ياشاپ، نورمال ئادەملەردەك گەپ قىلالايدىغان تۇرۇپ، يەنىلا قاراڭغۇ جاڭگالدا ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ھېچقانداق ئىش قىلىپ بېرەلمە-
گەنلىكىمنى خىيال قىلسام ئىختىيارسىز خىجىل بولىمەن.

قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى تولا، تەكشۈرۈش داۋام قىلىنىۋاتىدۇ. بەزى مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەملىكىتى-
مىزدە بەكلا ياشىنىپ قالـغـان ياكى كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قارىغۇ ھەم گاس بولۇپ قېلىپ، قاراڭغۇ دۇنيادىن چىقىپ كېتىشكە يول كۆرسىتىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانلاردىن 379 ئادەم بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 15 ئادەم ئوقۇش يېشىدا بولۇپ، ھېچقانداق مەكتەپ ئۇلارنى قوبۇل قىلماپتۇ.

كىشىلەر دائىم مەندىن:

— سىز بۇنداق بالىلارغا قانداق چىقىش يولى بېرىسىز؟ —
دەپ سورايدۇ.

بۇ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى، ياشاش مۇھىتى ئوخشاش
بولمىغانلىقتىن، مەنمۇ كىشىلەرگە پالانچىنى ئائىلىدە تەربىيە-
لەش كېرەك ياكى پالانچىلارنى پالانى مەكتەپكە ئاپىرىپ بېرىش
كېرەك دەپ كېسىپ جاۋاب بېرەلمەيتتىم. مەن پەقەت:
— بۇ بالىلارنى كۆز، قۇلاق ئىقتىدارىدىن پۈتۈنلەي ئايرى-
لىپ قېلىشتىن بۇرۇن، ئىمكان بار تېزلىكتە يېقىن ئەتراپتىكى
ئەمالار مەكتىپىگە ئاپىرىپ بېرىش كېرەك. ئۇنداق قىلمىغاندا،
ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بۇنداق بالىلار ئوقۇشىنى خالىمايدىغان
بولۇپ قالىدۇ، — دېيەلەيتتىم.
گېزى كەپقالدى، كىشىلەرگە نۇرغۇن كىشىلەرنى ھەيران
قالدۇرغان ۋە قىزىقتۇرغان مۇنداق بىر ئىشنى شەرھلەپ ئۆتەي:
بىر ئادەم قاراڭغۇلۇق ۋە ئۈنسىزلىك ئىچىدە ياشىغان ھالەتتىمۇ،
ئۇ يەنىلا نورمال ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆتكەنلەرنى ئەسلەيدۇ،
تەسەۋۋۇر قىلىدۇ، ئۆزىگە خاس شاد - خۇراملىق ئىچىدە ياشاي-
دۇ، ئەلۋەتتە. ئۇ ئۆزىنى بۇ دۇنيادىن باشقا بىر دۇنياغا سول-
ۋالماي، ئىمكانقەدەر ئۆز ئىقتىدارى يار بەرگەن ئۇسۇللار (شە-
كىل) بىلەن بۇ دۇنياغا يېقىنلىشىشى كېرەك. ئۆزۈمنى مىسالغا
ئالسام، مەن نۇرغۇن دوست تۇتتۇم، ئۇلار ئاڭلىغان، كۆرگەنلى-
رىنى يالقۇنلۇق سۆزلەر بىلەن ماڭا يەتكۈزۈپ تۇردى، شۇڭلاش-
قا، مەن ئۇلارغا ئوخشاشلا رەڭدار دۇنيادا ياشىدىم. ئۇلار ماڭا
نۇرغۇن خۇشاللىق ۋە غەيرەت - جاسارەت بەخش ئەتتى، شۇڭا،
بۇ دوستلىرىمنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىنى ئەبەدىلئەبەد ئۇنتۇماي-
مەن.
يوشۇرىدىغان ھېچنېمە يوق. تەننىڭ ئەركىسىزلىكى نېمىلا
دېگەنبىلەن بىر ئەيىب، نۇقسان، بۇنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنى-

مەن. تەقدىر پېشانەمدىن، كىشىلەردىن ئاغرىنىمىدىم ياكى مە-
يۈسلىنىپ، بەل قويۇۋەتكەن چاغلىرىم بولمىدى، دېيەلمەيمەن.
ئەمما، بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوقلۇقىنى تېخىمۇ
ئوبدان بىلىمەن. شۇڭا، مەن ھەمىشە ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنى تۇتۇ-
ۋېلىپ، كاللامدىن بۇ خىلدىكى ئوي - خىياللارنى چىقىرىۋېتىشكە
تىرىشتىم.

مەن دائىم ئۆزۈمگە ئىلھام ۋە تۈرتكە بولىدىغان بىر نىشان
بەلگىلىدىم. ئۇ بولسىمۇ، ھاياتلا ياشايدىكەنمەن، جىمىكى تىرىش-
چانلىق بىلەن مۇستەقىل ياشاشنى ئۆگىنىۋېلىش، ئىقتىدارىم يار
بەرگەن ئەھۋالدا ئىمكانقەدەر باشقىلارغا باش ئاغرىقى تېپىپ بەر-
مەسلىك، بۇنى دىنىي سۆز بىلەن: «ئۆزىنىڭ كرېستىنى تەبەس-
سۇم بىلەن ئۆزى كۆتۈرۈش» دەپ ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بۇ تەق-
دىرگە بويۇن ئەگكەنلىك ئەمەس، بەلكى تەقدىرگە يۈزلەنگەنلىك،
تۈرلۈك ئاماللار بىلەن ئۇنى يەڭگەنلىك، خالاس.

بۇنداق ئىشلارنى ئېغىزدا دېمەك ناھايىتى ئاسان، ئەمما بۇنى
ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەگەر چوڭقۇر ئېتقاد، قەيسەر ئىرادە،
دوستانە ئىللىقلىق، تەڭرىنىڭ يېتەكلىشى بولمىسا، بولمايدۇ.
ئۇنىڭسىز بۇ ئىش تولىمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

ھازىر مەن ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەپ، ھېچبولمىغاندا مې-
نىڭ قولۇمدىن «ھۇۋقۇشنىلا دورىيالايدىغان شاتۇتى بولۇش»
كېلىدىكەن، دەپ ئۆزۈمگە تەسەللىي بەردىم. ئاتالمىش «ھۇۋ-
قۇشنىلا دورىيالايدىغان شاتۇتى بولۇش» نېمىگە ۋەكىللىك قىلى-
دۇ؟ يازغۇچى ئېدىۋارد «كىچىككىنە ئۆڭكۈر ھەققىدە ھېكايە»
دېگەن كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، بىر دوستىغا
يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەنىكەن: «بوۋام نۇرغۇن شاتۇتى باققا-

ندى، ئۇلار ھۆۋقۇشنى دوراپ قانات قېقىشتىن باشقا ھېچنىمىنى بىلمەيتتى، كەلگەن مېھمانلار ھەممىشە شاتۇتنىڭ ئېسىل ئويۇنى- نى زوق - شوق بىلەن ماختاپ سۆزلىشەتتى ھەمدە ئۇلارنىڭ يەنە قانداق يېڭى ھۈنەرلىرى بارلىقىنى سۈرۈشتۈرەتتى». بوۋام بۇنداق چاغلاردا جىددىي تۇس ئېلىپ: «بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭلار، بولمىسا بىزنىڭ بىللى خاپا بولۇپ قالىدۇ، شۇنداق- مۇ؟ كەل بىللى، بىزگە ھۆۋقۇشنى دوراپ بەرگىن!» دەيتتى. كىچىك چاغلىرىمدىكى بۇ ئىشلارنى دائىم ئەسلەيمەن. ھازىر مېنىڭ بۇ كىتابنى يېزىشىم ھۆۋقۇشنىلا دورىيالايدىغان شاتۇتنىغا ئوخشاش بىر ئىش بولدى.

مەنمۇ ئۆزۈمنى بىللىغا ئوخشىتىمەن. شۇڭا، ناھايىتى ئەس- تايىدىللىق بىلەن ھۆۋقۇشنى دورايمەن. ئىقتىدارىم ناھايىتى چەكلىك بولغانلىقى ئۈچۈن، كىچىككىنە بىللىغا ئوخشاش مۇ- شۇنچىلىك ئىشنىلا قىلالىدىم.

مەن بۇ تەرجىمىھالىمنىڭ ئاخىرىقى قۇرىنى فولىستتىكى ئۆيۈمدە يېزىپ تۈگەتتىم - دە، قوللىرىم تېلىپ كەتكەچكە توخ- تاپ بىردەم ئارام ئالدىم.

بۇ يەردىكى قورۇدا يوپۇرماق تاشلايدىغان قارىغاي، كورنوس بار، ئەمما تۇخۇمەك دەرىخى يوق ئىدى. نېمىشقا يوقلۇقىنى مەنمۇ بىلمەيتتىم. كاللامدا ھەممىشە تۇخۇمەك دەرىخى ئوراپ تۇرغان تار يوللار زاھىر بولاتتى. چۈنكى، مۇشۇ تار يوللاردا نۇرغۇن ۋاقتىم ئۆتكەن، شۇنداقلا دوستلىرىمنىڭ چەكسىز دوست- لۇق مېھرىدىن لەززەت ئالغانىدىم. بۇ يولنى مېنىڭ ھاياتىمنىڭ چىغىر يولى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ھازىر بۇ دوستلىرىمنىڭ بەزى- لىرى كىشلىك ھايات يوللىرىدا مېڭىپ يۈرىدۇ، بەزىلىرى بولسا

www.uyghurkitap.com

باقىي ئالەم گۈلزارلىقىنى ئايلىنىپ يۈرىدۇ، لېكىن مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوخشاشلا ئەسلەيمەن.

جىلىڭ گەپنى قىلسام، ئىلگىرى مەن كۆرگەن نۇرغۇن كىتابلارمۇ مېنىڭ ياخشى ئۇستاز ۋە قەدىردان دوستلىرىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كۆپلىگەن ئاقىللارنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بولغاچقا، ئوخشاشلا مەن ئۇلارنى ئەزىزلەيمەن، ئۇلاردىن چەكسىز مىننەتدارمەن.

مېنىڭ تەرجىمىھالىمنى قانداقتۇر بۈيۈك ئەسەر دېيىشكە بولمايدۇ. ئەگەر بۇ كىتابتا شۇنداق دېيىشكە ئەرزىيدىغان جايلار بار، دېيىلسە، بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئىقتىدارلىق بولغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى بۇ مەندە ۋە ئەتراپىمدا بولۇپ ئۆتكەن پەۋقۇلئاددە ئىشلارغا تالىق. بەلكىم تەڭرىم مېنى ئۆز قىزىم دەپ قاراپ، ماڭا ئۆزۈمنىڭ ئەما ۋە گاچىلىقىم بىلەن باشقىلارغا ئاز ـ تولا تەسىر كۆرسىتىشتەك مۇھىم ۋەزىپىنى يۈكلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

تەڭرى كۆزۈمنى كۆرمەس، قۇلىقىمنى ئاڭلىماس، ھەتتا گەپمۇ قىلالماس قىلىپ قويدى. تەڭرى مېنىڭدىكى بۇ خىل كەمتۈكلۈك ئارقىلىق دۇنيادىكى باشقا مېيىپلارغا يول كۆرسەتمەكچى بولسا كېرەك. ھەرھالدا تەڭرى ماڭا شەپقەت قولىنى سۇنۇپ، ماڭا سۇلىۋان مۇئەللىمنى يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ يول باشلىشى بىلەن مەن قاراڭغۇ ۋە ئۈنسىز دۇنيادىن ئايرىلدىم.

سۇلىۋان مۇئەللىمنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارى كىچىككىدىنلا ناھايىتى ئاجىز ئىدى. مېنىڭ ئائىلە ئوقۇتقۇچىم بولغان چاغلاردا ئۇ نۇرنى ئاران كۆرەلەيتتى. ساغلام بولمىغان ئاجىز بىر قىزنىڭ دوستلىرىدىن ئايرىلىپ، يەككە ـ يېگانە ھالدا ئالاباما شتاتىدىكى

كىچىككىنە بىر كەنتكە كېلىپ ئولتۇراقلىشىش جاسارىتىمنى نامە-
لۇم بىر كۈچنىڭ قۇدرىتى دېمەي بولمايدۇ، مېنى دەپ ئۇ ھېچ-
قانداق جاپا ـ مۇشەققەتتىن قاچمىدى. ئۇ ئاشۇ ئاجىز كۆرۈش
ئىقتىدارى بىلەن ماڭا نۇرغۇنلىغان كىتابلارنى ئوقۇپ بەردى
ھەمدە مەن بىلەن بۇ دۇنيا ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى، ھەم-
مىدىن مۇھىم كۆۋرۈككە ئايلاندى. ئۇنىڭ بىلەن تۇغقان ئەمەس-
مەن، قانداشلىقىمىز يوق، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قىلغان بارلىق
ئىشلىرىنى پەقەت «ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى» دېگەن بىرلا گەپ
بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ.

سۇللىۋان مۇئەللىم ھازىرغىچە ئالاھىدە ياسالغان گرادۇسى
ئىنتايىن يۇقىرى كۆزەينەك بىلەن كىتاب كۆرىدۇ. كۆزەينەكنى
ئۇنىڭغا دوكتور بىليان كۆڭۈل قويۇپ ياساپ بەرگەن.

قولىيازمامنى ئۆزۈم ئوقۇيالمىغاچقا، كېيىنكى تۈزىتىشكە
ئالاقىدار ئىشلارنى مەن سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ قول تىلى بىلەن
قايتا ـ قايتا ئوقۇپ بېرىشى بىلەن ئىشلىدىم. سۇللىۋان مۇئەل-
لىم بۇ ئىشلارنى ماڭا ياردەملىشىپ قىلىۋاتقان چاغدا، دوكتور
بىليان ئۇنىڭ يېنىدا بولۇپ، كۆرۈش ئىقتىدارىنى كۆزەتتى ۋە
ھەرۋاقىت تەڭشەپ تۇردى.

سۇللىۋان مۇئەللىم مەن ئۈچۈن بارلىقىنى تەقدىم قىلدى.
ئۇ نېمىشقا ماڭا بۇنچە ياخشىلىق قىلىدۇ؟

باشتىن ئاخىر ئەگەر سۇللىۋان مۇئەللىم بولىمەنلا دەيدىغان
بولسا ئۇنىڭ ھېچقانداق كۈچىمەيلا ئاياللار ھەرىكىتىنىڭ رەھبە-
رى ياكى بىر داڭدار يازغۇچى بولالايدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل
بولدى. ئەمما، ئۇ ھاياتىدا بارلىق زېھنىنى ماڭا سەرپ قىلىشنى
راۋا كۆردى. مېنىڭ جەمئىيەتتىكى ئاممىغا خىزمەت قىلىش

ئىرادەمگە، جاسارىتىمگە ئىلھام بەردى. ئەپسۇسكى، مەن سۇللىۋان مۇئەللىمنىڭ بۇ ياخشىلىقلىرىغا ئوبدان جاۋاب قايتۇرالمىدىم، بۇنىڭدىن كۆڭلۈم تولىمۇ يېرىم.

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم، مېنىڭ كۆز ئالدىم پۈتۈنلەي قاراڭغۇ بىر دۇنيا، لېكىن سۇللىۋان مۇئەللىم ماڭا مېھىر - مۇھەببەت، ئۈمىد بەخش ئەتكەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئىدىيەۋى يورۇق دۇنياغا قەدەم بېسىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇم. ئەتراپىمدىكى قات - قات قېلىن تاملار مېنى تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىدىغان يولۇمدىن ئايرىۋەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، تاملار ئىچىدىكى دۇنيا ھەرتۈرلۈك، بىر - بىرىدىن چىرايلىق گۈل - گىياھ، دەل - دەرەخلەر بىلەن تولغان. شۇڭا، مەن ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ سىرلىق ئاجايىباتلىرىدىن بەھرە ئالالايمەن. مېنىڭ ئۆيۈم كىچىك، دېرىزىسىمۇ يوق، ئەمما كېچىلىرى ئوخشاشلا ئاسماننى تولدۇرۇپ چاقناۋاتقان يۇلتۇزلاردىن ھۇزۇرلىنالايمەن.

تېنىم ئەركىن بولمىغان بىلەن يۈرىكىم، قەلبىم ئەركىن، شۇ ئەركىن قەلبىم تېنىمدىن ئاجرىلىپ چىقىپ خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بېرىپ شاد - خۇراملىقتا چۆمسۇن. گۈزەل ھاياتقا ئىنتىلسۇن!

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# تۆتىنچى باب

## شىپالىق يامغۇر

(سۇللىۋان مۇئەللىم ھەققىدە ھېكايە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*پەيتۇن مال بېقىلىۋاتقان تاغلاردىن ئۆتۈپ، يوچۇن بىر يېزا يولىدا ھەدەپ چاپماقتا.*

## يۇرتىدىن ئايرىلىش

ئانىبي ئىچىدە: «مەن ماڭغىلىۋاتىمەن، مەن ماڭماقچى بولۇۋاتىمەن، مانا ھازىرلا ماڭىمەن، مەن ئۇچۇن ئۆيۈمنىڭ قەيەر بولۇشى بەرىبىر» دەپ نىدا قىلاتتى.

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇ ئۆيىدىن ئايرىلىدۇ، ئاۋۋال پەيتۇنغا، ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ يىراق بىر جايغا بارىدۇ. پاھ، بۇ نەقەدەر خۇشاللىنارلىق ئىش ـ ھە!

ئانىبي باشقىلار ئۇچۇن ئادەتتىكى ئىشلاردىن ھېسابلىنىدىغان پەيتۇنغا ئولتۇرۇش، پويىزغا ئولتۇرۇشلارنىڭ ئۆزىگە ـ ئانىبي سۇلىلىۋان ـ كىچىككىنە بىر قىزغا نىسبەتەن ئۆزگىچە، ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بىرلا قېتىم پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ باققان، شۇ چاغدا ئاستىدا چاقلار گۈلدۈرلەپ چۆرگىلىگەن، ئاتلار ئۇچقاندەك چاپقاندى...

بۇ تۇيغۇ ئۇنى ھازىرغىچە ھاياجانغا سالاتتى. ھالبۇكى، بۇ ئاپىسى دەپنە قىلىنىدىغان قايغۇلۇق پەيت بولۇپ، پەيتۇن ئۇنى ئاپىسى دەپنە قىلىنىدىغان قەبرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغانىدى.

ھالا بۈگۈن ئەھۋال پۈتۈنلەي باشقىچە.

ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. لېكىن، ئۇ بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايتتى. پەقەت ئۇ جاينىڭ قوشنا يېزا بازارلاردىنمۇ يىراق، بەكمۇ يىراق بىر جاي ئىكەنلىكىدىنلا خەۋىرى

بار ئىدى. دادىسى ئۇنى بەش چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر يېزىغا ئېلىپ بارغان، لېكىن بۇنىڭغا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت بولغان.

بۈگۈنكى سەپەرنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن سەپەر ئىكەنلىكى، مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدىغانلىقى ئانىيغا ئايان ئىدى. شۇنداق ئىكەن، قەيەردە ماكان تۇتۇش بەربىر ئەمەسمۇ؟

بۇ بارسا كەلمەس يول، كەينىگە قايتقىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئالدىغا قاراپ مېڭىشقىلا توغرا كېلىدۇ. دۇنيا ناھايىتى پارلاق، كەلگۈسى تېخىمۇ ئۈمىدلىك، ئوبدان تىرىشقىن!

ئانىي شۇ تاپتىكى تىل بىلەن ئىپادىلەشكە ئاجىزلىق قىلغان تەسىرات ۋە ھاياجىنىنى قەلبىگە سىڭدۈرۈۋەتتى.

ئانىي پەيتۇننىڭ ئالدى تەرىپىدە ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپقا نەزەر سالاتتى. يېشىل كىمخابتەك دالا جىمجىتلىقتا چۆمگەن، ئوت - چۆپ ھىدى ناھايىتى خۇش پۇراق، ئاقارتىلغان ئۆيلەر، قىزىل رەڭلىك ئامبارلار بىر - بىرىنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ. تاماكا يوپۇرماقلىرىنىڭ ھىدى شامالدا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

يېزا تىنچ ۋە جىمجىت، ئۆيلەر چىرايلىق ۋە ئاددىي، ئەمما بۇلار ئۇنىڭ ئۆيى ئەمەس، ئۇ پەقەت بۇ يەردە ۋاقىتلىق تۇرغان، باشقىلارغا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىغان، قارشى ئېلىنمايدىغان ئادەم، ئانىي سۇللىۋاننىڭ دادىسى ھاراقكەش، ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن، تۇغقانلىرىمۇ ئۇنى يېنىغا تارتمىدى.

ئۇلارنىڭ ئۇنىڭغا قالدۇرغىنى پەقەت يۈزى چۈشۈپ كەتمەسلىك ئۈچۈن كېرەكلىك ئازراق مەسئۇلىيەتچان قەلب، خالاس. ئانىي ئەمدى ئۆزىنى بېسىپ، ئەركىنرەك نەپەسمۇ ئالدۇرمىغان تۇرمۇش كۆلەڭگۈسىدىن بۈگۈن قۇتۇلىدىغانلىقىدىن تولىمۇ خۇشال.

ئەگەر پەيتۇن كەلمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ پەيتۇن بولمىسا ئۇ مېڭىپ كېتەلمەيدۇ. پەيتۇن نېمىشقا كەلمەيدىغاندۇ؟ ئانىي پۈتۈن دىققىتى بىلەن كۆزىنى ئۇزمەستىن يولغا قاراپ تۇردى.

www.uyghurkitap.com

قاراۋېرىپ كۆزلىرى تېلىپ ئاغرىپمۇ كەتتى. بىراق، پەيتۇننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

ئۇ ئاۋۋال سول كۆزىنى، ئاندىن ئوڭ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى، بەزىدە مۇشۇنداق قىلسا خېلى ئېنىق كۆرەتتى. راست شۇنداق بولامدۇ؟ مەنزىرە خېلى روشەن بولدى. بىراق، يول يەنىلا بوش بولۇپ، پەيتۇندىن ئەسەر يوق.

ئاننىبي كۆزىنى يۇمۇپ ساناق ساناشنى، سانىپ يۈزگە كەلگەندە پەيتۇننىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشىنى تىلىدى. ئۇ ساناقنى باشلىدى. ناھايىتى پەم بىلەن ئاستا سانىدى، خاتا سانىپ قويۇشتىن تولىمۇ ئەنسىرىدى، سەۋەب، ئۇنداق بولغاندا ساناقنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئۆزى بېكىتكەن تىلەك تىلەش بەلگىلىمىسى ئىدى.

ھايال ئۆتمەي سۇدادارخ يەڭگە پەيدا بولۇپ، ئىشىكنى قاتتىق قېقىپ توۋلىدى:

— مۇشۇ يەردە ئىكەنسىزغۇ، قەيەرگە يوشۇرۇنۇۋالدىكىن دەپ ناشتىدىن كېيىن سىزنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى.

ئاننىبي ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي ساناۋەردى:

«23، 24، 25 . . .» يەڭگىسىنىڭ توۋلىشى ئۇنىڭ ساناق سانىشىنى ئۈزۈپ قويدى. ئەمما، ئۇ دەرھال پىكرىنى يىغىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ساناۋەردى. سۇدادارخ يەڭگىنىڭ كوتۇلداشلىرىغا، قاقشاشلىرىغا پەرۋا قىلمىدى.

— ئاننىبي، بۈگۈن ياۋاشراق بولۇڭ، گەپ ئاڭلاڭ! بىر كۈن ياخشى بالا بولۇڭ! بۇ تەلىپىم ئارتۇق تەلەپ ئەمەستۇ؟

ئاننىبي جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇ ئەزەلدىن كەم سۆز بولغاچقا، سۇدادارخ يەڭگىمۇ ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈتۈپمۇ كەتمەيتتى.

— بۈگۈن گەپ ئاڭلاڭ، ياۋاشراق بولۇڭ، ئۆزىڭىزنى سوراڭ . . . بەڭۋاشلىق قىلماڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— سىزگە ئېيتمىسام بولمايدۇ، ئىنىڭىز جىم تېخى كە-

چىك، ئايلىياندىن ئاڭلىسام جىمنىڭ ساغرىسىدىكى جاراھەت ساقايماپتۇ. سىز ئۇنى كۆتۈرمەي دۈمبىڭىزگە ئېلىپ يۈدۈڭ، ئۇنىڭ نەرسىلەرنى ئېلىشىغا ياردەملىشىڭ، ئۇنىڭغا ئوبدان قاراڭ...

سوددارخ بىر پەس توختىۋېلىپ گېپىنى داۋام قىلدى:

— يەنە بىر ئىش... — ئاننىپي بۇ گەپكە دىققەت قىلمىدى، — بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، ھەممىمىز سىزگە ئەزەلدىن يول قويۇپ كەلدۇق. سىز كۆڭلى ياخشى تومىس ئەپەندىگە ئوبدان مۇئامىلە قىلىڭ.

— شۇنى ئۇنتۇماڭ، ئۇ بىزنىڭ ئۇرۇق - تۇغقىنىمىز ئەمەس، بىزگە قەرزدارمۇ ئەمەس، شۇنداق تۇرۇپ، ئۇ سىزنى پويىزغا ئولتۇرغۇزۇپ ئەكەتكىلى شۇنچە يىراقتىن كەپتۇ، — سۆددارخ توختىماي سۆزلەيتتى، — بىزنىڭ يۈزىمىزنى چۈشۈرمەي ئۇنىڭ ئالدىدا ئەدەپلىك، مۇلايىم بولۇڭ، يەنە... — سۆددارخ مەدداھدەك سۆزلەۋەردى، ئاننىپيمۇ ساندىقنى ساناۋەردى. ئۇ ئىككىسى ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ، يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىغا دىققەت قىلمىدى.

— 98، 99، 100! — ئاننىپي ئىتتىك كۆزىنى ئېچىشىغا، پەيتۇنمۇ دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— ئەجەب توغرا چىقتى، — دەپ پىچىرلىدى ئاننىپي.

پەيتۇننىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا سىرلىق ھالدا كۆز ئالدىدا پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭ، ئاننىپىنىڭ ئەقلى بېشىدىن ئۇچتى، ئۇ دەرۋازا ئالدىدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى.

— ئاننىپي، ئاننىپي، مەن مەيەردە!

ئاننىپي پەيتۇندىن چىققان كىچىك بالىنىڭ بېشىنى ۋە ئۇنىڭ توۋلىشىنى كۆرمىدى ھەم ئاڭلىمىدى.

— ئاننىپي! — جىم يەنە توۋلىدى. يۈرىكىدىن ئېتىلىپ

چىققان تۇغقانلىق مېھرى ئاننېينىڭ بوغۇزىغا كەپلىشتى. ئائىلە-سى خانىۋەيران بولۇپ، بىر - بىرىدىن ئايرىلىشقاندىن كېيىن بۇ ئاچا - ئۇكىلار نەچچە ئايلارغىچە كۆرۈشەلمەيتتى.

بىر چوڭ ئادەم دەرۋازا پەلەمپىيىگە قەدەم قويدى. ئاننېي-نىڭ نەۋرە ئاكىسى جون سۇلليۋاننىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ياخشىمۇسىز، تومىس ئەپەندى؟

— ھە، سۇلليۋان خېنىممۇسىز؟

ئىككىيلەن قول ئېلىشىپ سالام - سەھەت قىلىشقاندىن كېيىن، جون سۇلليۋان ئاننېينىڭ كىچىككىنە بوغچىسىنى تو-مىس ئەپەندىگە بەردى. بۇ ئاننېينىڭ بار يوق مۈلكى ئىدى.

بۇ چاغدا سۇددارىخ توساتتىن كۆتۈلمىگەن بىر ھەرىكەتنى قىلىپ، بەردەم قوللىرى بىلەن ئاننېينىڭ ئىڭىكىنى تۇتۇپ، يۈزىنى يۇقىرىغا قاراتتى. ئاننېي نائىلاج ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىك قارىدى. سۇددارىخنىڭ كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولغانىدى. ئۇ يەنە بىر قولى بىلەن ئاننېينى بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى. ئاننېي بۇنداق يېقىنچىلىقنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا دەرھال:

— مېنى سۆيمەڭ، — دېدى - دە، شاقلا قىلىپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئاننېي ئۇ نېمىشقا مېنى سۆيمەكچى بولىدۇ، دەپ يەڭگىسىنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسى ئۈستىدە ئويلاندى. ئۇ نېمىشقا مەن ئۈچۈن ياش تۆكىدۇ، بۇ زادى نېمە ئىش؟

— ھىم، ئەڭ ئاخىرقى كۈن بولغاندىن كېيىن، ئازراق گەپ ئاڭلىسىڭىز نېمە بولىدۇ؟ — يەڭگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى.

بۇ تونۇش تەلەپپۇزنى ئاڭلاپ ئاننېينىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، ئۆزىنى قوغداش ھوشيارلىقى بوشاشتى. لېكىن، گويا ئويۇن قويۇۋاتقانغا ئوخشاش، پۈتۈن بەدىنىدە بىر خىل ئوڭايسىز-لىق، بىئاراملىق سەزدى.

— بۇياق تومىس ئەپەندى بولىدۇ. ئۇ سىز بىلەن جېمىنى

ئالغىلى كەپتۇ، — دېدى نەۋرە ئاكىسى سۇللىۋان ئەپەندى ئاننىيغا.

ئاننىي ئۇنىڭغا قارىدى، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ كىشى كۈلۈمسىرىگەن هالدا ئاننىيغا قاراپ تۇراتتى.

— ئاننىي، بۇ ئەپەندى بىلەن سالاملىشىڭ! — دېدى يەڭگىسى سۇددارىخ ئوڭايسىز هالەتتە. هېچبىر تىكىنى يوق بۇ ئادەتتىكى گەپ نېمىشقىدۇر ئاننىينىڭ تىتاڭ تومۇرلىرىغا تېگىپ، غۇزژىدە ئاچچىقى كەلدى. گويا پۈتۈن بەدىنىگە تىكەن ئۇنۇپ چىققاندەك بولۇپ، جاھىللىقى تۇتتى.

توماس ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشماقچى بولۇپ قولىنى ئۇزاتتى، لېكىن ئاننىي نەزىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ قىچىپ يەرگە قارىۋالدى، ئاندىن پەرۋاسىزلىق بىلەن يامىشىپ پەيتۇنغا چىقىپ جىمىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋالدى. هىم، ئىشىنى قىلسۇن! مەن هەرگىز يات ئادەم بىلەن قول ئېلىشمايمەن!

— ئاننىي، ياخشىمۇسىز،

— دەپ ئەھۋال سورىدى يات كىشى تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرگە خاس سالاپەت بىلەن.

ئاننىي سالامغا جاۋابمۇ بەرمەستىن بۇرۇلۇپ ئىنىسىغا:

— جىم، جىم، ئەجەب ئوبدان بولدى، — دېدى. ئۇ هاياجاندىن نەپەسمۇ ئالالماي قالدى.

ئاق كۆڭۈل جىم ئاچىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى - دە، تەبەسسۇم قىلىپ يېنىدىكى ئورۇنغا بوش ئۆرۈپ قويدى.

ئاننىي ئەمدى هەرگىزمۇ قايتىپ كەلمەيدۇ! ئاننىي سۇللىۋان قەددىنى رۇسلاپ بارسا كەلمەس يولغا قەدەم باستى. كەينىگە قارىماي، قىيامۇ باقماي، كىشىلىك هاياتىنىڭ يېڭى سەپىرىگە ئاتلاندى.

هايال ئۆتمەستىن، پەيتۇن مال بېقىلىۋاتقان تاغلاردىن ئۆتۈپ، يوچۇن بىر يېزا يولىدا هەدەپ چاپماقتا.

www.uyghurkitap.com

جىمىنىڭ خۇشلۇقى ئىچىگە سىغمايتتى. پات ـ پات ئاچىسىغا ئۇنى، بۇنى كۆرسىتەتتى.

— ئاننېي، قارىغىنا! ئاۋۇ كۆلدە غازلار تۇرىدۇ، ئۇلار سۇ ئىچىدە توڭلىمامدىغاندۇ؟ ئاۋۇ ئۆيلەرگە قارىغىنا! ئاۋۇ قىزىل خىشلىق ئۆيىنىڭ تۆت تۇرخۇنى باركەن! ئاننېي، كۆرۈۋاتامسەن؟ ھەربىر بۇلۇڭدا تۇرخۇن باركەن.

ئاننېي كۆپ ھاللاردا سەۋرسىزلىنىپ توۋلايتتى:

— قەيەردە؟ ماڭا تېز ئېيتساڭچۇ!

ئاننېينىڭ كۆزى ياخشى ئەمەس بولۇپ، بەزىدە نورمال ئادەملەردەك ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرەتتى، تۇرۇپلا خىرەلىشىپ قالاتتى. بۈگۈن كۆزلىرى ئۇنى تولىمۇ نائۈمىد قالدۇردى. يىراقتا قارىسا، خىرە ـ شىرەلىكتىن باشقا نەرسە ئېنىق كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى مەسىلە خېلىلا ئېغىر بولۇپ، كۆرمەس بولۇپ قالغىلى ئازلا قالغانىدى.

ئاننېي زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپمۇ ئەتراپنى دېگەندەك ئېنىق كۆرەلمىدى. گۈزەل مەنزىرىلەردىن پەقەت جىمىنىڭ تەسىرلىك ھاياجانلىنىشلىرى ئارقىلىقلا زوق ئالدى.

ئەپسۇس، پەيتۇن شۇنداق تېز چاپتىكى، ئۇلار يول بويىدىكى مەنزىرىلەردىن تولۇق بەھرە ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن، ۋوگزالغا يېتىپ كەلدى.

— ھەممىڭلار چۈشۈڭلار، — تومىس ئەپەندى خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇلارنى ئالدىراتتى.

بەستىلىك، قاۋۇل كەلگەن تومىس ئەپەندى كۈلۈمسىرىگەن چىراي بىلەن جىمنى بىر قولىدىلا قۇچاقلاپ يەرگە چۈشۈردى.

ئاننېي ئۆزى سەكرەپ يەرگە چۈشتى.

توماس ئەپەندى بىر مۇنچە پويىز بېلىتى ئالدى.

جىم قىزىقسىنىپ سورىدى:

— ھەممىسى بىزنىڭ پويىز بېلىتىمىزمۇ؟

— بىز باردىغان يەر ناھايىتىمۇ يىراق، — دېدى تومىس ئەپەندى، — پويىز بېلىتىنى سەن ساقلاپ بېرەمسەن يا؟

— چاتاق يوق! — جىم خۇشاللىق بىلەن كىچىككىنە قوللىرىنى ئۇزىتىپ يېنىدىكى دېۋىدەك بەستلىك، يوغان ئادەمنىڭ قولىنى تۇتتى. بىر چولڭ، بىر كىچىك بۇ ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ۋوگزال سەھنىسىدىن چۈشتى، ئانىي ئۇلارغا يېقىن ماڭدى.

پويىزغا ئولتۇرۇش باشتا دەرۋەقە ناھايىتى قىزىقارلىق بىلىندى. بىراق، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى قىزىقىشلار يوقاپ، ئەتىراپتىكى مەنزىرىمۇ مەنىسىز تۇس ئالدى.

ئانىي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرغانىدى. قاراۋېرىپ كۆزلىرى ئاغرىپ كەتكەندىن كېيىن كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

جىم بوشقىنا ئىڭراشقا باشلىدى:

— ئاچا، ئاغرىۋاتىدۇ، بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى تومىس ئەپەندى.

ئەمدىلا كۆزى ئىلىنىشقان ئانىي چۆچۈپ ئويغىنىپ جاۋاب بەردى.

— ئۇنىڭ ساغرىسىغا قاراپ بېقىڭ، چىنىدەك يوغان ئۆسمە بار. ئۇلار بۇنى «تۇبېركۇليوز» دېيىشىۋاتىدۇ، — بۇ قورقۇنچلۇق كېسەلنىڭ نامىنى ئۇ ناھايىتى ئېنىق ئېيتتى، — بىلەمسىز، ئاپام مۇشۇنداق كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

تومىسنىڭ بۇ ئىككى كىچىك بالىغا ئىچى ئاغرىدى. بىچارە بالىغا جانىنى ئالىدىغان يامان جاراھەت چىقىپ قاپتۇ ۋە پالەچ بولايلا دەپتۇ. ياچۈەكتەك قىز بالا بولسا قارىغۇ بولۇشقا ئازلا قاپتۇ دەپ ئويلىدى. ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايىنىڭ تېخىمۇ يىراق، چەت ئىكەنلىكى يادىغا كېلىپ تېخىمۇ ئېچىندى. ھەي! ئۇ جاينىڭ قانداقلىقىنى تەڭرى ئۆزىلا بىلىدۇ.

تومىس ئەپەندى ئوغۇل بالىغا چىن كۆڭلىدىن ئىچى ئاغرىپ بىئارام بولدى. بىراق، بۇ قىززە... ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئاننىيغا ناھايىتى سوغۇق نەزەردە قاراپ قويدى.

ئاننىي بۇ قاراشقا پەرۋا قىلمىدى. ئاننىي پەرۋا قىلغان، تومىس ئەپەندىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئاللىقاچان تۆمۈر نىقابلار ئىچىگە ئېلىنغان يۈرىكى ئاسانلىقچە زەخىملەنمەيتتى. كىشىلەر نېمىشقا ئۆزىنى مېھرىبان كۆرسىتىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ. كىشىلەرنى بىرى مېنى، ئاننىي سوللىۋاننى باشقۇرۇشقا قويۇپتۇمۇ يا؟

پويىز خادىمى ئايلىنىپ يۈرۈپ:

— دېشبۇرگقا كېپقالدۇق، پويىزدىن چۈشۈشكە تەييارلىنىڭلار، — دەپ توۋلىدى، بۇ كۈن ئولتۇرغان مەھەل ئىدى.

ئۈچەيلەن ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ پويىزدىن چۈشتى.

ۋوگزالدا ئادەم يوق دېيەرلىك ئىدى. يىراقتا بىر پەيتۇن كۆرۈندى. تومىس چارچاپ ھالىدىن كەتكەن باللارنى ئېلىپ پەيتۇنغا قاراپ ماڭدى.

پەيتۇن بەكمۇ كونا بولۇپ، قارا رەڭلىك پۈتۈن كوزوپى داتلىشىپ كەتكەن ئېگىز چاق ئۈستىگە ئورنىتىلغانىدى ۋە لىڭشىپ تۇراتتى. دېرىزىسى يوق كوزۇپ ئادەمنى ئەندىشىگە سالاتتى. ئاننىي كوزۇپ ئۈستىگە بىر قانچە كىچىك ھاۋا تۆشۈكچىسى قويۇلغانلىقى، پۈتۈن كوزۇپ كەينىدىكى دېرىزىگە بىر زەنجىر چىلىك باغلىۋېتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلدى. ئاننىي پەيتۇن ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمىسىمۇ، ئۇنىڭغا بۇ پەيتۇن باشقا پەيتۇنلارغا ئوخشىمايدىغاندەك، ئۇنىڭدا قانداقتۇ بىر شۇملۇق باردەك بىلىندى.

تومىس ئەپەندى بىر ئاچقۇچتا كوزۇپنى ئېچىپ:

— قېنى كىرىڭلار، — دېدى.

كوزۇپ ئىچىدە ئىككى قاتار ياغاچ ئورۇندۇق بار ئىدى، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى. بۇ ھالنى ياقتۇرمىغان ئاننىي

ئىككىلىنىپ قالدى ـ دە، ئۇكىسى ئىككىسى جايىدىن قوزغالمىدى.

تومىس زەردە بىلەن توۋلاپ:

— چىقامسىلەر ياكى مەن كۆتۈرۈپ چىقىرىپ قويامدىمەن، — دېدى ـ دە، جىمغا قاراپ ماڭدى. كىچىككىنە جىم قورقۇپ كېتىپ ئاننىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ، ئاننىسىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ، دىرىلدەپ تىترەپ تۇردى.

— بۇياققا كېلىڭلار، — ئۇستەلگە تىزىلىپ ئۆزىنى كۆتۈرۈپ تۇرغان مەززىلىك كەچلىك تاماقنى ئويلاپ تومىس ئەپەندى سەۋرسىزلەندى، — قولاق سېلىڭلار! مەن كېتىمەن، سىلەرنى دىن بوۋايغا تاپشۇرىمەن، قورقماڭلار، — ئۇ پەيتۇنچىنى كۆرسەتتى، — ئۇ سىلەرنى ئاپىرىپ قويىدۇ.

يۇزى چىبەرقۇتتەك قات ـ قات قورۇقلار بىلەن تولغان، بەشرىسى سەت بوۋاي تاماكا ئىسىدا قارىداپ كەتكەن پولات چىشلىرىنى چىقىرىپ ھىجايغان ھالدا، ئاننىي بىلەن جىمغا قول پۇلاڭلاتتى.

ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرغان بۇ كولۇمسىرەشنى كۆرۈپ، ئاننىسىنىڭ بوغۇزىغا تىقىلىپ قالغان يۇرىكى ئىزىغا چۈشتى.

ئاننىي پەيتۇنغا چىقىشتىن باشقا چارە يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ تەقدىرگە تەن بەردى ـ دە، پەيتۇنغا چىقتى. تومىس ئەپەندى جىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ:

— خەير ـ خوش، — دەپ، جاڭ قىلىپ پەيتۇن ئىشىكىنى ياپتى. تومىس ئەپەندى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، پەيتۇننىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى بولغاچقا، قانۇنغا ئاساسەن ۋەزىپىسىنى ئادا قىلدى. ئەمما، بىگۇناھ، سەبىي ئىككى كىچىك بالىنىڭ «قارا مارى» دەپ ئاتىلىدىغان پەيتۇنغا ئولتۇرۇپ ماڭغىنىغا قاراپ راستتىنلا يۈرىكى ئېچىشتى. چۈن-

كى، «قارا مارى» مەخسۇس هاراقكەش، يانچۇقچى، قاتىل قاتار-لىق جىنايەتچىلەرنى توشۇيدىغان پەيتۇن ئىدى. مانا، ھەممە ئىش پۇلغا باغلىق، ھۆكۈمەتنىڭمۇ بېرىدىغانغا خىراجىتى يوق! ھېلى-مۇ ياخشى باللار بۇ پەيتۇننىڭ بۇ رولىنى بىلمەي قالدى، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن تومىس ئەپەندى ئۆزىنى سەل ئاۋۇندۇردى - دە، بۇ يەردىن ئايرىلدى.

پەيتۇننىڭ ئۈستىدىكى تۆشۈكچىلەردىن يورۇقلۇق تۇزۇك كىرمىگەن بىلەن سوغۇق ھاۋا كىرىشكە باشلىدى. ئانىبي بىلەن جىمىنىڭ پۈتۈن دىققىتى سىلىق ئورۇندۇقتا چىڭ ئولتۇرۇشقا قارىتىلغاچقا، بۇنىڭغا دىققەت قىلمىدى. چۈنكى، پەيتۇن دېش-بۇرگ بازىرىنىڭ ئوي - دۆڭ كوچىلىرىدا قېقىلىپ، چايقىلىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، سەللا پەخەس بولمىسا، ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ كېتەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي پەيتۇن يوغان بىر دەرۋازا ئالدىغا كەلدى. دەرۋازا غىچىرلاپ ئېچىلىشىغا، پەيتۇن قورۇغا كىرىپ بىر بۇر-جەكتە توختىدى. دىن بوۋاي سەكرەپ پەسكە چۈشۈپ، كوزۇپ ئىشىكىنى ئاچتى. ئىككى كىچىك بالا تەسلىكتە پەيتۇندىن چۈشتى.

ئەتراپ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئانىبي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىدى.

سىرىق دەرۋازا ئانىبي سۈللىۋاننى ئىچىگە سولاپ تاشقى دۇنيادىن ئايرىپ ئاستا يېپىلدى.

دىن بوۋاي ئانىبىنى ئايلاندۇرۇپ، جىمىنىڭ قولىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئانىبي گاڭگىراپ دىن بوۋايغا تىكىلدى.

— ئۇكىڭىزنى ئېلىپ ئۆيگە كىرىڭ - ھە، بىزگە ئەڭ يېقىن تۇرغان ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى بوۋاي، ئاندىن ئانىبىنىڭ چىرايىدىكى گاڭگىراش ئىپادىسىنى كۆرۈپ قوشۇپ قويدى، —

مەن ئاتنى پەيتۇندىن چىقىرىپ ئېغىلغا ئاپىرىۋېتىپلا كېلىمەن.

ئاننىي بىلەن جىم تاش پەلەمپەيگە قەدەم قويدى. ۋاشىنگتوننىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنىدە، يەنى 1876 - يىلى 2 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئاننىي سۈللىۋان بىر مەزگىللىك سەپىرىنى تۈگىتىپ ھاياتلىقتىكى بىر بۇرۇلۇش بېكىتىگە كېلىپ چۈشتى.

ئەمدى ئۇلار قەيەردە ئولتۇراقلىشار؟

بۇ جاي ماساچۇسېتىس شتاتىنىڭ دېشبۇرگ بازىرى بولۇپ، ئۇلارنى قوبۇل قىلغان ئورۇننىڭ رەسمىي نامى ماساچۇسېتىس قۇتقۇزۇش ئورنى دارىلئاجىزىن ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆپى ئۇنى ئاددىيلا قىلىپ نامراتلارنى قۇتقۇزۇش ئورنى دەپ ئاتىشاتتى.

www.uyghurkitap.com

*سۇللىۋان ئائىلىسىدىكىلەر يەنىلا ناھايىتى كەمبەغەل، ئار-تۇقچە ئىشىنغان پۇلى يوق بولسىمۇ، ئەمدى ئاچ قالمىدى. بەخ-تىيارلىق، خۇشاللىقتا چۆمۈلدى.*

## ياخشى كۈنلەر

ئاننىبى بىلەن جىم ئالدى ھويلىدىكى دەرۋازىدىن ئۆتۈپ چىراغ غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان زالغا كەلدى. زالنىڭ بىر تەرىپىدە بىر ئادەم ئالدىراش بىر نەرسە يېزىۋاتاتتى. ئۇ بۇلارنى كۆرۈپ خۇشخۇيلۇق بىلەن توۋلىدى:

— ئوھۇ، كېلىڭلار، بۇياققا كېلىڭلار، سىلەرنى ئوبدانراق كۆرەي.

ئاۋازى ۋە ئاۋاق، قوناق شېخىدەك بويى بىلەن ئۇ بىر قارا چېكەتكىگە — شوخ ئەنگلىيە قارا چېكەتكىسىگە بەكلا ئوخشايتتى. ئۇ دەپتەرنى تاكى بوش بەت چىققۇچە ۋاراقلاپ ئاندىن توختىدى.

— سىلەر سۇللىۋان ئاچا — ئىنى، شۇنداقمۇ؟

ئاننىبى بىلەن جىم بېشىنى لىڭشىتتى، كەينى تەرەپتىن پەيتونچى دىن بوۋاينىڭ تىۋىشى كېلىۋىدى، ئىككىيلەن تەڭلا كەينىگە قارىدى. ناتونۇش، يار يۆلىكى بولمىغان بۇ جايدا، ئۇلارغا بايىلا كۆرۈشكەن دىن بوۋاي گويا كونا قەدىردانلاردەك بىلىندى.

— دىن بوۋا، تازا ۋاقتىدا كەلدىڭىز، — شىرەنىڭ كەينىدىكى كىشى ئۇنىڭ بىلەن خۇشال سالاملاشتى، — سىلەر دىن بوۋاينى كۆرگەنغۇ دەيمەن!

ئاننىبى بىلەن جىم يەنە بېشىنى لىڭشىتتى.

— مېنىڭ ئىسمىم گورانگېر، ئاۋۋال بىر قانچە مەسىلىنى

سورىۋالاي، ئاندىن سىلەرنى ياتاققا ئورۇنلاشتۇراي.
گورانگېر ئانىېيغا بىر پەس سەپسالغاندىن كېيىن قەلەمنى قولىغا ئالدى.
— سىزدىن باشلايلى، ئىسمىڭىز ئاننېي سۇللىۋان، توغرىمۇ؟
— شۇنداق، — دەپ جاۋاب بەردى ئاننېي.
ئۇ كىشى بىردەم يازغاندىن كېيىن، يەنە سورىدى:
— قانچە ياشقا كىردىڭىز؟
گورانگېر ئەپەندى كۈتتى. ئۆيئىچى جىمجىت بولۇپ، ھېچ-قانداق جاۋاب چىقمىدى.
— نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ — يەنىلا ئوخشاش سوئال، — سىز قانچە ياشقا كىردىڭىز، تۇغۇلغان كۈنىڭىز قايسى؟
— سىز قاچان تۇغۇلغان؟
— 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى، — جاۋاب بەردى ئاننېي.
ئاننېي يۈرىكى سالماستىن، يۈزى قىزارماستىن ئۆزى توقۇ-غان يالغاننى ئېيتتى. 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغان خاتىرە كۈنى، بەختىيارلىق، خۇشاللىق ۋە ئۈمىدكە تولغان ئېسىل بايرىمى ئىدى. بۇ كۈنى ھەممىياق شاد - خۇراملىققا تولاتتى. ھەر تەرەپتىن تەبرىكلەر ياغاتتى. كىچىك بالىلار تاتلىق كۆلەتتى، ئېغىزىدا بولس ماروژنىلار ئاستا - ئاستا ئېرىپ، تاتلىق تەمدىن لەززەت ئالاتتى. ئاننېي ئۆزىنىڭ قاچانلاردا تۇغۇلغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇنداق ئىكەن، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك كۈننىڭ شەرىپىدىن بەھرە ئالسا نېمە يامىنى بار؟
گورانگېر بۇنى خاتىرىلىۋالدى.
— قايسى يىلى 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تۇغۇلغان؟ ئاننېي، سىز زادى نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ سەككىز ياشقا، توققۇز ياشقا ياكى ئون ياشقا كىردىڭىزمۇ؟

ئاننېپىنىڭ نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىنى بىلىشى كېرەك. لېكىن، ئۇ دەررۇ ئېنىق جاۋاب بەرمىدى.

— ئون ياشقا كىرىپ قالدىڭىزمۇ يا؟ — گورانگېر ئۆزئۆزىگە سۆزلىدى، — چوپچوڭ قىز بوپقاپسىز! ئېيتىڭا، دىن بوۋا، راستمۇ؟

دىن بوۋاي بېشىنى چايقاپ قويۇپ، قويۇن سائىتىگە قارىدى.

— مېنىڭچە سەككىز ياشقۇ دەيمەن!

بۇ سوئال - جاۋابلار دەپتەرگە بىر - بىرلەپ خاتىرىلەندى.

گورانگېر خاتالاشقانىدى. چۈنكى، ئۇ ئاننېپىنىڭ يېشىنى ئۇنىڭ جۇغىغا، بويىغا قاراپ قىياس قىلدى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاننېپي يەنە ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى 4 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئون ياشقا كىرەتتى.

— ياخشى بولدى، ماتېرىيالىڭىز تولۇق بولدى. ئىنىڭىزدىن بىر قانچە مەسىلىنى سوراپ بولۇپلا، ھەممە ئىشنى تۈگىتىمىز.

گورانگېر دىن بوۋايغا قاراپ ئاجايىپ ھاياجان بىلەن سۆزلىدى:

— ئۇلارنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ دېشىبۇرگقا كەلگىنىگە ئادەمنىڭ ئىچى ئېچىشىدۇ. تاشلىنىۋېتىلگەن بوۋايلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەرگە قوبۇل قىلىنغان باللار ئىچىدە ئۇلار ئەڭ كىچىك ھېسابلىنىدۇ. ۋاي، بىچارىلەر!

گورانگېر ئاننېپي بىلەن جىم خاتىرىلەنگەن بەتكە ئاخىرقى رەت بىر قارىۋەتتى. مانا ئىسمى، تەۋەلىكى، تۇغۇلغان يىلى، ئاي، كۈن. «يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلار يېزىلدى، ئىشىنىڭ، ئىشەنمەڭ، بۇ كىچىككىنە ئىككى باللىنى يىراق - يىراقلاردىن بۇ يەرگە ئەكېلىپ ئورۇنلاشتۇرغان تەقدىر بولماي كىم بولاتتى؟» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۇ تەقدىر قىسمەت ئانىسىنىڭ پېشانىسىگە ئۇ تېخى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچماستىنلا پۈتىلىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىرېلاندىيىلىك بولۇپ، بىر يىلى ئىرېلاندىيىدە ئاچارچىلىق بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن 20 نەچچە يىلغىچە زىرائەتلەردىن ھوسۇل ئېلىنماي، ھەممىياق قاقاسلىققا ئايلاندى. نامرات يالالانما دېھقانلار ئامالىنىڭ يوقىدىن ئۆيىدىكى پۇلغا يارىغۇدەك نەرسىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سېتىپ تۈگەتتى. ئېتىزلار، يەرلەر، ئۆي ماكانلارمۇ سېتىلىپ پۇت تىققۇدەك جاي قالمىدى. ئۇلار نامراتلىشىپ ئاچ ـ يالىڭاچ قالدى. ئۇلارغا ياكى بۇيەردە قېلىپ ئۆلۈمنى كۈتۈش، ياكى يۇرت ماكانىنى تاشلاپ، باشنى ئېلىپ چىقىپ مۇساپىر بولۇپ كۈن ئېلىشتىن ئىبارەت ئىككىلا يول قالغانىدى.

1860 ـ يىلى، ئاپەتتىن قاچقانلار ئامېرىكا قىتئەسى يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ئۆركەشلىگەن دولقۇن كەبى ئېقىشقا باشلىدى. يىلنىڭ بېشىدا، سۇلىۋان جەمەتىدىن توماس بىلەن ئەلىس ئەر ـ ئايال يۇرتى ئىرېلاندىيىنى تاشلاپ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇققا بېرىپ كۆچمەن بولدى.

توماس دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. شۇڭا، ئۇ خوتۇنىنى ئېلىپ ماسسا چۇسېتىس شتاتىدىكى كىچىككىنە كەنت شىلۇگاندا ماكانلاشتى. ئۇ بۇ يەردە خىزمەت تېپىش پۇرسىتى كۆپلۈكى، جان بېقىش ئاسانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. دېگەندەك ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئىش تاپتى. باشتا سۇلىۋان ئەر ـ ئايال بەك غېرىبسىنىدى، مۇساپىرلىق تارتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەرگە ئىرېلاندىيىلىكلەر تۇركۇملەپ، ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىپ ماكانلاشتى. ئۇلار ئۆز يۇرتى ئىرېلاندىيە بولمىسىمۇ، بۇ جايدا كۈنلىرىنىڭ يۇرتىدىكىدىن ئوبدانراق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

1886 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى تۇغۇلدى. باستىر بالىنى يۇيۇندۇرغان چاغدا، بالىغا

www.uyghurkitap.com

نېمه دەپ ئىسىم قويىسىلەر؟ دەپ سورىدى. ئېلىزا بىلىنەر-
بىلىنمەس تەبەسسۇم بىلەن پىچىرلاپ: «جېيىن» دېدى. بۇ رەس-
مىي قويۇلغان ئىسىم ئىدى. ئەمما، كۆپچىلىك ئۇنى «ئاننېي»
دەپ چاقىرىشتى.

سۇللىۋان ئائىلىسىدىكىلەر يەنىلا ناھايىتى كەمبەغەل، ئار-
تۇقچە ئېشىنغان پۇلى يوق بولسىمۇ، ئەمدى ئاچ قالمىدى، بەخ-
تىيارلىق، خۇشاللىققا چۆمۈلدى.

بىر كۈن ئىچىدىكى ئەڭ گۈزەل پەيت گۇگۇم مەھەل،
ئاننېي چۇچۇك تىلى بىلەن گەپ قىلىشنى ئۆگىنىۋاتاتتى. توماس
ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ھېكايە ئېيتىپ بېرەتتى. كەچلىك تاماقتىن
كېيىن ئورۇندۇقنى تارتىپ ئولتۇرۇپ قىزىنى تىزىغا ئولتۇرغۇ-
زۇپ:

— بۈگۈن قايسى ھېكايىنى ئاڭلايسىز؟ — دەيتتى.

ئاننېي دادىسى سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەرنىڭ ھەممىسىنى
ناھايىتى ياقتۇرۇپ ئاڭلايتتى. بولۇپمۇ «كىچىك قىزىل بۆك»
كە بەك ئامراق ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئىرېلاندىيە ئىلاھلىرى
ھەققىدىكى ھېكايىلەر، رىۋايەتلەر، شېئىرلار. . . نىمۇ ياق-
تۇراتتى.

توماس ئاننېينى ياتقۇزۇشتىن ئىلگىرى دائىم ئۇنى بېشىدىن
ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوينايتتى، ئىلاڭگۇچتەك ئۇچۇرۇپ ئوينايتتى.
ئۆي ئىچىدە تېز - تېز يۈگۈرۈپ قىزىنى كۈلدۈرەتتى. بۇنداق
چاغلاردا ئۇ دائىم ئۇنلۇك قىلىپ ئاننېيغا:

— ئاننېي قىزىم، ئائىلىمىز نېمىدىگەن بەختلىك - ھە!
بىزنى ئىرېلاندىيە بەخت - تەلەي ئىلاھى قوغدايدۇ، بىزنى ھېچ-
كىم بوزەك قىلالمايدۇ! — دەيتتى.

*ئۇلار باشتا باللارنى يۈز ـ ئابروينى دەپ ھەمدە ئامالنىڭ يوقىدىن بېقىۋالغانىدى، كېيىن ساخاۋەتلىك ياخشى كىشى رولىنى ئېلىۋېرىشتىن زېرىكتى.*

## كومېتا (قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز)

ھالبۇكى، ياخشى كۈنلەر تولىمۇ قىسقا بولىدۇ. سۇللىۋان ئائىلىسىنىڭ بەخت ئىلاھى ئۇلاردىن يىراقلىشىشقا باشلىدى، ئۇلارغا ئوق كۆزى بىلەن قارىماس بولۇۋالدى.

شۇم تەقدىر ئاۋۋال ئاننىيغا چاڭگال سالدى. ئاننىي تېخى ئۈچ ياشقا كىرمىگەنىدى، كۆزلىرى قىچىشىپ، قاپىقىنىڭ ئىچىگە قۇم دانىچىلىرىدەك نەرسە ـ نەرسىلەر پەيدا بولدى. بۇ نەرسىلەر بارا ـ بارا قاتتىقلاشتى، چوڭايدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىچىشىدىغان، ئاغرىيدىغان بولدى.

ئاننىي كۆزىنى سۈرتىۋەردى، ئۇۋۇلاۋەردى، نەتىجىدە ئىش يامىنىغا مېڭىپ، بۇ دانىچىلار ئۇۋۇلىغانسېرى يوقالماقتا يوق، تېخى كۆز ئالمىسىنى سانجىپ ئاغرىيتتى. ئۇنىڭ كۆز ئاغرىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشتى.

سۇللىۋان ئائىلىسىنىڭ ئۇنى خۇسۇسىي دوختۇرلارغا كۆرسىتىپ داۋالاتقۇدەك پۇلى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار پاراۋانلىق ئورگانلىرىنىڭ سەييارە داۋالايدىغان دوختۇرلىرىنىڭ كېلىپ ئاننىينى ئېلىپ كېتىپ داۋالىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى.

ئۇلار نۇرغۇن چارىلەر ۋە مەخپىي رېتسىپلار بىلەن ئۇنى داۋالىدى. ئاننىي قوشنىسىدىن قوغۇنگۈلنى سۇغا چىلاپ، شۇ سۇدا كۆزىنى يۇيۇپ بەرسە داۋا بولغۇدەك دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، دېرىزىسى ئالدىدىكى قىپقىزىل ئېچىلغان قوغۇنگۈلنىڭ يوپۇرماق-

www.uyghurkitap.com

لىرىنى ئۈزۈپ كىرىپ قايناتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئاچچىق سۈيىدە ئاننىيىنىڭ كۆزىنى يۇدى. لېكىن، ئاننىي ئاغرىققا چىدىماي چىرقىراپ كەتتى. بۇ دورىنىڭ ھېچ ئۈنۈمى بولمىدى.

ئۇلار ئاخىر ئامالسىز قېلىپ، قىزىنى خۇسۇسىي دوختۇرغا كۆرسەتتى. دوختۇر ئاننىيىنىڭ قاپىقىنى قايرىپ تۇرۇپ، كىچىك پىچاقتا قاپاقتىكى قۇم دانىچىلىرىدەك نەرسىنى قىردى. ئاننىي ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراپ - جارقىراپ، تاتىلاپ كەتكەنىدى، دوختۇر قوپاللىق بىلەن:

— ئۇنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇڭلار، مىدىرلاتماڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى.

دورا پۇلىنى تۆلىيەلمەيدىغان بۇ كەمبەغەللەر دەپ ئويلىغان دوختۇرنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۆچقانىدى. ئۇ گۆركىرەپ:

— ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى.

قورقۇپ تۇرغان سۇللىۋان ئەر - ئايال ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئورۇندۇققا يۆلىنىپ تۇردى.

توماس ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئالدىغا بېرىپ دوختۇرغا يېلىنىپ:

— دوختۇر، شاپائىتىڭىزنى ئايىماي، قىزىمىنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىپ قويۇڭ، — دېدى.

— كۆزگە سۈرىدىغان دورا بېرەي، بىر كۈندە ئىككى قېتىم سۈرتۈپ بېرىڭلار، ئۈنۈمى ناھايىتى ياخشى بولىدۇ، — دوختۇرنىڭ سۆزىدە ئاز تولا ھەيۋە بار ئىدى.

سۇللىۋان ئەر - خوتۇن دوختۇرغا قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇڭا، خاتىرجەم بولۇپ يېنىپ كەلدى.

دوختۇر كوچىدا كېتىۋاتقان ئەر - خوتۇنلارغا ئارقىسىدىن قاراپ بېشىنى چايقىدى. چۈنكى، بۇ قىزنىڭ كۆزىنىڭ ساقىيىشىدىن ئۈمىد يوقلۇقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

«دانىچىلىق بىرىكتۈرگۈچى پەردە ياللۇغى (قۇم كۆز)».

بۇ كېسەلنىڭ نامىنى سۈلىۋانغا ئېيتىپ بېرىشكە ئۇنىڭ تىلى بارمىدى. چۈنكى، «قوڭۇر كۆز» پۇلدار كىشىلەر گىرىپتار بولسا بولىدىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ كېسەلگە ساپ ھاۋا، قۇياش نۇرى، پاكىز مۇھىت، گۆش، بېلىق تۇرىدىكى يېمەكلىكلەر، كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋە قاتارلىق ئوزۇقلۇقلارنى تەڭشەپ ئىستې-مال قىلسا شىپا بولاتتى. شۇڭا، نۇرغۇن پۇل بولسا ئاندىن بۇ كېسەللىكنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولاتتى.

دوختۇر قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا باش قاتۇرمايچۇ، دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز بېشىنى چايقىدى. ئەگەر ئاننېينىڭ ئاتا ـ ئانىسى پۇلدار بولغان بولسا، ئۇ ھەرگىزمۇ بۇنداق يامان كېسەلنى يۇقتۇرۇۋالمايتتى. «قوڭۇر كۆز» دېگەن بۇ كېسەل نام-راتلارنىڭ كۆلبېلىرىگەئامراق، مەينەت رايونلاردا تارقىلىدۇ.

دۇنيانىڭ ئىشلىرى تولىمۇ غەلىتە، بالا كەلسە قوشلاپ كې-لىدۇ، ئاننېي كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغاندىن كېيىن ئەلىسمۇ ئاغرىپ قالدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن، ئەلىس گېلىنى تۇتۇپ بېقىپ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، ئاغرىق پەسەيمەكتە يوق، بوش قىزىشقا باشلىدى. ئۇ كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ، پۈتۈن بەدىنىدە بىر خىل چارچاش، ماغدۇرسىزلىق سېزىلدى، يەنە قاتتىق يۆتەل پەيدا بولدى. ئەلىس دوختۇرغا كۆرۈنمەيمۇ ئۆزىنىڭ نېمە كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئۆپكە تۇبېركۇليوزى» مەخسۇس كەمبەغەللەرگە چاپلىشىۋالىدىغان داۋا-سى يوق بىر كېسەل ئىدى.

ئامەت قاچسا بالا ـ قازا ئىشىكتىنمۇ، تۈڭلۈكتىنمۇ كىرەر دېگەندەك، بىر قانچە كۈندىن كېيىن ئەلىس ئېرىگە:

— توماس، بىز يەنە بالىلىق بولىدىغان بولدۇق، — دېدى.

ئەلىس بۇ خەۋەرنى ئېيتقاندا، ئۇلار تاماق يەپ ئولتۇراتتى. توماس ئۇنچىقماستىن قولىدىكى ۋىلكا، پىچاقنى قويدى، ئېغىزد-

ىدىكى تاماقنى يۇتۇۋېتىپ سورىدى:

— قاچان تۇغىسەن؟

— قىشقا بارارمىكىن، مېنىڭچە مىلاد بايرىمىنىڭ ئالدى - كەينىدە تۇغۇپ قالارمەنمىكىن.

توماس خاپا بولۇپ غودۇڭشىدى.

— بېلىمىزنى ئۈزۈۋېتىدىغان ئېغىر سوۋغا بولىدىكەن - دە، ئۇ! — دېدى - دە، سالفېتكىنى زەردە بىلەن تاشلاپ قويۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا چىقىپ كەتتى. ئەلىس ئېغىر خورسىندى. ئۇنىڭدا نېمە گۇناھ؟ ھەممە ئىش تەتۈرىگە مېڭىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆپكە تۇبېركۇليوز كېسىلى، ئانىسىنىڭ كۆز ئاغرىقى ئاز كەلگەندەك، پۇل خەجلەيدىغاندىن يەنە بىرى بۇ ئائىلىگە قوشۇلماقچى ئەمدى، بىر كويىنى ئىككى كوي ئورنىداخەجلىگىلى بولاتتىمۇ؟

1869 - يىلى 1 - ئايدا جىم تۇغۇلدى. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئاجىز، كېسەلچان بالا بولدى. تېخى ئاپىسىنىڭ كېسىلىگە ۋا- رىسلىق قىلدى، يەنى ساغرىسىغا يوغان تۇبېركۇليوز ئۆسمىسى چىقتى.

كېيىنكى كۈنلەردە ئەلىسنىڭ چىرايىدىن سېرىقلىق كەتمە- دى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتتى، كېيىن كىشىلەر ئانىسىغا، ئاپىڭىز ياش ۋاقتىدا ناھايىتى ئوچۇق، خۇشخۇي، كۈلگۈنچەك ئىدى، دېيىشتى. ۋاھالەنكى، ئانىسىنىڭ خاتىرىسىدە ئاپىسى سەبدە چىراي، سۇلغۇن، قوناق شېخىدەك ئاۋاق، ھەيكەلدەك جىمغۇر ئىدى.

ئانىسى بىلەن دادىسى كۈنلەرنى يەنىلا كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى. دادىسى قىزىغا داۋاملىق ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ بەردى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بەر- دى، بىرلا يېرى قېتىم سانى بارا - بارا ئازايدى. بەزى خاتىرىلەر ئۇنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. بىر كۈنى دادىسى ئۇنىڭ يېنىغا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ سورىدى:

— بۈگۈنمۇ ئاغرىۋاتامدۇ؟

ئانىسى دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ كۆز ئاغرىقىنى سوراۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئومىقىم، كەل، بۈگۈن ھاۋا ياخشى تۇرىدۇ. سېنى ئايلاندۇرۇپ كېلەي، — توماس ئۇنى قولىدىن يېتىلەپ ماڭدى.

ئاتا بىلەن قىز بەش چاقىرىم يول يۈرۈپ قوشنا بازارغا كەلدى. توماس بۇ جايغا بىر كۆز دوختۇرى كەلدى، دەپ ئاڭلاپ قىزىنى ئالايىتەن ئەكەلگەنىدى. ئەمما، دوختۇر ئانىسىنىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ بېشىنى چايقىدى.

داۋالاش ئورنىدىن ئايرىلىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، توماس ئانىسىنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

— ئاپپىقىم، ئەنسىرىمە، بۇ دوختۇر سېنىڭ كېسىلىڭنى تاپالمىدى. لېكىن، مەن ھامان بىر كۈنى ئۇستا دوختۇر تېپىپ كۆزۈڭنى داۋالىتىپ ساقايتىمەن، — دېدى ۋە مەيدىسىگە ئۇرۇپ كاپالەت بەردى.

ئۇ ئانىسىنى مۈرىسىگە ئېلىپ:

— سەن چوڭراق بولغاندا، سېنى يۇرتۇم ئىرېلاندىيىگە ئېلىپ بارىمەن. ئىرېلاندىيىدىكى شاننون دەرياسىنىڭ سۈيى بىلەن يۇيىمەن. شۇندا كۆزۈڭ ئاغرىمايدىغان بولىدۇ، — دېدى. ئاندىن ئۇ چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن قوشۇپ قويدى، — ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ شىپالىق سۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئانىسىنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئاۋاق، ۋىجىك ئانىسى ئامېرىكىنىڭ ماسساچۇسېتس شتاتىدىن ئىرېلاندىيىدىكى شاننون دەرياسىغا بارغۇچە بولغان يول ۋە ئارىلىقنىڭ قانچىلىك يىراقلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟

توماس قىزىنى ئېلىپ بازار مەركىزىدىكى ئاۋات رايونغا باردى. بىر ماگىزىنىنىڭ ۋىترىناسىغا ناھايىتى چىرايلىق بىر ئاق شىلەپە قويۇلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

— ۋاھ، — ئاننىي ۋىترىنا ئەينىكىگە بۇرنىنى يېقىپ زوق بىلەن توۋلاپ كەتتى.

ئاق شىلەپىنىڭ ھاۋارەڭ تاۋار لىنتىسى كەينىگە چۈشۈپ تۇراتتى. توماس قىزىغا بىر قارىۋېتىپ، ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپ-لاقلاپ قويۇپ ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى.

ئاننىي پىرىكازچىكنىڭ ۋىترىنادىن ھېلىقى شىلەپىنى ئال-غانلىقىنى كۆردى. ھايال ئۆتمەي توماس ماگىزىندىن چىقىپ، شىلەپىنى ئاننىيغا كىيگۈزۈپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم شىلەپە كىيىشى ئىدى. يەنە كېلىپ بۇ چۆچەكلەردىكى كىچىك پەرىلەر كىيىدىغاندەك ئاجايىپ چىرايلىق شىلەپە ئىدى! دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق شىلەپىنى كىيگەن ئاننىي يول بويى خۇشاللىقىدىن ئىغىزىنى يۇمالماي قالدى.

ئائىلىدىكىلەرنى كېسەل ئالۋاستىسى ئىسكەنجىگە ئېلى-ۋالدى.

توماس ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋاتقان بۇ قاتمۇ قات قېيىنچى-لىق ئالدىدا گاڭگىراپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. قەلبىدىكى دەرد-ئەلەم، غەم قايغۇدىن قانداق قۇتۇلۇشنى ئۇ بىلەلمەيۋاتات-تى. ئىغىر يۈك، غەم قايغۇ توماسنى قاتتىق ئازابلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا-ئاستا توغرا يولدىن تېيىپ، ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىۋالدى. ھالبۇكى، ئۇ ھاراق بىلەن غەم قايغۇدىن خالاس بولىمەن دېگەنسېرى، ئۇنى تېخىمۇ بەك غەم باستى.

توماس دائىم ئىچىپ غەرق مەست بولۇپ ئۆيگە كېلەتتى. ئەلىس يەنە بىر بالا تۇغقاندىن كېيىن، كېسەللى ئېغىرلاپ، ياداپ قورايدەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاق بەك قەغىش بولغاچقا، ئانا قىزىغا تۈزۈكرەك كۆڭۈل بۆلەلمىدى.

كىچىككىنە ئاننىي كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئوي-چوڭقۇرلى-رىنى بىلمەيتتى، كىشىلەر كۆڭلىنى چۈشەنمەيتتى. ئۇ پەقەت باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشىگە، سۆيۈشىگە، مېھرىگە موھتاج ئىدى.

ۋاھالەنكى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا مېھرىنى بېرىدىغان، پەپىلەپ ئەركىلىتىدىغانغا ھەپسىلىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبىدە ئەنسىزلىك ۋە بىئاراملىق بىرلىشىپ نامەلۇم بىر يالقۇن پەيدا قىلىپ، ئۇنى غەزەپلىك، دائىم ئاچچىقلىنىدىغان، چېچىلغاق قىلىپ قويدى. ئاننىپي ئۆزىنى زادىلا تۇتۇۋالالمايدىغان بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئۇ سەبىي، خۇشخۇي قىزدىن ئۆزگىرىپ، ئەسەبىي، ھەدىسە ئاچچىقلاپ، چېچىلىپ يۈرىدىغان قىزغا ئايلاندى.

سەبىي ئاننىپىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۇسۇلى چوڭلارنىڭكىگە پەقەتمۇ ئوخشىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسۇلى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان غەزىپىنى چىقىرىش ئۈچۈن بار ئاۋازى بىلەن چىرقىرايتتى، ۋارقىرايتتى، بىر نېمىلەرنى تاشلايتتى، ئاتاتتى، چاقاتتى، بۇنىڭ ھەممىسى نامەلۇم قورقۇنچلۇققا تاقابىل تۇرۇش يولىدىكى ئۇرۇنۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ مىجەزى ھەممىلا ئادەمنىڭ سەۋر قاچىسىنى چاقتى، ھەتتا قوشنىلارمۇ ئۇنى «ئادەم بىزارى» دەيدىغان بولدى.

بىر قېتىم، ئۇ دوخوپكىغا قولىنى تىقىپ پىشۋاتقان بولكىنى ئالىمەن دەپ قولىنى كۆيدۈرۈۋالدى. گۇناھنىڭ ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنە ئەسەبىيلىشىپ لاخشىگىر بىلەن بولكىنى قىسىپ ئېلىپ يەرگە ئېتىۋەتتى.

ئەلىس ئاننىپىنىڭ ئائىلىدىكىلەرنىڭ قىممەتلىك ئاشلىقىنى نابۇت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىداپ تۇرالماستىن، ھالسىز ئىڭرىدى:

— ئاننىپي، ئاننىپي ....

يەنە بىر قېتىم، ئەلىس ئاننىپىنى بۆشۈكتە ياتقان سىڭلىسى مارىغا قارىتىپ قويدى. ئاننىپي ئاپامنىڭ ماڭا بېرىدىغان ئانىلىق مېھرىنى، ئامراقلىقىنى تارتىۋالدى، دەپ سىڭلىسى مارىينى پەقەتلا ياخشى كۆرمەيتتى. ھازىرمۇ ئۇنى تەۋرىتىپ ئولتۇرۇپ بىردىنلا شۇنى ئويلاپ تەلۋىلىكى تۇتتى -دە، بار كۈچى بىلەن

تەۋرىتىپ سىڭلىسىنى بۆشۈكتىن يىقىتىۋەتتى.

ئۇ كۈنى ئاخشىمى دادىسى ئۇنى تازا سالدى. ئۇ چىشىنى چىڭ چىشلەپ تۇردى، كۆزىدىن تامچە ياش ئاققۇزمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆچمەنلىك ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس يالقۇنغا ئايلاندى.

ئانىبىينىڭ مىجەزى ئوڭشىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخىمۇ ئەسكىلىشىپ، ئوڭشىغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئۇ ئەتىگەنلىرى دادىسىنىڭ ساقال ئېلىشىنى كۆرۈشكە ئامراق ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەن، ئۇ ساقال ئېلىش مەلھىمى قاچىلانغان بوتۇلكا ئېغىزىنىڭ كۆپۈكلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىردەم قاراپ تۇردى. كۆپۈكچىلەر ساقالنى پۈتۈنلەي كۆمۈۋەتتى. ئۇ ئاستا قولىنى ئۇزىتىپ، كۆپۈك ئارىسىغا تىقتى.

ئەپسۇس، توماسنىڭ كەيپىمۇ ياخشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئۇ:

— قولۇڭنى تارت، — دېدى ۋە ئانىبىينىڭ كىچىككىنە قولىغا ئۇرىۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئانىبىينىڭ ئۆچ - ئاداۋىتى ۋە نەپرىتى گويا ۋۇلقان كەبى ئېتىلىپ چىقىپ ئىشنىڭ چوڭى تېرىلدى. يەنى، ئانىبىي يېنىدىكى شىشە، قاچىلارنى ئېلىپ كەينى - كەينىدىن ئەينەككە غەزەپ بىلەن ئاتتى. ئەينەك چىقىلىپ چۇل - چۇل بولۇپ يەرگە چۈشۈپ، تامدا قۇرۇق رامكا ساڭگىلاپ قالدى.

ئانىبىي ئاۋازىنىڭ بارىچە چىرقىرىدى. دادىسى ئۇنى يا ئۇرمىدى، يا ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىمىدى، پەقەت ياغاچتەك تۇرۇپ قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەن تەرزدە:

— ساڭا جىن چاپلاشتىمۇ، ياكى ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ قىلىدىغان ئىشلىرىڭنى قارا سېنىڭ، سەن كومپىتا ئائىلىمىزگە ئاپەت ئېلىپ كەلدىڭ. . . بۇنىڭغا يەتتە يىل بولدى، — دېدى. دانىمۇدانە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر ئانىبىينىڭ يۈرىكىگە گويا نەشتەردەك

سانجىلدى.

بىچارە ئاننىي قۇربانلىق بولۇپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە توماسنىڭ كەيپىنى ئۇچۇرغىنى ئەينەكنىڭ سۇندۇرۇلغىنى بولماستىن ئائىلىسىدىكى نامراتلىق ۋە كېسەللىك ئىدى. خېلى ئۇزۇن يىللارغىچە دادىسىنىڭ قارغىشى ئۇنى ئۇيقۇسى قاچقان ئۇزۇن تۈنلەردە ناھايىتى بىئارام قىلدى.

ئامەت كەلسە قوش كەلمەس، ئاپەت كەلسە تاق كەلمەس دېگەندەك، نامراتلىق بىلەن كېسەللىك بەئەينى ئاچقىلى بولمايدىغان بىر كىشەنگە ئايلاندى. بالا قازا قايتىلىنىپ، يىلمۇ يىل ئۇلارنى يوقلاپ تۇردى. جىم ئۈچ ياشقا كىرگەندە ئۆسمىسى يوغىناپ كەتتى، ئاننېينىڭ كۆز ئاغرىقى يەنىمۇ يامانلاشتى. ئەلىسنىڭ كېسىلىگە داۋا تېپىلمىدى. توماس ھاراقكەشلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ ئۆزىنى چىقىرالماي قالدى. ئەھۋال مۇشۇ دەرىجىگە يېتىپ بۇنىڭدىنمۇ يامان ئاقىۋەتنىڭ بولۇشىغا ئادەمنىڭ كۆزى يەتمەيتتى. مۇشۇ ئازابلىق، قىيىن كۈنلەردە جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئەلىس بۇ ئائىلىنى ئاران - ئاران ئائىلە قىلدى. تۇبېركۇليوز كېسىلىنىڭ مىكروبى ئۇنى گويا قۇرتتەك جىم - جىم ئىچىدىن غاجىلاپ تۈگەشتۈردى. تۈنۈگۈنلا ھايات يۈرگەن ئەلىس ئەتىسى ئۇ ئالەمگە كەتتى. ئۆينىڭ تۈۋرۈكى يىقىلىپ، ھەممە مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى.

ئامالسىز سۇللىۋاننىڭ تۇغقانلىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ بىر ھاراقكەش ئەر بىلەن ئۈچ كىچىك بالىنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

تۇغقانلارنىڭ ۋەكىلى ھەممە تۇغقانلارنىڭ تۇغقانلار يىغىنى ئېچىلىدۇ، يېقىن ئەتراپتىكىلەر قالماي كېلىپ قاتنىشىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش قىلدى. ئاللان ھاما تەشەببۇسكارلىق بىلەن جىم ۋە كىچىك قىز مارىنى بېقىۋالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

تۈزەتكىلى بولمايدىغان ئەسكى خۇي - مىجەزى ۋە ساقايماس

كۆز كېسىلى بولغاچقا ئانىيىنى باقىدىغان ئادەم چىقمىدى.

بىر پەس مۇزاكىرە بولغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك ئانىيىنى نەۋرە ئاكىسى جون بىلەن ئايالى سۇددارخ بېقىۋالسۇن دېيىشتى. نېمىلا بولمىسۇن جوننىڭ پۇلى بار، چوڭ بولمىسىمۇ بىر تاماكا زاۋۇتى بار، ئۆزى مەبلەغ سالغاچقا ئۆزىلا باشقۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇ كىچىكرەك بولسىمۇ بىر خوجايىن ـ دە.

ــ ھەممىدىن سىلەر باي بولغاندىن كېيىن، ئۇنى سىلەر باقساڭلار بولىدۇ، ــ دېيىشتى كۆپچىلىك ۋە ئانىيىنى بېقىۋېلىشنى ئۇلاردىن تەڭلا تەلەپ قىلىشتى.

ــ تازىمۇ يولسىزلىق بولدى بۇ، سىلەر بىزنى كۆرەلمەي ـ ۋاتىسىلەر، ــ دەپ قاقشىدى سۇددارخ، لېكىن ئادەمگەرچىلىك مەسئۇلىيىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرالمىدى. شۇ كۇنى چۇشتىن كېيىن ئۇلار ئائىلاج ئانىيىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتتى.

سۇددارخ بۇ چاقىرىلمىغان مېھمانغا سەممىي مۇئامىلە قىلدى. ئىمكانقەدەر ئۇنىڭ رايىغا باقتى. ئەپسۇسكى ئانىيى بارلىق ئائىلە قائىدىلىرىگە ئۆچ بولدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ دەخلى تەرۇز قىلغىلى بولمايدىغان «ئەركىنلىك» دىن باشقا ھېچ نەرسىسى قالمىغان بولۇپ، ئۆزىنى ئۇبدان قوغدىمىسا بولمايتتى.

ئانىيى گۆدەك بولغاچقا، توغرا بولغان ھەق ـ ناھەق قارىشى يوق ئىدى. پەقەت ئۆز تەبىئىتى بويىچە ئاتالمىش «ئەركىنلىك» نى ۋاستە تاللىماستىن بىغەرەزلىك بىلەن قوغدايتتى. ئۇنىڭ قوپاللىقى، تەلۋىلىكى سۇددارىخنى نەچچە قېتىملاپ شۇنداق قاتتىق قورقۇتۇۋەتتىكى، ئۇ ئانىيىنىڭ چىشىغا تېگىشكە پېتىنالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئائىلە قائىدىسى، ئائىلە تەربىيىسى دېگەنلەر ئانىيىغا پەقەتمۇ كار قىلمايتتى، سۇددارخمۇ ئۇنى باشقۇرۇشتىن يالتىيىپ، ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. ئۇ ئۆزى قايناپ ئۆزى سوغىلىۋەرسۇن، ئۇنىڭ بىلەن كارىم بولمىسىلا بولمىدىمۇ، دېگەن يەرگە كەلدى.

ئانىپي بىر مەھەل ئۆزى بىلگەننى قىلىپ راسا پۇخادىن چىقتى. ئەتىياز كېلىشىگە ئۇ ئېتىز - داللاردا چېپىپ يۈردى. بىردە چارۋىچىلىق مەيدانىغا بارسا، بىردە يايلاقلاردا يايلىدى. ئالما دەرىخىنىڭ ئاچىماقلىرىدا ئولتۇرۇپ شېرىن خىياللارنى سۈردى. پاخال دۆۋىلىرىدە ئاسمانغا قاراپ يېتىپ كۈن ئۆتكۈزدى. ئۆزىنى بېقىۋالغان «ئۆي» دىن يىراق بولسىلا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئارام تاپاتتى، يايراپ كېتەتتى، خۇشال بولاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى، جون خوتۇنى سۈددارخقا:

— ئويلاپ باقە، بۈگۈن ئانىپىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندىمەن؟ قارىسام ئۇ ئاشلىق ئامبىرىنىڭ كەينىدىكى چۆپ-لۈكتە ياتىدۇ، مەن ئۇنى توپتوغرا بەش مىنۇت كۆزەتتىم. ئۇ قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋاپتۇ، مىدىر سىدىر قىلمايدۇ، دەرەخ-تىن بىر قۇشقاچ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ تېنىگە قونغانىدى، ئۇ يەنىلا مىدىرلىمىدى. قۇشقاچ ئۇنىڭغا بىر قارىۋېتىپ ئۇچۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن قۇشقاچ يەنە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ بارماقلىرىغا قوندى. ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە گويا قەدىردان دوست-لاردەك بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشتى. بۇنىڭغا ھېچ ئەقلىم يەتمەي توۋا دەپ ياقامنى تۇتتۇم.

— بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان نېمىسى بار، — دېدى سۈددارخ توڭلۇق بىلەن، — قۇش بىلەن دوستكەن دەمسىز؟ ناھايىتى بىر قۇشكەنغۇ، لېكىن ئانىپي بىر ۋەھشىي ھايۋان، ئۇنى باققاندىن كۆرە بىرەر تايچاق ياكى موزاي باققان بولساق ئېغىز - بۇرنىمىز ياغ بولار ئىدى.

— ئۇ ئۆيدە جىمى ئەسكىلىكنى قىلغان بىلەن سىرتتا ئاجا-يىپ ياۋاش، سەۋرچان، رايىش ئىكەن، — دېدى جون ھاياجان بىلەن.

كۈز كەلدى، مەكتەپلەردە ئوقۇش باشلىنىشقا ئاز قالدى. ئانىپي ئوقۇش يېشىغا يەتكەنىدى. بىر كۈنى ئۇ يەڭگىسى سۈد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دارخىنىڭ قېشىغا كېلىپ:

— مەن مەكتەپتە ئوقۇسام بولامدۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇشاللىق ۋە ھاياجاندىن تىترەپ چىقتى.

— خام خىيالنى ئاز قىلىڭ، — دېدى سۇددارخ دىمىغىنى قېقىپ، — كۆزىڭىز مۇشۇنداق تۇرسا، سىز ئۆمۈر بويى كىتاب ئوقۇيمەن، خەت يېزىشنى ئۆگىنىمەن دەپ خىيال قىلماڭ.

مىلاد بايرىمىغا ئاز قالغاندا، جون بىلەن سۇددارخ ھەركۈنى چوڭ - كىچىك بوغچا، سومكىلارنى ئالدى ھويلىدىكى زالغا ئەكىرىپ قويدى. بۇ نەرسىلەر مىلاد سوۋغىسى بولغاچقا، ئۇ يەرگە بالىلارنىڭ ھېچقايسىسىنى كىرگۈزمىدى، بىرلا ئاننېي خالىغانچە كىرىپ - چىقىپ يۈردى.

بىر كۈنى، ئاننېي ئاجايىپ چىرايلىق بىر قونچاقنى كۆرۈپ قالدى - دە، كىچىك ئورۇندۇقتا ئۇنىڭغا قاراپ جىممىدە ئولتۇردى. قونچاقنىڭ چوڭقۇر كەلگەن كۆزلىرى زۇمرەتتەك كۆك، چاچلىرى ئالتۇن رەڭ، يۈزى پارقىراق، يۇمران بولۇپ، چىلەتەكلىك يىپەك كۆڭلىكى ئۇنى ئاجايىپ چىرايلىق كۆرسىتەتتى.

زال غۇۋا يورۇپ تۇرغاچقا، ئاننېي ئۇنى ئوچۇق كۆرەلەيتتى. كۆزلىرى روشەن كۆرەلمىسىمۇ، ئۇ بۇ قونچاقنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق، دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئېسىل قونچاق ئىكەنلىكىنى بىلدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ھەدىسىلا غىپپىدە زالغا كىرىۋېلىپ، قونچاققا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولدى. ئۇ قونچاقنى بەزىدە قۇچىقىغا ئېلىپ بوش ئۇرۇپ پەپىلەيتتى، ئەركىلىتەتتى، سۆيۈپ كېتەتتى. بايرام ئالدىدىكى بۇ يېقىنچىلىقلاردىن ئاننېيدا بۇ قونچاق ماڭىلا مەنسۇپ دەيدىغان خاتا قاراش پەيدا بولدى.

تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن مىلاد بايرىمى ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئائىلىدىكى ھەممىلا كىشى ئادەت بويىچە زالغا كىردى. جون مىلاد بوۋاي بولۇپ ياسىنىپ مىلاد سوۋغىسى تارقاتتى. ھەممىلا بالا

بىردىن سوۋغا ئالدى. ئاننىي بولسا ئۆزىگە بېرىلگەن سوۋغىنى
ئالدىيۇ، قاراپمۇ باقماي يېنىغا قويۇپ قويدى. چۈنكى، ئۇنىڭ
كۆزى ھېلىقى قونچاقتا بولۇپ، ئۇ قونچاقنىڭ ئۆزىگە بېرىلىشى-
نى كۈتكەنىدى. ۋاھالەنكى، جون قونچاقنى ئۆزىنىڭ قىزىغا
بەردى.

شۇئان ئاننىي ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي، گويا قاتۇرۇپ
قويغاندەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن ئۇ ئۈشتۈمتۇت ئېتى-
لىپ بارغانچە بېرىپ قونچاقنى تارتىۋالدى - دە، ئۇنىڭ ئالتۇن
رەڭ چاچلىرىنى يۇلۇپ - يۇلۇۋېتىپ يەرگە ئېتىۋەتتى. ئارقىدىن
ساراڭ بولۇپ قالغاندەك ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ئاتتى،
چاقتى، تەپتى. جون ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنى تۇتۇۋالدى، ئائىلى-
دىكىلەرنىڭ بايراملىق خۇشال كەيپىياتىمۇ ئاللىقاياقلارغا كەتتى.

بۇنىڭغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولسۇن! يەنە جەمەت يىغىنى
ئېچىلىپ ئاننىينىڭ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشى مۇزاكىرە قىلىن-
دى. ئۇلار باشتا بالىلارنى يۈز ئابرۇيىنى دەپ ھەمدە ئامالسىز-
لىقتىن بېقىۋالغانىدى، كېيىن ساخاۋەتلىك ياخشى كىشى رولىنى
ئېلىۋېرىشتىن زېرىكتى.

بىراق، ئاللان مارى ياۋاش، ئوماق بالا، مەن ئامراق بولۇپ
قالدىم، داۋاملىق بېقىۋېرىمەن. لېكىن، جىمنىڭ ئۆسمىسى يو-
غىناپ، كېسەللىك ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، داۋالاش
پۇلىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمەن، دېدى. ئاننىينى ئادەم
قىلىشقا كۆزى يەتمىگەچكە، ئۇنى ھېچكىم بېقىۋېلىشنى خالىما-
دى.

جون بىلەن ئايالى ئۆيگە بارماستىنلا جىم بىلەن ئاننىينىڭ
تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولدى. جەمەت يىغىنى ئۇلارنى دېشبۇرگدى-
كى قۇتقۇزۇش ئورنىغا ئاپىرىپ بېرىشنى قارار قىلدى. شۇنىڭ-
دىن تارتىپ ئۇلارنىڭ سۇللىۋان جەمەتىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلدى.

*ئاننىپى مىنۇت جىم تۇرۇپ ئارام ئالمىدى، شۇنداقلا ئارامدا خۇدا ئۇخلاپمۇ باقمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپلا قالسام، قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ، ئەزرائىل ئاۋاز چىقارماي جىمجىمىدە كېلىپ جىمنى ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قورقۇپلا يۈرەتتى.*

## قۇتقۇزۇش ئورنى

گورانگېر دەپتىرىنى يىغىشتۇرۇپ، قەلىمىنى سىياھ سۈمۈرىدىغان قەغەزدە سۈرتتى.

— مانا بولدى! ئىككىڭلارنىڭ ماتېرىيالىنى خاتىرىلىۋالدىم، دىن بوۋا، مالال كۆرمەي سىز جىمنى ئەرلەر ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇڭ، مەن ئاننېينى ئاياللار ياتىقىغا ئاپىراي.

جىم بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى، يەنى بۇ گەپنىڭ ئىككىيلەننىڭ ئايرىلىپ كېتىشىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئاچىسىدىن بۇرۇنراق چۈشىنىپ، ئاننېينىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئېتىپ ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— ياق، بولمايدۇ، ئىككىمىز بىللە بولىمىز، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئاننىپى ئىنىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ئاننېينىڭ قەلبىدە ئىلگىرى زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولۇپ، ئۇ قېرىنداشلىق مېھرى، قانداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ تۇرتكىسىدە تۇنجى قېتىم «ئۆزى» دىن باشقا بىرىگە كۆڭۈل بۆلدى.

گورانگېر قوشۇمىسىنى تۇرۇپ بىر پەس ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ: — بوپتۇ! مېنىڭچە جىم سىز بىلەن بىللە قىزلار ياتىقىدا تۇرسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، سىز ماڭا بىر ئىشقا ۋەدە بېرىڭ، ئۇ چوقۇم يوپكا كىيسۇن.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم ئادرېسى

گورانگېر ئاننېپىنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىنى كۆرۈپ قاراۋۇ-
رىشكە يۈرىكى چىدىماي دەررۇ باشقا ياققا قارىۋالدى.

يەنە قىزلارنىڭ كىيىمىنى كىيدىغان ئىشمۇ؟ جىم تېخى يېقىندىلا ئېغى ئوچۇق ئىشتاننى تاشلاپ، چوڭ يىگىتلەردەك ئۆزۈن ئىشتان كىيگەن ئەمەسمىدى؟ جىم ئىختىيارسىز ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

بۇ دۆرەم ئاننېپىنىڭ ئىنكاسى تېز بولدى. ئۇ دەرھال ئىند-
سىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىۋېلىپ:

— ماقۇل، ئەگەر بۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قائىدە بولسا، شۇنداق قىلساق قىلايلى، — دېدى.

ماسساچۇسېتس شتاتىدىكى بۇ قۇتقۇزۇش ئورنىدا سېستىرا-
مۇ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى، دورىلارمۇ يوق ئىدى. شتاتلىق هۆكۈمەتنىڭ دوختۇرلارغا ئاجراتقان پۇلى ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى، دوختۇرلار ئاندا - ساندا هۆكۈمەت ئىشىنى بېجىرىش يۈزىسىدىن كېلىپ ئۆزۈنچاق ئىككى بىنانى، يەنى ئاياللار ياتىقى بىلەن ئەرلەر ياتىقىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىقاتتى.

بۇ جاي نامدا قۇتقۇزۇش ئورنى دەپ ئاتالسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ي - ماكانى يوق سەرگەردانلارنى يىغىۋېلىش ئورنى ئىدى. يار - يۆلىكى يوق، بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان قېرىلار، روهىي كېسەللەر، هاراقكەشلەر بۇ يەرنىڭ دائىملىق مېهمىنى ئىدى.

ئاننېي بىلەن جىم يىراقلاردىن كېلىپ بۇ كىشىلەر ئارىسىغا قوشۇلدى.

بىرىنچى ئاخشىمى، ئاننېي بىلەن جىم ئاياللار ياتىقىغا ئو-
رۇنلاشتۇرۇلدى. بۇ ياتاقتىكىلەرنىڭ هەممىسى كېسەلمەن قېرى ئاياللار بولۇپ، ئۇلار كارىۋاتلاردا ياتسا بەئەينى ئەرۋاھتەك كۆرۈ-
نەتتى. ياتمىغان چاغلاردا تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سائەت-
لەپ ئورۇندۇقنى غىچىرلىتىپ تەۋرىتەتتى. غوۋا ئۇي ئىچىدە

www.uyghurkitap.com

گەپ ـ سۆزلەر كەمدىن ـ كەم بولاتتى.

ئاننىيغا بۇ خىل كەيپىيات پەقەت ياقمىدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى سۆرۈن تەلەت بولۇپ، تېتىكلىك، جانلىقلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ جىمغۇرلۇقى ۋە ئورۇندۇقنى تەۋرىتىپ ئولتۇرۇشلىرىدىن ئاننىينىڭ يۈرىكى بەكمۇ سىقىلدى. بۇنداق بولۇشى، يېڭى تۇغۇلغان بەرجەس موزايدەك ئۇنىڭ بىر جايدا جىم تۇرغۇسى كەلمەيتتى، كۆزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇ باشقا كېسەل-لىك ئازابىنى تارتمىغانىدى.

قېرى ئاياللارنىڭ كۆپى ئاننىي بىلەن ئىنىسىغا پەقەتمۇ كۆڭۈل بۆلمىدى. بالىلارمۇ ئىش ئۇقمىغاچقا، ئۆزلىرى بىلەنلا بولۇپ، بۇ چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمى-دى. ئەمما، ئىككى ئايال ئاننىي بىلەن دوست بولدى. ئۇنىڭغا بۇلار باشقىلارغا ئوخشىمايدىغاندەك، ھېچبولمىغاندا «تىرىك كىشىلەردەك تەسىر بەردى. بۇ ئاياللارنىڭ بىرى ئەما بولۇپ، ئۇ ھەمىشە ئاننىينىڭ قولىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئاجايىپ ـ غارايىپ ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ماچ كارو ئىسىملىك يەنە بىر ئايال ئېغىر بوغۇم ياللۇغى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، پالەچ بولۇشقا ئاز قالغانىدى. كارىۋاتقا چىقىشتىمۇ، چۈشۈشتىمۇ بەك قىينىلاتتى. ئۇ دائىم ئاننىينىڭ كۈچىدىن پايدىلىناتتى. يەنى ئۆرۈلۈش، ئولتۇرۇشتا قىينالسا ئاننىينى چاقىرىپ ياردەملەشتۈرەتتى. ئاننىيمۇ قانداقلا ئىش بولسۇن يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشەتتى.

ماچمۇ ئۇنىڭغا كۆز بولدى. ئاننىي كىتاب ئوقۇشنى بىلدى! ئاننىي ئۇ مومايغا كىتابنى تۇتۇپ بېرەتتى، ۋاراقلىرىنى ئۆرۈپ بېرەتتى.

ماچنىڭ كۆزى بىلەن ئاننىينىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى تولۇقلىدى. بىر قانچە ئايدىن بۇيان ئۇلار بىرىنى بىرىگە ئۇلاپ كىتاب ئوقۇدى. بۇنىڭ بىلەن ئاننىينىڭ قەلبىدە

كىتاب ئوقۇش ھەۋىسى قوزغالدى.

دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ دېشبۇرگدا ناھايىتى كۆڭۈللۈك، خۇشال - خۇرام ياشىدى. ئۇ ۋە جىمىنىڭ يەپ - ئىچىدىغىنى، ياتىدىغان ئايرىم كارىۋىتى بار ئىدى، ئاچا - ئۇكا يېقىن ئۆتەتتى. ئاخشاملىرى ئۇ ئىنىسىدىن خەۋەر ئالاتتى. تۇرالغۇ شارائىتى دېگەندەك ئوبدان ئەمەس ئىدى، كۈندۈزلىرى چاشقانلار ئەيمەنمەستىن توپ - توپ بولۇپ چېپىپ يۈرەتتى، جىم بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ، سۈپۈرگە بىلەن چاشقانلارنى قوغلاپ ئوينايتتى.

ئۇلار بىر - بىرىدىن ئايرىلماي بىر ئۆيدە ياشىغىنىدىن ئىنتايىن خۇش ئىدى. يۇقىرى - تۆۋەندىكى خىزمەتچىلەر ئۇلارغا ئوبدان مۇئامىلە قىلاتتى، ھېچكىم ئۇلارنى بوزەك قىلمايتتى، پەس كۆرمەيتتى. كىشىلەر ئاننېينى پاراكەندە قىلمايتتى، ئاننېيمۇ تەلۋىلىك قىلمايتتى، تىنچ، رايىش يۈرەتتى. ئۇ بىر - ئىككى قېتىم ئاچچىقى كېلىپ يېرىلماقچى بولغاندا باشقۇرغۇچى ئۇنىڭغا:

— يەنە چىرقىرايدىغان بولساڭ، يەنە ۋارقىراپ - جاقىرايدىغان بولساڭ، ئىنىڭنى ئەرلەر ياتىقىغا ئاپىرىۋېتىمەن، — دېدى.

بۇ تەھدىت ئاننېينى ئەقلىنى ئىشقا سالىدىغان قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ تەلۋىلىكى تۇتاي دېگەندە، ئۇ مۇشۇ گەپنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋالىدىغان بولدى.

قىش بوۋاي دېشبۇرگقا كىرىپ كەلدى. تاشقىرى سوغۇق ئىدى. قېلىن كىيىمى بولمىغاچقا، ئۇلار تاشقىرىغا چىقالماي ئۆيدىلا بولدى. كەڭ، يوغان ياتاقنىڭ بىر بېشىدا ئادەملەر ئاز كىرىپ - چىقىدىغان كىچىككىنە بىر ئۆي بار ئىدى. ئاننېي بىلەن جىم بۇ ئۆينى مەخسۇس ئوينايدىغان جاي قىلىۋالدى.

— سىلەر. . . قورقماي مۇشۇ ئۆيدە ئويناۋاتامسىلەر؟ — بىر موماي ناھايىتى قورققان ئەلپازدا ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئاننىپى مومايىنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن قىلغان نەسىھىتىنى ئاڭلاپ مۇرسىنى قىسىپ قويدى. چۈنكى، بۇ مېيىت قويىدىغان ئۆي ئىككەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. بۇ يەردە ئادەم ئۆلسە، دەپنە قىلىنغۇچە ئارىلىقتا كارۋىتى بىلەنلا مۇشۇ ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇلاتتى. دۇنيانىڭ مەينەت — مۇشەققىتى ۋە ئاچچىق — چۈچۈكىنى كۆرگەن، بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئاننىپىغا نىسبەتەن ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ نېمە پەرقى؟ بۇنىڭدىن قورقۇپ نېمە كەپتۇ؟

ئاننىپى ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. بىر كۈنى، زالدىكى ئىشكاپتا چاشقان غاجىلىۋەتكەن نۇرغۇن ژۇرنال بارلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

— جىم، جىم تېز كەل! مەن بايلىق تېپىۋالدىم!

ئۇلار باغلام، باغلام ژۇرناللىرىنى ئۆزلىرى ئوينايدىغان ئۆيگە — مېيىتخانىغا ئەكىردى. ئۇلار خەت تونۇمايتتى. ئەمما، يەردە يېتىپ، كىتاب — ژۇرناللاردىكى رەسىملەرنى زوق بىلەن كۆرۈشتى.

جىمغا بىر قىسىم ساقچى ھەققىدىكى ژۇرناللار ناھايىتى ياقتى. ئاننىپى بولسا ئاياللار ژۇرنىلىدىكى نازىنىن خېنىملارنى زوق — شوقى بىلەن كۆردى. ئۇلارنىڭ كىيگىنى يىپەك چىلتەك تونقان، يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرغان ئېسىل كۆڭلەك، چاچلىرىدا ياقۇت كۆز قويۇلغان چىرايلىق چاچلار، ئۇلارنى سەبىي، چىرايى پارقىراپ تۇرغان، نۇرغۇن ئوماق باللار ئوراپ تۇرغان.

ئاننىپى ژۇرناللارنى بارمىقى بىلەن تۇتۇپ ئاجىز كۆزلىرى بىلەن دىققەت بىلەن كۆرەتتى، ئەمما رەسىملەرنىلا كۆرگەن بىلەن مەنىسىنى تۈزۈك چۈشىنەلمەيتتى. بەزىدە ئۇ خەتلەرنى ئامراقلىق بىلەن سىلاپ — سىلاپ قانمايتتى، خۇشاللىقىنى باسالمايتتى. ئارقىدىن ژۇرنالنى غەزەپ بىلەن چۆرۈۋېتىپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگۈپ يەرنى مۇشتلاپ:

— مەن ئوقۇيمەن، ھازىردىن باشلاپ ئوقۇيمەن، — دەپ

ناله قىلاتتى. ئوقۇپ بىلىم ئېلىش ئىشتىياقى يۈرىكىنى كۆيدۈ-
رەتتى. ئاننىپي بۇ ئوتنى ئۆچۈرەلمەي ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتەت-
تى.

3 ـ ئاي چىقىپ كېتىپ 4 ـ ئاي كىردى. دېشبۇرگقا ئاخىر
باھارنىڭ قەدىمى يېتىپ، گۈل ـ گىياھلار ئېچىلىپ، ھاۋا
ئىسسىدى. ئاننىپي ئۆزى يالغۇز سىرتلارغا چىقىپ ئويناشنى ياخ-
شى كۆرەتتى. چىمىنىڭ جاراھىتى يوغىناپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ
ياتاق ئىچىدىلا ھاسا تاياق بىلەن ئۇيان ـ بۇيان ئاران مېڭىپ
يۈرەتتى. ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ئىدى.
ئاننىپي ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرەتتى، يەم
بىلەن يۆلەپ كارىۋاتتىن چۈشۈرەتتى، ھاسا تايىقىنى تۇتقۇزۇپ
قوياتتى. ئىنىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ رېئاللىققا يۈزلىنىشنى خالىماي: «ئۇ ماڭا-
لىدىمۇ بولدى، چولڭ چاتاق يوق» دەپ ئۆزىنى ئالداپ، ئۆزىگە
تەسەللىي بېرىپ يۈرەتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەن، ئاننىپي كىيىمنى كىيدۈرۈۋاتقاندا، جىم
توختىماي يىغلىدى، ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ ئۆزىنى كارى-
ۋاتقا تاشلىدى. قوشنا كارىۋاتتا ياتقان موماي تېرىكىپ توۋلىدى:

— ھەي قىز، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئۇنىڭ ھالىدىن ئوبدا-
راق خەۋەر ئالساڭ بولمامدۇ، ئۇ كېچىچە يىغلاپ غەلۋە قىلىپ
مېنى ئۇخلاتمىدى.

ئاننىپىنىڭ بەك ئاچچىقى كەلدى.

— ئاغزىڭنى يۇم، بىز بىلەن نېمە كارىڭ، قې-
رى جەددال، — ئاننىپي مومايىنىڭ گېپىدىن قورقۇپ ۋەھىمىگە
چۈشتى.

— ماۋۇ جىن نېمە دەيدۇ، شاپىلاق يېگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟

— شاپىلاق سالماقچىمۇ تېخى؟ قېنى ئۇرە! — ئاننىپي
ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ سوقۇشقاق خورازدەك ھۈرپەيدى.

تاماشا كۆرۈشكە ئامراق جىم ئورنىدىن تۇرماقچى بولدىيۇ، يەنە كارىۋاتقا تاشلىنىپ، ئاغرىققا چىدىماي تولغاپ كەتتى:

— ۋايجان، ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ.

ئاننىبىي ئۇنى قۇچاقلاپ تەسەللىي بەردى:

— ئەنسىرىمە، ھېلىلا ياخشى بولۇپ قالىسەن، بۈگۈن كارىۋاتتىن چۈشمەي ئوبدان ئارام ئال، ئەتە چوقۇم ياخشى بولىسەن.

ھالبۇكى، شۇ كۈندىن تارتىپ جىم كارىۋاتتىن چۈشەلمىدى.

ئۇلار دوختۇر چاقىردى. دوختۇر جىمنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاننىبىينى زالغا ئاچىقتى. ئاننىبىينىڭ ئورۇق مۈرىلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مېھرىبانلىق بىلەن:

— ئاننىبىي، روھىي جەھەتتىن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇڭ، ئىنىڭىزنىڭ ۋاقتى ئاز قاپتۇ، — دېدى.

ئاننىبىينىڭ كۆزلىرى قېتىپلا قالدى. دۈمبىسىدە بىر سوغۇق تىترەك پەيدا بولۇپ، كېيىن يۈرىكىنى سانجىپ ئاغرىتتى. قانداق قىلىدىغان گەپ؟ ئۇ ئىختىيارسىز ئۇزۇن بىر چىرقىراپ مۇشتۇمىنى تۈگۈپ دوختۇرنى ئۇرۇپ كەتتى. بىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تەسلىكتە تارتىپ نېرىغا ئەكەتتى.

— بولدى، بولدى، — دېدى باشقۇرغۇچى، — يەنە كۆكەملىك قىلسىڭىز، سىزنى كەتكۈزۈۋېتىمەن.

بۇ گەپ گويا جان ئالغۇر ئوقتەك ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگدى. ئۇ گويا تۇيۇقسىز كالتەك يېگەن كىشىگە ئوخشاش ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاننىبىي ئۇيان - بۇيان ماڭماي جىمغا ھەمراھ بولدى. ئۇ جىمغا ھېكايە سۆزلەپ بېرەتتى، تاماق يېگۈزەتتى، كىيىملىرىنى كىيگۈزەتتى. جىم ئاغرىققا چىدىماي ئىڭراپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يېنىكلىتەرمەنمىكىن دەپ دۈمبىسىنى يۇمشاق سىلايتتى، پۇتلىرى-

نى تۇتاتتى. تاكى جىم كۆز يۇمغانغا قەدەر، ئاننىپي مىنۇت جىم تۇرۇپ ئارام ئالمىدى. شۇنداقلا، ئارامخۇدا ئۇخلاپمۇ باقمىدى. چۈنكى، ئۇ ئۇخلاپلا قالسام، قورقۇنچلۇق ئىشلار يۈز بېرىپ قالىدۇ، ئەزرائىل ئاۋاز چىقارماي جىممىدە كېلىپ جىمنى ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ قورقۇپلا يۈرەتتى. باللارغا خاس ئۆتكۈر بىۋاستە سېزىمى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ كېچە ئەڭ خەتەرلىك، دەپ ئۇقتۇراتتى. شۇڭا، ئۇ پۈتۈن كۈچ بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن هوشيار تۇرۇشۇم كېرەك، دەپ ئويلايتتى.

هالبۇكى، ئۇلار جىمنى ئېلىپ كەتكەندە ئاننىپي ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچقاندا، ياتاق قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدىيۇ، قاراڭغۇدا هېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى. ئۇ تېزلىكتە بۇرۇلۇپ جىمنىڭ كارىۋىتىنى سىلىغاندى، قولىغا ئۇرۇنمىدى.

ئۇنى قورقۇنچ ۋە ئەندىشە ئىلكىگە ئالدى. ئۇ ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. ئاستا كارىۋاتتىن چۈشۈپ، قاراڭغۇدا ئېگىز پەس دەسسەپ ياتاقتىن چىقىپ مېيىتخانىغا باردى. ئۇنىڭ پۇتلىرى يۇمشاپ، تىترەپ تىك تۇرالمايتتى. ئۇ ئۆزىگە ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، چىڭ تۇر، دەپ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇردى. ئىچكىرى كىرىپ قولىنى ئۇزاتقانىدى، جىمنىڭ كارىۋىتىنىڭ ۋادىكى تەگدى.

پۇتۇن ياتاقتىكىلەر ئاننىپىنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىدىن ئويغىنىپ كەتتى. چىراغ يېقىلدى. كىشىلەر يۈگۈرۈپ كىرگەندە، ئاننىپي هوشىنى يوقىتىپ يەردە بەئەينى بىر جەسەتتەك ياتاتتى. مېهرىبان بىر جۈپ قول ئۇنى يەردىن ئېلىپ كۆتۈردى.

ئاننىپي بۇلار مۇشۇ ئاخىرقى پەيتتە مېنى جىمدىن ئايرىۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، دەپ كىشىلەردىن خاتا هالدا ئاغرىندى. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭدىكى قايغۇ غەزەپكە ئايلىنىپ، ئۇ يىرتقۇچ هايۋاننىڭ ئۆزىلا بولدى. دەهشەتلىك چىرقىرىدى، قاتتىق ئەسەبىيلەشتى، چىشلىدى، تەپتى، كىشىلەر قولىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ

بىلەن بىر پەس ھەپىلەشتى، ئاخىرىدا ئامالسىز ئۇنى يەرگە ياتقۇزۇپ قويدى.

ئۇ تىنچلاندى، يىغلاشتىن توختىدى، خۇددى بىر جەسەتتەك يەردە سۇنايلىنىپ ياتتى. نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن ئۇ ئەسلەپ، شۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىدىم. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ قايغۇلۇق ئېغىر كۈنلەر ئىدى، دەيدۇ.

ئۆلگەنلەر كېتىدۇ، تىرىكلەر ئۆلگەنلەرنىڭ كەينىدىن كېتەلمەيدۇ، ياتاقتىكى بىر ئاق كۆڭۈل موماي دەلدەڭلەپ مېڭىپ ئۇنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئاننېينى تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەرپ قىلدى، ھاسىراپ كەتتى. ئاننېي قۇلىقى تۈۋىدە مومايىنىڭ ھاسىرىشىنى ئاڭلاپ كۆزىنى ئاچتى. گەپ - سۆز قىلماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مومايىنىڭ قولتۇقلىشى بىلەن كارىۋىتىغا قايتتى.

— ئاننېي، ئولتۇرۇڭ، — موماي ئۇنى پەپىلەپ، ئېچىنىشلىق ھالدا پىچىرلىدى، — قانغۇچە يىغلىۋېلىڭ! ئۇمىقىم، كۆز يېشى بۇ ئالەمدىكى قايغۇ - ھەسرەتنى يېنىكلىتىدۇ، ماڭا ئىشىنىڭ.

بۇ گەپلەر ئاننېينىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ كارىۋات لېۋىدە ئولتۇراتتى، ھەتتا كىرپىكىنىمۇ قاقمايتتى.

— يىغلىۋېلىڭ! ئادەم ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ، — موماي يىرىك قوللىرى بىلەن ئاننېينى سىلاپ تەسەللىي بەردى، — ئادەم تۇغۇلىدۇ، ئۆلىدۇ.

ئاننېي قاتتىق قايغۇردى، كۆز يېشى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلدى.

*مەيلى قانداق مەكتەپ بولسۇن، مەن ئوقۇيمەن، مەيلى تەڭ-رى قانداق ئويلىسۇن، قانداق ئورۇنلاشتۇرسۇن، مەن ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن.*

## مەن ئوقۇيمەن

جىم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئاننېي دېشبۆرگدىن يىراقتا كېتىشنى تۈرمۇش نىشانى قىلدى.

ئاننېيغا شۇ نەرسە ئايان، قۇتقۇزۇش ئورنىدىن چىقىپ كېتىش ئاسان، ئەمما گەپ سىرتتا قانداق تۈرمۇش كەچۈرۈشتە. ئۇنىڭ ئائىلىسى، قولىدا ھۈنىرى يوق، شۇڭا سىرتقا چىقسا زاۋۇتلارمۇ ئۇنى ئىشلەتمەيدۇ. يېشى كىچىك، كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىز بىر قىزنى كىممۇ بالا ئىشچى قىلىپ ئىشلىتىدۇ؟

ئادەم ئائىلىدە ئاتا - ئانىسىغا، سىرتتا دوست - بۇرادەرلى-رىگە تايىنىدۇ. يەككە - يېگانە، يېتىم ئاننېي دوستلارنىڭ ياردەم قولىنى سۇنۇشىغا موھتاج ئىدى. مۇشۇ باش قېتىنچىلىق كۈن-لەردە، ئۇ ئاخىر ئۆزىگە ھەقىقىي يوسۇندا كۆڭۈل بۆلىدىغان دوست تاپتى. ئۇ دېشبۆرگقا يېڭى كەلگەن پوپ باربارا بولۇپ، ئۇ ئاياللار ياتىقىدا ھەر شەنبە بولىدىغان دۇئا - تىلاۋەت ۋە يەكشەنبە كۈنىدىكى ئىبادەتكە رىياسەتچىلىك قىلاتتى.

باربارا مەنسۇپ دىنىي جەمئىيەت ئۇنىڭغا يۇقىرىقى ئىككى ۋەزىپىنىلا يۈكلىگەنىدى. ئەمما، قۇتقۇزۇش ئورنىدىكى جاپالىق مۇھىت، كىشىلىك تۈرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن كىشىلەر ئۇ-نىڭ ۋىجدانى ۋە خەيرخاھلىقىنى قوزغىدى. شۇڭا، ئۇ ئىشى يوق چاغلاردا بۇ يەرگە كېلىپ كىشىلەر بىلەن ھال مۇڭ بولاتتى. ئەرلەر بىلەن تەنتەربىيە خەۋەرلىرى ھەققىدە سۆزلەشسە، ئاياللار

بىلەنمۇ خۇشال سۆھبەتلەردە بولاتتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئاننېيغا دىققەت قىلدى ۋە كۆڭۈل بۆلدى.

ئاننېيمۇ بۇ يېڭى كەلگەن دىن تارقاتقۇچىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشقاندا، ئاننېي كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئەپقېچىپ، ئۇن چىقارماستىن ئىنىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئەسلەپ قايغۇراتتى. ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر ئادەم بىلەن دوستلىشىشقا رايى بارمايتتى. ئاننېي كۆزىنى ئەپ-قاچقان ئەھۋالدىمۇ، پوپ باربارانىڭ مېھرىبان، مۇلايىم كۆلۈم-سىرىشىنى سېزىپ تۇراتتى.

پوپنىڭ مۇلايىم كۈلۈمسىرىشى ئاننېينىڭ كۆڭلىدىكى ۋە-ھىمىنى يوقاتتى. شۇنىڭ بىلەن پوپ كارىۋات ئارىلاپ كىشىلەر-دىن ھال ـ ئەھۋال سورىغاندا ئاننېي ئۇنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان بولدى. شۇ تەرىقىدە بىر قانچە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى ئۇلار توساتتىن قاتارلىشىپ مېڭىپ، پاراڭلاشتى. شۇنداق قىلىپ پوپ باربارا بىلەن دوست بولۇپ قالدى.

پوپ قايتىپ كېتىدىغان چاغدا، مېھرىبانلىق بىلەن ئاننېي-نىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قوياتتى. بىر كۈنى ئاننېيغا ئۇ كۈتۈلمى-گەن بىر ۋەدىنى بەردى.

ئۇ چاغدا ئۇلار سېرىق دەرۋازا يېنىدا تۇراتتى. پوپ باربارا قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا ئاننېيغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئىختىيارسىز ئېغىز ئاچتى:

ــ ئاننېي، بۇ يەردە تۇرىۋەرسىڭىز بولمايدۇ، سىزنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىمەن.

پوپ باربارا ئاننېينىڭ كۆزىنىڭ ناھايىتى ئاجىزلاپ كېتىۋات-قانلىقى، تۇتۇلۇپ قالايلا دەۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ بىر دوستى ماساچۇسېتس شتاتى روۋ ۋىلايىتى كاتولىك دىنىي جەمئىيىتىنىڭ ساخاۋەت دوختۇرخانىسىدا ئىشلەيدىغان ئىنتايىن ئۇستا دوختۇر ئىدى. پوپنىڭ نەزىرىدە بۇ دوستى ئاننېينىڭ

كۆزىنى داۋالاپ ساقايتالايدىغان ئەڭ ياخشى نامزات بولۇپ، ئۇ ئاننېينى شۇنىڭ قېشىغا ئاپارماقچى بولدى.

ئالدى بىلەن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە ئاننېينىڭ كۆز كېسىلىنى داۋالاش، كۆزىنى ساقايتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى گۆرىستانغا ئوخشايدىغان بۇرۇقتۇرما دېشبۇرگدىن ئاچىقىپ، ئوبدان بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىدى.

ئاننېي جىم بىلەن «قار مارى» غا ئولتۇرۇپ دېشبۇرگقا كېلىپ توپتوغرا بىر يىل بولغاندا، پوپ باربارا ئۇنى دېشبۇرگدىن ئاچىقىپ دوختۇر دوستىنىڭ قېشىغا ئاپىرىش ئۈچۈن روۋ ۋىلايە-تىگە ماڭدى.

دوختۇر ئاننېينىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈشنى تېزلا ئورۇنلاش-تۇردى.

— مېنىڭچە ئۇنىڭغا ياردەم قىلىش كېرەك، — ئۇ دەبدەبى-لىك يوسۇندا تەكرارلىدى، — مەسىلە چىقماسلىقى مۇمكىن، بىز ئۇنىڭ كۆزىنى داۋالاپ ساقايتىمىز.

ئارقىدىن ئۇلار ئاننېينىڭ كۆزىنى دەرھال ئوپېراتسىيە قى-لىشتى. كۆزى تېڭىۋېتىلگەن ئاننېي ئىنتايىن بەخىرامان ھالدا كارىۋاتتا بىر قانچە كۈن مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى. يىپ ئېلىنىدىغان كۈنى بىر توپ سېستىرا دورا ۋە سايمانلارنى كۆتۈرۈپ دوختۇرلارنىڭ كەينىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىلەن باربارا پوپمۇ كىردى. دوختۇر پەم بىلەن داكىنى ئېلىۋېتىپ يىپنى كەستى.

— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى دوختۇر مېھرىبانلىق بىلەن.

بۇ گەپكە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغان ئاننېينىڭ يۈرىكى قاتتىق سېلىپ گويا چىقىپ كېتىدىغاندەك بوغۇزىغا كەپلەشتى. ئۇ كۆزى-نى ئېچىۋىدى، نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈندى، كۆز ئالدىدىكى قاراڭ-غۇلۇق بۇرۇنقىدىن بەتتەر ئىدى. ئوپېراتسىيە مۇۋەپپەقىيەتلىك

بولمىغانىدى.

— قۇتقۇزۇش ئورنىغا قايتىپ كەتكۈم يوق، — دەپ يىغلى-
دى ئۇ.

پوپ ئۇنىڭغا دوختۇرلار يەنە ئوپېراتسىيە قىلىدۇ، دېۋىدى، ئۇ يەنە جانلاندى. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا، ئۇلار ئاننېينى ئېلىپ قالاتتى، ئۇ دېشبۇرگقا دەرمەھەل قايتمىسىمۇ بولاتتى.

ئاننېي ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم تەربىيە كۆرگەن ۋە بەكمۇ خەيرخاھ ئاق كۆڭۈل كىشىلەر بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارغىمۇ ئاننېي ناھايىتى زېرەك، چاققان بىلىندى. شۇڭا، ئۇلار ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلدى، ئۇنىڭ قەلب ساداسىغا قۇلاق سالدى.

ياخشى كۈنلەر ئاستا - ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇنى قايتا - قايتا ئوپېراتسىيە قىلىشتى. . . لېكىن نەتىجە كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىز قولىمىزدىن كېلىدىغاننىڭ ھەممىسىنى قىلدۇق، ئەمدى ھېچقانداق ئامال قالمىدى، دېگەن يەرگە كەلدى.

دوختۇرخانا كېسەللەر تۇرىدىغان جاي، دوختۇرنىڭ ئەمدىكى دىئاگنوزى كۆز كېسەللىكى بولماستىن، ئەمالىق دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئاننېينى ئەپقېلىش مۇمكىن بولماي، ياتاقتىن چىقىرىشقا توغرا كەلدى. پوپ باربارا دىنىي جەمئىيەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دىن تارقىتىش ئۈچۈن باشقا جايغا يۆتكىلىپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايتتى. ئەمدى ئاننېي قەيەرگە باربدۇ، ئۇنىڭ ھالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟

— ئۇنى قايتۇرۇۋەتمەي بولمايدۇ.

ئاننېي دوختۇر بىلەن سېسترانىڭ قىلىشقان سۆزىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى.

— مېنى قايتۇرۇۋەتمەڭلار، مەن كەتمەيمەن.

ئاننېي ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېزىلگۈدەك يىغلاپ نالە قىلدى، ئەمما ئۇلارمۇ ئامالسىز ئىدى. ھۆكۈمەت ئىشنى ھۆكۈمەت ئىشى

بويىچە بېجىرىشكە توغراكېلىدۇ ـ دە، شۇڭا، ئۇلار ئۇنى يەنە «قارا مارى» غا ئولتۇرغۇزۇپ ئەۋەتىۋەتتى.

ئاننېي دېشىبۇرگقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ھېچ-كىم دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭغا كۆيۈنىدىغانلارمۇ چىقمىدى. ئۇ ئۆزىنى گويا مەڭگۇ قۇياش نۇرى چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ قەپەسكە سولانغاندەك ھېس قىلدى. بۇ يەرگە قايتىپ كېلىش بىلەن تەڭ ئۇنى ئوي ـ خىيال چىرمىۋالدى. ئۇ دېشىبۇرگدىن كېتىشنى تېخىمۇ بەك ئارزۇ قىلدى، ئاخىر بۇ يەردىن چوقۇم كېتىمەن، دەپ قەتئىي نىيەت قىلدى.

ئۇ ئارزۇسىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى. ياتاقتىكى مومايلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ:

ـــ ئاننېي، سەن ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟ سې-نىڭ نەرىڭ بىزگە ئوخشمايدۇ، ئۆزۈڭچە بۇ يەردىن كېتىمەن دەپ ئويلامسەنا! ـــ دېيىشتى.

ئاننېي بىر مەھەل ئۇلارنىڭ مازاق قىلىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالدى.

ئاننېي بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئاچچىقى كېلىپ:

ـــ سىلەرنىڭ نېمە دېيىشىڭلار بىلەن كارىم يوق، بۇ يەر-دىن چوقۇم كېتىمەن، ـــ دەيتتى.

ـــ ئاپئىقىم، كەتسەڭ نېمە ئىش قىلىسەن؟

ـــ مەكتەپتە ئوقۇيمەن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ ئۇلار پاراققىدە كۈلۈشتى.

ئاننېينىڭ دوستلىرىمۇ ياخشى كۆڭلى بىلەن ئۇنىڭ بۇ ئىشقا ئاشمايدىغان بىمەنە خىيالنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن خام خىيال ئادەمنى تېخىمۇ پەرىشان قىلىپ يۈرىكىنى ئېزەتتى. ھەتتا ئۇنىڭ ياخشى دوستى مارىچ كارومۇ ئىختىيارسىز ھالدا ياپتا گەپلەر بىلەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلدى:

www.uyghurkitap.com

— ئاننىي كۆزۈك كۆرمەيدىغان تۇرسا، سىرتتا قانداق تۇرمۇش كەچۈرسەن، دېشبۇرگ سېنىڭ ئۆيۈڭ، بۇ دېگەن تەقدىر.

— قارىغۇ بولسام نېمە بوپتۇ؟ ئىشقىلىپ بۇ يەردە تۇرمايمەن، باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ ياشايمەن. مەيلى قانداق مەكتەپ بولسۇن، مەن ئوقۇيمەن، مەيلى تەگرى قانداق ئويلىسۇن، قانداق ئورۇنلاشتۇرسۇن، مەن ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن.

— ئاننىي، تولا بىلجىرلىما، ئاغزىڭنى يۇم!

مارىچ ئاننىينىڭ تەگرىگە بىھۆرمەتلىك قىلغىنىدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى ۋە ئاچچىقى كەلدى. ئاننىيمۇ مارىچنىڭ كوتۇلداشلىرى ۋە تەنبىھلىرىنى ئاڭلىماي دەپ خاپا ھالدا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتمەكتە. 1878 ـ ، 1879 ـ ، 1880 ـ يىللىرى ئاننىي يەنىلا دېشبۇرگدا بولدى. ئۇنىڭ كۆزى دېگۈدەك پۈتۈن تۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما، ئۇ شېرىن خىيالىدىن ۋاز كەچمىدى. شۇنداقتىمۇ بەزىدە بۇ شېرىن خىيالىنىڭ ئىشقا ئېشىش ـ ئاشماسلىقىدىن ئۆزىمۇ دەرگۇمان بولاتتى.

قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىرادىسى ۋە ئېتىقادى ئىنتايىن چىڭ بولۇپ، دېشبۇرگدىن چوقۇم كېتىمەن، دېگەن نىيەتتە ئىدى.

بىر كۈنى، ئاننىينىڭ بىر ئەما دوستى ئۇنىڭغا:

— ئاننىي، بىر ئىشنى ساڭا ئېيتسام بولارمۇ، بولماسمۇ، — دېدى، — بىلسەڭمۇ ساڭا ئانچە پايدىسى تەگمەسلىكى مۇمكىن، بىراق... سەن ئەمالار ئۈچۈن ئېچىلغان بىر مەكتەپ بارلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟

ئاننىي نەپەسىنى توختىتىپ ئاڭلاپ، تەقەززالىق بىلەن سورىدى:

— سەن، مېنىڭدەك ئادەملەرمۇ مەكتەپتە ئوقۇيالايدىكەن، خەت يازالايدىكەن، دېمەكچىمۇ؟

— ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭ، پەقەت شۇنداق مەكتەپلەرگە كىرەلىسەڭلا بولغىنى.

سۇددارخىنىڭ ئۆزىنى مازاق قىلىپ ئېيتقان: «سەن مۇشۇ كۆزۈڭ بىلەن ئوقۇيمەن، خەت يازىمەن دەپ ھەرگىز خام خىيال قىلما» دېگەن سۆزى ئاننىپىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى.

ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ كۆزى ئاجىز بولغاچقىلا مەكتەپكە كىرەلمەيتتى. ھازىر كۆزىنىڭ كۆرۈشى شۇ چاغدىكىدىنمۇ ناچارلاپ كەتتى. بۇھالدا ئۇ قانداق ئوقۇيالايدۇ، خەت يازالايدۇ دەيسىز؟

ئاننىپىنىڭ دېشبۇرگدىكى ماتېرىيالىدا ئېنىق قىلىپ «ئەما» دەپ خاتىرىلەنگەن، بۇنى ئويلاپ ئاننىپىنىڭ غەزىپى تازا كەلدى.

— بۇ يالغان، سىز مېنى خۇشال قىلىمەن دەپ تۇرۇپ، مېنىڭ ئۈمىدسىزلەنگىنىمدىن شەپقەتسىزلىك بىلەن ھوزۇرلىنىۋاتىسىز. ئەما قانداقمۇ كىتاب ئوقۇيالىسۇن، خەت يازالىسۇن؟

ئاننىپى كۆزىنى قوللىرى بىلەن ئېتىۋالدى.

موماي ئاننىپىنىڭ قوللىرىنى بىر پەس سىلاپ ۋە سىقىپ ئۈنسىز ئولتۇردى.

— قوزام، مۇشۇنىڭ بىلەن، — موماي ئاننىپىنىڭ بارماقلىرىنى مىجىدى، — مۇشۇ بارماقلىرىڭ بىلەن كۆپۈنكى خەتلەرنى سىلاپ كىتاب ئوقۇشنى، خەت يېزىشنى ئۆگىنىسەن، ئەمالار مۇشۇنداق قىلىپ كىتاب ئوقۇيدۇ، خەت يازىدۇ.

ئاننىپى ئاخىر ئۆزى بارىدىغان جاي بارلىقىنى ئۇقتى. ئەمما، ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشقا قۇربى يېتىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق تۇرسا، ئۇ يەرگە قانداق بارىدۇ؟ ئۇ تاشقى دۇنيا ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان تۇرسا، باشقىلارنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتەلىسۇن؟ ئۇ تاشقى دۇنيا بىلەن قانداق ئالاقە قىلىدۇ، ئۇ خەت تونۇمايدۇ، خەت يازالمايدۇ، كۆزى ئەما، بۇ قورغاندىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ، تاشقى مۇھىت بولسا شۇقەدەر

www.uyghurkitap.com

مۇرەككەپ.

ئاننىي كېچە ـ كۈندۈز مۇشۇنداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش قىيىن خىيالىلارنى قىلىپ، ئارزۇ ـ ئارمانلار قوينىدا ياشىدى. 1880 ـ يىلى، شارائىت پىشىپ قالدى بولغاي، تاشقى دۇنيا ئۇشتۇمتۇتلا دېشبۇرگقا كەلدى.

ماسساچۇسېتىستىكى ئەمەلدارلار كۆپ ۋاقىتلاردا شتات قۇرغان قۇتقۇزۇش ئورنىغا كۆڭۈل بۆلمەيتتى. نەتىجىدە ئۇلار قۇرغان قۇتقۇزۇش ئورنىنىڭ شارائىتى، مۇھىتى ئۇنداق ناچار، بۇنداق ئېچىنىشلىق دېگەندەك ھۇجۇم خاراكتېرىدىكى گەپ سۆزلەر يامراپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆمەك تەشكىللەپ تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان بولۇپ، بۇ يىل دېشبۇرگنى تەكشۈرگىلى ئۆمەك كېلىدىغان بولدى.

دېشبۇرگنى بالدۇرلا تەكشۈرۈش كېرەك ئىدى. 1875 ـ يىلى بۇ يەردە تۇغۇلغان 80 بوۋاقتىن قىش ئۆتكەندە ئاران 10 ى قالغانىدى. ئىمارەتلەر كونىراپ كەتكەن، دورىلار كەمچىل ئىدى، تاماق ئىنتايىن ناچار، قۇرت، باكتېرىيىلەر كۆپ ئىدى. چاشقان كۆپ بولۇپ، كۆپكۈندۈزدە ئەيمەنمەستىن توپ ـ توپ بولۇپ چىقىپ، يېمەكلىكلەرنى بۇلايتتى، كىشىلەرنى يارىلاندۇراتتى.

دېشبۇرگنىڭ باش باشقۇرغۇچىسى ئەسكى ئادەم ئەمەس، گەپ شۇيەردە ئىدىكى، شتاتلىق ھۆكۈمەت ھەر ھەپتىدە ھەربىر كىشىگە، ياتاق، تاماق، كىيىم، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خىراجەت ئۈچۈن ئاران 1.75 كوي پۇل بېرەتتى. باشقۇرغۇچىلار ئامالىنىڭ يوقىدىن مۇشۇ چەكلىك پۇلنى خىراجەت قىلاتتى. ئاشۇنچىلىك پۇل بىلەن ئوتۇن، كۆمۈر، ماي، تۇز، ئاشلىق ئالاتتى. كېسەللىك ئۆلۈم ـ يېتىم ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

ھەر ھالدا ماسساچۇسېتىس شتاتلىق ساغاۋەت كومىتېتى

ھەرتۇرلۇك گەپ - سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆمەك تەشكىللەپ تەكشۈرىدىغان بوپتۇ. بۇنىڭدەك تەكشۈرۈشلەر ئىلگىرى بولغان، كۆپچىلىك كۆپ كۆرگەن بولغانلىقى ئۈچۈن، چوڭ ياشتىكىلەر تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى ياخشىلاپ كېتەلىشىگە ئانچە ئۈمىد باغلاپمۇ كەتمىدى.

بۇنىڭدىكى سەۋەب، بىر توپ كىشىلەر كېلەتتى. قۇتقۇزۇش ئورنىدىكى نامرات پۇقرالارنىڭ ئەڭ تۆۋەن تۇرمۇش شارائىتىدا ئاران - ئاران جان بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشلىرىنى چايقىشاتتى، ھەيران بولۇشاتتى، كېتىدىغان چاغدا، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي «ياخشىلاشقا تېگىشلىككەن» دېيىشەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇغـا چۆككەن تاشتەك ھېچقـانداق خەۋەر، گەپ - سۆز بولماي جىمىپلا كېتىشەتتى. يېمەكلىكلەردە قۇرتلار، باكتېرىيەلەر، چـاشـقـانـلار راسا يايرايتتى. يامان مۇھىت يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتەتتى.

ھالبۇكى، ئاننا مۆجىزە يۈز بېرىپ، جىمى نەرسىنى ئۆزگەرتىشنى كۈتەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى بايقىشى، ئۆزىگە دىققەت قىلىشىنى، مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

مارىچ ئاڭلىغان خەۋىرىنى ئاننىيغا ئېيتتى.

— بۇ ئۆمەكنىڭ باشلىقىنىڭ ئىسمى فاللان شامبان ئىكەن. بۇ ئىسىمنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەڭ بەلكىم دېشىبۇرگدىن كېتىپ قالارسەن.

ئاننىي بۇ ئىسىمنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇۋالدى. ئۇزۇندىن بۇيان تۆت كۆز بىلەن كۈتكەن كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. پۈتۈن قورا ئىچىدە: «ئۇلار كەلدى! » دېگەن خەۋەر تارقالدى.

تـەكـشـۈرۈش ئۆمىكى كەلدى. ئۇلار جىمى ئەتراپنـى، ياتاق - تاماق شارائىتىنى كۆردى. تۈرلۈك سوئاللارنى سورىدى، يېمەكلىكلەرنى يەپ باقتى، ئىگىشىپ چاشقان كامارلىرىنى كۆردى. ئىنتايىن ناچار مۇھىتنى كۆرۈپ تامغاقلىرىنى چاكىلدىتىش-

تى، توۋلاپ كېتىشتى. ئاننىپي ئۇلارغا ئەگىشىپ سائەتلەپ يۈرۈپ، دېشبۇرگىنىڭ بارلىق بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىنى قويماي ئارىلاپ چىقتى.

ئاننىپي ئۇلارنى ئېنىق كۆرەلمەيتتى. لېكىن، ئاۋازىغا ئەگىشىپ ماڭدى. پۈتۈن كۈن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئويلىغىنى قانداق قىلىپ يۈرەكلىك هالدا بۇمېھمانلار بىلەن سۆزلىشىش بولدى.

تەكشۈرۈش ئاياغلىشىپ جىمى ئىشلار تامام بولدى، تەكشۈرۈش ئۆمىكىدىكىلەر سىرىق دەرۋازىغا كېلىپ، دېشبۇرگىنىڭ باشقۇرغۇچىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، قايتىشقا تەرەددۇتلاندى. ئۇلار ئاننىپي ئاتلىق بىر قىزنىڭ بۇ يەردىن كېتىشكە تەشنا ئىكەنلىكىدىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز، ئۇنىڭ ئارزۇ ئارمانى ئەمدى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك بوراندا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

ئاننىپي بۇلارنىڭ ئىچىدە كىمنىڭ شامبان ئەپەندى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئېسىل پۇرسەتمۇ كېتىپ قالاي دەۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇلارنى پەرقلەندۈرگۈدەك ۋاقىتمۇ قالمىدى.

— هاسىلاتىمىز ئاز بولمىدى، — كۇل رەڭ بىر سېپىما شۇگەپنى قىلدى.

— سىلەرگە قارارىمىزنى ئىمكانقەدەر تېز ئۇقتۇرىمىز، — دېدى. يەنە بىر سايە، دەرۋازا غىچىرلاپ، يېپىلىشقا تەمشىلىۋاتاتتى.

ئۇ پۇرسەتنى كەتكۈزۈپ قويۇۋاتاتتى. توساتتىن ئۇ كېتىۋاتقان كىشىلەر تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— شامبان ئەپەندى، شامبان ئەپەندى! — ئۇ پۈتۈن ئۆمەكتىكىلەرگە يىغلاپ يېلىندى:

— مەن ئوقۇيمەن، مەن ئوقۇيمەن، مېنى مەكتەپتە ئەۋەتىڭلار! — ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلاتتى، ئاۋازى تىترەيتتى.

دېشبۇرگنىڭ باشقۇرغۇچىسى ئۇنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇ-
ۋىدى، بىر ئاۋاز ئۇنى توسىدى:
— توختاپ تۇرۇڭ! قىزچاق، نېمە ئىش؟
— كۆزۈم قارىغۇ، بىر نەرسىنى كۆرەلمەيمەن، — ئاننېي
كېكەچلەپ سۆزلىدى، — ئەمما مەن ئوقۇيمەن، ئەمالار مەكتىپىد-
ىدە ئوقۇسام دەيمەن.
يەنە بىر ئاۋاز سورىدى:
— ئۇ بۇ يەردە قاچاندىن بېرى تۇرۇۋاتىدۇ؟
— بىلمەيمەن.
ئۇلار بەزى مەسىلىلەرنى سورىغاندىن كېيىن كېتىپ قالدى.
بۇ كېچە ئاننېي يىغلىغان پېتى ئۇخلاپ قالدى. چۈنكى،
ئۇنىڭ «ئارزۇسى» كۆپۈككە ئايلانغانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈنلەي
مەغلۇپ بولغانلىقىغا ئىشىنەتتى.
بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىر موماي تەمتىلەپ مېڭىپ
ئاياللار ياتىقىغا كىرىپ كەلدى.
— ئاننېي، ئاننېي، ئۇلار مېنى سىزنى ئەكېلىشكە ئەۋەت-
تى. سىز ئەمدى بۇ يەردىن كېتىدىغان بولدىڭىز، دەررۇ
نەرسە - كېرەكلىرىڭىزنى يىغىشتۇرۇڭ.
شامبان ئەپەندى ئاننېينىڭ مەكتەپكە كىرىشىگە ياردەم قىل-
غان بولۇپ، ئاننېي ساخاۋەت ئورگىنىنىڭ نامرات ئوقۇغۇچىسى
سالاھىيىتى بىلەن بوستۇنغا 20 چاقىرىم كېلىدىغان جايدىكى
بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇيدىغان بولغانىدى. مانا،
ئاننېي سۇلىۋان ئوقۇيدىغان بولدى، ئۇ ئاخىر مۇرادىغا يەتتى.
يولغا چىققۇچە ئارىلىقتا، دوستلىرى قول - قول ئىشلەپ
ئىككى قۇر كىيىم تىكىپ بەردى. شۇنچە يىللاردىن بۇيان ئاننېي
تۇنجى قېتىم يېڭى كىيىملىك بولدى. كىيىمنىڭ بىرى تېگى
قارا كىچىك گۈللۈك رەختتە، يەنە بىرى قىزىل رەختتە تىكىلگە-
نىدى. ئايرىلىدىغان كۈنى ئاننېي خۇشاللىقىنى بىلدۈرىدىغان قى-

www.uyghurkitap.com

ـزىل رەڭلىك كىيىمنى كىيدى.
ئۇ دېشبۇرگقا كەلگەن تۆت يىلدىن بېرى تونۇشقان دوستلىـ
ـرى ئۇنى دەرۋازا ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. ئۇلار ئاننېي بىلەن
قۇچاقلاشمىدى، سۆيۈشمىدى، ئەمما ياخشى تىلەكلەرنى تىلىدى.
ــ ئوبدان بالا بولغىن.
ــ خەت يېزىشنى ئۆگەنگەن چاغدا، بىزگە خەت يېزىپ
تۇرغىن، قاراڭلار، بىزنىڭ ئاننېي خەت ئوقۇيالايدىغان، يازالاي-
دىغان بولماقچى. . .
ــ بۇ يەردىكىدەك ئېغىز غىرىچلاپلا يۈرمە، گەپ ئاڭلا.
ــ بىزنى يوقلاپ كەلگىن.
پەيتۇنچى دىن بوۋاي ئاننېينى يۆلەپ پەيتۇنغا چىقىرىپ ئۆ-
زىنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزدى. «قارا مارى» گۈلدۈرلەپ مېڭىپ
دېشبۇرگدىن ئايرىلغاندا، دىن بوۋاي قولىدىكى قامچىسىنى قا-
راسلىتىپ قويۇپ، كەينىگە قايرىلىپ غىچىرلاپ يېپىلىۋاتقان
دەرۋازىنى كۆرسىتىپ:
ــ ئاننېي، بۇ دەرۋازىدىن چىقتىڭ. ھەرگىز قايتىپ كەل-
ـگۈچە بولما، ئاڭلىدىڭمۇ؟ جىمى ئىشىڭ ئوڭۇشلۇق
بولغاي ئىلاھىم! ــ دېدى.
ئاننېي دىن بوۋاينىڭ گېپىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلاپ ئېسىدە
تۇتۇۋالدى. بارلىق ياخشى تىلەكلەرنى يۈرىكىنىڭ قېتىغا نەقىش
قىلىۋالدى. ئۇ بۇلارنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايدۇ.
1880 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئاننېي ئولتۇرغان
پەيتۇن بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىگە ــ يېڭى مۇھىت، يېڭى تۇر-
مۇشقا قاراپ چاپتى ، ئاننېي، بولسا ھاياتىدىكى ئىككىنچى پۇر-
سەتكە قاراپ چاپتى.

*ئاننىي قولىنى سوزۇپ تىترىگەن، ئىشەنمىگەن هالدا ئۆزىگە ئۆزى: «قولۇمنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.*

## ئىككىنچى پۇرسەت

مەكتەپ تۇرمۇشى باشلاندى. رېئال تۇرمۇش ئۇ ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلغىنىدىن كۆپ پەرق قىلسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن مەكتەپ هاياتى ئاخىر رېئاللىققا ئايلانغانىدى.

14 ياشلىق ئاننىي قىلچە جەمئىيەت تەجرىبىسى يوق ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىدە تۇراتتى. ئۇ ئوقۇشنى، يېزىشنى، قوشۇشنى، ئېلىشنى، كۆپەيتىشنى، بۆلۈشنى ئۇقمايتتى. . . ئىنگلىز تىلى، جۇغراپىيە، تارىخ قاتارلىق ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، هەممىنى سەۋەبىي، كىچىك باللار بىلەن بىرلىكتە باشتىن ئۆگىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ هەممىسى باللارچە كەمتۈك تىلىدا سۆزلەيدىغان كىچىك باللار ياكى شوخ قىزچاقلار ئىدى.

بەش - ئالتە ياشلىق باللارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قالغان ئاننىي بەك چوڭ، كىلەڭسىز، كالامپايدەك كۆرۈنەتتى. ئاننىي ئۇلار بىلەن چىقىشالماي بەك ئازابلاندى. بەزى قىزچاقلار «قېرى ئاننىي» دېگەن لەقەمنى قويۇپ، ئۇنى ئەخمەق قىلدى ۋە چەتكە قاقتى.

جەڭ بىلەن ئۆتىدىغان بۇ تۇرمۇشتا، ئاننىي قايمۇقتى، ئۈمىدسىزلىككە پاتتى، ئېقىمغا قارشى ماڭدى. ئۇ بەئەينى جەڭگە تەييار تۇرغان سوقۇشقاق خورازغا ئوخشاش، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتتى، جىددىيچىلىك ئىچىدە جەڭگە تەييارلىق قىلدى. هەركۈنى

www.uyghurkitap.com

ئاخشىمى ياتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ راسا يىغلىغۇسى كېلەتتى. بىراق، ياستۇقىغا مۇشتلاپ پىچىرلاپ: «ئۇلارغا ئۆچ بولدۇم، جىمى ئادەمگە ئۆچ بولدۇم» دەيتتى. ئاننېي بارماقلىرى بىلەن كۆپۈنكى ھەرپلەرنى سىلاپ ئوقۇشنى ئۆگەندى. ئۇ ئەمالار يېزىقىنى ئىشلىتىپ ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگەندى. بىراق، كۆڭۈل قويۇپ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۆگەنمىگەچكە، خەتلەرنى قوشۇپ يېزىشنى بىلەلمىدى.

ئاننېي بىر مەزگىل خاتا ھالدا كىشىلەردە ئۆزئارا ئالاقىلىشىش نىيىتىلا بولسا بولمىدىمۇ، يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىپ ئاز تولا خاتا ھەرپلەر بىلەن ھەپىلىشىشنىڭ نېمە ھاجىتى دەپ ئويلىدى. دەرۋەقە بۇنچە كۆپ تاق سۆزلەرنى يادلىۋېلىش ھەقىقەتەن باش ئاغرىتىدىغان ئىش ئىدى.

ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمى ئاننېيغا زېرىكمەستىن ئېيىپ ئىچۈرۈپ:

— ئاننېي ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ توغرا تەرىپى، خاتا تەرىپى بولىدۇ، سەۋرچان، پرىنسىپچان بولۇشىڭىز كېرەك، — دېدى. ھالبۇكى، بۇ سۆزلەر ئاننېينىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىپ يۈرىۋەردى. مۇئەللىمنىڭمۇ بارا ـ بارا سەۋر ـ تاقىتى تۈگىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقىچە چارە قوللاندى. ھالبۇكى، بۇ چارە ئاننېينىڭ غۇرۇرىغا قاتتىق تەگدى.

مۇئەللىم ئاننېينىڭ تاپشۇرۇقىنى كۆپچىلىك ئالدىدا ئوقۇپ، خاتا خەتلەرگە كەلگەندە توختاپ، ئەيىبلىگەن تەلەپپۇزدا ئوچۇق ئاھاڭ بىلەن تۈزەتتى. خاتا خەتلەرگە تەپسىلىي بەلگە قويۇپ چىقتى.

بۇ ھال زېرىكىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارغا ناھايىتى ياخشى ئويۇن بولدى. ھەر قېتىم مۇئەللىم توختىغاندا، ئۇلار كۈلۈپ تېلىقىپ كېتەتتى. بۇ كۈلكىلەر ئاننېيغا قاتتىق زەربە بولاتتى،

يۈرىكى خەنجەردە تىلغاندەك ئاغرىيتتى. ئۇ چىشىنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنى تىڭلايتتى، قارغايتتى. ئۇ ھەركۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق ئازابقا چىداشقا مەجبۇر بولاتتى. بىركۈنى، بۇنداق كۆلكىلەر ئەۋجىگە چىققاندى، ئۇ زادىلا چىدىيالماي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— ھە، سىلەرنىڭلا توغرا، كۆلگۈدەك نېمە ئىش بولدى! سەن دۆتلەر كۈلۈشنىلا، يالاقچىلىق قىلىشنىلا بىلىشىسەن، ھۇ يالاقچىلار، — دېدى.

«يالاقچىلار» دېگەن سۆز دېشىبۇرگىدىكى چاغدا ئۇنىڭ ئاغزىغا رام بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ئېغىزىغا كەلگەندە دەۋېرەتتى، بۇ سۆز ھېچقانداق مەنىنى بىلدۈرمەيتتى. ئەمما، مۇئەللىم بۇ گەپنى ئاڭلاپ غۇرۇرىغا تەگكەندەك ھېس قىلدى - دە، كەسكىنلىك بىلەن بۇيرۇق قىلدى:

— چىقىپ كېتىڭ، بېرىپ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇڭ، سىزنى ھېلىراق ئىزدەيمەن.

غەزەپتىن ئىچى ئۆرتىلىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى ياغاچتەك قاتقان ئانىبي بىر قاتار قۇرۇق ئۇستەلگە ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ سىنىپ-تىن چىقىپ كەتتى.

مۇئەللىم بۇنىمۇ خاتا چۈشىنىپ، ئانىبي مەن بىلەن قېرىد-شىپ ئۆزىنى كۆرسەتتى، دەپ قارىدى. ئانىبيمۇ مۇئەللىم قەستەن تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ھېچ-نىمىگە پەرۋا قىلماي چىقىپ كەتتى.

— ئانىبي، گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ — مۇئەللىم سۈرلۈك تۈس ئالدى. ئانىبي كەينىگە بۇرۇلۇپ:

— پەلەمپەيدە ئولتۇرمايمەن، — دېدى، ئاندىن تەكەببۇر-لۇق بىلەن قوشۇپ قويدى، — مەن ئەمدى ھەرگىز بۇ سىنىپتا ئوقۇمايمەن، — ئۇ ئىشىكنى جاڭ قىلىپ يېپىپ كېتىپ قالدى.

ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان بۇنداق ئىش يۈز بەرگەن

تۇرسا، مەكتەپ مۇدىرى بىر چەتتە قاراپ تۇرالمايتتى. ئاننېي چاقىرتىلىپ، مەكتەپ مۇدىرى ئاننا نوتىس ئەپەندىنىڭ ئالدىغا كەلدى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭغا كۆيۈپ پىشىپ نەسىھەت قىلىپ، ئۇنىڭ نەقەدەر قوپال، يولسىز ئىش قىلغىنىنى، چوڭلارنى، ئۇستازنى ھۆرمەت قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشتى. ئاخىرىدا:

— بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق ئىش قىلماڭ، — دېدى.

— ھەممىسى ئۇنىڭ خاتالىقى، مېنى بۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغان ئادەم ئۇ! — ئاننېينىڭ جاۋابىدىن، تەلەپپۇزىدىن، ئاچچىق، زەردە بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئاننېي، خاتالىقىڭنىڭ كىمدىن ئۆتكەنلىكى مۇھىم ئەمەس، — مەكتەپ مۇدىرى چۈشەندۈردى، — ئوقۇغۇچى دېگەن مۇئەللىمنى ھۆرمەت قىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا بىز مەكتەپ ئىنتىزامىنى قانداق ساقلىيالايمىز؟ سىز مۇئەللىمنىڭ ئالدىدا خاتالىقىڭىزنى تونۇپ كەچۈرۈم سورىشىڭىز كېرەك.

ئاننېي قەتئىي رەت قىلدى. ئۇ مۇئەللىم ماڭا ئۇۋال قىلدى، شۇڭا مۇئەللىم مەندىن كەچۈرۈم سورىشى كېرەك، دەپ ئويلىدى. ئەمما، بۇ تەلەپنى ئۇ مۇئەللىمگە ئېيتالمايتتى.

— بولدى، بولدىلا، — مەكتەپ مۇدىرى ئۇھ تارتىپ دېدى، — ياتىقىڭىزغا قايتىپ، سىرتقا چىقماي ئولتۇرۇڭ، خەۋىرىمىزنى كۈتۈڭ، ئاننېي، مېنىڭ سۆزۈمنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈڭ.

ئاننېي ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مەكتەپ مۇدىرى مەيۈسلىنىپ، ئىنتايىن ئازابلاندى: « بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلسام بولار؟ ئۇ بەك جاھىل، بەڭۋاش ئىكەن، بۇ يەرگە سىغدۇرغىلى بولمىغۇدەك، ئۆيگە ئەۋەتسەك بولارمۇ. . . يا. . . ئەمما نەدە ئۇنىڭ ئۆيى بار؟ »

ئىشىك چېكىلىپ، مەكتەپنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىسى مومىررى خېنىم كىرىپ كەلدى.

— ئاڭلىسام ئاننېي ئىش تېرىپ قويۇپتۇ، — ئۇ قىسقا سۆز بىلەن ئاساسىي تېما ئۈستىدە گەپ ئاچتى، — ئۇ كەچۈرۈم سوراشقا ئۈندىمۇ؟

— ئىشىنىمەنكى، ئۇ ھەرگىز كەچۈرۈم سورىمايدۇ، — مەكتەپ مۇدىرىنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر خىل ئامالسىزلىق ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى.

— مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغانىدىم، — مومىررى خېنىم ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى ئېيتتى، — بۇ بالىنىڭ غۇرۇرى بەك كۈچلۈك.

مەكتەپ مۇدىرى گاڭگىراپ قالدى.

مومىررى مۇئەللىم سۆزىنى داۋام قىلدى:

— ئۇ باشقىلارنىڭ كۆيۈنۈشى، كۆڭۈل بۆلۈشىگە موھتاج، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز، ئۇ قىز ئىنتايىن ئەقىللىق، زېرەك، شۇنداق تېز ۋە ياخشى ئۆگىنىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنى يېرىم يولدا تاشلىۋەتسەك، تەڭرى بىزگە تەربىيىلەشكە تاپشۇرغان تالانت ئىگىسىنى دەپسەندە قىلغان بولمامدۇق؟ مەن بىر سىناپ باقاي دەيمەن.

ئاننېي ناھايىتى تەسلىكتە يەنە بىر پۇرسەتكە ئېرىشتى. مومىررى مۇئەللىم ھەر ھەپتىسى ئاننېيغا مەلۇم ۋاقىت ئاجرىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ سەيلە قىلاتتى. ئىككىيلەن بىرلىكتە چۆپلۈكتە ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى، پاراڭلىشاتتى. ئاننېي ھەركۈنى مومىررى مۇئەللىمنى ساقلايدىغان بولدى.

باشتا ئاننېي مومىررى مۇئەللىمنىڭ غەرىزىدىن گۇمانلىنىپ، ئۇنى تۈرلۈك يوللار بىلەن سىنىدى. ئاننېي زەھەرخەندىلىك بىلەن ئاڭلىغان جىمى سەت گەپلەرنى قىلىپ مۇئەللىمنىڭ

ئىنكاسىنى كۆزەتتى. ھالبۇكى، ئاننېي خاتالاشتى. ئۇنىڭ تومۇر تۇتۇشلىرىنىڭ قىلچە ئۇنۇمى كۆرۈلمىدى. مومىررى مۇئەللىم ئۇنىڭ گەپلىرىگە پەرۋا قىلماي، تەمكىنلىك بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلەندى. ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سالدى. بۇنىڭدىن ئاننېي بەك مەيۈسلەندى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاننېي مۇئەللىمنى دەي - دەيگە سىيلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقى، قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. سەزگۈسى ئۆتكۈر ئاننېي مۇئەللىمنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى چۈشەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىكى جاھىللىق، تەتۈرلۈك گويا قىشتىكى قالدۇق مۇزغا ئوخشاش، باھاردىكى ئىللىق قۇياش نۇرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئېرىپ كەتتى.

ئاننېي قەلب رۇجىكىنى كەڭ ئېچىپ مېھىر - شەپقەتلىك بۇ يېڭى دوستىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭدىن گۇمانلانمىدىغان، قايتا سىناپ يۈرمەيدىغان بولدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ ھەر قايسى جەھەتلەردە ناھايىتى تېز ئىلگىرىلىدى. بولۇپمۇ مومىررى مۇئەللىم ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىككى ئىشتا، يەنى ھەرپلەرنى قوشۇش ۋە يۈرۈش - تۇرۇش، پوزىتسىيىدە ھەممە كىشى ئۇنىڭغا باشقىچە زوق بىلەن قارايدىغان بولدى. ئاننېينىڭ ئىپادىسى مۇئەللىمنى مەمنۇن قىلدى.

ئاننېي باشتا كۆزەتتى، ئاڭلىدى، كېيىن بېرىپ مومىررى مۇئەللىمنىڭ يېقىملىق تەلەپپۇزى، نازاكەتلىك يۈرۈش - تۇرۇشلىرى، باشقىلارغا مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنۈشلىرىگە تەقلىد قىلىدىغان بولدى. بۇ ھال ئاننېينىڭ ئاسان ئاچچىقلىنىدىغان مىجەزىگە بەرھەم بەردى. ئۇنىڭدىكى يامان ئادەتلەر ئاستا - ئاستا يوقالدى. ئۇ جىم تۇرۇۋېلىشنى، كەمتەرلىكنى ئۆگىنىۋالدى. باللار شاڭخو قىلغان چاغلاردا، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئاچچىقلانمايدىغان، جاۋاب قايتۇرمايدىغان بولدى. بۇ نەقەدەر ئازابلىق ئىش - ھە! ئۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش ۋە ئوخشىتىپ تەقلىد

قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالدى. بالى-لارمۇ دوستانىلىق بىلەن يېڭىۋاشتىن ئادەم بولغان ئاننېپىنى قايتىدىن قوينىغا ئالدى. بىر كۈنى ئاننېپي قەلبىدە يېڭىچە بىر ھېسسىياتنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھەيرانلىق ئىلكىدە سېزىپ، قۇياشنىڭ شەرقتىن كۆتۈرۈلۈشىنى، يېڭى بىر كۈننى كۈتۈۋې-لىشنى، ساۋاقداشلار بىلەن بىرلىكتە دەرس ئوقۇشنى، چۈشلۈك تاماقنى بىرلىكتە يېيىشنى، بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشنى تە-قەززالىق بىلەن كۈتتى. مۇشۇنداق قىلىش نەقەدەر خۇشاللىق ئىش - ھە! ئاننېپي تۇنجى رەت ئەركىنلىك ۋە بەختنىڭ لەززىتى-نى سۈردى.

كۆپچىلىك ئاستا - ئاستا ئاننېپىنى قوبۇل قىلىپ ئارىسىغا ئالدى. توغرا، ئاننېپي بوگىنىس مەكتىپىنىڭ بىر ئەزاسى، ئەمما ئۇ بەئەينى ئائىلىدىكى بىر بالا كېلىنىگە ئوخشاش، كۆپچىلىك بىلەن تەڭ ئولتۇرۇپ، تەڭ قوپالمايتتى. ئۇ پەقەت قۇتقۇزۇش ئورنى ئەۋەتكەن نامرات ئوقۇغۇچى بولغانلىقى ئۈچۈنلا تولۇق ئارىغا ئېلىنغان ۋە مۇقىملاشتۇرۇلغانىدى.

ئۇنىڭ سالاھىيىتى بەزىدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن قۇلايسىزلىقلارنى تۇغدۇرۇپ، ئۇنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى. مەسىلەن، قىشلىق تەتىلدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆيىگە قايتىپ كې-تىپ دەم ئالاتتى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزلىرىگە لايىق تەتىللىك پىلانلارنى تۈزۈشەتتى. بىرلا ئاننېپىنىڭ قايتىدىغان ئۆيى يوق بولۇپ، ئىقتىسادىي چەكلىك بولغان قۇتقۇزۇش ئورنى قىشلىق تەتىلدە كەلگەن مېھماننى قوبۇل قىلالمايتتى.

بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى خىزمەت تېپىش ئىدى. ئاننېپي چوڭ بولۇپ قالدى. ئىش قىلالايدۇ، كۆزى ئانچە ياخشى بولمىغان بىلەن پۇت - قولى چاققان، ئادەتتىكى ئائىلە ئىشلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. ئەگەر تەلەپ بەك قاتتىق بولمىسا، ئۇنىڭ خىزمەت تېپىشىمۇ قىيىنغا چۈشمەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

مەكتەپ ئاننىپىغا بوستوْننىڭ جەنوْبىدىكى بىر مېھمانسارايى-
دىن ئۆي يىغىشتۇرۇپ تازىلىق قىلىدىغان بىر ئىشنى تېپىپ
بەردى. مېھمانساراي شەھەرنىڭ ناھايىتى ئاۋات ئىرېلاندىيە كو-
چىسىدا ئىدى. ئاننىپي تېزلا بۇ يەردە يېتىپ - قوپىدىغان كىشى-
لەر بىلەن دوستلىشىپ قالدى. ئۇ ئۆيلەرنى يىغىشتۇرغۇچە كى-
شىلەر ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. مېھمانلاردىن بىرى ئاننىپىنىڭ
كۆزى ياخشى بولمىغاچقا، ھەرىكىتى تازا قولاشمايۋاتقانلىقىغا دىق-
قەت قىلدى. ئۇ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدە ئاننىپىنىڭ توپا - چاڭ
دەستىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە خەيرخاھلىق نەزىرى بى-
لەن قارىدى. ئىچىدە بولسا، تەڭرىم! ئۇنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلى-
غىن دېدى. بىر كۈنى، ئۇ ئاننىپىدىن سورىدى:

— سىز كۆزىڭىزنى دوختۇرغا كۆرسەتتىڭىزمۇ؟

— نۇرغۇن قېتىم كۆرسەتكەن، — ئاننىپىنىڭ كۆڭلى غەش
بولدى.

— كۆزىڭىزنى ساقايتقىلى بولمامدىكەن؟ — ئۇ كوچىلاپ
سورىدى.

— ھېچ پايدىسى بولمىدى، — ئاننىپىنىڭ چىرايىدا ھېچقاند-
داق ئىپادە يوق ئىدى، — كۆزۈمگە دورا تېمىتتىم، دورا سۈر-
دۈم، ئالتە قېتىم ئوپېراتسىيىمۇ قىلىنىشتى. ئالتە
قېتىم، — ئاننىپىنىڭ يۈرەك يارىسى تاتىلانغاچقا، ئىچى سىقىلىپ
بىئارام بولدى.

— ئازراقمۇ ئۈنۈمى بولمىدىمۇ؟

— ياق، بولمىدى، بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلى بولامدۇ؟
بۇ يىگىتنىڭ بىر دوختۇر دوستى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر
ئوبدان بىر قىزنىڭ كۆزىنىڭ دەردىدە ئازابلىنىشىغا چىداپ تۇرال-
مىدى.

— ئاننىپي، دوختۇر بىرافورد ئاجايىپ ئۇستا دوختۇر، —
ئۇ ئاننىپىنى قايىل قىلىشقا تىرىشتى، — بەلكىم كۆزىڭىزنى ئۇ

داۋالاپ ساقايتالىشى مۇمكىن.

— مېنى ئاۋارە قىلماڭ، — يۇرەك يارىسىغا تېگىدىغان بۇ گەپتىن ئاننېپىنىڭ ئاچچىقى بەك كەلدى، — پايدىسى يوق، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت.

— نېمىشقا ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ باقمايسىز؟ مەن سىزنى ئاپتوبۇس بىلەن ئېلىپ باراي.

— بارمايمەن.

ئاننېي ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى جاھىللىق بىلەن رەت قىلدى. ئىلگىرى باربارا پوپمۇ مۇشۇ يىگىتتەك گەپ قىلمىغانمىدى، ئۇنىڭ دوستىمۇ كۆز كېسەللىكىنىڭ ئۇستا دوختۇرى ئەمەسمىدى؟!

ئۇ ھازىر ئۈمىدىنىڭ بەربات بولۇشىنى كۆتۈرەلمەيتتى، ئۈمىدسىزلىك زەربىسىنىڭ نابۇت قىلىشىغا چىدىمايتتى. شۇڭلاشقا، ھەرقانداق بىر ئارزۇ - ئۈمىدتە بولۇشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

بۇ ياخشى نىيەتلىك، قىزغىن يىگىت بولدى قىلمىدى، قايتا - قايتا دەۋەت قىلىش، دەيدەيگە سېلىش ئارقىلىق ئاننېپىنى «ياق» دېگەن گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايدىغان قىلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ يىگىت ئاننېپىنى ئېلىپ ئىرېلاندىيە كوچىسىدىن خۇشال ئايرىلىپ، ئۇنى دوستى يېنىغا ئېلىپ باردى.

بىرافورد دوختۇر ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. دوختۇر دېگەن ئوخشاش ئىش بېجىرىدىغان خەق. ئۇمۇ ئاننېپىنىڭ كۆزىنى تەكشۈرگەن باشقا دوختۇرلارغا ئوخشاش، ئۇنىڭ قاپىقىنى قايرىدى، قىردى، سۈرتتى، ئۆزىچە بىر نېمىلەر دېدى. ئاننېي قېتىپ ئولتۇردى. ئۆتكەن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى: «مەن چۈش كۆرۈۋاتامدىمەن، قانداق؟ ئىلگىرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش چۈش كۆرگەندەك قىلىمەنغۇ! پوپ باربارا مېنى

www.uyghurkitap.com

روۋدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغان، دوختۇر ئۆزى كۆرگەن...»

— سۇللىۋان خېنىم، كۆزىڭىزنى ياخشى ئاسرىماپسىز، ھېلىمۇ ياخشى، ھازىر داۋالىساقمۇ بەك كېچىكمەيمىز، مەن كۆزىڭىزنى داۋالاپ ساقايتىمەن، — دوختۇرنىڭ ئىشەنچىگە تولغان ئاۋازى ئۇنىڭ ئەسلىمىسىنى ئۈزۈپ قويدى.

— مەن سىزنى ھازىرلا ئوپېراتسىيە قىلىمەن، — ئۇ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بىرىنچى قېتىملىق ئوپېراتسىيىدىن كېيىن، كۆرۈش قۇۋۋىتىڭىزدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ، سىز مەكتەپكە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، قەرەللىك ھالدا كېلىپ تەكشۈرتۈپ تۇرىسىز، دورا ئېمىتىپ ئېرىسىز، كېلەر يىلى ياز مۇشۇ چاغدا مەن سىزنى يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلىمەن. گەپ مۇشۇ ئوپېراتسىيىدە، ئاللا بىزگە شاپائەت قىلغاي، ئىلاھىم.

— شۇنداق قىلساق راستىنلا بولارمۇ؟ — ئاننىي تازا ئىشىنەلمىدى. شۇنداقتىمۇ دوختۇر بىرافوردغا ئوپېراتسىيە قىلدۇردى. قىش ئۆتۈپ، ئارقىدىنلا باھار كەلدى. ئۇ لەۋزىدە تۇرۇپ، بوستۇن شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ، بىرافورد دوختۇرنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىدە كۆزىنى داۋالاتتى.

ئاننىي بوستۇنغا كېلىپ ئىككىنچى يىلى يازدا دوختۇرخانىغا كېلىپ دوختۇر بىرافوردنىڭ ئۆز كۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىشىنى كۈتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا، بىر قانچە كۈن ياتاقتا يېتىڭ، ئوپېراتسىيىدىن ئىلگىرى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تەڭشەش ئېلىپ بارىمىز، دېدى. دوختۇر ئوپېراتسىيىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش - بولماسلىقىنى روھىي ئامىلغا باغلىق ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا تەكىتلىدى.

— قورقىدىغان نېمىسى بار؟ ھەرقانچە يامان ئەھۋال بولسىمۇ ھازىرقىچىلىك بولار، مەن ھاياجانلانمايمەن، — ئاننىي سەزگۈسىنى يوقىتاي دېگەندى. ئەمما، باشقىلار بۇ ئوپېراتسىيىگە

خېلى كۆڭۈل بۆلدى. دوختۇرلار پات - پات كىرىپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتاتتى، ئۇنى پەپىلەپ قوياتتى، تەسەللىي بېرەتتى. ھېلىقى قىزغىن يىگىت بىر قۇتا كەمپۈت ئېلىپ ئۇنى يوقلاپ كەلدى. تۈنۈگۈن ئاخشام تېخى سېسترا ئىككى تەخسە ئۇ ئامراق پېچىنە ئەكېلىپ بەردى! ئەجەبا، ئۇلار بۇنىڭ قۇرۇق خۇشاللىق ئىكەنلىكىنى ئۇقمامدىغاندۇ؟ ئۇلاردا ئالدىن كۆرەرلىك يوقمىدۇ زادى؟

ئوپېراتسىيە قىلىدىغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چىقىرىلدى. قولىغا ھۆل لۆڭگە ئالغان بىر سېسترا تۇساتتىن ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— نېمە قىلماقچىسىلەر؟ — ئانىبي چۆچۈپ سورىدى.

— قورقماڭ، ھېچنېمە بولمايدۇ، — سېسترا ئۇنى تىنچلاندۇردى، — بۇ يېڭىچە بىھوش قىلىش دورىسى، بۇرنىڭىزغا ئاپىرىپ پۇراپ بېقىڭا، پۇتۇنلەي گۈل پۇرايدۇ، شۇنداقمۇ؟

سېسترا ھۆل لۆڭگىنى ئاستاغىنا ئانىبىينىڭ يۈزىگە ياپتى. ئۇ ئادەمنىڭ نەپىسىنى بوغىدىغان بۇ ھۆل لۆڭگىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ تىركەشتى، گۈل پۇرامدۇ؟ نەدىكىنى، ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ قورقۇنچ سالىدىغان غەلىتە بۇسكەنغۇ بۇ؟ بۇ گەپ ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇ مەست بولۇپ، ھېچ نەرسىنى سەزمىدى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ئوپېراتسىيە تۈگىگەنىدى، كۆزلىرى يەنە قاتمۇ قات قىلىپ ئورىۋېتىلگەنىدى. دوختۇر ئۇنىڭغا ئىمكانقەدەر ئاز مىدىرلاڭ، روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئۆزىڭىزنى تىنچ، خاتىرجەم تۇتۇڭ، ئاز گەپ قىلىڭ، كۆزىڭىزنى ئوبدان ئارام ئالدۇرۇپ، ساقايتىشقا تىرىشىڭ، دەپ تاپىلىدى.

ئانىبي دوختۇرنىڭ دېگىنى بويىچە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بوپتۇ، ۋاقتىنچە ئوبدان بالا بولاي، بەرىبىر نەچچە كۈندىن كېيىن سىر ئېچىلىدىغۇ، دوختۇر كېلىپ بىنتنى ئالغاندا، بۇرۇنقىدەكلا ئەھۋالنى كۆرىدۇ، قارىغۇ ھامان قارىغۇ.

www.uyghurkitap.com

قېچىپ قۇتۇلغىنى بولمايدىغان پەيت ئاخىر يېتىپ كەلدى. دوختۇر كارىۋات يېنىدا تۇرۇپ بىنتنى يېشىشكە باشلىدى. ئاننىپي دوختۇرنىڭ «كېسىۋېتىڭ» دېگىنىنى ئاڭلىدى. ئاننىپي قايچىنىڭ بىنتنى غىرتىلدىتىپ كەسكىنىنى، ئاخىرقى بىنتنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى سەزدى. . .

ئاننىپي دەككە ـ دۈككە ئىچىدە كۆزىنى ئاچتى.

— سىزنى كۆرۈۋاتىمەن، — ئاننىپي خۇشال توۋلاپ، كارىۋاتتىن دومىلاپ دېگۈدەك چۈشتى، — دە، ئىختىيارسىز هالدا كارىۋاتنى ئايلىنىپ ۋارقىرىدى، سەكرەپ كەتتى، بىنتلار يەرگە چېچىلىپ كەتتى، — مەن دېرىزىنى، دېرىزىنىڭ ئۇ تەرىپىنى كۆردۈم! ئۇ تەرەپتە بىر ئۆستەڭ، بىر تۈپ دەرەخ بار ئىكەن، مەن سىزنى كۆردۈم، سىزنى كۆرەلىدىم. . .

ئاننىپي قولىنى سوزۇپ تىترىگەن، ئىشەنمىگەن هالدا ئۆزىگە ئۆزى: «قولۇمنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى.

ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، بۇ بىر چۈش بولۇپ قالمىسىدى! دەپ تىلىدى.

*ئاننىپىنىڭ سوتقا بارغانلىقى ناھايىتى تېزلا بوگىنىسقا تار-قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ سوتقا بارغانلىقىنى ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتتى.*

## مەكتەپ نامىغا داغ تەگكۈزۈش

ئاننىپىنىڭ كۆزى يۈزدە يۈز ساقايمىدى. ئۇ كۆرەلەيدىغان نەرسىلەر يەنىلا تۇمان باسقاندەك خىرە ئىدى. دوختۇر ئۇنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى «يېرىم ئەما» غا ياتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لې-كىن، ئۇ ھەر ھالدا نەرسىلەرنى خېلى ئوچۇق كۆرەلەيدىغان بولدى. بۇ نەقەدەر قالتىس ئىش، نەقەدەر بەخت ـ ھە! شۇ تاپتا 16 ياشلىق قىزلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاننىپىغا ئوخشاش خۇشال، شادىمان ئەمەس ئىدى.

بوگىنىس مەخسۇس ئەمالارغا ئېچىلغان بولۇپ، دوختۇرخا-نىدىن چىققىسا، ئاننىپي ئەما ھېسابلانمايتتى. ئەمما، بوگىنىس مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلىرى ھەممە ئىشنى كۆڭلى-دە بىلەتتى، باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ گۇناھىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈر-مەيتتى. مەكتەپ قائىدىلىرىدىمۇ ئاز ـ تولا يوچۇق، پۇتاقلار بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلار مېھىر ـ شەپقەت يۈزىسىدىن تىرىشىپ ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئۆي ماكانسىز ئىرېلاندىيىلىك بۇ قىزنى مەكتەپتە ئېپقالدى.

مەكتەپتىكى نۇرغۇن ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئەما ئىدى. ئۇلار ئان-نىپىنىڭ ئۆزلىرىگە كۆپلەپ ياردەم قىلالايدىغانلىقىنى، ئۆزلىرى-نىڭ يۈگۈر ـ يېتىملىرىنى قىلىشىدىغانلىقىنى بايقىدى. مەسى-لەن، ئۇ ماگىزىندىن رەڭلىرى توق يۈك يىپ، رەخت ۋە باشقا نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كېلەتتى. ئۇ ھەممە ئىشنى قىلالايتتى

ھەمدە بۇنداق ئىشلارنىڭ ئەڭ ياخشى نامزاتى بولالايتتى.

ئۇلار يەنە ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنى بايقىدىكى، ئۇنىڭدا كىچىك بالىلارنىڭ ئەقلىنى ئۇرغۇتۇشقا يېتەكچىلىك قىلالايدىغان، تەبىئىي تالانت بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادچانلىقى بار بولۇپ، بالىلارغا ئىنتايىن سەۋرچان ئىدى، ئۇلارنى پۈتۈن قەلبى بىلەن چۈشىنەتتى. بالىلارنى ئۆزلۈكىدىن بوستۇن شەھىرىنى ئايلاندۇراتتى، ياتقۇزۇپ قويۇپراتتى، ئۆزىنىڭ ۋاقتىنى ئۇلار ئۈچۈن قۇربان قىلىشقا رازى ئىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئىشىنىپ ئىككى سائەت دەرس يۈكلىدى. مېھىر ـ شەپقەت ۋە شاد ـ خۇراملىق ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭدىكى يۈگەنسىز بەڭۋاشلىقنى بويسۇندۇردى. ئۇ كۆپ بويى ئالدىراش يۈرەتتى. ئەمما، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئەمالىق، نامراتلىق دەردى، يار ـ يۆلەكسىز بويۇن قىسىپ يۈرگەنلىرى، كۆيۈنىدىغان ئادەمنىڭ يوقلۇقىدىن تارتقان يالغۇزلۇق، غېرىبلىقلىرىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايتتى. شۇڭا، يەككە ـ يېگانە، يار ـ يۆلەكسىز كىشىلەرگە ئالاھىدە كۆيۈنەتتى. مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇ رولاغا بۆلەكچە كۆڭۈل بۆلدى. رولا ھازىر 50 نەچچە ياشتا بولۇپ، بوگىنىستا 40 يىلدەك ياشىغانىدى. رولاغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بوگىنىس ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقارغان مەكتەپلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئائىلىسى، ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرمۇشى ئىدى.

رولا ئەمما، گاس ھەم گاچا ئىدى. ئۇ تۇغۇلغاندا ساغلام، بەش ئەزاسى ساق بوۋاق ئىدى. ئىككى ياش ئىككى ئايلىق بولغاندا، ئۇ يۇقۇملۇق سىكارلاتىنا بەزگىكىگە گىرىپتار بولدى. كېسەلگە ئۆلمىگىنى بىلەن بۇ ۋابا ئۇنىڭ كۆرۈش، ئاڭلاش، پۇراش، تەم سەزگۈسىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كېسەلدىن ساقىيىشى ئۆلۈمدىن بەتتەر بولدى. يەنى، ئۇ زۇلمەتلىك، ئۈنسىز دۇنيادا ياشىدى. تاكى سام خاۋ دوكتور كەلگەنگە قەدەر ھېچقانداق بىر ئادەم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلالمىدى.

دوكتور خاۋ بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنىڭ قۇرغۇچىسى، ئۇلۇغ بىر مائارىپچى ئىدى. ئۇ رولانىڭ ئەھۋالىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئەجەبا، زۇلمەت قەپىسىگە سولانغان يۈرەكنىڭ ئەمدى يېتەكلىگۈچىسى، ئالاقە قىلغۇچىسى بولماسمۇ، دېگەننى ئويـ-لىدى - دە، ئەقىل - پاراسەت قاتلىمىغا توسقۇنلۇق قىلغۇچى قورشاۋ تامغا جەڭ ئېلان قىلدى.

دوكتور خاۋ رولانى سەككىز ياش ۋاقتىدىلا بوگىنىسقا ئە-كەلدى. رولانىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشتىكى بىردىنبىر يولى «تۇتۇپ بېقىش» ئىدى. ئىككى قولى بىلەن سىلاش، تۇتۇپ بېقىش ئۇنىڭ ئەقلىنى ئاچىدىغان ئاخىرقى راۋان يول بولۇپ، دوكتۇر خاۋ ئۇنى ئالاھىدە بىر خىل ئەمالار قول تىلى بىلەن ئوقۇتتى.

گاس - گاچىلار قول تىلى مەخسۇس گاس - گاچىلار ئۈچۈن ئىجاد قىلىنغان تىل بولۇپ، ئۇنىڭدا قول ئىشارىتى يېزىقتا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئوخشاش بولمىغان ھەربىر ئىشارىتى ئوخ-شاش بولمىغان ھەرپنى ئىپادىلەيتتى، ئوخشاش بولمىغان ھەرپ-لەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بىر خەت ھاسىل بولاتتى.

ئەما رولا قول ئىشارىتىنى كۆرەلمەيتتى. خاۋ دوختۇر ئۇنى دەپ باشقا بىر يۈرۈش ئۇسۇل قوللاندى. ئۇ قول تىلىنى ئۆگىتىد-دىغان چاغدا، رولانىڭ كىچىككىنە قولىنى تارتىپ ئەكېلىپ ئۇنىڭغا بارماقلارنىڭ ئۆزگىرىشىنى ھېس قىلدۇرۇپ، تۇتۇش سەزگۈسى ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان مەنىنى بىلدۈردى.

رولا ناھايىتى ياخشى ئۆگەندى. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ھەرد-كەت ۋە تىلنى پەرق ئېتىپلا قالماستىن، دوكتور خاۋنىڭ قولىغا توغرا قۇراشتۇرۇپ يېزىپ بېرەلەيتتى. ئەپسۇسكى، رولاغا نىس-بەتەن ئېيتقاندا، بۇ ھەرپلەرنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق بولۇپ، ھەرپلەر ئوخشىمىغان شەكىلدىكى بارماقلارنىڭ رىتىمىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دوكتور خاۋ بولسا ئۇنىڭغا ئوخشىمىغان بۇ

www.uyghurkitap.com

شەكىللەرنىڭ ئالاھىدە مەد ە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۆگەتتى.

دوكتور خاۋ مەلۇم نەرسىنى ئەكېلىپ رولاغا سىلاتقۇزاتتى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا شۇ نەرسىنىڭ نامىنى قوشۇپ يېزىپ بېرەتتى. ئەمما، رولا قولىغا يېزىلغان خەت بىلەن جىسىم ئارىسىدىكى ئۆز ئارا باغلىنىشنى پەقەتلا ئۇقالمىدى.

بىر كۈنى دوكتور خاۋ ئۇنىڭ قولىغا ئۇ ھەركۈنى تۇتىدىغان تونۇش جىسىم بولغان ئاچقۇچنى بەردى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا قول تىلى بىلەن «ئاچقۇچ» دېگەن خەتنى يازدى. ئىلگىرى ئۇلار بۇ خەتنى كۆپ يېزىشقانىدى. شۇڭا، دوكتور خاۋ ئۇنى مۇنداقلا كۆزىتىپ تۇردى. توساتتىن ئۇ رولانىڭ قولى بىلەن ئۆزىنىڭ ئالىقىنىدا توختاپ قالغانلىقىنى سەزدى ۋە ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئاجايىپ بىر خۇشاللىقنى كۆردى. ئۇ چۈشىنىپتۇ! ئۇ ئاخىر جىسىملار بىلەن قول تىلى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋەتنى بىلىپ يېتىپتۇ.

رولا ئاستا - ئاستا نۇرغۇن خام خەتنى ئۆگىنىۋالدى. ئەمما، بۇ پەقەت تاق سۆز بىلەنلا چەكلەندى. تاق سۆزلەردىن سۆز تۈزۈلمىدى، قاتار كەتكەن سۆز جۈملە شەكلىگىمۇ كىرەلمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ تاق سۆزلەردىن توغرا، تولۇق جۈملە تۈزۈپ، تولۇق بىر مەنىنى ئۇقتۇرالمىدى. پېئىل ياكى كەيپىياتنى ئىپادىلەيدىغان ئابستراكت ئىسىملارنى قول ئىشارىتى بىلەن قانداق چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ؟ مەسىلەن، «مۇھەببەت»، «نەپرەت»، «خاپا بولۇش»، «دوستلۇق» قاتارلىق ئىسىملارنى ئۇنىڭغا قانداق بىلدۈرۈش كېرەك؟ قانداق قىلغاندا بۇ خەتلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىنى رولاغا بىلدۈرگىلى بولىدۇ؟

دوكتور خاۋ بۇ ئابستراكت خەتلەرنى رولاغا تاڭمىدى. چۈنكى، رولانىڭ بارماقلىرى بىلەن بەزى دائىم ئىشلىتىلىدىغان خەتلەرنى راۋان پەرق ئېتەلىشىمۇ ناھايىتى چوڭ ئىش بولدى. بۇ ھال دوكتورنى خېلىلا مەمنۇن قىلدى. گاس، گاچا ھەم ئەما

بىر مېيىپتىن يەنە نېمىلەرنى كۈتكىلى بولىدۇ، دەيسىز؟ دوكتور
خاۋ رولاغا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگەتمەستىن، مۇشۇنىڭ بىلەن
بولدى قىلدى.

دوكتور خاۋ رولانىڭ هاياتىنى قاراڭغۇلۇق، ئۈنسىزلىك
زىندانىغا سولاپ قويغان بويۇنتۇرۇقنى ئاچتى. ئەمدى ئۇنىڭ
نورمال ئادەملەرگە ئوخشاش ئەقلى ۋە تۇغما ئىقتىدارىنى تەڭ
ئىشقا سېلىپ، تېخىمۇ گۈزەل كىشىلىك هايات يارىتىشىنى ئۇ-
مىد قىلىشقا بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، رولانىڭ تىرىشچانلىقى
شۇ چاغدىكى جەمئىيەتتىكى زاتلارنى تەئەججۈپلەندۈردى ۋە ئۇلار-
نىڭ هېسداشلىقىنى قوزغىدى. يەنى، كىشىلەر يىراق - يىراق-
لاردىن بوگىنىسقا كېلىپ رولانى يوقلىدى. بۇ ھەممىلا ئادەم
مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك بىر مۆجىزە. پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى
بىلەن يىل، ئايلار ئۆتتى. هازىر دوكتور خاۋمۇ ئاللىقاچان ئۇ
دۇنياغا سەپەر قىلدى، رولانىڭ بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىدى،
كىشىلەر ئۇنىڭ بىر مەھەل داغدۇغا قوزغىغان مۇۋەپپەقىيەتلى-
رىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

ئەمالارنىڭ قول تىلى بوگىنىس مەكتىپىنىڭ زۆرۈر دەرس-
لىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، بارلىق ئوقۇغۇچىلار رولا بىلەن ئالاقى-
لىشالايتتى. شۇغىنىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپى بەك ئالدىراش
بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدىغانغا ۋاقىت چىقىرال-
مايتتى. رولا كۈن بويى ئۆزىنىڭ پاكىز، كىتاب بىلەن تولدۇ-
رۇلغان ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، كېچە - كۈندۈزلەپ كىتاب ئوقۇش
ياكى يىپ - يىڭنە ئىشى بىلەن قاراڭغۇلۇقتىكى كۈنلىرىنى
ئۆتكۈزەتتى.

ئاننېي ھەر قېتىم رولانىڭ ئۆيى ئالدىدىن ئۆتسە، ئۆيگە
كىرمەي قالمايتتى. يىل بويى يېگانە هالدا دېرىزە ئالدىدا ئولتۇ-
رىدىغان، ئاخىرقى ئۆمرىنى كۈن بويى تىككۈچىلىك قىلىپ ئۆت-
كۈزىدىغان بۇ ئايالغا تولىمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. شۇڭا، ھەركۈنى

ئىختىيارسىز هالدا رولانىڭ ئۆيىگە كىرىپ، قول تىلىدا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەتتى. رولادا ئازراق غەلىتە مىجەزلەر باربولۇپ، سوئاللارغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن جاۋاب بېرەتتى. ئاننېي ئۇنىڭ مەقسىتىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن چاغلاردىمۇ، ئۇ رولانىڭ غۇرۇرىغا تېگىپ قويماي دەپ، ئامراقلىق قىلىپ چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىسىز هالدا مۇڭ بولۇش داۋامىدا ئۇلارنىڭ دوستلۇقى بارا ـ بارا چىڭىدى. ئاننېينىڭ قول تىلى ماھارىتىمۇ ياشلىقنىڭ تازا باراقسان كۆكلىگەن باھار مەزگىلىدەك جۇشقۇن هالەتكە يەتتى.

ئاننېي بوستۇن شەھىرىگە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئەلۋەتتە. بوگىنىس مەكتىپى ئۇنىڭ هازىرقى «ئائىلىسى»، ئەمما ئۇنىڭ نەزەرىدە بوگىنىس پەقەت ناھايىتىمۇ كىچىك، كىچىككىنە بىر دۇنياغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا، مېنى سىرتلاردا ئىش بېجىرىشكە ئەۋەتىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىد بىلەن مەكتەپ مۇدىرى ئاننا نوتىس ئىشخانىسىغا تولا كىرەتتى. بەزىدە، ئاننا نوتىسنىڭ يېنىدىن سىرتقا چىقىدىغان ئىش تاپالماي قالسا، ئۇ دوختۇرنى يوقلاش، كۆزىنى كۆرسىتىپ بېقىشنى باھانە قىلىپ بوستۇنغا بېرىشقا رۇخسەت سورايتتى، مەكتەپ مۇدىرى ماقۇل بولاتتى، ئۇنى زادىلا توسمايتتى.

ئاننېي مەقسەتسىزلا بوستۇن كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدى. ئۇ رەڭگارەڭ كوچا مەنزىرىلىرىنى، كوچىدىكى مىغ ـ مىغ ئادەملەرنى تاماشا قىلاتتى. ئاندا ـ ساندا پەقەتلا تونۇشمايدىغان يوچۇن كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ قوياتتى. ئۇ تۇرمۇشتىن لەززەت ئالغىنىدىن مەمنۇن بولاتتى.

پەقەت بىر قېتىم، بىرلا قېتىم ئۇ ئالاھىدە بىر جايغا، ئىنتايىن ئالاھىدە بىر سورۇنغا باردى. شۇ چاغدا گېزىتتە ئېلان قىلىنغان بىر خەۋەر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ خەۋەردە ئېيتىلىشىچە بوستۇن سوت مەھكىمىسى جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆ-

تۇش يىغىنى، يەنى يەنە بىر قېتىملىق دېشبۇرگنى تەكشۇرۇش توغرىسىدا جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۇش يىغىنى ئاچماقچى بول- غانىدى. ئاننېي بارايمۇ، بارمايمۇ دەپ ئىككىلەندى، كېيىن بۇنىمۇ سوراش كېتەمدۇ، بارمىسام بولمايدۇ، چوقۇم بېرىشىم كېرەك دېگەن يەرگە كەلدى - دە، ئۇتتۇر بوستۇن سوت مەھكە- مىسىگە باردى.

ئۇ سوت مەھكىمىسى ئادەم بىلەن لىق تولىدۇ، كۆپچىلىك دېشبۇرگقا كۆڭۈل بۆلۈپ، نامرات دېشبۇرگقا ياردەم قولىنى سۇنىدۇ، دېگەن شېرىن خىيالنى قىلغان، قەلبى زور ئۇمىدكە تولغانىدى. لېكىن، ئۇ خاتالاشقانىدى. سوت مەھكىمىسى بوش بىكار ئىدى. ئۇ يەككە - يېگانە ھالدا بىرىنچى قاتاردا ئولتۇردى. ئۇ مۇرەككەپ ھېسسىياتتا بولۇپ، ئىلگىرىكى تۇرمۇشى كۆڭۈل ئىكرانىدا قايتا زاھىر بولۇشىدىن پەيدا بولغان ھاياجاننى زورىغا بېسىۋالدى.

گۇۋاھچى سېمىز ۋە يوغان چاشقانلار ئۇستىدە سۆزلەپ، ئۇلارنىڭ يەنىلا كىشىلەرگە پەرۋامۇ قىلماي كۇپكۇندۇزدە ئۇۋىسى- دىن چىقىپ يېمەكلىك تالىشىپ يۇرگەنلىكىنى ئېيتتى. گۆشى ئاز تاماقلارنى، بىخسىپ قالغان بولكىلارنى، بۇلتۇر ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقلىرىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ئاننېي بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۆزى دېشبۇرگدىكى چاغدا كۆرگەن ئوت ئاپىتىنى يادىغا ئالدى.

جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۇش يىغىنى تېزلا ئاياغلاشتى. كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان شۇنچە كۆپ ئىشلار، يەنى چاشقانلار، يېمەكلىكلەر، ئۆي - ئىمارەت، قۇتقۇزۇش پۇلىنىڭ يېتىشمەي- ۋاتقانلىقى قاتارلىقلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بىرلا ئاننېي يۇرىكى ئېزىلگەن، ئېچىنغان ھالدا دېشبۇرگدىكى نامرات- لىق، ئازابلىق كۇنلەرنى ۋە ئۆزىگە كۆيۇنگەن مېھرىبان چوڭلار- نى ئەسلىدى. قىزىق ئىش، جامائەت گۇۋاھلىقىدىن ئۆتۇش يىغى- نىدا نۇرغۇن ئىشلار سۆزلەندى، لېكىن قۇتقۇزۇش ئورنىدىكى

www.uyghurkitap.com

نامراتلار ئۈستىدە گەپ ـ سۆز بولمىدى. چۈنكى، ئانىيې مارج
كارو ۋە باشقا ئەما مومايلارنىڭ خەۋىرىنى ئۇقمەنغۇ، دەپ ئويلىـ
غانىدى. ۋاھالەنكى، ئاننىيغا مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن، ھېكايە
ئېيتىپ بەرگەن، ئۇنىڭغا ئادەم بولۇشنى، ئىش قىلىشنى ئۆگەتـ
كەن ئاق كۆڭۈل، ياخشى نىيەتلىك چوڭلارنى ھېچكىم تىلغا
ئالمىدى. بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى! ئاننىيىنىڭ ئوي ـ
خىياللىرى كۆز ياشلىرىغا ئايلىنىپ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك
تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇدەرھال كەينىگە بۇرۇلۇپ سوت مەھكـ
مىسىدىن چىقىپ كەتتى.

بوستۇندا بوگىنىس مەكتىپىنىڭ يىراق ـ يېقىنلاردا نامى،
بەكمۇ داڭقى چىققانىدى. بوگىنىسنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق
ئىدى. شۇڭا، مەكتەپ فورمىسىدا سوت مەھكىمىسىدە پەيدا بولـ
غان ئاننىيىنى كۆرۈپ كىشىلەر تۈرلۈك قىياسلاردا بولدى ۋە
غۇلغۇلا قىلىشتى. ئاننىيىنىڭ سوتقا بارغانلىقى ناھايىتى تېزلا
بوگىنىسقا تارقالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ سوتقا بارغانلىقىنى
ھەممىلا ئادەم بىلىپ كەتتى.

— ئاننىيىنىڭ قاملاشمىغان ئىشلىرىدىن خەۋەر تاپتىڭىزمۇ؟

— نېمە ئىش قىپتۇ ئۇ؟

— ئۇنىڭ مىجەزى سىزگە مەلۇم.

— كاللامنى ئالىدىغان بولسىمۇ، مەن بۇنداق ئىشنى ھەرـ
گىز قىلمايمەن.

— بۇغۇ يۇزى تۆۋەن قىزلار قىلىدىغان ئىش ئەمەس.

بۇ ئىشلار مەكتەپ مۇدىرى ئاننا نوتىسنىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە
ئۇ قاتتىق ھەيران بولدى ۋە دەرغەزەپكە كەلدى. چۈنكى، بوگـ
ىنسنىڭ پاك، دىيانەتلىك، ئەخلاقلىق قىزلىرى ئۆز بېشىمچە-
لىق بىلەن كىشىلىك دۇنيادىكى يامانلىق، رەزىللىك بىلەن تولـ
غان سوت مەھكىمىسىگە بارسا بولمايتتى. بۇ ھەرگىزمۇ ئېسىل
ئائىلىنىڭ قىزى قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى.

— ئاننېي سىزگە شۇنچىۋالا كەڭچىلىك قىلىۋاتسام، نې-
مىشقا بۇنچە چوڭ ئىش تېرىپ يۈرىسىز؟ سىز بوگىنىس مەكتى-
پىنىڭ بىر ئەزاسى بولغانىكەنسىز، ئۇنداق يەرگە ئاياغ باسماسلى-
قىڭىز لازىم ئىدى. سىز مەكتەپنىڭ نامىغا داغ تەگكۈزدىڭىز،
مەكتەپنىڭ يۈزىنى بەك تۆكۈۋەتتىڭىز.

ئاننېي ئۇنچىقماستىن، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ قاتتىق ئەيىبلى-
شىگە قۇلاق سالدى. بوپتۇ! ئۇ تىللاپ بولۇپ تىنچلىنىپ قالار،
باشقا ۋاقىتلاردىكىدەك بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتەر، دەپ ئويلىدى
ئۇ.

ھالبۇكى، ئىشلار ئاننېي ئويلىغاندەك ئۇنچە ئۇمىدلىك ئە-
مەس بولۇپ، ئاننا نوتىس ئەپەندىگە بۇ ئىش ناھايىتى ھار كەلدى.

— ئاننېي، — دېدى ئۇ، — سىز بەكمۇ چوڭ ئىش تېرىدى-
ڭىز، شۇڭا سىزنى بوگىنىستا داۋاملىق تۇرغۇزالمايمەن. سىزنى
دېشبۇرگقا قايتۇرۇۋېتىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياي، سىز ھازىر
17 ياشقا كىردىڭىز، كېلەر يىلى 18 ياشقا كىرىسىز، ئۆزىڭىز-
نىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىز، دېشبۇرگتا داۋاملىق تۇرۇش -
تۇرماسلىقنى ۋاقتى كەلگەندە ئۆز ئەركىڭىز بويىچە تاللىسىڭىز
بولىدۇ.

ئاننېي «دېشبۇرگ» نىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ گويا ئۇشتۇمتۇت
بېشىغا قاتتىق كالتەك يېگەن ئادەمدەك ئۇجۇقۇپلا كەتتى - دە،
گەپ سۆز قىلالماي قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى.

گاڭگىراش ئىلكىدە ئاستا كارىدوردىن ئۆتۈپ ياتىقىغا كى-
رىپ، كارىۋاتتا لەسسىدە ئولتۇردى. دېشبۇرگقا بېرىپ بىر يىل
تۇرىدىغان گەپ؟ ئۇ بىر كۈن تۇرۇشقىمۇ چىدىيالمايدۇ. ئۇ
يەردىن ئايرىلىدىغان چاغدا چوڭلارنىڭ «ھەرگىز قايتىپ كەل-
مەڭ» دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. دېلغۇل-
لۇق، غەم - قايغۇ، سىقىلىش ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ كارىۋاتتا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئاننېينى بېقىۋالغان يېڭى ئاپىسى خوبكىن خېنىم ئۇنى ئىتتىرىپ ئويغاتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا تۈنۈگۈن بولغان ئىشلارنى يادىغا ئېلىپ بوشاشتى ـ دە، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ: « ھەرگىز كەتمەيمەن» دېدى ئىچىدە.

ـــ ئاننېي، غەم قىلماڭ، ـــ بۇ خېنىم چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن غەم يۈكى ئاستىدا مىجىلغان قىزغا تەسەللىي بەر ـ دى، ـــ مەن ئاننا نوتىس ئەپەندى بىلەن مەسلىھەتلەشتىم، مەن سىزگە ۋەسىيلىك قىلىدىغان بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن جىمى ئىشىڭىزغا مەن ئىگە بولىدىغانلىقىمنى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىشلارنىڭ ھەرگىزمۇ قايتا يۈز بەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ ـ غا كاپالەت بەردىم، ـــ ئۇنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم يامىرىدى، ـــ ھەرگىز ئەندىشە قىلماڭ، ئۇ سىزنى ئېپقېلىشقا ماقۇل بولىدى.

*ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى كىچىككىنە ئىلگىرىلەش، ئارقىدىن ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بولىدىغان ئىش بولغىنى بىلەن، پۈتۈن دۆلەتكە تەسىر قىلىدۇ، پۈتكۈل دۇنياغا گۈزەل تۈس بېرىدۇ.*

## ياشلىق باھار

ئاننىپىنىڭ بېقىۋالغان يېڭى ئاپىسى خوبكىن خېنىم مېھرىبان بىر يېگانە ئايال بولۇپ، ئۇزۇن يىل تۇللۇقتا يالغۇز قىزى بىلەن بىرلىكتە تىرىسكا بېلىقى تۇمشۇقىدىكى كىچىككىنە بىر ئېغىز ئۆيدە ياشىغانىدى. ئۇ توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قىزى تۇغۇلدى، كەينىدىنلا ئېرى ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت ئېغىر يۈكنى ئۈستىگە ئېلىپ، جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە قىزىنىڭ پاتراق چوڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلدى. ئانا بىلەن قىز بىر-بىرىگە يار يۆلەك بولۇپ ياشىدى. قىزى ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى، ياشاشتىكى مەقسىتى بولۇپ قالدى.

قىزى 17 ياشقا كىرىپ تازا تولدى، ئاي جامالى نۇردەك پارلىدى، ھالبۇكى دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ بولمايدىكەن، ئۇ قىز ئۇشتۇمتۇت ئېغىر كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ شۇنچىلىك ياش، خۇشال-خۇرام ياشاپ، راسا ئويناپ كۈلىدىغان چاغدا، كېسەللىك گويا گۈلنى سۇندۇرغان بوراندەك، ئانا بىلەن قىزنى بىر-بىرىدىن مەڭگۈلۈك ئايرىۋەتتى. خوبكىن قايغۇ-مۇسىبەتتە ئېزىلدى. ئۇ دائىم تىرىسكا بېلىقى تۇمشۇقىدىكى دېڭىز ساھىلىدا يېگانە چۆرگىلەپ يۈرۈپ قايغۇرۇپ ئاھ ئۇراتتى. بىر كۈنى دېڭىز ساھىلىدا ئويناۋاتقان بىر توپ ئەما بالا خوبكىن

خانىمنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇلار كىمدۇ؟ سۈرۈشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ بوگىنىس مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىكەنلىكى، بۇ يەردە ئوينىغىلى كەلگەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار ئۇنىڭدا خەيرخاھلىق ۋە قىزىقىش تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. 1883 ـ يىلى كۈزدە ئۇ مەكتەپكە باللارنىڭ بېقىۋالغان ئاپىسى بولۇش توغرىسىدا ئىلتىماس سۇندى.

خوبكىن خېنىم بىلەن ئاننىي مىجەزى پەقەتلا ئوخشىمايدىغان ئىككى ئادەم بولۇپ، خوبكىن خېنىم تىلى تاتلىق، مۇلايىم، مېھرىبان ئىدى، بىر ئىشلاردا ئاسانلا ھاياجانلىناتتى. ئۇ ئاننىيىنى زادىلا چۈشىنەلمەي ئۆتتى. ئاننىي خۇشال چاغلاردا ئۇنىڭدىن ئوبدان ئادەم يوق ئىدى، خاپىلىق تارتقان چاغلاردا بولسا، گويا ئۈستىگە تاغ يىقىلغاندەك بولۇپ كۆرگەنلا كىشىگە دادلاپ، قاقشاپ يۈرەتتى. يەنە ئۇچىغا چىققان كاج، ئەمما تەسەۋۋۇرغا مول ئىدى. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ كارى چاغلىق، خوبكىنغا كېرىكى مېھىر ـ شەپقەت كۆرسىتىدىغان ئوبيېكتىپ، خالاس. ئاننىي خوبكىننىڭ ئۆلۈپ كەتكەن قىزى بىلەن قۇرداش دېگۈدەك بولۇپ، راسا تولۇپ بويىغا يەتكەن، يەنە كېلىپ ناچار تۇرمۇش مۇھىتىدا تۇرغاچقا، كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى ھەم ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

شۇنداق قىلىپ، ئاننىي تەتىللەردە قايتىپ ئارام ئالىدىغان «ئائىلە» گە ئىگە بولدى. يازلىق تەتىل بولۇشى بىلەنلا خوبكىن خېنىم ئاننىيىنى تېرىسكا بېلىقى تۇمشۇقىدىكى بوران چاپقۇن، ئاپتاپ كۆرگەن كۆل رەڭلىك ئۆيىگە ئېلىپ كېتەتتى. بۇ يەردە ئاننىي چۈشىدىمۇ ئارزۇ قىلغان «ئائىلە» ئىللىقلىقى ۋە ئەركىنلىكىدىن قانغۇچە بەھرە ئالدى. غەم قايغۇدىن يىراق بولۇپ، خۇشال ئويناپ ـ كۈلۈپ، ئوتتەك يالقۇنلۇق، ئىللىق باھاردەك گۈزەل ياشلىق باھارىنىڭ پەيزىنى سۈردى. ئاننىيىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىسىدىكى ئەسلىمىلىرى ئىچىدە ئۇ ئاجايىپ پارلاق ھايات

نۇرى چاقنىغان ھەمدە تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان تولىمۇ شېرىن، گۈزەل چاغلار ئىدى. ئەپسۇس، كۈنلەر شۇنداق تېز، بەكمۇ تېز ئۆتۈپ كەتتى.

ئاشۇنداق خۇشال يايراپ ئۆتكۈزگەن بىر قانچە قىشلىق تەتىلدىن كېيىن ئاننىپي 19 ياشقا كىردى. بۇ ئۇنىڭ بوگىنىستىكى ئاخىرقى يىلى ئىدى. كۈنلەر تىرىشچانلىق بىلەن ئۆگىنىش ۋە تۈگىمەس ئىمتىھانلار بىلەن ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى، ئارقىدىنلا ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى كەلدى. 1886 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن سەككىز ئوقۇغۇچى ئىچىدە ئاننىپىنىڭ نەتىجىسى باشقىلارنىڭكىدىن كۆپ يۇقىرى بولۇپ، ئۇ بىرىنچى بولدى. شۇڭلاشقا، كۆپچىلىك ئۇنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا ئوقۇش پۈتتۈرگەن بارلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋاكالىتەن تەبرىك سۆزى سۆزلەشكە كۆرسەتتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولىدىغان كۈنى، ئاننىپي سەھەردىلا ئورنىدىن تۇردى. يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇ ئاندا ـ مۇندا ناشتا قىلدى ـ دە، يۈگۈرۈپ ئۆيگە قايتتى. كىيىم ئىشكابىدا تۇرغان يېپيېڭى، ئېسىل ۋە چىرايلىق كىيىمنى كۆردى. بۇ ئۇنىڭ مۇراسىم كىيىمى، دۇنيا بويىچە ئەڭ چىرايلىق ۋە ئېسىل كىيىم ئىدى.

خوبكىن خېنىم ئالدىراش ـ تېنەش ئۆيگە كىردى. ئاننىپىنىڭ خۇشاللىق، ھاياجاندىن قىزىل ئەتىرگۈلگە ئوخشاپ قالغان نۇرلۇق چېھرىنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرەپ:

ـــ ئاننىپي، چاپسان كىيىنىڭ! ئاننىپي ھېلى چاچ بۇدۇر قىلغۇزىسىز، ئۇنىڭغا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، ـــ دېدى.

ئاننىپي كىيىم جازىسىدىن كىيىمنى ئېلىپ يۈرىكىگە تاڭدى، قەلبى مۇرەككەپ ھېسسىيات دولقۇنلىرىدا ئۈزەتتى. ئاق رەڭلىك ئېسىل رەخت شۇنچىلىك نېپىز ئىدىكى، بەئەينى شەپەرەڭ قاناتىغا ئوخشايتتى، ئۇزۇن يەڭ قولىنىڭ بېغىشىغىچە كېلەتتى.

شىلدىرلاپ تۇرىدىغان يۇمشاق يىپەك ئىپتەكلىك كۆڭلەكنىڭ يەڭ ئۇچى ۋە ئىپتەكلىرىگە ئۈچ قەۋەت يىپەك چىلتەك تۇتۇلغان، بۇ ئۈچ قەۋەت چىلتەك ئاجايىپ ئېسىل ۋە چىرايلىق ئىدى!

بۇ مۇراسىم كىيىمىنى خوبكىن خېنىم ئاننىپىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن بارلىق مېھرىنى، ئامراقلىقىنى سىڭدۈرۈپ تىكىپ چىققانىدى. ئاننىپى بۇنى خىيالدغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز ھالدا كىچىك ۋاقتىدا خىرە يادىدا قالغان شوخ رىتىمغا كەلتۈرۈپ ئۇسسۇل ئوينىدى. يەرگە سۆرۈلۈپ تۇرغان بۇلۇتتەك ئاق كۆڭلىكى بەئەينى كۆتۈرۈلۈپ چۈشۈۋاتقان ئاق دولقۇنلارغا ئوخشايتتى.

— ئېھتىيات قىلىڭ، ساراڭلىق قىلماڭ، — خوبكىن خېنىم كۈلۈپ كەتتى، — ئۆزىڭىزنى بېسىۋالسىڭىز قانداق؟ بۇنچە خۇشال بولۇپ كەتمەڭ، نوتۇق سۆزلەش تېخى باشلانمىدى! كېلىڭ، ياسىنىش، تارىنىشىڭىزغا ياردەملىشەي.

ئاننىپى مېھرىبان موماينىڭ يېنىغا كەلدى. مۇرىلىرىگە يېيىلىپ تۇرغان سۇمبۇل چاچلىرى تەبەسسۇم يېغىپ تۇرغان چىرايلىق يۈزىنىڭ ھەرىكىتىدىن مەيىن دولقۇن ھاسىل قىلاتتى.

— ئاپا، مېنىڭ نەقەدەر خۇشال بولغىنىمنى سىز بىلمەيسىز! — دېدى ئاننىپى، — ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا ئاتاپ چىرايلىق كىيىم تىكىپ، ئاق ئاياغ ئېلىپ بەردىڭىز.

بۇ ئاق ئاياغ ناھايىتى ئېسىل، تولىمۇ ئۆزگىچە مەنىگە ئىگە! كىچىك چاغلىرىدا ئاننىپى ئاق ئاياغنى چۆچەكلەردىكى پەرىشتىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە تىكىلىدۇ، ئۇنى پەقەت ئەرىشتىكىلەرلا كىيىدۇ، كىشىلىك دۇنياسىدا بۇنداق ئاياغنى قانچىلىك بەختلىك كىشىلەر كىيەلەر؟ پانىي ئالەمدىكى ئادەتتىكى كىشىلەر قارا، قوڭۇر رەڭلىك ئاياغلارنىلا كىيىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ھالبۇكى، ھازىر بۇ ئېسىل ئاق ئاياغ ئاننىپىغا ئاتاپ ئېلىندى، ئۇنىڭغا ناھايىتى چىرايلىق ئاق كۆڭلەك پار قىلىندى!

— مېنىڭ نەقەدەر خۇشال ئىكەنلىكىمنى سىز بىلمەيسىز! — دەپ سۆزىنى تەكرارلىدى ئاننېي.

— ئەلۋەتتە بىلمەيمەن! — خوبكىن خېنىم ئەتەي چىقىشىپ شۇنداق دەپ كۈلدى. ئۇ ئاننېينىڭ مۇشۇنداق تۈز، ئاق كۆڭۈللۈكى ۋە يۇگەنسىز شوخلۇقلىرىدىن ۋايىم يەيتتى. خوبكىن خېنىم كۈلۈپ قويدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاننېينى چۈشىنىشكە تىرىشىشىنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ئاننېينى ئوبدان كىيىندۈرسە، ھاياتىدىكى ئەڭ كاتتا، ئەڭ مەنىلىك ھەرىكىتىگە شاد - خۇرام ئاتلاندۇرسا، ئۇ ئانىلىق كۆڭلىنى بىلدۈرگەن، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان بولمامدۇ؟

خوبكىن خېنىم ئاننېينى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ جابدۇندۇردى. بۇ ئەھمىيەتلىك كۈن، كاتتا مەرىكىنى دەپ نەچچە كۈن تۇجۇپىلەپ تىكىپ چىققان كىيىمگە، ئاق ئاياغقا ئىنتايىن خۇش پۇراق ئەتىرنى چاچتى، ئاندىن چېچىنى ياساشقا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت سەرپ قىلدى. ئاخىرىدا مۇراسىم كىيىمىنى ئاۋايلاپ كىيگۈزۈپ، ئاندىن ياسىنىش، تارىنىشنى تامام قىلدى.

— ھە بولدى، سىزگە يەنە بىر نەرسە بېرەي.

— شۇنچە نەرسىنى بەرگەن تۇرسىڭىز، يەنە بېرەمسىز؟ — ئاننېي خوبكىن خېنىمغا چىن يۈرىكىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈردى، — ئاپا، ماڭا بەك جىق، بەك جىق نەرسە بېرىۋەتتىڭىز.

خوبكىن خېنىم ئۈن-تىنسىز خانىدىن چىقىپ كەتتى. قايتىپ كىرگەندە ئۇنىڭ قولىدا شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كەڭ، يۇمشاق يىپەك پويىزا تۇراتتى. بۇ خوبكىن خېنىمنىڭ ئەڭ بەختلىك كۈنلىرىنىڭ خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭ قىزى ساغلام، شوخ، جۇشقۇن ھالەتتە بۇ چىرايلىق پويىزىنى تاقاپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشقانىدى.

ئاننېي خوبكىن خېنىمنىڭ بۇ پويىزىنى بەكمۇ قەدىرلەيدىغان-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

لىقىنى، مۇشۇ پويىزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ قىزنى ئەسلەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئىتتىكلا:

— بۇ ئۆزىڭىزدە قالسۇن، — دېدى.

خوبكىن خېنىم ئۈنچىقارماستىن پويىزنى ئانىسىنىڭ بىر تۇتام بىلىگە تاقاپ قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىنچىكىلەپ سەپسېلىپ:

— شۇنداق ياراشتى! — دېدى.

ئاننىي كىيىكتەك يېنىك قەدەملەر بىلەن ئىلدام مېڭىپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى. ئەينەكتە نازاكەتلىك، ئېسىل سۈپەت، ئاق كىيىملەر ئىچىدىكى بىر دىلبەر، سۆيۈملۈك گۈل يۈز تۇراتتى.

— مۇشۇ مەنمۇ؟ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ.

خوبكىن خېنىم ئۇنى ئەسكەرتتى.

— ئەمدى ماڭايلى.

ئۇلار بوستون كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى بولىدىغان مەيدان دېرىمون چىركاۋىسىغا كەلدى.

بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنى 1832 - يىلى دوكتور خاۋ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى قۇرغان بولۇپ، ئۇ چاغلاردا ئەمالار تەربىيە ئالالمايتتى، ئوقۇيالمايتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى قەلەندەر، سەرگەندان بولۇپ كەتكەن ياكى ئائىلىدىكىلەرگە ئېغىر يۈك بولۇپ قالغان، جەمئىيەت ئۇلارنى تاشلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزلىرىنى تاشلىۋەتكەنىدى. دوكتور خاۋ بولسا ئۇلارنى تەربىيىگە ئىگە قىلىش، نورمال، ساغلام بولغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ئارىلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشقا بەل باغلىدى. ئەما، گاس، گاچا رولانى ئوقۇتۇپ تەربىيىگە ئىگە قىلغاندىن تارتىپ دوكتور خاۋنىڭ يىراق - يېقىنلاردا داڭقى چىقىپ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالدى. شۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتتىكى ھەرساھەنىڭ داڭلىق ئەربابلىرى ئۇنى قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، ئۇنى مەڭگۈ ياشناپ تۇرىدىغان قىلىش ئۈچۈن ئىقتىسادى جەھەتتىن بوگىنىس مەكتە-

پىگە كۆپلەپ ياردەم قىلدى. شۇ سەۋەبتىن، بوستۇندىكى مۇھىم ئەربابلار ئالدىراش بولسىمۇ ۋاقىت چىقىرىپ ھەر قېتىملىق ئو-قۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتنىشىدىغان بولدى.

مەيدان ئادەمگە لىق تولغان، بىرمۇ بوش ئورۇن قالمىغانى-دى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ ھودۇقۇپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ مۇراسىمغا بۇنچە كۆپ مېھمانلارنىڭ كېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن، قەدىردان دوستلاردىن ۋە مېنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاسرايدىغان، مېنى يېتەكلىگەن ئۇستازىمدىن بىر قانچىسىگىلا مىننەتدارلىقىمە-نى بىلدۈرسەملا بولىدىغۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا، كۆپ ئا-دەمنى كۆرۈپ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، كاللىسى قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى، سۇدەك يادلىۋالغان سۆزىدىن بىرنىمۇ يادىغا ئالالمىدى.

ھۆرمەتلىك مېھمانلار ئۇچۇن بىر نەچچە پەلەمپەي ئېگىزلە-تىلگەن مۇنبەرگە ئورۇن راسلانغان. ئوتتۇرىدىكى ئورۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلىگە قالدۇرۇلغان. خوبكىن خېنىم تىترەپ تۇرغان ئاننېينى يېتىلەپ مۇنبەرگە قاراپ ماڭدى.

— ئاپا، بەكلا قورقۇۋاتىمەن، — ئاننېينىڭ چىشلىرى كا-راسلاپ كەتتى.

— قورقىدىغان ھېچ ئىش يوق.

— سۆزلەيدىغان سۆزۈمنىڭ بىرىمۇ يادىمغا كەلمەيۋاتىدۇ.

— قورقماڭ، مۇنبەرگە چىقسىڭىزلا ئېسىڭىزگە كېلىدۇ.

— پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالدىم، — ئاننېي ئۈمىدسىزلىك ئى-چىدە بېشىنى چايقىدى.

ئۇلار مۇنبەرگە چىقتى. موميرى مۇئەللىممۇ بۇ يەردە بولۇپ، ئاننېيغا قاراپ تۇراتتى.

— ئاننېي، سىزنى تەبرىكلەيمەن، بىز سىزدىن پەخىرلە-نىمىز، — موميرى مۇئەللىم بىر تال شاپتۇل چېچىكى رەڭ-لىك ئەتىرگۈلنى ئاننېينىڭ مەيدىسىگە تاقاپ قويدى. ئاننېي تاتلىق كۈلۈمسىرەش بىلەن ئۇستازىغا رەھمەت ئېيتتى. ئاننا

نوتىس ئەپەندى قولىنى سوزۇپ، ئاننېينى يېتىلەپ مۇنبەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇنىڭغا قويۇلغان ئورۇنغا ئېلىپ كەلدى. ئىلگىرى مەشىق قىلىۋالغان بولسىمۇ، هازىر قاتتىق جىددىيلىشىپ، پۇتۇن بەدىنى ياغاچتەك قاتتى. ئۇ مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى گويا سۆرەپ كاللىسىنى ئالىدىغان جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك هېس قىلدى.

ئاننېيغا باشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. شۇنچە باش قاتۇرسىمۇ سۆز تېكىستىنى زادىلا يادىغا كەلتۈرەلمىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ تازىمۇ سەت ئىش بولىدىغان بولدى. كىشىلەر قۇلاق يېقىشىپ: «ئوهۇ، ئۇ ساخاۋەت ئورگىنىدىن كەلگەن نامرات ئوقۇغۇچى، چوڭ سورۇن كۆرمىگەن» دەپ كۇسۇرلىشىدۇ. ياق، هەرگىز كىشىلەرگە كوكۇلامىنى تۇتقۇزماسلىقىم كېرەك.

مۇراسىم باشلاندى. ماسساچۇسېتىس شتاتىنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ قىسقىچە تەبرىك سۆزى سۆزلىدى، ئاندىن ئاننېيغا بۇرۇلۇپ:

— ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى ئاننېي سۇللىۋان خېنىم سۆزلەيدۇ. قېنى ئۇنى چاۋاك چېلىپ قىزغىن قارشى ئالايلى، — دېدى.

ئاننېي شتات باشلىقىنىڭ «ئاننېي سۇللىۋان خېنىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ گويا توك سوقۇۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدىغا ماڭماقچى بولدى، لېكىن نېمىشقىدۇر ئورۇندۇققا مىخلىنىپ قالغانغا ئوخشاش، تىترەپ ئورنىدىن تۇرالمىدى.

شتات باشلىقى كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ گويا «قورقماڭ، هەممىمىز ئوخشاش» دەپ ئۇنى رىغبەتلەندۈرگەندەك قىلاتتى. ئاننېي ئۇنىڭ ئىككىنچى قېتىم «ئاننېي سۇللىۋان خېنىم» دېگىنىنى ئاڭلاپ تىرىشىپ تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى. كاللىسى قۇپقۇرۇق هالەتتە، مېخانىك هالدا ئوتتۇرىغا كەلدى.

شتات باشلىقى باشلامچىلىق بىلەن چاۋاك چالدى. سەھنە ۋە مۇنبەردىكى مېھمانلارمۇ قىزغىن چاۋاك چېلىپ ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشتى. گۈلدۈرمامىدەك چاۋاك ئاۋازى بىلەن تەڭ ئاننېي چۈشە-دىن ئويغانغاندەك بولدى - دە، ئىتتىك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشەنچكە تولدى.

چاۋاك سەل بېسىقتى. ئاننېي بىر يۇتۇم سۇ ئىچتى. بۇنىڭ بىلەن «ئەزىز مېھمانلار» دېگەن سۆز ئېسىگە كەلدى، كەينىدىنلا سۆزلەيدىغان سۆزى ئېسىگە كېلىپ، گويا ئۈستىدىن بىر تال تاغ ئۆرۈلگەندەك يېنىكلىشىپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ، قەددىنى رۇس-لاپ كۆپچىلىككە يۈزلەندى.

— بىز ئالدىراشلىق بىلەن تولغان جەمئىيەتكە قەدەم قو-يۇپ، تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ شاد - خۇرام دۇنيا يارىتىشقا قاتنىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز. . . — ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىشەنچكە تولدى. سۆزلىرى گويا ئېقىن سۇدەك راۋان، ئاۋازى مۇزىكىدەك يېقىملىق چىقتى، — ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىشى كى-چىككىنە ئىلگىرىلەش، ئارقىدىن ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن بولى-دىغان ئىش بولغىنى بىلەن پۈتۈن دۆلەتكە تەسىر قىلىدۇ. پۈت-كۈل دۇنياغا گۈزەل تۈس بېرىدۇ. بىز قەدىمىمىزنى توختاتماس-لىقىمىز، ھەرمىنۇت، ھەر سىكونت ئۆزىمىزنى تولۇقلاپ، ساپ ۋە گۈزەل ئەتە ئۈچۈن تىرىشچانلىق نەتىجىلىرىمىزنى تەقدىم ئېتىشىمىز لازىم.

ئۇ ئاددىيغىنا «قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلارغا رەھمەت» دې-گەن سۆز بىلەن سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇشىغا، بارلىق مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇپ چاۋاك چالدى ۋە ئۇنى ئالقىشلىدى.

ئارقىدىن قول ئېلىشىشلار، ماختاشلار، زىياپەت بولدى. مۇراسىم گۈگۈم مەھەللىدە ئاياغلاشتى. ئاننېي ياتىقىغا قايتتى. ئۇ مەستخۇش بولغان، قەلبى خۇشاللىق ۋە ھاياجانلىق خاتىرىلەر-گە تولغان. كاشكى بۇ شانلىق، پارلاق پەيتنى توختىتىۋالغىلى

بولسا، ئەپسۇس، ۋاقىت ئىقسىن سۇدەك ئۆتىدۇ، كېيىنگە يانمايدۇ. كەلگۈسى ھازىرغا، ھازىر ئۆتمۈشكە ئايلىنىدۇ، توختىماستىن دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

مۇزىكا ئاخىرلىشىپ، كىشىلەر تارقىغانغا ئوخشاش، مايا-جانلارمۇ بېسىلدى. ئانىبې شاپتۇل چېچىكى يېپەك پويىزىنى بوش سىلاپ قويدى، ئاندىن ئاستا پويىزىنى يېشىپ قاتلىدى، چىرايلىق ئايغىنىنى سالدى. يۇمشاق، پاكىز لاتا بىلەن سۈرتۈپ كورۇپكىغا قاچىلىدى. كېيىمنىڭ ھەربىر تۈگمىسىنى سىلاپ تۇرۇپ يېشىپ قىيالماسلىق ئىچىدە ئۇچىسىدىن سالدى ۋە لەپىلىمە، چىلتەكلەر ئاجايىپ ياراشقان ئىسىل كۆڭلەكنى كارىۋاتقا يېيىپ، كۆز ئوڭىدىن تەپسىلىي ئۆتكۈزۈپ زوق ئالدى. «ئەمدى بۇ كىيىملەرنى قاچانمۇ كىيەرمەن؟ بۇلار خوبكىن خېنىمنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىشلىگەن نادىر ئەسىرى، ئۇ مېنى نەقەدەر مۇھاپىزەت قىلىدۇ، نەقەدەر ئامراقلىق قىلىدۇ ـ ھە! مانا مەن ئۇچۇن شۇنچىلىك كۆپ قان ـ تەر، ۋاقىت، پۇل سەرپ قىلدى».

پۇل! پۇل ئانىبېنى رېئاللىققا قايتۇرۇپ كەلدى. ھازىر ئۇ بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنى پۈتتۈردى. ئەمدى ئۇ ئوقۇغۇچى ئەمەس، باشقىلار ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان يېشىغا يەتمىگەن ئۆسمۈر ئەمەس، ئۇ ئەمدى چوڭ بولدى. شۇڭا، پۇل تېپىپ ئۆزىنى بېقىشى كېرەك.

بۇ خىيال بىلەن ئۇ تولىلاپ تىترىدى. دەرھال قېلىن، قوپال، ئېغىر سوكنا چاپىنىنى كىيىۋالدى. شۇندىمۇ پۈتۈن بەدىنى مۇزلاپ كېتىۋاتقاندەك بولدى، بىر خىل قورقۇنچ، ۋەھىمە تاپىنىدىن كىرىپ مېڭىسىدىن چىقىشقا باشلىدى.

ئۇ رېئاللىق ئالدىدا ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلاندى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئىلگىرىمۇ ئويلانغان، لېكىن مانا بۇگۈنكىدەك قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك يەرگە يەتكۈچە ئادەملىك تەبىئىتى بۇنى سۆرەپ، بۇ مەسىلىگە يۈزلىنىشنى خالىمايدۇ.



www.uyghurkitap.com

غان قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ھازىر 20 ياشقا كىردى. ئۇنىڭ
مەلۇم ئالاھىدە ئىقتىدارى، يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسى يوق،
يەنە كېلىپ يېرىم ئەما، مۇشۇ ھالدا ئۇ قانداق ئىشنىڭ ھۆددىسى-
دىن چىقالار؟

ئانىبىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ بېشىنى چايقاپ قويۇپ
ئۆزىنى ئۆزى ئاۋۇندۇردى. كىشىلىك ھاياتتا ماڭغىلى بولمايدى-
غان يول يوق، بۇنچە بالدۇر باش قاتۇرۇپ نېمىمۇ قىلاي؟ مەن
تېخى پۇتۇنلەي كۆرمەس بولۇپ قالمىدىم. ئانچە - مۇنچە كىتاب
ئوقۇيالايمەن، خەت يازالايمەن، ھەر ھالدا خېلى ئەركىن ھەرى-
كەت بىلەن ئۆز ئىشىمنى قىلالايمەن. يېرىم ئەما بولغىنىم بىلەن
تەڭرىنىڭ شاپائىتى بىلەن خېلى ئوبدان كۆرەلەيمەن.

بىرەر خىزمەت تېپىپ جان بېقىش نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي
ئىش ئىدى. ئۆزۈندىن بۇيان ئانىبىنىڭ كۆڭلىدە بېسىلىپ ياتقان
قورقۇنچ تۇيۇقسىز ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئانىبى: «ئۇ يەرگە قاي-
تىپ بارمايمەن، ئۇ يەرگە ھەرگىز قايتمايمەن» دەپ ھەسرەتلىك
نىدا قىلدى.

كەچلىك تاماققا قوڭغۇراق چېلىندى. ئۇ مەيۈس، چۈشكۈن
ھالدا تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى. دېشبۇرگنىڭ كۆلەڭگۈسى ئۇنى
ئورىۋالغانىدى. تاماقخانا ئالدىغا كەلگەندە، دوستلىرىم مېنى تەب-
رىكلىشىۋاتسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ، كەلگۈسۈم
ئۈستىدە غەم يېگۈزۈپ نېمە قىلىمەن، دەپ ئويلاپ ئۆزىنى روھ-
لۇق تۇتۇپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈتتى.

ئانىبى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، خوبكىن خېنىم بىلەن
بىللە تىرېسكا بېلىقى تۇمشۇقىدىكى ئۆيگە قايتىپ تەتىلنى ئۆتكۈز-
دى. ئۇ كۈنلەرنى بۇرۇنقىدەك غەم - قايغۇسىز، ئويۇن -
كۈلكە بىلەن ئەمەس، تۇتۇق كەلگۈسىنى ئويلاپ تۇرلۇك پىلانلار-
نى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. كۈز كېلىشى بىلەنلا خوبكىن خېنىم
ئىش قىلىش ئۈچۈن بوگىنىسقا قايتىدۇ. بوگىنىس ئەمدى مېنى

قوبۇل قىلمايدۇ. قانداق قىلىشىم كېرەك؟

تۇرلۇك ئۇيلار ئاننىپىنىڭ كاللىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ بوستۇندىكى چوڭ مېھمانسارايلاردىن قاچا ـ قۇچا يۇيىدىغان ئىشنى تاپسا بولىدىغۇ؟ ئۇنىڭ قولى ئەپچىل، يەنە كېلىپ قاچا يۇيۇشقا يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولمىسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، مېھمانساراي ئاشخانىلىرى بۇ ئىشقا ئەرلەرنى سالىدۇ. ئۇ غەمكىن بولۇپ ئېغىر خورسىندى.

ئۇ بەلكىم كىتاب ساتىدىغان ئوقەتنى قىلىپ ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ كىتاب ساتسىمۇ بولار، ئۇ ئۆزىنى ئۆي ـ ئۆيگە بېرىپ يېزىق ئۆرۈۋقىنى تېرىسام، تۇرلۇك مىجەزلىك كىشىلەر بىلەن ئۇچراشسام ياخشى ئەمەسمۇ، بۇمۇ ئالىيجاناب ۋە قىزىقارلىق ئىش دەپ بۇ ئىشنى قىلىپ بېقىشقا ئۆزىنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇندى. ئەمما، قاۋاپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ چىقىدىغان ئىتلار، ئىشىكلەرنىڭ جاڭ قىلىپ يۇزىگە يېپىلىشى، سېسىق گەپ بىلەن غىق تۈيغۇزۇپ قويىدىغان ئايرىم كىشىلەر، چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغىدىغان يامغۇر. . . يەنە كىتاب ساتالمايدىغان، پۇل تاپالمايدىغان كۈنلەردە قانداق قىلىدىغان ئىش دېگەنلەر خىيالىغا كەلدى.

8 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، يازلىق تەتىل تۈگەي دەپ قالغان كۈنلەردە، ئاننىي جىلە بولۇپ، ئىچى تىتىلداپ ئولتۇرالماي قالدى. بىر كۈنى، ئۇ بوگىنىس مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئاننا نوتىس ئەپەندىدىن خەت تاپشۇرۇۋالدى.

*ـــ قەدىرلىك ئاننىي*

ئايرىلغىنىمىزدىن بۇيان تىنچ ـ ئامان تۇردىڭىزمۇ؟ كېلىلېر ئەپەندىنىڭ خېتىنى ئەۋەتتىم، تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىڭ، كېلىلېر ئەپەندى گاس، گاچا ھەم ئەما قىزىغا بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلماقچىكەن. بۇ ئىشنى قىلىشقا رايىڭىز قانداق؟ خەت يېزىپ بۇنى ماڭا مەلۇم قىلىڭ. خوبكىن خېنىمغا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ.

سىزگە خۇشاللىق تىلەپ:

دوستىڭىز ئاننا نوتىس.



www.uyghurkitap.com

*ئۇ خېلىنىڭ ئەما، گاس ھەم گاچىلىقىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭغا تىنماي سۆزلەپ كەتكەنىدى. خېلېن شۇنچىلىك ئەقىللىق، زېرەك، چاققان ئىدىكى بۇنىڭغا قاراپ ئادەم ئۇنىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش ئىقتىدارى پۈتۈنلەي يوق بىر مېيىپ بالا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا قالاتتى.*

## يورۇقلۇق بولمىغان دۇنيا

بىچارە ئاننىي! ئاننىي كاپىتان كېللېرنىڭ خېتىنى ئوقۇپ بولۇپ ئىنتايىن روھسىزلىنىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ بۇ خىزمەتنى ياقتۇرمايتتى، پەقەتمۇ ياقتۇرمايتتى، جەنۇبتىكى قەدىمكى بازاردا تۇرسا ھاياتلىقتا قانداقمۇ ئۈمىد، قىزىقىش، ئارزۇ ھەۋەستىن سۆز ئاچقىلى بولسۇن؟

ئاننىي قولىدىكى خەتنى چەككەن ھالدا ئۆي ئىچىدە ئۇيان - بۇيان ماڭدى. «كىم ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولمىغان دەپتۇ؟». بۇ ئىشنى قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىڭ تارتمايتتى. بىراق، ئۇنىڭ نەدىمۇ باشقىچە تاللىشى بولسۇن؟ بۇ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا كەلگەن جان بېقىشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى، ئۇ ئەتىسى بۇنىڭغا جاۋاب خەت يازدى.

*قەدىرلىك ئاننا نوتىس ئەپەندى، سىزنىڭ تەربىيىڭىز ۋە غەمخورلۇقىڭىزغا رەھمەت، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئەستايىدىل ئويلىنىشتىن كېيىن، سىز تەۋسىيە قىلغان خىزمەتنى سەممىي-*

www.uyghurkitap.com

*لىنىڭ بىلەن قوبۇل قىلىشنى لايىق تاپتىم. . .*

ئاننىي ئەما، گاس، گاچا ئوقۇغۇچىسىنى ئوقۇتۇشقا بېرىلىشتىن بۇرۇن بوگىنىس مەكتىپىگە قايتىشنى تەلەپ قىلدى. سەۋەب، ئۇ رولانىڭ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا موھتاج ئىدى.

شۇڭلاشقا، ئاننىي پۈتۈن بىر كۈز ۋە قىش رولانىڭ بارلىق خاتىرىلىرىنى ئوقۇش، ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش بىلەن ئالدىراش بولدى. ئالغان ھاسىلاتلىرىنى ئۇنى خۇشال قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا بۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىشقا قارىتا دېگەندەك ئىشەنچ يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ گاس، گاچا، ئەما ئادەم بىلەن ئالاقە قىلىشنىڭ ئىنتايىن مۈشكۈل ئىش ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ھالبۇكى، ئەمەلىيەتتە زادى قانچىلىك قىيىنچىلىققا ئۇچرايدىغانلىقىنى تازا ئۇقمايتتى.

ئاننىي دوكتور خاۋنىڭ بىر تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكى، ئۇنداق بولمىغاندا ئۇنىڭ ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇ چاغلاردا نۇرغۇن ئادەم رولادەك مېيىپ بالىلارنى تەربىيىلەشكە، ئوقۇتۇشقا ئۇرۇنۇپ باققان، ئەمما ھەممىسى مەغلۇپ بولغان، شۇنداق ئىكەن، ئۇ نېمىشقا بىلىپ تۇرۇپ بۇ خاتالىقنى تەكرارلايدۇ، قاراپ تۇرۇپ ئاچچىق مېۋىنى ئىزدەيدۇ.

خاتىرىدىكى رولانىڭ دەسلەپكى ۋاقىتتىكى مۇئەللىمى بۇررى خېنىم ھەققىدىكى ھېكايىنى كۆرۈپ ئاننىينىڭ يۈرىكى مۇزلاپ كەتتى. چۈنكى، بوررى خېنىم رولانى ئوقۇتۇش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، رولا بىلەن كېچە - كۈندۈز ئۈچ ئاي بىللە بولغان، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى مېھرى چۈشۈپ، رولاغا

ئىنتايىن ئامراق بولۇپ كەتكەن. ئەمما، بىر كۈنى ئۇ دوكتور خاۋنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەمدى رولانى ئوقۇتمىسامكەن، دېگەن نىيىتىنى بىلدۈرۈپ:

— رولا ھەقىقەتەن بەك ياخشى قىزكەن. بىراق، مەن قورقۇنچلۇق ئۇنىسىزلىككە زادىلا چىدىيالمىدىم، — دېگەن.

بۇ گەپلەرنى ئوقۇپ ئانىبىيىنىڭ ئىختىيارسىز تېنى شۈركۈنۈپ كەتتى. «مەن چىدىيالارمەنمۇ؟» دەپ ئۆزىدىن سورىدى.

1887 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. ئالاباما شتاتىدىكى كىچىك كەنت تۇسكۇمبىيە ۋوگزالى مەيدانىغا بىر پەيتون كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭدا چىرايىدىن قاتتىق ھارغىنلىق چىقىپ تۇرغان ئىككى ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلار سۇللىۋان خېنىمنى ئالغىلى كەلگەن كېللېر خانىم بىلەن ئۇنىڭ ئۆگەي ئوغلى جاموس ئىدى.

ئاردىكى جىمجىتلىقنى جاموس بۇزدى:

— ئەگەر ئۇ كەلمىسە قانداق قىلىمىز؟

— ئۇ كېلىدۇ، — كېللېر خانىمنىڭ ئاۋازى ئېنىچكە تولغاندى، — ئۇ خېتىدە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتىكەن. ئاننا نوتىس ئەپەندى ئۇنى ئىشەنچلىك دېگەن، ئۇ ناھايىتى ئىككى كۈن كېچىكتى، — ئۇ خورسىنىپ قويدى، — بەلكىم ئۇ ئولتۇرغان پويىزدىن چاتاق چىققان بولۇشى مۇمكىن. ھەي! جامىس ئۇ كېلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇ كەلمىسە خېلىن قانداق قىلىدۇ؟

جامىس يىراقتىن گۈلدۈرلەپ ئاڭلانغان پويىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— سائەت ئالتە يېرىمنىڭ پويىزى بېكەتكە كىرىۋاتىدۇ. بۇ بۈگۈنكى ئاخىرقى قېتىملىق پويىز، — دېدى.

جىددىيلىكتىن كېللېر خانىمنىڭ نەپسى قىسىلدى.

«تەڭرىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — ئۇ ئىچىدە تىلەك تىلىدى، — تەڭرىمنىڭ پاناھىدا ئۇ ساق ـ سالامەت كەلگەي، ئىلاھىم» .

ۋاگوندىن بىر قانچەيلەن چۈشتى. ئۇلاردىن بىرى ھېلىقى ياش ئائىلە ئوقۇتقۇچىسىدەك قىلاتتى.

جاموس توغرا ئېيتقان بولۇپ، ئاننىي ھەقىقەتەن بەكمۇ پەرىشان، ۋەيرانە كۆرۈنۈشتە ئىدى. ئۈچ كېچە كۈندۈزدىن بېرى كىيگەن قېلىن يۇڭ كۆڭلىكى كىرلىشىپ، پۇرلىشىپ كەتكەن، كۆزلىرى قىزارغان، روھىي كەيپىياتى بەك تۆۋەن. دېمەك، يول ئازابى ئۇنى قاتتىق تۈگەشتۈرۈۋەتكەن.

ئۇ ئەسلىي بۇ يەرگە بىۋاسىتە كېلىدىغان تېز پويىزنىڭ بېلىتىنى سېتىۋالغان. كىم بىلسۇن، بىلەت ساتقۇچى ئۇنىڭغا بوستون بىلەن تۇسكومبىيە ئارىلىقىدىكى ھەربىر بېكەتتە توختاپ ماڭىدىغان ئاستا پويىزنىڭ بېلىتىنى بەرگەن، خەيرىيەت، ئۇ كېلىدىغان جايغا ئاخىر كېلىۋالدى. ئالدىغا كېلىۋاتقان ياش يىگىتنى كۆرۈپ ئۇ قەددىنى رۇسلىدى، يۈزىگە زورىغا كەسىپچانلارغا خاس كۈلكە يۈگۈرتتى.

— سۇللىۋان خېنىم بولامسىز؟ — دەپ سورىدى جامىس.

جامىسنىڭ سالاملىشىش تەلەپپۇزىدىن ئاننىينىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ئۆچتى. ئاننىي ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ كەمسىتىش تەلەپپۇزىنى پەرق ئېتىشكە ئۇستا ئىدى. «ئۇنى ياقتۇرمايمەن» دەپ ئويلىدى ئاننىي. ئۇ سوغۇققىنا جاۋاب قايتۇردى.

— شۇنداق.

— بۇياققا مېڭىڭ، — جامىس بايىقى تەلەپپۇز بىلەن سۆز -

لىدى، ــ ئۆگەي ئاپام سىزنى پەيتۇندا ساقلاۋاتىدۇ.

كېتى كېلىلېرنى كۆرۈپ، ئاندىن ئاننېينىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. ئىككى ياش ئايال تەبەسسۇم بىلەن بىر - بىرىگە تىكىل-دى.

ئۇلار قەدىردانلارچە كۆرۈشتى. «ئۇ مېنىڭدىن ھېچقانداق چوڭ ئەمەستەك قىلىدۇ! ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئوخشايدۇ».

بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن پەيتۇن كېلىلېر ئائىلىسىنىڭ قورۇسىغا يېتىپ كەلدى. دېرىزىلىرىگە يېشىل دېرىزە پەردىسى تارتىلغان ئاق ئۆينىڭ ئالدى گۈللۈك، گۈللەر راسا ئېچىلغان.

ئاننېي ئاجايىپ خۇشال بولۇپ ئالدىدىكى يوغان ئۆيلەرگىمۇ دىققەت قىلمىدى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى:

ــ خېلېن قېنى؟ ئۇ نەدە؟

كاپىتان كېلىلېر ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ــ ياخشىمۇسىز ئاننېي خېنىم، مەن خېلېننىڭ دادىسى بولىمەن، ــ كاپىتان ئاننېي بىلەن سالاملاشتى.

ئاننېي جاۋابەن بېشىنى ئىگىپ قويۇپلا يەنە سورىدى:

ــ خېلېن قېنى؟

ــ ئۇ ئەنە، ــ كېلىلېر ئەپەندى ئىشىك ئالدىنى كۆرسەت-تى.

ئاننېي بۇ بىر قانچە كۈندىن بېرى كۆپچىلىكنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر ئىش بىلەن ئالدىراش يۈرۈپ خېلېننى خاپا قىلىپ قويغانلى-قىنى سەزدى.

ئاننېي خېلېننى كۆردى. ئۇ ئىشىكنىڭ كۆلەڭگۈ يېرىدە تۇراتتى. يېشىل پىلەكلەر ئۇنى توسۇۋالغانىدى. چاچلىرى پوم-لاپ قويغان شال پاخىلىدەك مۇرىسىگە چۈشۈپ تۇراتتى. كىيد-

www.uyghurkitap.com

-منىڭ توگمىلىرى ئېگىز - پەس توگمىلەنگەن، جىگەررەڭ ئايىـ
غى توپا ۋە لاي، مەينەت قوللىرى يوپۇرماقلارنى ئۈزۈپ تىمىۋاتات-
تى.

خېلىن پەيتونىڭ تاراقلاپ ئېشكتىن كىرگىنىنى سېزىپ
قايسى تەرەپتىن چىقىپ كېتىشىنى ئويلاپ پۈتۈن دىققىتىنى يىـ
غىپ كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

« بۇ قىزغا نېمىشقا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئادەم چىقمىدى؟ »
بۇ ئاننىپىنىڭ تۇنجى تەسىراتى ئىدى. كېيىن بىلدىكى،
خېلىن ناھايىتى كەپسىز، ھېچقانداق ئادەمنىڭ باشقۇرۇشىغا
كۆنمەيدىغان، گەپ ئاڭلىمايدىغان قىز ئىكەن. كىم يېقىنلاشسا،
ئۇنىڭ ساراڭلىقى تۇتىدىكەن.

ئاننىپى كۆڭلىدىكى مەيۈسلىكىنى چاندۇرماي پەلەمپەيگە قە-
دەم قويدى. ئۇنىڭ پۇتى پەلەمپەيگە تېگىشى بىلەنلا خېلىن شاققىـ
دە ئۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇ ئايىغى ئاستىدىكى تەۋرىنىش رىتىمىـ
نىڭ ئېشىشىدىن بىرىنىڭ ئىشىك تەرەپتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىـ
ۋاتقانلىقىنى بىلىۋالدى.

خېلىن ئاپىسىنى ساقلاپ تۇرغانىدى! چۈنكى بۇ بىر قانچە
كۈندىن بېرى ئاپىسى دائىم سىرتقا چىقىۋاتاتتى. ئۇ خۇشلۇقىنى،
خاپىلىقىنى، ھەسرىتى ۋە شادلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بېـ
رەلمەيتتى. ئۇ غولىچىنى كەڭ كېرىپ ئۆزىنى ئاتتى. ئاننىپى
ئۇنى باغرىغا باستى.

ئاپىسى ئەمەس ئىكەن! خېلىن گويا تورغا چۈشۈپ قالغان
ھايۋانغا ئوخشاش ناتونۇش ئادەمنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىش ئۈچۈن
تىركەشتى. ئاننىپى جىددىيلىشىپ ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىـ
دى. بۇ ھال خېلىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى.

— تېز ئۇنى قويۇۋېتىڭ، — جامىس توۋلىدى، — ئۇ سىزنى يارىلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ئاننېي يۈرەكئالدى بولۇپ سورىدى:

— نېمىشقا ئەمدى؟ مەن خاتا قىلدىممۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئاننېي خېنىم، ئۇ باشقىلارنىڭ قۇچاقلىشىنى ياقتۇرمايتتى، — كېللېر خانىم ئۇنىڭغا چۈشەندۈردى، — ئۇ كېسەل بولغاندىن بۇيان، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ سۆيۈشى، قۇچاقلىشى، ئەركىلىتىشىگە ئۇنىمايدىغان بوپقالدى. ئۆزىمۇ باشقىلارنى سۆيۈپ باقمىدى.

— بەزىدە ئاپىسى سۆيۈپ قويسا ياق دېمەيدۇ، — كېللېر ئەپەندى قوشۇمچە قىلدى.

جامىس پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ گۆلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا پەستە تۇرغان ئاننېيغا مەسخىرىلىك نەزەردە قارىدى.

— ئەمدىغۇ بىلگەنسىز! سىز كىچىك يىرتقۇچ هايۋاننى ئوقۇتىمەن دەپ كەلدىڭىز، بىر يىرتقۇچ بالىسىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولدىڭىز، — دېدى ئۇ.

— جامىس، ئېغىزىڭىزنى يۇمۇڭ، — كېللېر خانىم ئۇنى ئۇنلۇك ئەيىبلىدى.

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ كىرىپ كەت، ماڭ! — كاپىتان قەهرى بىلەن بۇيرۇق قىلدى.

ئاننېينىڭ چارچاپ هالىدىن كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كېللېر خانىم:

— ئارتور، ئاننېي سۇللىۋان خېنىمنى ئاۋۋال هۇجرىسىغا باشلاپ بېرىڭ، قالغان ئىشلارنى كېيىنچە سۆزلىشەرمىز! — دېدى.

ئاننىي مىننەتدار بولغان تەرزدە كېللېر خانىمغا قاراپ كۆلۈمسىرىدى، ئاندىن كاپىتان كېللېرنىڭ كەينىدىن ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى.

ئاننىي كاپىتاننىڭ كەينىدىن كېتىۋېتىپ:

— ئۇنى چۆچۈتۈپ قويمىغاندىمەن ـ ھە! قارىسام ئۇ سەل ھەيران بولدى، ئاندىن بوشىنىشقا تىركەشتى. ئۇنى قورقۇتقاندەك قىلمىغان، قارىغاندا. . . ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— توغرا، ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقمايدۇ، چاتاق مانا مۇشۇ يەردە، — كاپىتان كېللېرنىڭ چىرايىدا ئەلەملىك كۈلۈمسىرەش ئەكس ئەتتى.

كېللېر ئائىلىسى بىر ئېغىز ئۆيىنى بوشىتىپ ئاقارتىپ، چىرايلىق جابدۇپ ئاننىيغا ھۇجرا قىلىپ قويغانىدى. كاپىتان چامادانىنى قويۇپ مۇلايىملىق بىلەن:

— مانا بولدى! ئالدىرىماي جايلىشىۋېلىڭ، — دېدى.

خېلېن ئۇلارغا ئەگىشىپ چىققانىدى، ئەمدى ئۆيگە كىردى. كاپىتان ئۇنىڭغا قىزىمنى ئېلىپ كېتىمەن، دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

— ئۇنى قالدۇرۇپ قويۇڭ! ئۇ مېنى ئېلىشتۇرمايدۇ، بىز ھامان ئۆزئارا تونۇشىمىز ئەمەسمۇ، — دېدى ئاننىي.

ئاننىي خېلېنغا ياخشىچاق بولىمەن دەپ ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلەشمەي، چامادانىنى ئېچىپ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى رەتلەشكە چۈشۈپ كەتتى. خېلېن بۇ ناتونۇش مېھماننىڭ جىمى ئىشىغا بەكمۇ قىزىقتى.

كىچىككىنە قوللىرى ئاننىينىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ يۇ-

قىرى - تۆۋەن بولدى. چاپلىشاڭغۇ مەينەت قوللىرى چامادانىنى تۇختىماي ئېچىپ ياپتى.

— سىز راستىنىلا بەك قەيسەر ئىكەنسىز.

خېلىن ئاننېينىڭ سەپەردە كىيگەن شىلەپىسىنى سىلاپ، بۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدى بولغاي، ئۇنىڭ بېشىدىن ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيدى - دە، شويىنىسىنى ئىگىكىدىن تەسلىكتە چىگىۋالدى. سىلاپ يۈرۈپ ئەينەك ئالدىغا بېرىپ تۇ- رۇپ، بېشىنى تىك تۇتتى، ئوڭغا قىيسايتتى، سولغا قىيسايت- تى، يەنە ئۈستۈن - تۆۋەن قىلىپ قاراپ كەتتى.

ئاننېي ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

— ۋاي شەيتان قىز، دوراشنىمۇ تازا قاملاشتۇردىڭىز، ئاپىڭىزنىڭ ئەينەك ئالدىدا مۇشۇنداق قىلغانلىقىڭىزنى كۆرۈپتى- كەنسىز - ھە؟

ئۇ توساتتىن كۈلكىدىن توختىۋالدى. چۈنكى، ئۇ خېلېن- نىڭ گاس ھەم گاچىلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭغا تىنماي سۆزلەپ كەتكەنىدى. خېلېن شۇنچىلىك ئەقىللىق، زېرەك، چاققان ئىدى- كى، بۇنىڭغا قاراپ ئادەم ئۇنىڭ ئاڭلاش، كۆرۈش ئىقتىدارى پۈتۈنلەي يوق بىر مېيىپ بالا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپلا قالاتتى.

ئاننېينىڭ ئۆتكۈر نەزىرى شىلەپىنىڭ شويىنىسىنى يېشىۋات- قان كىچىككىنە بارماقلارغا تىكىلدى. مەينەت كىچىككىنە قوللار يېڭى بىر ئويۇن تېپىش ئۈچۈن، ئۇنى بۇنى سىلاپ يۈرەتتى.

— سىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋاپسىز، باغلىشىمەن- كى، سىز قوللىرىڭىزنى كۆزىڭىز ئورنىدا ئىشلىتىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى قىلالايسىز، شۇنداقمۇ؟ پاھ، بۇ دېگەن كىچىك ئىش- لار، ئېسىل ئويۇن تېخى ئالدىمىزدا! بىر قانچە ھەپتىدىن كېيىن

سىز قوللىرىڭىز بىلەن ئوقۇشنى، يېزىشنى ئۆگىنىۋالىسىز، قوللىرىڭىز كىشەنلەرنى ئېچىشىڭىزغا ياردەملىشىپ سىزنى ئەر-كىنلىككە چىقىرىدۇ.

بالدۇرلا قاراڭغۇ چۈشتى، ئۆينى جىمجىتلىق باستى، ئانىنىڭ قاتتىق ھېرىپ كەتكەچكە، يېتىپلا ئۇيقۇغا كەتتى. باشقا چاغلار-دىكىگە ئوخشاش چۈشسىز ئۇيقۇ ماكانىدا يۈردى. باشقا بىر ئۆي-دە، يەنى خوجايىنلارنىڭ ھۇجرىسىدا كاپىتان كېللېر ئۇيقۇدىن بىدار ياتاتتى. ئۇ كېتىنى ئويغاتتى.

— سۆيۈملۈكۈم، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى كېتى.

كاپىتان بىر پەس تۇرۇۋېلىپ:

— كېتى، بۇ قىز بەكلا ياش ئىكەن، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسى-دىن چىقالارمۇ؟ — دېدى.

كېللېر كۈلۈمسىرەپ ياستۇققا ئۆرۈپ قويدى:

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئارتور، ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ.

*خېلىننىڭ كىچىككىنە جېنى يېگانە ھالدا قاراڭغۇلۇقتا ئىزدىنەتتى، ئۈنسىزلىك ئىچىدە ئېلىشاتتى. ئۇ كىچىك، سەبىي بولغانلىقى ئۈچۈن، تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلالماسلىقتەك ئۈمىدسىز تۇيغۇنى ئۆزىدىن قانداق نېرى قىلىشنى ئۇقمايتتى. شۇڭا، ئۇ تىت - تىت، بىئاراملىق كەيپىياتىنى ئۇرۇش، تېپىش، ۋارقىراپ - جارقىراش، ئۆزىنى قاچۇرۇش يولى بىلەن ئىپادىلەيتتى.*

## كىچىك زالىم

ئاننېي بوگىنىستىن ئايرىلىدىغان چاغدا، بوگىنىس مەكتەپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىر قونچاقنى خېلىنغا قىلغان سوۋغىتىمىز، سىز تاپشۇرۇپ بېرىڭ دەپ ئاننېيغا تۇتقۇزدى. قونچاقنى كۆپچىلىك پۇل چىقىرىپ سېتىۋالغان، رولا چىرايلىق كىيىم تىكىپ كىيگۈزۈپ بەرگەنىدى. بۇ قونچاق ئاننېينىڭ چامادانىدا جىممىدە ياتاتتى. خېلىننىڭ تىنىم تاپمايدىغان قوللىرى ئۇنى تېپىۋالدى.

قونچاق بۇ نېمىدىگەن يېقىن ۋە تونۇش ئوبراز - ھە!

خېلىننىڭ ھۇجرىسىدا يوغان بىر ساندۇقتا لىق چوڭ - كىچىك، شەكلى، تۈرى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان قونچاق بار ئىدى. مانا ھازىر ئۇ بۇ يېڭى قونچاقنى تارتىپلا ئېلىپ چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

ياخشى باشلىنىش! ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلىدىغان

www.uyghurkitap.com

بولدۇم. ئاننىي تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش نىيىتىگە كەلدى ــ دە، خېلېننىڭ قولىنى تارتىپ ئالىقىنىغا «DOLL» (قونچاق بالا) دېگەن خەتنى قوشۇپ يازدى. كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىغا ئەزەلدىن ئۆچ خېلېن ئىتتىك قولىنى تارتىۋالدى. ئەمما، قىزىقىش يىرگىنىشتىن ئۈستۈن كەلدى. شۇڭا، ئاننىي ئۇنىڭ قولىنى ئىككىنچى قېتىم تارتقاندا، تارتىۋالماستىن قولىنى ئاننىينىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى.

«قونچاق بالا» ئاننىي بۇ خەتنى خېلېننىڭ ئالىقىنىغا تەكرار ـ تەكرار يازدى. ئاندىن گاڭگىراپ تۇرغان بۇ قىزنى قونچاقنىڭ بېشىغا ئۇرغۇزدى، قونچاقنى خېلېنغا قۇچاقلاتتى. ئاننىي ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ خەتنى ئۇنىڭ قولىغا يازدى، قونچاقنى ئەركىلەتكەن ھەرىكەتنى قىلدى. خېلېن باشتا ھەيران بولۇپ تۇردى، ئارقىدىن ئالىقىنىدىكى يېزىقلارنى دىققىتىنى يىغىپ سەزدى.

ــ سىلەر قانداق قىزىق ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر؟ ــ كېتى كۈلۈپ ئاننىيدىن سورىدى. قولىدا بىر قۇچاق كىر كىيىم ـ كېچەك تۇراتتى، ــ مەنمۇ ئازراق ھوزۇرلىناي! سىلەرگە ھەرگىز دەخلى قىلمايمەن، ۋەدە بېرەي.

ئاننىي جاۋابەن تەبەسسۇم قىلدى. توۋا، كىشىلىك ھايات ئاجايىپ بولىدىكەن ـ ھە! تۈنجى كۆرۈشكەندىن باشلاپلا بۇ ئىككى ئايال چىقىشىپلا قالدى، ئاننىينىڭمۇ كۆڭلىدە سان بار. باشقىلار، يەنى كاپىتان كېللېر، جامىس ۋە ئىنىسى سىنسايدى ئۇنى دوست قاتارىدا كۆرمەي، ئۇنىڭغا تەكلىپ قىلىنغان خىزمەتكاردەك مۇئامىلىدە بولۇۋاتىدۇ.

ــ بولىدۇ! قېنى كۆرۈڭ، ــ ئاننىي خېلېننىڭ قولىنى

كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئالىقىنىغا خەتلەرنى قوشۇپ يازدى، — بەزى قول تىلى بىلەن تونۇشسۇن، دەپ خېلىپنىڭ قولىغا خەتلەرنىڭ شەكلىنى سىزىپ كۆرسەتتىم.

ئاننىي قولىنى ئۆزىتىپ بارماقلىرىنى چاققان ھەرىكەتلەندۈرۈپ بىر مۇنچە ھەرىكەتلەرنى قىلدى.

— مەن ئۇنىڭ قولىغا: «ياخشىمۇسىز؟ ھاۋا ناھايىتى ياخشى، شۇنداقمۇ؟» دېگەنلەرنى يازدىم، — ئاننىي كېلىپ خانىمغا چۈشەندۈردى، ئاندىن خېلىپنغا بۇرۇلدى، — خېلىپن بىر جۈپ قولىغا تايانسىلا بولىدۇ. ئۇنىڭ قوللىرى ئۇنىڭ كۆزى، قۇلىقى ھېسابلىنىدۇ.

— بۈگۈن ئەتىگەن ئۇنىڭ قولىغا «قونچاق» دېگەن خەتنى يېزىپ بەردىم. بۇ خــەتــلــەرنــى يازالايدىغان بولغاندا، ئۇنىڭ دىققىتىنى قولىدىكى قونچاققا بۇرايمەن. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭغا خەت بىلەن جىسمىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى ئۇقتۇرىمەن.

— قاراڭ، ئۇ سىزىشقا باشلىدى. ئۇ بىر قېتىم يېزىپ (سىزىپ) چىقتى. بارىكاللا، يەنە بىر سىزىق قوشۇڭ، — ئاننىي ئېگىلىپ ئىختىيارسىز خېلىپنىڭ سىلاپ - سىپاۋاتقان بارماقلىرىغا يــاردەمــلــشــىپ پىچىرلىدى. — يەنە بــىــر سىزىق قوشۇڭ، — ئاننىينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بـۇ خەت تاماملاندى.

كېلىپر خانىمنىڭ چىرايىدىن لىپپىدە ئۆتۈپ كەتكەن ئۈمىد ئۇچقۇنىغا ئاننىينىڭ كۆزى چۈشتى.

— بىز تېخى ئەمدى باشلىدۇق! خېلىپن خەتنىڭ مەنىسىنى ئۇقمايدۇ، — ئاننىي ئىتتىك چۈشەنچە بەردى، — بۇ بىر خىل دوراش ھەرىكىتى. خېلىپن «قونچاق» دېگەن خەتنى يازغىنى

بىلەن بۇ خەتنىڭ قونچاق دېگەن ئەمەلىي جىسمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى چوقۇم خىيالىغا كەلتۈرمىدى. شۇڭا، ئاكى ئۇ چۈشىنىپ يەتكەنگە قەدەر خەت بىلەن جىسىم ئوتتۇرىسىدا تەكرار مەشىق قىلىدۇ. خېلېن بۇنى چۈشىنىسىز، شۇنداقمۇ؟

ئاننېي توختاپ، ئەمدى نېمىلەر دېيىش كېرەكلىكى ئۈستىدە ئويلاندى، ئاندىن ئاستا - ئاستا سۆزىنى داۋام قىلدى.

— بەزى خەتلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدۇ. بۇ ئىنتايىن قىيىن بىر ئىش. بىراق، ئىشىنىمەنكى دۇنيادا مۇمكىن بولمايدىغان، قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق.

— قېنى، بۇ ئويۇننى ئۇزاقراق ئوينايلى، — دېدى ئاننېي خېلېنغا قايرىلىپ قاراپ، ئاندىن خېلېننىڭ قولىدىن قونچاقنى ئېلىۋېتىپ، خەت بىلەن جىسىمنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى تەسىراتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن خېلېنغا، قولىڭىزغا «قونچاق» دېگەن خەتنى يېزىڭ، ئاندىن بۇ قونچاقنى سىزگە بېرىمەن، دېگەننى ئۇقتۇردى.

ئەمما، خېلېن بۇ گەپنى چۈشەنمەي، ناتونۇش ئادەم قونچىقىمنى تارتىۋالدى، دەپ بىلىپ، شۇئان ئاچچىقى كېلىپ يۈزى قىزىرىپ ئېسىلدى، گېلىدىن بىر خىل ئاۋاز چىقتى. ھەش - پەش دېگۈچە مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ، غەزەپ بىلەن ئاننېيغا ئېتىلدى.

ئاننېي كەلگۈلۈك قونچاقتا كەلمىسۇن يەنە، دەپ ئويلاپ دەرھال قونچاقنى بىر چەتكە ئېلىۋەتتى، ئۇنىڭغىچە ئۇ مۇشتى يامغۇرى ئىچىدە قالدى. خېلى جىق ھەپىلىشىپ قىيىندا خېلېننىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان مۇشتلارنى چىڭ سىقىمدىۋالدى.



www.uyghurkitap.com

— ئاننېي خېنىم، ئاننېي خېنىم، قونچاقنى ئۇنىڭغا بېرىڭ! — كېلىلېر خانىم ئۇنىڭغا يېلىندى.

— ياق، ئۇنداق قىلمايمەن، — دېدى ئاننېي جاۋابەن، — ئۇ ئۆزىنى سوراشنى بىلىۋالسۇن، ئەگەر ئۇ دائىم مۇشۇنداق دېگىنىنى قىلسا، مەن ئۇنى قانداق تەربىيىلەيمەن؟

— قونچاقنى بەرمەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ، جېدەلدىن توختىمايدۇ.

— ياق، بولمايدۇ، — ئاننېي ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ رەت قىلدى، — ئۇ گەپ ئاڭلىشى، بويسۇنۇشى كېرەك.

— ئۇ بويسۇنۇش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى زادىلا بىلمەيدۇ! بىز بۇنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق قىلىپ ئۇقتۇرالمىدۇق. ئاننېي خېنىم، خۇش بولاي، قونچاقنى ئۇنىڭغا بېرىڭ.

— قارىغاندا يەنە بىر ئىشنى قوشۇپ قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ. بىرىنچى قەدەمدە ئۇنى كۆندۈرسەم، ئاندىن ئۇنى قورقۇتسام، تەربىيىلىسەم بولغۇدەك.

خېلېن بىلەن ئاننېي بىر - بىرىگە يول قويماي ئۇزۇن تىركەشتى، ئاخىر خېلېن ھالىدىن كېتىپ ئاننېينىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى.

« ۋاھ! ئاخىر ۋاز كەچتىڭغۇ! » ئاننېي ئىچىدە خۇرسەن بولدى.

گەپ بۇنداق ئەمەس ئىدى. ئاننېي ئۇھ دەپ قولىنى بوشىتىشىغا، خېلېن ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئاننېي ئۇنىڭغا كەينىدىن قاراپ قالدى، ئىچى ئاغرىدى. «بوپتۇ! ۋاقتىنچە بۇ نۆۋەت يېڭىش - يېڭىلىش بىلەن ھېسابلاشماي تۇراي، بەلكىم بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلىپ قويغاندىمەن.

بەك ئالدىراڭغۇلۇق قىلسام، قاتتىق ۋاستە قوللانسام بولمايدۇ. ئالدى بىلەن ئىشەنچ تىكلىشىم كېرەك. ماڭا مەلۇم ۋاقىت لازىم، ئاستا ـ ئاستا ئىش كۆرەي! ئاددىيلا ئىشقۇ بۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئەپسۇسكى، خېلېن ئۇنداق ئاددىي ئەمەس ئىدى. بىر قانچە كۈندىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ ئىسپاتلىشىدىن كېيىن، ئاننېي ئىشنىڭ تەكتىنى ئاستا ـ ئاستا چۈشەندى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئېلىشىشتىن كېيىن، ئاننېيى بىردىنلا هوشىنى تېپىپ كۈلۈمسىرىدى. «توۋا، مەن ئۇنى كىم دەپ قالدىم ـ هە! » ئاننېي خېلېننىڭ رولاغا ئوخشاش رايىش، مۇلايىم بولۇشىنى، قاراڭغۇ، ئۇنسىزلىك ئىچىدە ياشىغىنىغا تەقدىرگە تەن بېرىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى. لېكىن، خېلېن رولا ئەمەس ئىدى. ئۇ كۈچلۈك، شوخ، تىنىمسىز ئىدى. ياۋايى هايۋان بالىسىغىلا ئوخشايتتى، قايتۇرما زەربە بېرىش پەيتىنى كۈتۈپلا يۈرەتتى.

ئاننېي ئۇنىڭ ئەركىنلىكتىن بەڭۋاش بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدى. بۇ قىل سىغمايدىغان هەقىقەت ئىدى. دەرۋەقە ئۆيدىكىلەرنىڭ هەممىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتاتتى، ئۇنى ئاياتتى، رايىغا باراتتى. قارىغۇلارچە ئىچ ئاغرىتىش خېلېننىڭ خورىكىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، بەكمۇ ئۆز بېشىمچە قىلىپ قويغانىدى. ئاچچىقى كەلگەندە ئۇ كىچىك زالىم پادىشاھنىڭ ئۆزىلا بولۇۋالغاچقا، كۆپچىلىك ياۋاشلىق بىلەن ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلاتتى.

خېلېننىڭ ئاننېيغا هە دېسە كۆكەملىك قىلىشىدىكى يەنە بىر ئاساسلىق سەۋەب قورقۇش ئىدى. خېلېن بۇ ناتونۇش ئادەمدىن قورقتى، هېيىقتى، ئاننېينىڭ ئۇ بەش يىلدىن بىرى يېتىل-

دۇرگەن تۇرمۇش ئادىتىنى ئاستا ـ ئاستا يالماپ يۇتۇۋېتىدىغان-
لىقىغا ئۇنىڭ كۆزى يەتتى. بەلكىم بۇ ئەرزىمەس كىچىك ئىشلار-
دۇر. شۇنداقتىمۇ بۇ ئۇنىڭ بىردىنبىر تۇرمۇش شەكلى ئىدى.
ھېچكىم ئۇنىڭ قەلب ئىشىكىنى ئاچمىغان، ئۇنى زۇلمەت دۇنيا
سىرتىدىكى پارلاق، رەڭدار دۇنياغا يېتەكلىمىگەن. خېلېننىڭ
كىچىككىنە جېنى يېگانە ھالدا قاراڭغۇلۇقتا ئىزدىنەتتى، ئۇنسىز-
لىك ئىچىدە ئېلىشاتتى، ئۇ كىچىك، سەبىي بولغانلىقى ئۇچۇن،
تاشقى دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلالماسلىقتەك ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى-
نى ئۆزىدىن قانداق نېرى قىلىشنى ئۇقمايتتى. شۇڭا،
ئۇ تىت ـ تىتلىق، بىئارامىلىق كەيپىياتىنى ئۇرۇش، تېپىش،
ۋارقىراش ـ جارقىراش، ئۆزىنى قاچۇرۇش يولى بىلەن ئىپادى-
لەيتتى.

بىر كۈنى، كېللېر خانىم ناتونۇش كىشىگە بەرگىن دەپ
خېلېنغا بىر دەستە پاكىز لۆڭگە بەردى. خېلېن ئېلىپ ئۇستۇنكى
قەۋەتكە ماڭدى، لۆڭگىلەرنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ئۆزى ئۇستۇنكى
قەۋەتكە چىقىپ كېتىۋېتىپ ئانىنېينىڭ ھۇجرىسى ئالدىغا كەلدى.

ئۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كى-
چىككىنە قوللىرى بىلەن ئىشىكنى سىيپىلىدى. پاھ! ئۇنىڭ
قولىغا ئىشىكتە تۇرغان ئاچقۇچ ئۇرۇندى.

خېلېن دەرھال ئاچقۇچنى تولغاپ ئىشىكنى ئەتتى ـ دە،
ئاچقۇچنى سۇغۇرۇۋېلىپ يۈگۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ، ئاچقۇچنى
مېھمانخانىدىكى بىر تارتمىغا سېلىپ قويۇپ، ئۆزى تىكىۋەتتى.

ئانىنېي ئاچقۇچنىڭ شىرىقلىشىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش بولغان-
دۇ دەپ دەرھال ئىشىك تۈۋىگە كەلدى. ئەپسۇس، ئۇ كېچىك-
كەن، قېلىن، پۇختا ئىشىك تېشىدىن قۇلۇپلانغانىدى! ئانىنېي

ئۆيدە تۇرۇپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىۋىدى، كېللېر خانىم بىلەن ئاشپەز ئايال يۈگۈرۈپ چىقتى.

— ئاننېي خېنىم، نېمە ئىش بولدى؟ — كېللېر خانىم سىرتتا تۇرۇپ توۋلىدى.

— ئۇ مېنى ئۆيگە سولاپ قويدى.

سىرتتىكى ئىككى ئايال «ئۇ» نىڭ كىملىكىنى سورىمايمۇ ئۇقتى.

— ئۇ ياۋاش بالىدەك كۆرۈنەتتى، نېمىشقا بۇنداق قىلغاندۇ؟ — دېدى ئاشپەز ئايال تازا چىنپۇتمەي.

— شۇ قىلدى، — ئاننېي ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ توك جاۋاب بەردى، — بۇ بالىنى ئوبدان باشقۇرۇپ ئادەم قىلمىسا بولمىغۇدەك، ئېيتىڭلارچۇ، ئىشكىنىڭ باشقا ئاچقۇچى بارمۇ؟

ئۇلار نائىلاج ئادەم ئەۋەتىپ كاپىتان كېللېرنى چاقىرتىپ كەلدى، كاپىتان كېللېر بۇ ئىشنى پەقەت توغرا تاپمىدى.

— بىز ئۇنىڭغا ئايدا 25 كوي پۇل بېرىۋاتساق، ئۇ دۆتلۇكىدىن ئۆزىنى ئۆزى ئۆيگە سولاپ ئولتۇرۇپتۇ.

كېللېر خانىم ئېرىنىڭ ئاچچىقىنى پەسەيتىش ئۈچۈن:

— توغرا ئېيتتىڭىز، ئارتۇر خاپا بولماي تۇرۇڭ، ئاننېينىڭ ئۆيى 3 - قەۋەتتە، ھازىر بىز ئۇنى ئۆيدىن ئاچقىشنىڭ چارىسىنى قىلايلى، — دېدى.

كاپىتان كېللېر ئامباردىن ئۇزۇن بىر شوتىنى ئەكېلىپ قويدى. ئاننېينىڭ ھۇجرىسىنىڭ دېرىزىسىگە چىقىپ، ئاننېينى مۈرىسىگە ئېلىپ يەرگە چۈشتى.

ئاننېي ئىزا تارتقىنىدىن يۈزى قۇلاق تۈۋىگىچە قىزىرىپ كەتتى، كېيىن نومۇسى غەزەپكە ئايلاندى. چۈنكى، ھويلىغا خىز-

مەتكارلار ۋە ئىشلەمچىلەر يىغىلىپ كۆلۈپ تاماشا كۆرۈشتى، شۇنچە كۆپ ئادەم ئالدىدا بىر قىزنى 3 ـ قەۋەتتىن گويا پاختا تاغىرىغا ئوخشاش مۈرىسىگە ئارتىپ چۈشسە ھەقىقەتەن سەت ئەـ مەسمۇ؟

بۇ ئىشتىن كېيىن بىر مەزگىل جىم ئۆتتى. ئاننىي تەمكىنـ لىك بىلەن: «ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش بىر كۈلكىلىك ئويۇن بولدى» دەپ ئويلىدى. ئاننىينىڭ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىنى ئويلاپ كاپىتان كېللېر ئىختىيارسىز كۆلۈپ كېتىپ سورىدى:

— ئاننىي خېنىم، سىزنىڭچە خېلىن قانداقكەن؟

— مېنىڭچە بىر ئىشتىن غەم قىلمىسام بولغۇدەك، — ئاننىي تەنە بىلەن جاۋاب بەردى.

— نېمە ئىش ئۇ؟

— ئۇنىڭ كاللىسى، كاپىتان كېللېر، سىزدىن يوشۇرمايـ مەن، يېڭى كەلگەن ۋاقتىمدا، كېسەل تۇپەيلى ئۇنىڭ كاللىسمۇ كېرەكتىن چىققانمىدۇ، دەپ ناھايىتى ئەنسىرىگەنىدىم. خەيرىـ يەت، كاللىسى ناھايىتى جايىدا ئىكەن. ئەگەر شوخلۇقى، ئەسـ كىلىكىنى دېمىگەندە، ئۇنىڭ كاللىسى ئون بالىنىڭ كاللىسىدەك ئىشلەيدىكەن.

ئاننىي سۆزىنى تۈگىتىپلا كاپىتان كېللېرنىڭ كەمسىتىشى، مەسخىرە قىلىشىدىن قېچىپ يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

*ماڭا ئايان، خېلىن مېيىپ، بەختسىز، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، بىچارە. . . ئەمما سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، يوق، ئۇ ئەركىلىتىش سەۋەبلىك جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان بەڭۋاش بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىشىگە يول قويۇۋېرىدىغان بولساق، ئۇنى نابۇت قىلىمىز، خالاس.*

## ناشتىدىكى جەڭ

ئاننېي بىلەن خېلىن ئەقىل - پاراسەت ۋە كۈچ سىنىشىش جېڭىنى باشلىۋەتتى. ئۇلار بەزىدە دەلمۇ دەل تاقابىل تۇرۇپ ئېلىشاتتى، بەزىدە ئۆزىگە ھاي بېرىپ، ئۆز پىكرىنى ساقلاپ قالاتتى - دە، ئىزدىنىش تەرىقىسىدە كۆزىتىشلەردە بولاتتى. ئاننېي: «ماڭا يەنە بىر ئاز ۋاقىت بېرىلسە، ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭدا ئاز تولا ياخشى ئىنكاس پەيدا بولىدۇ» دەپ زور ئۈمىد بىلەن ئۆتەتتى.

كېيىن بولغان بىر مەيدان جەڭدە، ھەر ئىككىلىسى خۇپسەنلىك قىلسا، يېڭىش - يېڭىلىش بىلەن ھېسابلاشمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشەندى.

بۇ جەڭ تاماقخانىدا بولدى. خېلىن ئەزەلدىن تاماق ۋاقتىدا بەكلا ئەدەبسىزلىك قىلاتتى. ئارا، ۋىلكا، قوشۇقنى قانداق تۇتۇشنى ئوبدان بىلىپ تۇرسىمۇ، شۇ بويىچە تۇتمايتتى. تاماقنى، يېمەكلىكنى قولى بىلەنلا ئالاتتى. تېخىمۇ يامىنى، ئۆزىنى بىلىپ ئۆز قاچىسىدىكى تاماقنىلا يەپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ ئاۋۋال ئۆز

قاچىسىدىكى تاماقنى يەيتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ شىرەنى ئايلىنىپ ھەممەيلەننىڭ قاچىسىنى يوقلاپ چىقاتتى. بۇرنى بەك ئىتتىك بولۇپ، باشقىلارنىڭ قاچىسىدىكى ئۆزگىچە پۇراقنى، ئۆزگىچە سەي ـ تاماقنى ئاسانلا بىلىۋالاتتى. بۇ خاسلىقىغا ئانىبي ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ئەمما، خېلىپىنىڭ مەينەت قوللىرى باشقىلار-نىڭ قاچىسىغا سوزۇلۇپ، ئۆزى ئامراق قورۇما، تاماقلارنى مىجىقلاپ يۇرگىنىنى كۆرگەندە كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالاتتى. ئەگەر خېلىپىن ئۇنىڭ قاچىسىغا قول ئۇزاتمىغان بولسا، ئىش ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىيمەن دەپ ئولتۇرمىغان بولار ئىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن، خېلىپىن ئانىبينىڭ ئورۇندۇقى يېنىغا كەلدى. ناتونۇش ئادەمنىڭ قاچىسىدىن كۆتۈرۈلگەن قىزىنىڭ مەززىلىك ھىدى ئۇنىڭ بۇرنىغا ئۇرۇلدى. خېلىپىن قىزىغا بەك ئامراق ئىدى. بىراق، ئۇ ناتونۇش ئادەمنىڭ قاچىسىغا قول ئۇزىتىشقا پېتىنالمىدى.

خېلىپىن شىرەنى بىر ئايلىنىپ پۇراپ چىقتى. پۇراش سېزى-مى ئۇنىڭغا باشقىلارنىڭ قاچىسىدىكى قىزىنىڭ يېيىلىپ تۈگى-گەنلىكىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ئانىبينىڭ قېشىغا كەلدى. قىزا ئادەمنى شۇنچىلىك ئۆزىگە تارتىپ شۆلگىيىنى ئاققۇزاتتى. ناتونۇش ئادەمگە چېقىلىشقا ئەرزىمدۇ؟ يەنە پۇراپ باقتى، ئۆزىنى باسالماي شاققىدا قول ئۇزاتتى.

ئانىبي پاق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ خېلىپىنىڭ قولىنى بىسىۋالدى. خېلىپىن قورقۇپ كېتىپ دەرھال قولىنى تارتتى، لېكىن ئۇ كېچىككەنىدى، ئانىبي بەك چىڭ بىسىپ تۇرغانلىقتىن ئۇ قولىنى مىدىرلىتالمىدى، ئانىبي خېلىپىنىڭ قولىنى ئاستا

قېزىدىن نېرى قىلدى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — سورىدى كاپىتان كېللېر.

— قېزامنى ئېلىۋېلىۋاتىمەن، — ئاننېي سوغۇققىنا جاۋاب قايتۇردى.

— ئاننېي خېنىم، سىز ئۇنىڭ بىر بىچارە مېيىپ بالا ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز ئەمەس، بىز ئۇنىڭغا كەڭ قورساقراق بولساق قانداق؟ — كاپىتان كېللېر ئۇنى غەرەز ئۇقمايدىغان گۇمۇش كۆرگەندەك قىلاتتى.

ئاننېي ئېغىر خورسىنىپ، پارتلاي دېگەن غەزىپىنى ئىچىگە يۇتتى. كېللېر ئائىلىسىدىكىلەر نېمىشقا دائىم ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالىدىغاندۇ؟

— كاپىتان كېللېر، ماڭا ئايان، خېلېن مېيىپ، بەختسىز، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن، بىچارە، لېكىن سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، يوق، ئۇ ئەركىلىتىش سەۋەبلىك جاھاننى بېشىغا كىيىدىغان بەڭۋاش بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ پېتى كېتىۋېرىشىگە يول قويۇۋېرىدىغان بولساق، ئۇنى نابۇت قىلىمىز، خالاس.

كاپىتان كېللېر غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— ئۆز ئۆيۈمدە بالامنىڭ يېمەكلىكىنى تارتىۋېلىشقا يول قويمايمەن.

ئاننېينىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچتى. ئۇمۇ بوش كەلمەي جاۋاب قىلدى:

— مەنمۇ باشقۇرۇشۇمدىكى بالىنىڭ باشقىلارنىڭ قاچىسىغا قول سوزۇشىغا يول قويمايمەن.

جامىس ئاننېيغا زوقلانغان نەزەردە قاراپ، ئىختىيارسىز كۈلۈپ تاشلىدى.

www.uyghurkitap.com

— جامېس، قىلىدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — كاپىتان كېلىپ
زەردە بىلەن سورىدى.
— يوق، — ياش يىگىت بېشىنى تىقىپ جاۋاب بەردى.
كاپىتان يەنە قايىنغىلى تۇردى.
— ئاننېي خېنىم، سىز ئۇبدان ئۇقۇۋېلىڭ، مەن تاماقخانىدا بولىدىكەنمەن، ھېچقانداق ئادەمنىڭ خېلېنغا چېقىلىشىغا رۇخسەت يوق.
— ئاننېي خېنىم، كەچۈرۈڭ. . . — ئېرىنىڭ تەھدىت تەلەپپۇزىنى ئاڭلاپ كېتى قولىدىكى سالفىتكىنى دەرھال تاشلىۋېتىپ، ئېرىنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىقىغا پىچىرلىدى، — قەدىرلىكىم، سىز ئاننېي خېنىمغا ئۆز ئۇسۇلى بويىچە خېلېننى تەربىيىلىشىگە ماقۇل بولغان، شۇنداقمۇ؟ مەن بىلىمەن، ئۇ پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ تەربىيىلەۋاتىدۇ، قولىدىن كېلىدىغاننى قىلىۋاتىدۇ، بۇنىڭغا مەن كېپىل.
ئاننېي كېتىنىڭ ئورۇنلۇق سۆزىنى ئاڭلاپ دېمىنى ئىچىگە يۇتتى. ئارقىدىن كېتى:
— ئەمەلىيەتتە بۇمۇ خېلېنغا پايدىلىق. كۆرۈنۈشتە رەھىمسىزلىكتەك بىلىنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە ھېچقانچە چوڭ ئىشمۇ ئەمەس، بىز ئىشىك ئالدىغا بارايلى، سىزگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، قەدىرلىكىم، بىز بىردەم سىرتقا چىقىپ تۇرايلى! جامېس، سىزمۇ ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — كېتى يۇمشاققىنا سۆزلەپ باشقىلارنى ئېلىپ تاماقخانىدىن چىقىپ كەتتى.
تاماقخانىدا بىر ناتونۇش ئادەم بىلەن بىر يىرتقۇچ بالىسى بىر - بىرىگە خىرىس قىلىشقىنىچە قالدى.
ئاننېي ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ تاماقخانىنىڭ ئىشىكىنى قو-

لۇپلاپ ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سالدى. ئاندىن يەردە ئېغناپ غەلۋە قىلىۋاتقان خېلېننى ئاتلاپ ئۆتۈپ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

ئاننېبى ۋىلكىنى قولىغا ئالدى. قېزىغا كۆزى چۈشۈپ، «گېلىمدىن ئۆتەرمۇ؟» دەپ ئويلىدى، ئارقىدىن مەيلى ئۇ قانچىلىك كۆكەملىك قىلىپ جاھاننى بېشىغا كىيسۇن، بۇنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى، ھېچكىمنىڭ مويى تەۋرەپ قالمايدىغانلىقىنى، كۈنلەرنىڭ ئوخشاشلا ئۆتىۋېرىدىغانلىقىنى خېلېنغا ھېس قىلدۇرۇش كېرەك. ئاننېبى نائىلاج مۇزلاپ قالغان تاماقىنى زورلاپ يېيىشكە باشلىدى.

يېرىم سائەت ۋاقىت گويا يېرىم كۈندەك ئاستا ئۆتتى. ئاننېبى تاماقىنى يەپ ئولتۇرىۋەردى. يەردە دومىلاۋەرگەن خېلېن ئاخىر زېرىكتى، توساتتىن باشقىلارنى ئويلاپ قالدى. باشقىلار قېنى، نېمىشقا كۆپچىلىك ماڭا قاراپمۇ قويمايدۇ. بۇرۇنقىغا ئوخشاش مېنى بەزلەيدىغان بىرىمۇ ئادەم يوقمۇ؟ قىزىقىش سەۋەبىلىك غەزىپى سەل بېسىلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان غەلۋىسىنى ئۇنتۇپ قالدى.

خېلېن سەل تېتىكلىشىپ نېمە قىلىۋاتىدىكىن بىلەي دەپ ئاستا ئاننېبىغا يېقىن كەلدى. «ۋاھ، ئۇ تاماق يەۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟» خېلېن بىر قولىدا ئاننېبىنىڭ قولىغا ئۇرۇپ، يەنە بىر قولىنى ئوغرىلىقچە قاچىغا ئۇزاتتى. ئاننېبى ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى. خېلېن قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا چىدىماي، يەنە تېزلا قول سوزىۋىدى، ئاننېبى قاتتىق ئىتتىرىۋەتتى.

خېلېننىڭ ئاچچىقى راسا تۇتتى. ئۇ ئاننېبىنى قاتتىق چىمدىۋالدى. ئاننېبى ئويلاپ ئولتۇرماستىن چاقماق تېزلىكىدە زەربە بېرىپ، ئۇنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى. خېلېننىڭ



www.uyghurkitap.com

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئەلەم جان ـ جېنىدىن ئۆتتى. پۈتۈن ئەزايىنىڭ ئاغرىقىنى سېزىپ يەنە چىمدىدى، ئاننېي يەنە قىلچە ئىككىلەنمەستىن قاتتىق زەربە بەردى. قاتتىق كاچاتتىن قاراڭغۇلۇقتا خېلېننىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

خېلېن تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ شىرەنى ئايلىنىپ چىقتى. ھەممە ئورۇن بوش ئىدى. ئۇ ئايلىنىپ بېرىپ ئىشىكنى تارتتى، ئىشىك مىدىرلىمىدى. ئۇ سىپىلاپ ئاچقۇچنى ئىزدىدى. ئىشىك قۇلۇپلانغان، ئاچقۇچ ئېلىپ كېتىلگەنىدى.

ئۇ تۇنجى قېتىم يار ـ يۆلەكسىز قالغانلىقى، يېگانە ھالدا بىر ناتونۇش ئادەم بىلەن بىللە تۇرغانلىقى، ھېرىپ ئاچقان ھالەتتە دۈشمىنى بىلەن بىر ئۆيگە قامىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى.

ئاننېينىڭ يەرگە ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن خېلېنغا ئىچى ئاغرىدى.

ــ ھەي! خېلېن، قورقماڭ، سىزگە زىيانكەشلىك قىلمايمەن، ــ دېدى ئۇ.

ئاننېي بىر قەدەم چامدىسا، خېلېن بىر قەدەم چېكىندى. خېلېننىڭ ئۆزىنى قوغداش تەبىئىتى ئۇنى ئىمكانقەدەر ناتونۇش ئادەم بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاشقا ئۈندەيتتى.

ئاننېي ئازابلىنىپ، بېشىنى قوللىرى ئارىسىغا ئېلىپ ھەسرەت چەكتى. بەلكىم ئۇ ئىشىكنى قۇلۇپلىۋەتمەسلىكى كېرەكتۇ. ئېھتىمال خېلېندىن زور ئۈمىد كۈتۈپ كەتكەندۇ. . . ياق، بولمايدۇ. رەھىم قىلماسلىق كېرەك، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەتئىي ئىشەنچ بولۇش كېرەك. ئاننېي بۇ نىيەتكە كەلگەندىن كېيىن، ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن، قولىغا ۋىلكا،

قوشۇقنى قايتىدىن ئېلىپ، تەمى كەتكەن ناشتىلىقنى يېيىشكە باشلىدى.

بىر ئاز ۋاقىت ئۆتتى. خېلېننىڭ قورسىقى بەك ئاچتى. ناتونۇش ئادەم جايىدىن مىدىرلاي دېمەيتتى. خېلېن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا پېتىنالماي، ئايلىنىپ ئۆزىنىڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ، تاماقنى قولى بىلەن يېيىشكە باشلىدى.

«ياق، ئۇنداق قىلسا بولمايدۇ» ئاننىي يەنە ئۇلۇغ كىچىك تىندى. «جاھىل شۇمتەك، ئىش ئىزىغا چۈشىدىغان بولدى، دەپ تۇرسام، سەن تېخى بۇ ھۈنىرىڭنى ئىشقا سالماقچىمۇ؟ كۆڭلۈڭدە سان بولغاچ، يەنە قەستەن چىشىمغا تەگمەكچى بولۇۋېتىپسەن ــ دە، مەن سېنىڭ رايىڭغا باقمايمەن، ياق، ھەرگىز ئاسانلىقچە بولدى قىلمايمەن.» ئاننىي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قوشۇقنى تۇتقۇزۇپ قويدى.

خېلېن قوشۇقنى قولىغا ئالدىيۇ، يەرگە تاشلىۋەتتى. ئاننىي دەرھال ئۇنى ئورۇندۇقتىن چۈشۈرۈپ، قوشۇقنى ئالدۇرۇپ، ئورۇندۇقتا راۋۇرۇس ئولتۇرغۇزدى. ئاننىي كۈچلۈك قوللىرى بىلەن خېلېننىڭ تىركىشىشىگە يول قويىماي، قوشۇقتا كۆرەپ ــ كۆرەپ ئالغۇزۇپ تاماقنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تىقتى.

بىر قوشۇق... ئىككى قوشۇق... ھەببەللى! ئاننىي قولىنى تارتتى. لېكىن، ئۇ بەكلا ساددىلىق قىلغانىدى. ئۇ قولىنى تارتىشى بىلەن تەڭ خېلېن قوشۇقنى ئۇنىڭغا ئاتتى.

ئاننىي شاققىدە بېشىنى چەتكە ئېلىۋىدى، قوشۇق يەرگە چۈشتى، جاراڭ قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ بارلىق ئىش يەنە تەكرارلاندى. خېلېن ئەسەبىيلىشىپ ۋارقىرىدى، تەپتى، ئۇردى، ئاننىي يەنە پۈتۈن كۈچىنى چىقىرىپ ئۇنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ياۋاش-

لىق بىلەن تاماق يېيىشكە مەجبۇرلىدى. ئاخىر ئاننېي قولىنى بوشاتقاندا، خېلېن ياۋاشلاپ قايتا ئېلىشمىدى. چۈنكى، ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، قورسىقى ئېچىپ بېشى قايغانىدى، شۇڭا ئۇ جىم ئولتۇرۇپ تامىقىنى تېز - تېز يېدى.

خېلېن تامىقىنى تۈگىتەي دېدى. بۇنى كۆرۈپ ئاننېي «ئەمدى تۈگەيدىغان بولدى، ئەمدى بولدى قىلايلى» دەپ ئويلىدى. خېلېننىڭ يۈگەنسىز، كاجلىقىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ خېلېن ئاخىرقى بىر قوشۇق تاماقنى يەپ بولۇپ، سالفىتكىنى تارتىپلا ئالدىدىن ئېلىپ يەرگە ئېتىۋەتتى.

— ئاھ تەڭرىم، نېمانچە كاج بالىسىز، ھە بوپتۇ. تاشلاڭ، سىز جاھىل بولسىڭىز، مەن سىزدىن بەكرەك جاھىل، سىز كۈچلۈك بولسىڭىز، مەن سىزدىن ئۆتە كۈچلۈك، سەۋرچان، خۇداغا شۈكۈر، سىزدىن كۈچلۈكرەك بوپقاپتىمەن. سىز ئۆچلۈك قىلىۋېرىڭ، نەپرەتلىنىۋېرىڭ! بىزنىڭ يېڭىش - يېڭىلىشىمىز مۇشۇ ئىشتا بەلگىلىنىدۇ. سىزنى ئۆتكەلدىن بۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋەتمەيمەن. سىز سالفىتكىنى يەردىن ئېلىشىڭىز، چىرايلىق قاتلاپ جايىدا قويۇشىڭىز كېرەك.

سالفىتكىنى قاتلاش ئىشى ئۈچۈن ئۇلار يەنە بىر سائەتتەك ۋاقىت قاتتىق ئېلىشتى. ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويمىدى، ئاخىر خېلېن بىر پەس تارتىشقاندىن كېيىن بولالمىدى.

خېلېننىڭ بارماقلىرى ئاننېينىڭ بارماقلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سالفىتكىنى چىرايلىق قاتلاپ تەييار قىلدى. ئاندىن ئۇھ تارتىۋېتىپ، دەلدەڭلەپ بېرىپ جايىغا ئولتۇردى. ئۇ ئەڭ مۇھىم بىر دەرسنى ئاڭلىغان بولدى.

— ۋاقىت بىر يەرگە باردى، — ئاننېي بەكمۇ ئۆكۈندى.

ئاننىي ئىشىكنىڭ قۇلۇپىنى ئېچىپ، خېلىنىنى گۇللۇككە ئاچىقتى. باش ئۈستىدە قۇياش پارلاپ تۇراتتى.

— ئەتىگەنلىك بىر مۇنچە ياخشى ۋاقىتنى تاماقخانىدا ئۆت-كۈزۈۋەتتۇق، — دېدى ئاننىي. ئۇ ئاشخانىدىن چۇشلۇك تاماققا قىلىنىۋاتقان تەييارلىق ئاۋازىنى ئاڭلىدى.

«بايىقى ئىشلار بىلەن غىق تويدۇم، چۇشلۇك تاماق گالدىن ئۆتەمدۇ، ئەمدى؟» ئاننىي بوشاشقان هالدا ئولتۇرۇپ هەسرەت چەكتى.

ئاننىي خېلىنىنى تاشلاپ ئۆزى ئۆيىگە ماڭدى. هېرىپ ئې-غىرلاشقان پۇتلىرىنى سۆرەپ تەسلىكتە يۇقىرىغا چىقىپ هۇج-رىسىغا كىردى - دە، ئۇھ دەپ يېنىك تىن ئالدى. هاپىلا - شاپىلا يوپكىسىنى سېلىپ تاشلاپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. كۆز يېشى كۆزى ئېچىلغان بۇلاقتەك توختىماي ئاقتى. ئەتراپ تىمتاس بولۇپ، هېچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

*ئەگەر بىز بۇ يەردىن ئايرىلساق بۇرۇلۇش بولىدۇ، ئاز تولا ئۇمىد پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك، ئۇ يانتاياقتا ئىگە بولىدۇ - دە،. مەن بىلەن داۋاملىق ئىلىشىدۇ، ئاخىر بېرىپ ماڭا ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ.*

## ئايرىم مەشىق قىلدۇرۇش

كېللېر خانىم ئۆزى يالغۇز دەرۋازا تۈۋىدىكى باراڭنىڭ سايىسىدا ئولتۇراتتى، يېنىدا بىر سېۋەت كونا پايپاق تۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ، يىڭنە ئىشى قىلىشقا قولى بارمايتتى.

تاماقخانىدىن چىقىۋاتقان گۈلدۈر - تاراقلاردىن چۆچۈپ يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلاتتى. ئەجابا، خېلېننى تەربىيىلەشكە ئاننىينى ياللىۋالغانلىقىمىز خاتا بولدىمۇ؟ ئەجابا ئۇ بىچارە خېلېننىڭ ئازاب چېكىشىگە قول قوۋۇشتۇرۇپ بىر چەتتە قاراپ ئولتۇرامدۇ؟

ئارتۇر تاماقخانىدىن چىقىۋاتقان ئاۋازلارغا چىدىيالمىدىم دېدى ھەمدە بىئارام بولۇپ ئولتۇرالماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مانا ھازىرغىچە قايتىپ كەلمەيۋاتىدۇ. كېللېر ئۇ كەلسە چوقۇم ئاننىيني كەتسۇن! دەيدۇ، دەپ ئويلىدى.

بەختكە يارىشا جامېس دادىسى تەرەپتە تۇرمىدى. ئاننىيني يېڭى كەلگەندە، جامېس ئۇنىڭغا باشقىچە قاراشتا بولغان، ئىش كۆرمىگەن بۇ ساددا قىز نېمە ئىش قىلالار؟ دەپ دەرگۇمان بولغانىدى. ھازىر ئاننىيغا يېڭىچە نەزەردە قاراپ، ئۇنىڭ ئىشىغا يېڭىۋاشتىن باھا بېرىپ، ئاننىي خېلېننى ئادەم قىلىدىغان ئەڭ ياخشى نامزات ئىكەن، خېلېننى ئاننىيلا قۇتقۇزالايدىكەن، شۇڭا

www.uyghurkitap.com

ھەممەيلەن ئامال بار ئۇنى تۇتۇپ قېلىشىمىز لازىم، دېگەن قاراش- قا كەلگەنىدى.

زادى قانداق قىلسام بولار؟ كېلىلىر خانىمنىڭ كۆڭلى زېدە- يەتلىك، ئىنتايىن مەيۇس، مىسكىن ئىدى. پۈتكۈل چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى پەرىشان، چېچىلاڭغۇ بولدى. قولىغا قانچە قېتىملاپ يىغنە سانجىۋالغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئۇقمايتتى.

ئۇنىڭ سېۋەتنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىشى، ئاننېينىڭ ئىشىك- تە پەيدا بولۇشى تەڭ كەلدى.

— كېلىلىر خانىم، سىزنى ئىزدىمىگەن يېرىم قالمىدى. بىز سۆزلەشسەك بولامدۇ؟

— ياخشىغۇ، مەنمۇ سىز بىلەن پاراڭلاشسام، دەپ تۇرۇۋۇد- دىم!

— دېدى كېتى.

ئاننېي سەۋرسىزلىنىپ ئۇنىڭ سۆزىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلىمايلا سۆزلەپ كەتتى.

— كېلىلىر خانىم، مەن ئويان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، خېلېننى تەربىيىلەشنىڭ مۇنداق بىرلا ئۇسۇلى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ بولسىمۇ خېلېننى ئائىلىدىكىلەردىن ئايرىۋېتىش. ئۇنداق بولمىسا، مەن ياردەم قىلالمايمەن. ئاخىر بېرىپ ھەرئىك- كى تەرەپ زىيانغا ئۇچراپ قالارمىزمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلى- مەن.

— نېمە دەيسىز؟

— كېلىلىر خانىم قورقۇپ كەتتى.

ئاننېي مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ ئويلاپ، سىلىقراق گەپلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوي پىكرى ۋە قىلماقچى بولغانلىرىنى ئېيتتى. كېيىن كېلىلىر خانىمنىڭ زورلىشى بىلەن ئامال يوق نەق گەپنىڭ ئۆزىنى قىلدى.

— كېلىلىر خانىم، مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇن، رولا-

نىڭ كىسەللىك تارىخى ۋە ئۆگىنىش جەريانىنى تەتقىق قىلغان-مەن، ئۇ چاغدا مەن بەكساددا ئىكەنمەن، بۇ يەرگە كېلىپلا خېلىنىڭغا باشقىلار بىلەن ئالاقە قىلىشالايدىغان تۇرلۇك ئۇسۇللارنى ئۆگىتىمەنغۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، كەلگەندىن كېيىن بىلدىم-كى، خېلېن يۇگەنسىز، ئۆگىتىلمىگەن بىر ياۋا ئات ئىكەن. هازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت، بەش يىلدىن بۇيان ئۇ ئادەتلىنىپ كەتكەن، ئۆزى نورمال دەپ قارايدىغان ئەسكى خۇي، بەڭۋاش-لىق، يولسىزلىق قاتارلىق يامان ئىللەتلەرنى ئۆزگەرتىپ، ئۇ-نىڭ ياۋايىلىقىنى بويسۇندۇرۇش.

كېتى ئاقلاش ئۇچۇن ئېغىزىنى ئاچقۇچە ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى.

— كېللېر خانىم، ماڭا مەلۇم، سىلەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرى-تىدىكەنسىلەر، يول قويۇپ رايىغا بارىدىكەنسىلەر، ئاق - قارىنى ئايرىمايلا ھەممىدە ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىكەنسىلەر، كەچۈرۈڭ-لار، بۇ پۇتۇنلەي خاتا ئۇسۇل، بىر نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-لىڭ، بۇ سىلەرنىڭ ئۇنى نابۇت قىلغىنىڭلار، ھازىر مەن ئۇنى بويسۇندۇرماقچى، ئۇنداق قىلمىسام ئۇنى قانداق تەربىيىلەيمەن؟

— بۇگۇن ئەتىگەندىكىدەك ئىشلار يەنە يۈز بېرىشى مۇم-كىن، ھازىر مۇنداق ئىككى يول بار، بىرى، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولماسلىق، ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇۋېتىش. ئۇ مېنىڭ كۆڭلۇمدىكىنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش قىلىۋاتىمەن، شۇڭا ئۇ مېنى ئۆزىگە يېقىنلاشتۇرمايۋاتىدۇ، بۇنداق بولىۋەرسە، ئۇنىڭ ھايۋاندىن ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى كېللېر ئائىلىسىدە ئۆگىتىلمىگەن بىر توسۇن ئات بولغانغا باراۋەر بولىدۇ، خالاس! يەنە بىر يول. . .

كېتى قايغۇرۇپ يىغلاپ كەتتى:

— مەن قانداق قىلىمەن؟ ئازراقمۇ ئۇمىد يوقمۇ؟

— كېللېر خانىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئۇنىڭدا ئازراق

ئۈمىدمۇ بار، ــــ ئانىنىڭ ئاۋازى سىلىق ئىدى، ــــ ئەگەر بىز بۇ يەردىن ئايرىلساق بۇزۇلۇش بولىدۇ، ئاز - تولا ئۈمىد پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك، ئۇ يانتاياقتا ئىگىلە بىولىدۇ - دە، مەن بىلەن داۋاملىق ئېلىشىدۇ. ئاخىر بېرىپ ماڭا ئۆچ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇنداق بولسا ئۇ نابۇت بولىدۇ، ماڭمۇ نائىلاج يۇك - تاقامنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيۈمگە قايتىشقا توغرا كېلىدۇ.

ــــ كېللېر خانىم، ماقۇل دەڭ، مەن ئۇنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم بىللە تۇراي، ئۇنىڭ بىلەن جىمجىت ھالدا ئۆزئارا ئالاقە قىلاي، ئۇ مېنى چۈشەنسۇن، ماڭا ئىشەنسۇن، شۇندا ئىشلىرىمىزدا بۇرۇلۇش بولىدۇ. سىز ماقۇللۇق بېرىڭ.

ئانىنى ئولتۇرغان پېتى ئالدىغا ئېڭىشتى، تىزلىنىپ يالۋۇرۇشقا ئازلا قالدى.

كېتى ئۇنىڭغا ئىشىنىپ - ئىشەنمەي ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇراتتى.

ــــ كېللېر خانىم، بۇ بىردىنبىر چىقىش يولى.

كېللېر خانىم ناھايىتى تەسلىكتە ماقۇل بولۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ــــ بوپتۇ! ــــ ئۇنىڭ تەرى تۇرۇلدى، ــــ خېلېننىڭ دادىسى چوقۇم قوشۇلمايدۇ، چوقۇم قاتتىق ئاچچىقلايدۇ، ئۇنى مەن قايىل قىلاي.

ــــ كېللېر خانىم، رەھمەت سىزگە، جىمى ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ، بۇنىڭغا مەن كېپىل، بىز نەگە بارساق بولار؟ ــــ ئانىنى ناھايىتى خۇشال ئىدى.

ــــ باغدىكى ئۆيلەرنىڭ بىرىدە تۇرساڭلار بولارمىكىن، ئۇ يېقىنلا يەردە، ھەم بەك ئەپلىك، بىرلا ئېغىز بولغىنى بىلەن ناھايىتى پاكىز.

— بىر ئېغىز ئۆي كۆپايە، مەن خېلېن بىلەن بىرگە تۇرىمەن.

كېتى ئويلىغاندەك، كاپىتان كېللېر بۇ تەكلىپنى ئاڭلاپ بەك خاپا بولدى. پالاقلاپ ئۆيگە يېتىپ كېلىپ، بۇ جاھىل شىماللىق قىزنى قوغلىۋەتمەكچى بولدى.

كېتى ئاننېينىڭ سۆزىنى تەكرارلاپ:

— بۇ ئەڭ ئاخىرقى ئازراق ئۈمىد، بۇ بىردىنبىر چىقىش يولى. . . — دېدى. بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى ئېرىنىڭ سەمىگە سالدى، — باغدىكى ئۆينىڭ مۇھىتى ياخشى، خالىي ھەم يېقىن بولغاندىن كېيىن، خېلېن بىرىپ بىر مەزگىل تۇرسا نېمە بولىدۇ؟

كاپىتان كېللېر بۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن قارشى بولىسىمۇ، جاھىل خانىمغا گەپ تېپىپ بېرەلمەي ئاخىر ماقۇل بولدى.

— ئىككى ھەپتىلا تۇرۇشقا رۇخسەت، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئىككى ھەپتە مۆھلەت بېرەي، ئۇنىڭدىن باشقا، بىز خېلېننى ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرايلى، — كاپىتان كېللېر ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا ئۇنۇمى كۆرۈلسۇن، دېگەن گېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى.

ئاننېي «ئىككى ھەپتە ۋاقىت قانداق يېتىدۇ؟» دەپ ئويلىدىيۇ، كاپىتان گېپىدىن يېنىۋالمىسۇن، دەپ ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلالمىدى.

ئاننېي كاپىتان كېللېرغا ئوخشاشلا جاھىل ئىدى. شۇڭا، ئىككىلەن خېلى تىركەشتى. ئاخىر ئاننېي كېللېر ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خېلېننى ھەركۈنى ئوغرىلىقچە كۆرۈشىگە، ئەمما بالىغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەسلىكىگە قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ دېرىزىدىن ماراپ كۆرۈشىگە ماقۇل بولدىيۇ، ئۆيگە كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدى.

ئەتىسى يېڭى سىناق باشلاندى. قارىغاندا ھېچقانداق ئۈنۈمى كۆرۈلمىگەندەك قىلاتتى. چۈنكى، ھەربىر ئېلىشىشتا خېلېن

تاكى هالىدىن پۈتۈنلەي كەتكەنگە قەدەر تىركىشىپ، ئاندىن تۇخ-
تاپ كۈچ توپلاپ يەنە بىر قېتىملىق ئېلىشىشقا تەييارلىناتتى.
ئۈچ تۆت كۈندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېلىپىدا ئازراق ئۆزگىرىش
بولدى. ئۇنىڭ جاھىللىقى، سەپرالىنىشى ئۆزگەرمىگەن بولسى-
مۇ، قېتىم سانى تەدرىجىي ئازايدى. ئۇ دىققىتىنى ئەتراپتىكى
جىسىملارغا قارىتىشقا باشلىدى ھەمدە ھەركۈنى دوراپ بەزى خەت-
لەرنى ئۆگەندى. بىركۈنى پۈتۈن كۈن تەتۈرلۈك قىلمىدى. ئان-
نىپي ئاستا ئۇنى سىيلىسىمۇ قارشىلىق بىلدۈرمىدى. بۇ ئادەمنى
نەقەدەر ھاياجانغا سالىدىغان ئىش - ھە! ھەرھالدا ئاننېپىنىڭ
سىنىقىدا نەتىجە كۆرۈلدى.

كاپىتان كېللېر بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈپ تۇردى.
ئۇ بىركۈنى دېرىزىدىن قاراپ قىزنىڭ مارجان ئۆتكۈزۈۋاتقان-
لىقىنى كۆردى. ئۆتكۈزۈۋاتقان مارجاننىڭ بىرىنچىسى يوغان
ھەم يىرىكرەك، ئارقىدىن ئۆتكۈزگەن ئىككىسى كىچىك ھەم
سىلىق، ئۈچىنچىسى ئۈچ قىرلىق ئىدى. خېلېن مارجانلارنى
ئەنە شۇ تەرتىپتە قىلچە ئارىلاشتۇرۇپ قويماي پەم بىلەن تىزىپ
ئۆتكۈزۈۋاتاتتى، ئۆزىمۇ خۇشال، روھلۇق ئىدى.

— خېلېن ئەجەب تىنچ ئولتۇرۇپتۇ - ھە! — كاپىتان كېل-
لېر قاتتىق ھاياجانلاندى، — ئەجابا، مەن بۇ شىماللىق قىزنى
تۆۋەن چاغلاپ قالغاندىمەنمۇ؟ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا ئۇنىڭ
ئىشەنچى شۇنچە كۈچلۈكمىدۇ؟ تەڭرى ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلى-
غاي.

شۇنداق قىلىپ بۇ «ياۋايى قىزچاق» بويسۇنۇشنى ئۆگىنى-
ۋالدى. ئۆگىنىش جەريانىدا خېلېن خېلى ئالغا ئىلگىرىلىدى.
ئاننېپىنىڭ كۆڭلى سەل تەسكىن تاپتى. لېكىن، ئۇ بەك خۇشال
بولۇپ كەتمىدى. ئۇلار نىشانىنى ئىككىنچى قەدەمگە، يەنى خېلېن-
نى تاشقى دۇنيا بىلەن ئۇچراشتۇرۇش، مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا
يۆتكىدى.



www.uyghurkitap.com

ئاننىي خېلېننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ھەركۈنى ئۈزۈلدۈرمەستىن ئۇنىڭ قولىغا خەتلەرنى يېزىپ تۇردى. خېلېنمۇ بۇ خەتلەرنى ئاننىينىڭ قولىغا يېزىپ تۇردى. خېلېن پۈتۈن زېھنىنى يىغىپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆگىنىپ 21 خەت، 18 ئىسىم، ئۈچ پېئىلنى قوشۇپ يازالايدىغان بولدى. ئۇ قونچاق، ئىستاكان، مىخ، سۇ، شىلەپە قاتارلىقلارنى قوشۇپ يېزىشنى بىلدى، بارغانچە تېز ئۆگەندى. شۇغىنىسى، بۇ خەتلەرنىڭ قانداق ئالاھىدە مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېخى ئۇقالمىدى.

«خېلېن، تېزرەك ئۆگىنىۋېلىڭ! سىزدىن ئۆتۈنەي» ئاننىي ئىچىدە ئاشۇنداق تىلەك تىلەيتتى. چۈنكى، باغدىكى ئۆيدە تۇرىدىغان ئىككى ھەپتىلىك مۆھلەت توشاي، دەپ قالغانىدى. ئاننىي خېلېننىڭ كاللىسىنىڭ بىراقلا ئېچىلىپ، ھەممىنى ئۆگىنىۋېلىشىنى، ئۆگەنگەن خەتلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

باغدىكى ئۆيدە تۇرىدىغان ئاخىرقى كۈنى چۈشتىن كېيىن، كاپىتان كېللېر ئۆيگە كىرىپ كەلدى:

— ئاننىي خانىم، ئۆيگە قايتايلى! تېزرەكبولساق كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

خېلېن بىر بۇلۇڭدىكى ئوچاق تۈۋىدە ئويناۋاتاتتى. تۇساتتىن ھاۋادىن باشقىچە تەۋرىنىش دولقۇنىنى سېزىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ پۇراپ باقتى. بۇ دادىسىنىڭ ھىدى ئىدى! ئۇ خۇشال تۇۋلاپ ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، ئۆزىنى دادىسىغا ئاتتى.

دادىسى قىزىنى باغرىغا چىڭ تاڭدى. خېلېن بېشىنى سىڭايان قىلىپ پۇرۇۋىدى، باشقا بىر تونۇش ھىد بۇرنىغا ئۇرۇلدى. پاھ، دادام ئىتىمنى ئېلىپ كەپتۇ!

خېلېن سىيلاپ يۇرۇپ يۇمشاق يۇڭلۇق دوستى بېلېنى قۇچاقلىدى.

ئاننىي بۇرۇلۇپ، كاپىتان كېللېرغا يېلىندى:

— يەنە بىر قانچە كۈن ۋاقىت بېرىڭ! ئۇنىڭ قانچىلىك بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى سىزمۇ كۆردىڭىز، ئۇنىڭ ئۆگىنىش سۈرئىتىنىڭ نەقەدەر تېز بولغانلىقىغا چوقۇم ئىشەنمەيسىز، ئۇنىڭ يەنە بىر قانچە كۈن زېھنىنى يىغىپ ئۆگىنىپ بىر باسقۇچنى تاماملىشىغا رۇخسەت قىلىڭ.

— كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلى! — كاپىتان كېللېر يا ئاق، يا كۆك دېمەي تۇرۇۋالدى.

ئاننېي، ئۇ ماقۇل دەيدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئاتا بالىنىڭ دىدارلىشىش شادلىقىدىن بەھرىمەن بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارغا قاراپ تۇردى.

بىر چاغدا كاپىتان كېللېر گاڭگىرىغان ھالدا سورىدى:

— ئاننېي خېنىم، ئۇ نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

خېلېن پولدا تۈگۈلۈپ ئولتۇراتتى. ئىتى بېلېنىڭ بىر پۇتىنى قولىغا ئېلىۋالغان بولۇپ، يەنە بىر قولى ئىتنىڭ پۇتىدا ھەرىكەتلىنىۋاتاتتى. ئەسلى ئۇ بېلېنىڭ پۇتىنىڭ ئالىقىنىغا خەت يېزىۋاتاتتى.

ئاننېي كۈلۈپ كەتتى:

— ئۇ بېلېغا خەت يېزىشنى ئۆگىتىۋاتىدۇ!

كاپىتان كېللېر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىدېگەن قىزىق ئىش! ئىت قانداقمۇ ئىنگلىزچە ئۆگىنەلىسۇن؟ — ئارقىدىن ئۇ چۈشىدىن يېڭىلا ئويغانغاندەك خورسىنىپ قويدى، — سىز بىزنىڭ خېلېننى دەۋاتامدىغانسىز؟

ئۇ ئۇلارنى نەرسە كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيگە ئەكەتتى.

*شۇ تاپتا «سۇ» قوللارنى سۆيۈپ ئۆتۈۋاتقان سۈيۈق جىسىم، مەۋجۇداتلار دېگىنىمىز بىلىمسىزلىك تۇمانى ئىچىدە قالدى، خالاس.*

## سۇ... سۇ... سۇ...

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئاننېي بىلەن خېلېن ھۇجرىدىكى پولدا يېقىن ئولتۇراتتى. ئاننېي خېلېننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، ئالىقىنىغا توختىماستىن، تەكرار - تەكرار بىر نېمىلەرنى سىزاتتى.

ئاننېينىڭ يازغىنى «ئىستاكان» دېگەن سۆز ئىدى. ئاننېي كېيىن ئىستاكاننى ئېلىپ خېلېنغا تۇتقۇزۇپ سىلاتتى. خېلېن رايىشلىق بىلەن ئاننېينىڭ قولىغا «ئىستاكان» دېگەن خەتنى يازدى. بۈگۈن ئۇنىڭ دىققىتى چېچىلىپ تۇراتتى. بۇ بۇنداق مەنىسىز ئويۇندىن زېرىكىپ قالغانىدى.

سىرتتا باھار بېزەكلىرى بولغان گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن، يېشىل ئوت - چۆپلەر زېمىن گېلىمىگە ھۆسن قوشقانىدى. خېلېن مېنى سىرتقا ئاچىقىڭ، دەپ يېلىنىپ ئاننېينىڭ يېڭىدىن تارتتى.

— بولمايدۇ، — ئاننېي خەت يېزىشنى داۋام قىلدى، — سەل تەخىر قىلىڭ، دەرسنى تۈگەتسەك، ئاندىن سىرتقا چىقالايمىز.

خېلېن ئاننېينىڭ ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا بىرمۇنچە خەتلەرنى يېزىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى، لېكىن بۇ خەتلەرنىڭ مەنىسىنى ئۇ ئۇقمايتتى. خەتلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن بېرىدىغان مەنىسىنى تېخىمۇ بىلمەيتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇ بۇ ناتونۇش

www.uyghurkitap.com

ئادەمنىڭ ئۆزىگە بەزى نەرسىلەرنى بىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى چىن كۆڭلىدىن ھېس قىلىۋاتاتتى. لېكىن، ماھىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي قايمۇقۇپ قېلىۋاتاتتى. ناتونۇش ئادەمنىڭ قەلب ساداسىغا قانداق ئىنكاس قايتۇرۇشنى بىلەلمەي ئىنتايىن پەرىشان بولۇۋاتاتتى. ھەي! بۇلاردىن سىرت، ئۇ دېرىزىدىن كىرىۋاتقان گۈل - گىياھ، ئوت - چۆپ ھىدىنىڭ ئۆزىگە تارتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ ئاننېپىنىڭ قولىنى كۈچەپ ئىتتىرىۋەتتى.

ئاننېپي كۆردىكى، ئۇنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ، جېدەل چىقىرىدىغاندەكلا تۇراتتى. شۇڭا ئاننېپي دەرھال:

— بولدى! بولدى قىلىڭ! سىز بىلەن سوقۇشقۇم يوق، — دېدى.

ئاننېپي خېلىنىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتى. باھار قۇياشى جاھاننى ئىللىق نۇرغا چۆمۈلدۈرگەنىدى. خېلىن دەرس ئۆگىنىش دېگەنلەرنى پۈتۈنلەي كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، چۆپلۈكتە سەكرەپ ئويناپ ئاجايىپ خۇشال يايرىدى.

ئۇلار مەقسەتسىز ھالدا گۈللۈكتە ئايلىنىپ يۈردى. خېلىن پات - پات توختاپ گۈللەرنى پۇرايتتى ياكى چۆپلۈكتە دۇمىلايتتى. ئىللىق قۇياش، خۇشپۇراق گۈللەر، شۇنچىلىك گۈزەل تەبىئەت ئۇلارنىڭ زوق - شوقىنى قوزغاپ، چەكسىز ھوزۇر بەخش ئېتەتتى. ئەمما، جاھىل ئاننېپي ئەتىگەن ئۆگىنىدىغان دەرسىنى تاماملاش كويىدا ئىدى.

ئۇلار ماڭا - ماڭا گۈللۈكنىڭ ئايىغىدىكى قۇدۇق بار كىچىك ئۆينىڭ يېنىغا كەلدى. خېلىن قىن - قىنىغا پاتماي سەكرەپ تاقلاپ ئۆيگە كىردى. ئۇ ھاۋا ئىسسىق چاغلاردا بۇ يەردىكى سالقىن ھاۋانىڭ پەيزىنى سۈرۈشكە ئامراق ئىدى. ئاننېپي تازا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىۋېلىپ، ئۆيگە كىردى.

ئاننېپي سۇ تارتىدىغان تۇتقۇچنى تۇتۇپ يۇقىرى تۆۋەن باس-

تى. سۇ جۈمەكتىن شارقىراپ چۈشتى، سۇ ئۈنچىلىرى ئەتراپقا چاچرىدى. ئاننىي ئىتتىك خېلېننىڭ قولىنى تارتىپ ئېقىپ چۈشۈۋاتقان سوغۇق سۇغا تىققى ھەمدە ئۇنىڭ ھۆل ئالىقىنىغا «سۇ» دېگەن خەتنى يازدى.

خېلېن قولىنى تارتىۋالماقچى بولدى. لېكىن، ئاننىي قويۇپ بەرمەستىن ھەم زېرىكمەستىن «سۇ» دېگەن خەتنى يېزىۋەردى.

تۇساتتىن خېلېن تىركىشىشتىن توختاپ، نەپىسىنى توختىتىپ پۈتۈن زېھنىنى قولىغا يېزىلىۋاتقان خەتكە قاراتتى. «سۇ» بىردىنلا ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن مېڭىسىگە ئېقىپ كىردى، قەلبىگە نەقىشلەندى. سۇ! شۇ ئان ئۇنىڭ چىرايى بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئاپتاپتەك پارلاپ كەتتى.

ئۇ ئاننىينىڭ قولىغا «سۇ» دېگەن خەتنى يېزىپ بەردى. ئۇنىڭ ئەقىل كۆزى ئېچىلىپ، ئىلگىرى مۇجمەل بولغان بارلىق نەرسە ئۇنىڭ ئالىقىنىدا بارا - بارا روشەنلەشتى، دائىرە پەيدا بولدى، تۇساتتىن ئايان بولدى. شۇ تاپتا «سۇ» قوللارنى سۆيۈپ ئۆتۈۋاتقان سۇيۇق جىسىم، مەۋجۇدادلار دېگىنىمىز بىلىمسىزلىك تۇمانى ئىچىدە قالدى، خالاس.

خېلېننىڭ ھاياتى چۈشىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ قاقاقلاپ كۈلەتتى، تۇۋلايتتى، يەرنى مۇشتلايتتى. ئاننىي زوڭزىيىپ ئۇنى باغرىغا باستى. ۋاقىت قىممەتلىك، خېلېن ئۇنىڭ باغرىدىن چىقىپ «سۇ» دېگەن خەتنى قايتا ئۇنىڭ قولىغا يازدى، يەنە «تېز يېزىپ بېرىڭ، ماڭا تېزرەك ئۆگىتىڭ» دەپ تەلەپ قىلدى.

خېلېن بىرپەس توختىۋېلىپ، يېڭى بىلىملەرنى خاتىرىسىگە ئالدى. ئۇ پىرقىراپ يۈرۈپ قولى سۇ جۈمىكىگە تەگكەندى، ئاننىي دەرھال ئۇنىڭ ئالىقىنىغا «جۈمەك» دېگەن خەتنى يازدى. خېلېن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۆگەندى. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن

ئۇقۇۋالغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېشىنى لىڭشىتتى. دېمەك، بۇخەتلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا ئورنىشىپ مېڭىسىدىكى سۆزلۈكلەر قاتارىغا قوشۇلغانىدى. ئۇ بۇ قەدىمىي قۇدۇق ئۆيىدە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ يۈرۈپ قولىغا ئۇرۇنغانلىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ نامىنى ئۆگىتىشنى تەلەپ قىلدى. بىر قانچە خەتنى ئۆگەنگەندىن كېيىن توختاپ، تۇساتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قوشۇمىسىنى تۈردى. ئاننىي ئۇنىڭ قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلدى. خېلېن خۇددى جۇدۇنى ئۆرلەيدىغاندەك چىرايىنى غەلىتە قىلدى. لېكىن، ئۇنداق قىلماي باش قاتۇرۇپ ئويلاندى ۋە توختىماي مۇشتۇمىنى تۈگۈپ بېشىغا ئۇردى.

ئاننىي ئىختىيارسىز كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— ئاخىر ئويلاپ تاپتىڭىز، ھۇ كەپسىز شەيتان، كېلىڭ! قولىڭىزنى چىقىرىڭ!

ئاننىي ئۇنىڭ ئالىقىنىغا ئاستا قىلىپ «خېلېن» دېگەن خەتنى يازدى. خېلېن ئاننىيغا توغرا قاراپ جىممىدە تۇراتتى، بارا ـ بارا كۆزلىرى پارقىراپ چاقناپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ «خېلېن» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنىدى.

خېلېن يەنە ئاننىينىڭ قولىنى تارتىپ بوشقىنا ئۇردى. ئاننىي ئۇ ماڭا «رەھمەت» ئېيتىۋاتىدۇ، دەپ چۈشەندى. ئەمما، خېلېن توختىماي ئۇرىۋەردى.

— ھە، مۇنداق دەڭا! ـ ئاننىي ئېڭىشىپ خېلېننىڭ قولىغا «مۇئەللىم» دېگەن خەتنى يازدى. بەللى! مانا ھەر ئىككىلەننىڭ ئىسمى بار بولدى.

بىر قانچە مىنۇتتىن كېيىن، باشقىچە ئادەم بولغان ئىككىيلەن قۇدۇق ئۆيىدىن مۇرىدىشىپ چىقتى. ناتونۇش ئادەمنىڭ ئورنىنى «مۇئەللىم» ئالدى. خېلېن قاراڭغۇلۇقتا ئۇنىسىز ئايلىنىپ يۈرگەن جىنلارنى قوغلىۋەتتى.

بىلىمىنىڭ تەمىنى دەسلەپكى قەدەمدە تېتىغان خېلېن «مۇ-ئەللىم» دىن داۋاملىق تۈردە يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلدى. ياتقۇچە ئارىلىقتا 30 خەتنى قوشۇپ يازالايدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ بىر كۈندە ئۆگەنگىنى ئۆتكەنكى بەش ھەپتىدە ئۆگەنگەنلىرىدىن كۆپ بولدى. ھەممىدىن مۇھىمى ئۇ خەتلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى.

خېلېننىڭ قوللىرى چارچىغانلىقتىن تىترەپ كەتتى، ئۇيقۇ-سى كېلىپ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى، شۇندىمۇ قوللىرى يېزىش-تىن توختىمىدى. ئاننىي «بولدى، بولدى» دەپ شۇۋىرلىغىنىچە ئۇنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتقا ياتقۇزدى.

خېلېن بەھۇزۇر ياتاتتى. قوللىرى يەنە تىنىم تاپماس-تىن مىدىرلايتتى، ئاننىي ئىختىيارسىز ئىچ - ئىچىدىن يايراپ كۈلۈپ:

— ئومىقىم، ئەتىمۇ بار! ئەتە تېخىمۇ كۆپ نەرسىنى ئۆگىنىسىز! — دېدى. ئاندىن ئۇنىڭ يوتقان ئىچىدىمۇ مىدىرلا-ۋاتقان قوللىرىنى بېسىپ قويدى.

ئاننىي كارىۋاتقا چىقىپ راھەتلىنىپ بىر تىنىۋالدى. شۇندىلا ئۆزىنىڭ نەقەدەر ھېرىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھاپىلا شاپىلا كىيىمىنى ئالماشتۇردى - دە، يۈزىنى، چىشىنى يۇماي ھەممە ئىشنى ئەتىگە قالدۇرۇپ خېلېننىڭ يېنىدا ياتتى.

— بۇ بىر كۈن ئەجەب ئەھمىيەتلىك گۈزەل كۈن بولدى - ھە!

ئاننىي سوغۇق يوتقاندا پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، پۈتۈن بەدىنىنى بوش قويۇۋەتتى.

بۇ گۈزەل كۈن تېخى تۈگىمىگەن، خېلېن تېخى ئۇخلى-مىغانىدى. ئۇ ئاستا قوپۇپ ئاننىينىڭ پېشانىسىگە سۆ-يۈپ قويۇۋپلا يېتىۋالدى. ئاندىن ئاننىيغا چىڭ چاپلىشىپ

ئۇخلاپ قالدى.

ئانىسى شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن خېلىنىنى قۇچاقلاپ جىممىدە ياتتى، كېيىن يېنىچە بولۇپ خېلىنىنى سۆيۈپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

*ئانىسىنىڭ سۆيۈملۈك، مېھرىبان چىرايىدىكى تەبەسسۇم شۇئان قېتىپ قالدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە: «ئومىقىم!» دېدى. چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجان كەبى تۆكۈلدى.*

## يېزىق ئۆگىنىش

ئانىسى ئۈزلۈكسىز تۈردە خېلېننىڭ ئالىقىنىنى خەتلەر بىلەن توشقۇزاتتى. خېلېن بۇ بىلىملەرنى تېز سۈرئەتتە قوبۇل قىلاتتى، ئۆزى ئۇچراشقان بارلىق نەرسىلەرنى تونۇۋالاتتى. ئۇ گويا ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى ئۆزىنى تۇتالماي يالماپ يۇتقان ئاچ ئادەمگە ئوخشاش، بەش يىللىق بوشلۇقنى تولدۇرۇۋشقا ئالدىرايتتى. ئىرادىلىك ئادەملەر ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغانغا ئوخشاش، ئۇمۇ نىيەت قىلغان ئىشنى قىلدى.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا خېلېن 100 دىن ئارتۇق خەتنى بىلىۋالدى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا 400 گە يېقىن خەتنى ئۆگىنىۋالدى. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئىش شۇكى، ئۇ ئالىقىنىغا بىر مۇنچە ماقال ـ تەمسىللەرنى كىرگۈزۈۋالدى.

ئەمدى ئۇنىڭغا ئوقۇشنى ئۆگىتىش ۋاقتى كەلدى. ئانىسى ئوقۇتۇش قورالى بولغان بىر دەستە قاتتىق قەغەز كارتۇشكىنى ئالدى. كارتۇشكىلارغا كۆپۈنكى شەكىلدە ئاددىي خەتلەر بېسىلغان بولۇپ، بۇلارنى خېلېن سىلاپ ئوقۇيالايتتى.

ئانىسى بىر كارتۇشكىنى تارتقانىدى، «كورۇپكا ـ قۇتا» دېگەن خەت چىقتى. بوپتۇ، مۇشۇنى ئىشلىتەيلى، ئۇ كارتۇشكىنى كورۇپكا ئۈستىدە قويۇپ، خېلېنغا كارتۇشكىدىكى خەتلەرنى

ئوقۇتقۇزدى. ئاندىن ئۇنى يېتىلەپ بېرىپ «كورۇپكا»نىڭ ئوڭ ـ سول، ئاستى ـ ئۇستى ـ ھەممە يېرىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلدى. ئاننىي خىلىنىغا قايتا ـ قايتا ئاۋۋال خەتنى سىلاتقۇزدى، ئاندىن كورۇپكىنى سىلاتقۇزدى. لېكىن، خىلىن كۆپۈنكى خەتلەر بىلەن كورۇپكىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بىر ـ بىرىگە باغلىيالمىدى.

ئاننىي سەۋرچانلىق بىلەن باشقا خەت ۋە نەرسىلەرنى سىلاتقۇزدى. ئەمما، خىلىن بۆسۈش ھاسىل قىلالمىدى. خىلىن مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىپ ئويلاپمۇ گاچىلار تىلىنىڭ سىررىنى ئېچىشنىڭ ئامالىنى تاپالمىدى.

ئاننىي ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئەمالار ئىشلىتىدىغان ھەرپ تاختىسىنى ئىشلەتتى. خىلىن ئوڭ قولىدا بىر ھەرپنى تۇتقان ھامان، ئاننىي ئۇنىڭ سول قولىغا شۇ ھەرپنى يېزىپ تۇردى. خىلىن قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلاپ سول قولىدىكى خەتنى بىلەلەيتتى، بىراق ئوڭ قولىدا تۇتقىنىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى.

خىلىنىنىڭ قولى ئاستا ئىككىنچى ھەرپكە يۆتكەلگەندە، ئاننىي ئىتتىك ئۇنىڭ سول قولىغا شۇ ھەرپنى يازاتتى. خىلىن باشقا ھەرپلەرنى تېز ـ تېز سىلاشقا باشلىۋىدى، ئاننىيمۇ چاققانلىق بىلەن ئۇ خەتلەرنى ئۇنىڭ سول قولىغا يېزىپ تۇردى.

بۇ ھالەت داۋاملىشىپ يېرىمىغا كەلگەندە خىلىنىنىڭ چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كاللىسى بىردىنلا ئېچىلىپ كەتكەندى. تەبەسسۇملۇق چېھرىدىن: «قاراڭغۇ قەپەس ئېچىلىپ كەتتى، بەختكە يارىشا مەن ئاخىر كەڭ، بىپايان دۇنياغا ئارىلىشىدىغان بولدۇم» دېگەن مەنا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

خىلىن بۇ ھەرپلەرنى تېزلىكتە ئۆگىنىۋالدى. ئەتىسى تېخىمۇ كۆپ ھەرپ ئۆگەندى. قىسقىغىنا بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇ مەمنۇن بولۇپ، خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي قالدى. كارتۇشكىدىكى

هەرپلەرنى ئۆگىنىشكە قانائەتلەنمەستىن ئانىبي بەرگەن ئەمالار ئىشلىتىدىغان ئەمالار ئىپلىپبەسىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشتى.

ئانىبي پىلانىنى مەشەدە توختىتىپ، بىر مەزگىل دەم ئېلىش ۋە ئۆگەنگەنلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋاقتى بەرمەكچى بولدى. چۈنكى، ياز كېلىپ هاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. شۇڭا، خېلېننىڭ تىنىمسىز مېڭىسى ئاز - تولا ئارام ئالمىسا بولمايتتى. ۋاهالەنكى، ئانىبي هازىر خېلېننىڭ ئۆگىنىش قەدىمىنى توختىتالمايدىغانلىقىنى بايقىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن، ئۇ خېلېنغا بىر كارتۇشكا بەردى. ئۇنىڭغا: «ئەتىگەندە مۇئەللىم پەسكە چۈشۈپ ئاپىڭىزنىڭ ئىشىغا قارىشىپ بەرمەكچى، سىز ئۆيدىن چىقماي دەرس ئۆگىنىڭ» دەپ يېزىلغانىدى. خېلېننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئەمما، يەنىلا «ماقۇل» دەپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئانىبي پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

خېلېن كارتۇشكىلارنى سىلاپ ئولتۇردى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ كارتۇشكىلارنى چۆرۈۋەتتى. ئۇ كارتۇشكىلاردىكى خەتلەرنىڭ هەممىسىنى ئۆگىنىپ بولغان تۇرسا، بۇ نەرسىلەرنى ساقلاپ نېمە قىلىدۇ؟

ئۇ قولى بىلەن ئىڭىكىنى تىرەپ ئۇهسىندى. مۇئەللىم قاچان كېلەر؟ ئۇنىڭ كەينىدىن پەسكە چۈشسەم بولارمۇ؟ ۋاي، ياق، بولمايدۇ! مۇئەللىم مېنى ئۆيدە ساقلاڭ دېگەن. خېلېن خورسىندى.

توساتتىن خېلېننىڭ كۆزلىرى قىسىلدى. ئۇ ئالدىراپ - تىنەپ يەردە چېچىلىپ ياتقان كارتۇشكىلارنى تېرىشكە باشلىدى. قولى كارتۇشكا ئۈستىدە سىپىلايتتى. ۋاه! بۇ ئۇنىڭغا تازا كېرەك ئىدى. بۇمۇ لازىم. باشقىلىرى قېنى؟ هە، مەيەردە ئىكەن.

خېلېن ئورۇندۇقتىن سەكرەپ چۈشۈپ، سىپىلاپ كىيىم ئىشكاپى قېشىغا كېلىپ ئىشىكنى ئاچتى. قولىدىكى كارتۇشكا-

www.uyghurkitap.com

لارنى تېزلىكتە ئاختۇرۇپ، بىر قانچە كارتوشكىنى ئېلىپ يەرگە تىزدى، قالغانلىرىنى چېلەك تۇتۇۋالدى.

ئۇ كىيىم ئىشكابىغا كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. سىرتتا شەپە بولمىغاچقا، يەنە چىقىۋالدى. ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ كارىدوردىكى شەپىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. يەرنىڭ تەۋرىنىشىنى سەزمىدى. دېمەك، مۇئەللىم تېخى پەستە.

خېلېن بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن يەنە ئىشكاپقا كىرىۋالدى. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولدىكى، قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. بارماقلىرى كارتوشكىلارنى يەنە ئاختۇرۇپ، ئۇلارنى تەرتىپ بويىچە يەرگە تىزدى. يۈگۈرۈپ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، دېمىنى ئىچىگە تارتىپ تىڭشىدى، سىرت يەنىلا جىمجىت ئىدى.

ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتەتتى. خېلېن ئۆيدە ئۇيان - بۇيان ماڭاتتى. ئەجەبا، مۇئەللىم قايتىپ كەلمەسمۇ؟ ئاخىر پەلەمپەيلەرنىڭ تەۋرىنىشىنى سەزدى. مۇئەللىممىدۇ؟ تەۋرىنىش رىتىمى ئۆزگەردى. قەدەم تېۋشى زالدىن كېلىۋاتاتتى. چاتاق يوق! چوقۇم مۇئەللىم كەلدى.

خېلېن قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ مەيدىسىگە قويۇۋالدى. ئۇ ھاياجانلىناتتى، خۇشال بولاتتى. ئۇ مۇئەللىم قوپقۇرۇق ئۆينى كۆرۈپ، چوقۇم ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ مېنى ئىزدەيدۇ. مۇئەللىم چوقۇم خېلېن نەدىدۇ؟ بۇ شەيتان زادى نەگە كەتكەندۇ؟ دەپ ئويلايدۇ، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. مۇئەللىم مېنى تېپىۋالارمۇ؟ ئەلۋەتتە تېپىۋالىدۇ.

خېلېن توغرا قىياس قىلغانىدى. ئاننېي ئۆيگە كىردى، خېلېن كۆرۈنمەيتتى. كىيىم ئىشكابىنىڭ بوش تەۋرىنىپ تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشۈپ، بۇ شەيـتـان يەنە شەيتانلىق قىلىۋېتىپتۇ - دە، دەپ ئويلاپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئىشكاپ يېنىغا بېرىپ ئىشىكنى ئاچتى. خېلېن ئىشكاپتا يوشۇرۇنۇپ ياتاتتى.

خېلېن مۇئەللىمگە ئۆزىگە تەمەننا ئەيلىگەن تەرزدە قاراپ

تۇراتتى. قولىدا «قىزچاق» دېگەن كارتۇشكا بار ئىدى. يەردە «ئىشكاپتا» دېگەن كارتۇشكا تىزىقلىق ئىدى. بۇ خېلىېن تۇنجى قېتىم ئۆزى تۈزگەن جۈملە ئىدى.

ئانىنىڭ سۆيۈملۈك، مېھرىبان چىرايىدىكى تەبەسسۇم شۇئان قېتىپ قالدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە «ئومىقىم» دېدى. چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش يىپى ئۈزۈلگەن مارجان كەبى تۆكۈلدى.

ئانىنى خېلىېننىڭ يېنىغا زوڭزايدى. ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ئالقىنىغا: «خېلىېن مۇئەللىمنى ناھايىتى خۇشال قىلىۋەتتى» دېگەن خەتلەرنى يازدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*دەرسلەرنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولىۋەرمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىش جەريانىمۇ تىكەن - چاتقاللار بىلەن تولغان بولۇپ، ئادەمنى تولىمۇ قىينايتتى.*

## تۇرمۇش تەسىراتلىرى

بۇرۇن قاراڭغۇلۇقتا سولانغان قىزچاق ئەمدى يېتىمسىرىمەيدىغان، زېرىكمەيدىغان بولدى. ئۇ گەرچە رەڭگارەڭ دۇنيانى كۆرەلمىسىمۇ، كىشىلىك دۇنيانىڭ چۇقان - سۈرەنلىرىنى ئاڭلىيالمىسىمۇ، بۇ دۇنيا بىلەن ئالاقە قىلىشنى ۋە ئارىلىشىشنى ئۆگىنىۋالدى.

ئۇ كۆپۈنكى بەتلىك ئەمالار يېزىقىدىن پايدىلىنىپ ئوقۇشنى تېزلا ئۆگىنىۋالدى. بارماقلىرى بىلەن خەت يېزىشنى سۆزلىشىش ئورنىغا، ھېس - تۇيغۇسىنى ئاڭلاش ئورنىغا دەسسەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاننېي ئۇنىڭغا قېرىنداشتا خەت يېزىشنى ئۆگەتمەكچى بولدى. ئۇ چاغدا خېلېن ئەما، گاچىلارنىڭ نىجاتكارى بلايرنىڭ ئەمالار يېزىقىنى ئۆگىنىپ، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان كىتاب ئوقۇش، خەت يېزىش بىلەن بولاتتى، ئوي - پىكرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى.

ئاننېي ئەتراپىدىكى تەبىئىي مۇھىتنىڭ، بولۇپمۇ تەربىيەنىڭ جانلىق، ئەمەلىي تەجرىبە، تەسىراتنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، خېلېن بىلەن ئاننېي ھەمىشە ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش بىلەن بولمايتتى، كۈن بويى كىتابقا قاراپ مۈكچىيىپ ئولتۇرمايتتى.

تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى چۈجە چوقۇلاپ تېشىپ نازۇك ھايات ئىشىكىنى ئاچاتتى. بىر رەڭدار كېپىنەك خېلېننىڭ ئالىقىنىدا

ئەسەبىيلەرچە قانات قاقاتتى. بەش كۆچۈك ئاتخانىنىڭ كارىدورىدا موللاق ئېتىپ ئويناۋاتاتتى. مۈشۈكلەر كۆيلىگەندە ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىدىغان ئىچىنىشلىق ئاۋازدا مىياۋلايتتى. قارماق سۇغا چۈشكەندە، بېلىقلار يەمچۈكنى ئاستا تارتقاندا قارماق مىدىرلايتتى، قارماقنى ئىـــتـــتـــتـــك تارتقاندا قارماق يىپى تارتىشاتتى. . . ئاننېي سىرتتا ھاياتلىقنىڭ جانلىق رىتىمىنى خېلېنغا سىلاتقۇزاتتى، ھېس قىلدۇراتتى.

ئۇلار ھەر كۈنى ناشتىدىن كېيىن كېلىلېر پرېستانىنى نىشان قىلىپ ئۆيدىن چىقاتتى. پرېستان تېنىنېسسى دەرياسى بويىدا بولۇپ، ئۇزۇندىن بۇيان ئىشلىتىلمەي تاشلىنىپ قالغانىدى. پرېستان ئۆيگە ئىككى چاقىرىملا كەلسىمۇ، ئۇلارنىڭ بېرىپ - كېلىشىگە خېلىلا ئۇزۇن ۋاقىت كېتەتتى. شۇڭا، چۈشلۈك تاماققا ئۈلگۈرۈپ كېلىش - كېلەلمەسلىكىگە ھېچكىم بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. گۈزەل تاغ - دەريالار ھاياتىي كۈچكە تولغان، خېلېننىڭ قىزىقىشىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى. خېلېننىڭ سورىمايدىغىنى يوق ئىدى، ئاننېيمۇ زېرىكمەي جاۋاب بېرەتتى.

خېلېننىڭ گۇمانلىرىنى يېشىپ بېرىش ئۈچۈن، ئاننېي دائىم دېگۈدەك ئېگىشىپ كۆكتاتلار ئارىسىدىن پاقىلارنى تۇتۇپ خېلېنغا سىلاتقۇزاتتى. چۆپ دۆۋىلىرى ئارىسىغا كىرىۋالغان چېكەتكىلەرنى تۇتۇۋېلىپ، خېلېنغا ئۇنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ تەۋرىنىشىدىن چىققان ئاۋازنى ھېس قىلدۇراتتى.

خېلېن ئىنتايىن يۇمشاق پاختا پومزىكىنى سىلىغاندا، ئاننېي ئۇنىڭغا «پاختا» دېگەن خەتنى ئۆگىتەتتى. پاختا ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى كىشىلەر جان باقىدىغان ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائىتى ئىدى. شۇنداقلا، بۇ جەنۇب - شىمال ئۇرۇشىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى. خېلېن ياۋا گۈللەرنى سىلاپ، ئۇلارنىڭ ھالىتىنى، شەكلىنى خاتىرىسىگە ئېلىۋالاتتى. گۈل - گىياھلارنىڭ ھەر تۈرلۈك رەڭلىرىنى ئاننېينىڭ

تەپسىلىي باياندىن بىلىۋالاتتى. ئۇلار قۇياش نۇرىغا تويۇپ پىشقان بۆلجۈرگەنلەرنى تېرىپ مەززىلىك پۇرىقىنى پۇرايتتى، ئاچچىق - چۈچۈك تەمىدىن لەززەتلىنەتتى. ئۇلار چۆپ دۆۋىلىرىدە يېتىپ ئاپتاپنىڭ تەپتىدىن بىرلىكتە ھۇزۇرلىناتتى. پارقىراق قوڭغۇزلارنىڭ ئۇستىخانسىز يۇمشاق تېنىنى بىرلىكتە سىلاپ سىزىمىنى ھېس قىلاتتى.

بىركۈنى، خېلېن تېننېسسى دەرياسى بويىدا تۇنجى قېتىم «جۇغراپىيە» دەرسىنى ئاڭلىدى.

ئاننىي مۇئەللىم لايدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ بىر يەرلەرنى چوڭقۇر كولىدى، بىر يەرلەرنى لاي دۆۋىلەپ ئېگىزلەتتى. شۇ تەرزدە چوڭ بىر ئۆيدەك بىر تۈز يەر، ئازراق ئېدىر ياسىدى. دەريادىن سۇ ئەكېلىپ ئويمان جايىنى تولدۇردى.

خېلېن ھەدەپ:

— مۇئەللىم، بۇ نېمە؟ — دەپ سوراۋەردى.

— خېلېن، توختاپ تۇرۇڭ، — ئاننىي شۇنداق دەپلا جاۋاب بەردى. خېلېن نائىلاج ئاننىينىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزەتكەچ، سەۋرچانلىق بىلەن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى كۈتتى. ئاخىر ئاننىي لايدىن كىچىكلىتىلگەن دۇنيا خەرىتىسىنى ياساپ پۈتتۈردى.

ئاننىي پارتلىغان يانار تاغ، ۋولقان ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يانار تاغ چوققىسى، ئېقىپ چىققان لاۋىلار ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان شەھەر، بازارلار، مۇزلۇقلارنىڭ ئاستا - ئاستا يۆتكىلىشىدىن يەر شارى يۈزىنىڭ كۆمۈلۈپ كەتكەنلىكىنى، بارلىق جانلىقلارنىڭ مۇزلاپ قالغانلىقى، قەدىمكى گېئولوگىيە دەۋرىدە غايەت يوغان مەخلۇقلارنىڭ بېشى كىچىك، ئۇچلۇق، تېنى ئاجايىپ يوغان بولىدىغانلىقى، سازلىقلاردا ئۆز ئارا ئېلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. خېلېن ناھايىتى قىزىقىپ ئاڭلىدى ھەم ئىنتايىن قورقۇپ كەتتى.

خېلېن نۇرغۇنلىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ئۆگىنىشكە ئەزەل-دىن ئۈنچە كۆڭۈل بۆلمىگەنىدى. كېيىن بەزى كىشىلەرنىڭ يەر شارىنىڭ تارىخى بەكمۇ ئادەتتىكىچە، زېرىكەرلىك دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ «بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟» دەپ تازا چىنپۇتمىگەن. سەۋەب، ئۇنىڭ نەزىرىدە يەر شارى ئاجايىپ ـ غارايىپ، سەلتەنەتلىك، ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم، يەنە نۇرغۇنلىغان خەتەرلىك، سىرلىق مارىسلار بار ئىدى. مۇئەللىمىنىڭ تېنىپىسى دەرياسى بويىدىكى لاي مودېل بىلەن چۈشەندۈرۈشى، ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئىشلىتىپ ئاجايىپ ـ غارايىپ دۇنيانى چۈشىنىشىگە ئىلھام بەردى.

خېلېننىڭ ئەڭ زور بايقىشى كېيىنەكىنىڭ قانات قېقىشى، شۇنداقلا بىپايان دۇنيا ئەمەس، بەلكى «ئۆزى» نى بايقىشى بول-دى.

ھازىر يەتتە ياشقا كىرگەن خېلېن بەش يىل كېچىمۇ، كۈن-دۈزمۇ بولمىغان قاراڭغۇ دۇنيادا گومۇشلۇق بىلەن ياشىغان، شۇڭا ئۆزى ھەققىدە ھېچ نەرسە بىلمەيتتى. كېسەل بولۇپ ساقاي-غاندىن بۇيان ئېچىلىپ كۈلۈپ باقمىغانىدى.

بىر كۈنى، ئاننىي ھۇجرىغا قاقاقلاپ كۈلگەن پېتى كىردى ـ دە، خېلېننىڭ قولىنى تارتىپ كۈلۈۋاتقان ئېغىزىنىڭ شەكلىنى، تىترەۋاتقان كارنىيىنى ۋە سىلكىنىۋاتقان تېنىنى تۇت-قۇزۇۋۇپ سىلاتقۇزدى. خېلېننىڭ چىرايىدا ھەيرانلىق، تەئەج-جۈپ پەيدا بولدى. ئاننىي ئۇنىڭ قولىغا «كۈلۈش» دېگەن خەتنى يازدى. خېلېننىڭ بىر نەرسىنى سورىشىغا يول قويماستىن ئۇنى تارتىپلا كارىۋاتقا بېسىپ قىچىقلىدى.

مۇئەللىم كۈلەتتى، كارىۋاتقا بېسىۋالغان قىزچاق بىلەن ئوينىشاتتى ۋە توختىماستىن «كۈلۈش» دېگەن خەتنى يازاتتى.

خېلېننىڭ چېھرى تەبەسسۇمدىن نۇرلاندى. ئۇنىڭ چىرايى ئاۋۋال گۈلدەك ئېچىلدى، ئاندىن خىر ـ خىر ئاۋاز چىقتى،

كېيىن ئۇ قاقاقلاپ كۈلدى. كېللېر خانىم ئاجايىپ كۈلكىلىك ئويۇننى كۆرگەندەك قاقاقلىغان كۈلكىنى ئاڭلاپ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى. ئۇ خېلېننىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلاۋاتاتتى! خۇشاللىق ياشلىرى كۆز چاناقلىرىغا لىق تولغان كېللېر خانىم بەختىيار هالدا ئېرىنىڭ كەڭ مۈرىسىگە يۆلەندى:

— ئارتۇر، ئارتۇر، هېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، بىز يەنە خېلېننىڭ قاقاقلاپ كۈلگىنىنى ئاڭلاۋاتىمىز.

خېلېننىڭ نۇرغۇن ئەستىلىك ـ خاتىرىلىرى ئىچىدە، ئەڭ دەسلەپ ماتېماتىكىلىق ئۇقۇمغا ئىگە بولغان پەيت يۈرىكىگە نەقىش بولۇپ ئورناپ كەتكەنىدى.

ئۇ شۇنداق بىر ئۇقۇم ئىدىكى، ئۇ ئەمەلىيەتتىكى ئۇزۇن قىسقىلىق ئۆلچىمى ياكى شەكىلنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنى بارماقلار بىلەن ئىزدەپ تاپقىلى زادى بولمايتتى.

گەپ مۇئەللىمنىڭ قوشۇش، ئېلىشقا دائىر ناهايىتى ئاددىي بىر ساننى سورىشى سەۋەبلىك قوزغالدى.

— خېلېن، ئەگەر سىزدە بىر كويي پۇل بولسا، مەن يەنە سىزگە ئۈچ كويدىن ئىككىنى بەرسەم، سىزدە جەمئىي قانچە پۇل بار بولىدۇ؟

— ئون. . . يەتتە.

— خاتا، — مۇئەللىم دەرهال ئۇنىڭ قولىغا مۇنۇلارنى يازدى.

— قارىسىغا قىياس قىلماڭ، بۇنداق هورۇن بولماڭ، كېلىڭ، كۆڭۈل قويۇپ ئويلاڭ، بىرگە ئۈچتىن ئىككىسى قوشۇلىدۇ، شۇنداق ئاددىي.

خېلېن قوشۇمىسىنى تۇرۇپ جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئەستايىدىل ئويلاندى. مۇئەللىم ئورۇندۇقنى ئالدىغا قىڭغايتىپ، خې-

لىپىنىڭ پېشانىسىگە بوش چەكتى ھەم شۇئان ئالىقىنىغا «ئويلاڭ» دېگەن خەتنى يازدى.

خېلىپىن كاللىسىدا كېزىپ يۈرگەن نامسىز ئۇقۇمنىڭ ئويلاش ئىكەنلىكىنى بىردىنلا ئاڭقىرىۋالدى - دە، يېڭى ئۆگەنگەن بۇ خەتنى ۋە ئۇنىڭ مەنىسىنى قەدىرلەپ توپلىدى. شۇنداق قىلىپ خېلىپىننىڭ ئوي - پىكىر دائىرىسى بارا - بارا كېڭەيدى.

دەرسلەرنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولىۋەرمە-دى. ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىش جەريانىمۇ تىكەن - چاتقاللار بىلەن تولغان بولۇپ، ئادەمنى قىينايتتى. بىر كۈنى، ئانىبي ئاشخانى-دىن ئاڭلانغان دەھشەتلىك چىرقىراشنى ئاڭلاپ، خېلىپىننىڭ ئىش-تېرىپ قويغىنىنى بىلدى - دە: «تەڭرىم، نېمە ئىش بولغان-دۇ؟» دەپ ئويلىدى.

خېلىپىن ئېغىر يارىلانغانمىدۇ؟ ئانىبي ھاپىلا - شاپىلا پەسكە چۈشتى. ئاشخانىغا بارىدىغان يولدا، ئالدىدىن كېلىۋاتقان كېلىر خانىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

خېلىپىن يارىلانمىغان، لېكىن دەرغەزەپكە كەلگەن بولۇپ، غەزەپتىن ئۆرتىنىپ، ئاشپەز ئايال ۋېنىگە چېچىلىۋاتاتتى. نېمە-دېگەن قورقۇنچلۇق! نەچچە ئايدىن بۇيان قوينىڭ قوزىسىدەك مۇلايىم، رايىش يۈرگەن خېلىپىننىڭ شۇ تاپتا كونا كېسىلى قوز-غالغان بولۇپ، ۋېنىنى جان - جەھلى بىلەن قارمىلايتتى، تېپەت-تى، ئۇنى تىتىپ تىتىۋېتىدىغان، پارە - پارە قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا ئىدى.

— خېلىپىن، نېمىشقا خاپا بولۇپ قالدىڭىز؟ تېزدىن ماڭا ئېيتىڭ.

خېلىپىن يىغلىۋەتتى، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ئۇزۇپ - ئۇزۇپ:

— ۋېنى . . . ئەسكى، ۋېنى. . . ئەسكى، — دەپ يازدى.

ئانىبي مالىمان، تاراق - تۇرۇق ئاشخانىغا قاراپ توۋلىدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ۋېنى، زادى نېمە ئىش بولدى؟

— مەنمۇ تازا ئۇقالمىدىم! — دەپ جاۋاب بەردى ئاشپەز ئايال، — ئۇ دائىم ئوينايدىغان يۇمىلاق تاشلارنى، بىرمۇنچە ئەيىنەك پارچىلىرىنى يىغىپ دۆۋىلىگەنىدى. مەن ئەينەك پارچىلىرى ئۇنىڭ بىر يېرىنى كېسىۋەتمىسۇن، دەپ ئەنسىرەپ، بېرىپ ئەينەك پارچىلىرىنى ئېلىۋەتتىم. ئۇ مېنى تۇتۇۋېلىپ ئەكەتكىلى قويمىدى، مەن كۆچەپ تارتىپ ئەكەتكەنىدىم، ئۇ. . . — ۋېنى يەردە دومىلاپ چۇقان سېلىۋاتقان خېلېنغا قاراپ بېشىنى چايقىدى.

ئاننېي ئېغىر خورسىندى. خېلېننى بەزلەپ قويۇپ ئۆيگە كەتتى، بۇ ئىش ئۇستىدە كۆپ ئويلاندى.

توساتتىن ئاننېينىڭ خىيالىغا باشقا بىر قىزچاقنىڭ قىلغان ئىشى كەلدى. ئۇ قىزچاق ئەتراپىدىكى جىمى نەرسىنى بۇزۇپ كاردىن چىقارغان، بولكىنى يەرگە ئېتىۋەتكەن، دادىسى ساقال چۈشۈرگەندە ئىشلىتىدىغان ئەينەكنى قەستەن چېقىپ كۇكۇم تالقان قىلىۋەتكەن، ھەتتا بىر يىلى مىلاد بايرىمىدا دۇنيا بويىچە ئەڭ گۈزەل، ئەڭ چىرايلىق قونچاقنى پارە - پارە قىلىۋەتكەن. . .

ئاننېي خىيال سۈرەتتى. شۇ چاغدا مەن خاتا قىلدىم. ئەگەر بىرى ماڭا كۈڭۈل بۆلگەن، بۇنداق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان بولسا، ئىشلاردا ئۆزگىرىش بولغان بولار ئىدى. ئەگەر ھەقىقىي يوسۇندا كۆيۈنىدىغان بىرى بولۇپ، ئۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرسا، ئاچچىقىمغا ھاي بەرگۈزسە، ئوبدان يېتەكلىسە، كىشىلىك تۇرمۇشتا باشقا بىر داغدام يول بولار ئىدى.

خېلېن غىمىسسىدە ئۆيگە كىرىپ مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، يۈزىنى ياقتى ۋە ئۇنى سۆيۈشكە تەمشەلدى. ئاننېي ئۇنى بوشقىنا توسۇپ قولىغا يازدى.

— بولمايدۇ، مۇئەللىم ئۇنداق قىلىدىغان بالىغا

سۆيگۈزمەيدۇ.
خېلىپن رەدىيە بەردى:
— خېلىپن ياخشى بالا، ۋىنى ئەسكى.
— ئەمما خېلىپن ئۇنى ئۇردى، تەپتى، ئۇنىڭغا ئازار بەردى، — ئارقىدىن ئانىپي چاقچاق قىلىپ يازدى، — كەچۇرۇڭ، مەن كەپسىزلىك قىلغان قىزچاقنى سۆيمەيمەن.
خېلىپن شاپپىدا قىزىرىپ تۇرۇپلا قالدى. ئانىپي كۆردىكى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا زىدىيەت، ئېلىشىش بولۇۋاتاتتى. خېلىپن ئاچچىقى بىلەن ئانىپىنىڭ قولىنى تۇتۇپ يازدى:
— مەن مۇئەللىمنى ياخشى كۆرمەيمەن، ئاپامنى ياخشى كۆرىمەن، ئاپام ۋىنىنى ئۇرىدۇ.
ئانىپي سوغۇققانلىق بىلەن خېلىپنىنى يېتىلەپ بېرىپ ئورۇندۇق يېنىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭغا بىر قونچاقنى بېرىپ:
— خېلىپن، بىردەم ئولتۇرۇپ، بۇ ئىش زادى قانداق يۈز بەردى، ئويلىنىپ بېقىڭ، هازىر هېچنىمە دېمەي، ئوبدان ئويلىنىڭ، — دېدى.
ئىككىيلەن بۇ ئەتىگەننى ئايرىم - ئايرىم هالدا غەشلىك ئىچىدە ئۆتكۈزدى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا هەرقانچە قىلغان بولسىمۇ، ئانىپىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى. خېلىپن سىلاپ بېقىپ ئۇنىڭ تاماق يېمىگىنىنى بىلىپ ئالاقزادە بولۇپ سورىدى:
— نېمىشقا تاماق يېمەيسىز؟
— قورسىقىم ئاچمىدى.
— نېمىشقا ئەمدى؟
— ئىشتىهايىم يوق.
— ئاشپەزگە دەپ سىزگە چاي دەملىتىپ بېرەي.
خېلىپن قەلبىدە بۇ خەتلەرنى يېزىپ ئورۇندۇقتىن سەكرەپ چۈشتى.
— ياق، — ئانىپي ئۇنى توستى، — كۆڭلۈم بەك پەرشان،

بەك بىئارام بولۇۋاتىمەن، گېلىمدىن چايمۇ ئۆتمەيدۇ.
بۇ ئىشارىنى كۆرۈپ، خېلىپىنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى، يۈرىكى ئېزىلدى. بۇنىڭدىن ئانىبي چوڭقۇر تەسىرلەندى. ئانىبي ئاۋازلىق قىلىپ ئۆزىنى ئەيىبلەپ كەتتى.

— ئاھ، بىچارە خېلىپ، مېنى كەچۈرۈڭ! ياخشى بولۇشىڭىزغا ئالدىراپ مەن داۋاملىق سىزنى مەجبۇرلىدىم، چىڭ تۇتتۇم، سۆيلىدىم. ئەسكى خۇيىڭىزنى ھە دېگەندىلا ئۆزگەرتكىلى بولمايدىغانلىقىنى بالدۇراق ئويلىشىم لازىم ئىدى. بۇنى كۆپچىلىك تونۇپ يېتىشى كېرەك ئىدى.

ئانىبي كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇۋاتقان قىزچاقنى يېنىغا تارتتى. خېلىپىنىڭ قولىغا مۇنۇلارنى يازدى:

— خېلىپ، كېلىڭ! ئەتىگەنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، مەن ۋەدە بېرەي، ھېچ ئىش يوق، بىز يۇقىرىغا چىقىپ ئاجايىپ غەلىتە بىر قۇرتقا - «پۇتاق قورتى» غا قاراپ باقايلى، ئۇنى تۇتۇپ بوتولكىغا سېلىپ تەتقىق قىلىپ باقايلى.

— ھاشاراتلار كىمنىڭ كەپسىز قىز ئىكەنلىكىنى بىلەمدۇ؟ — دەپ سورىدى خېلىپ. ئۇ ئانىبينى بويىندىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ۋەدە بەردى، — ئەتە مەن ئوبدان قىز بولىمەن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ياخشى بالا بولىمەن.

بوپتۇلا! بۇ دەرسنى تامام قىلايلى! دەپ ئويلىدى ئانىبي.

خېلىپىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى:

— ۋېنى قولغا يېزىشنى بىلمەيدىكەن.

بۇنىسى دەرھەقىقەت، ۋېنى قول تىلىنى ئۆگەنمىگەچكە، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنەلمەيدۇ، لېكىن ئانىبي خېلىپىنىڭ باھانە تېپىپ ئاسانلا قۇتۇلۇپ كېتىشىگە يول قويمىدى.

— مەن بىلەن بىللە ۋېنىنىڭ قېشىغا بېرىڭ، ئۇنىڭغا كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىڭ.

خېلېن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى. ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ۋېنىنىڭ قېشىغا باردى. ئاننېي كەچۈرۈم سوراش سۆزىنى خېلېننىڭ ئالىقىنىغا يازغاندا، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ كەچۈرۈم سورايدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. ئەمما ۋېنىنى سۆيۈپ قويمىدى. لېكىن ۋېنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندە تۇرۇپ بەردى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئەپلىشىپ قالدى.

خېلېن گويا ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك ئۇھ دەپ يېنىك تىندى ـ دە، يۈگۈرۈپ ھۇجرىسىغا چىقىپ ئورنىغا كىرىپ ياتتى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇيقۇ شەھىرىگە راۋان بولدى.

كېللېر خانىم بىلەن ئاننېي تاتلىق ئۇخلاۋاتقان خېلېنغا بىردەم قاراپ تۇردى.

— ئۇ ھازىر شۇنچىلىك تىنچ ۋە خۇشال كۆرۈنىدۇ! چۈشلۈك تاماقتا ئۇنى ئويغاتمايلى، كەچتە ئۇنىڭغا بىر ساندۇۋىچ بىلەن بىر ئىستاكان سۈت بەرسەكلا بولىدۇ، — دېدى كېللېر خانىم.

ئاننېي قوشۇلۇپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇ كىچىك جەڭچى بۈگۈن بەك جاپالىق جەڭ قىلدى. ئوبدانراق ئارام ئېلىۋالسۇن.

كېللېر خانىم مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ قويدى.

— ئۇ ئاخىر ئۆزىدىكى كۆكەمە، ئۆكتەم ئادىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى.

ئىككىيلەن بىر ـ بىرىنى چۈشىنىپ كۈلۈشتى ۋە ئۆيدىن جىممىدە چىقىپ كەتتى.

*سىز ئۇنى نورمال كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، دېدىڭىز، بۇ سۆزىڭىز بەلكىم توغرىدۇ. ئەمما، مەن دەيمەنكى، ئۇ نورمال ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، مېنىڭ كېيىممۇ خاتا ئەمەس.*

## بوگىنىس ئەمالار مەكتىپى

ئاننىي كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى ياز تۈگەي دېگەندە، ئاننىي رولانىڭ بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىدىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ خەتنى ئېلىپ چۇشۇپ، چۇشلۇك تاماق ۋاقتىدا كۆپچىلىككە ئوقۇپ بەردى. خەت تېخى تۈگىمىگەندى، كېللېر خانىم ھاياجان بىلەن:

— مۇئەللىم، ھازىر خېلېن خەتنى ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئوبدان يازالايدىغان بولدى! — دېدى.

بۇ 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى بولۇپ، خېلېننىڭ «سۇ» دېگەن خەتنى يېزىشنى ئۆگىنىۋالغىنىغا تۆت ئاي بولغانىدى. ئۇ توختىماستىن ئۆگىنىپ تېز ئىلگىرىلىدى. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىدا خېلېن 625 خەت ئۆگىنىۋالدى. 10 - ئايلاردا ئۇ ئەمالار يېزىقىدا بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىدىكى بالىلارغا خەت يازالىدى. يىل ئاخىرىدا ئاننىي ئۇنى سېرىك كۆرسەتكىلى ئاپاردى. ئاننىي سېرىك ئۆمىكىدىكى ھايۋانلارغا ئالاقىدار نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ، غەلىتە سوئاللارنى سورىدى. بۇنىڭ بىلەن ئاننىي جاۋاب تېپىش ئۈچۈن كۈن - كۈنلەپ جاۋاب تېپىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.

خېلېننىڭ كۈندىن - كۈنگە ئەۋج ئېلىۋاتقان قىزىقىشىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئاننىي تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

ئىككىنچى يىلى 6 - ئاي، ئاننىي بوگىنىس ئەمالار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى ئاننا نوتىس ئەپەندىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى.

يېقىندىن بۇيان ئۇ خېلىېنىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ تۇراتتى. ئۇ خېتىدە، ئەگەر سىز ئانىيىنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشسىڭىز، مەن تولىمۇ ئىپتىخارلىق ھېس قىلغان بولاتتىم، دەپ يازغانىدى.

ئانىي خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويغا چۆمدى. خېلېن شۇنچە كۆپ ئادەملەرگە يۈزلىنىشكە تەييارلىنىپ بولدىمۇ؟ دەرۋەقە ئۆتكەن بىر يىلدا ئۇنىڭ ھاسىلاتى مول بولدى. لېكىن، بۇ سەۋەبلىك كۆپچىلىك ئۇنى تالانتلىق بالا ياكى بىنورمال بالا دەپ قالارمۇ؟ كۆپلىگەن خەيرخاھلىق ئۇنى نابوت قىلىۋېتەرمۇ؟

ئۇ ئاخىرقى قارارىنى چىقاردى. خېلېن ھازىر ئوقۇيالايدۇ، يازالايدۇ، كىشىلەرنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلەيدۇ، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ، تېخى ئالاھىدە ياخشى قىلالايدۇ، بىرىنچى يىلدىكى ئۆگىنىش، ئىزدىنىشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، يېڭى پەللىگە چىقىش ۋاقتىمۇ بوپقالدى!

ئاي ئاخىرى خېلېن بىلەن ئانىي يوك - تاقىلىرىنى ئېلىپ شىمالغا ماڭىدىغان پويىز بىلەن بوستونغا كەلدى - دە، ئۇدۇل بوگىنىس مەكتىپىگە باردى. خېلېن ئانىنا نوتىس ئەپەندى بىلەن ئەدەبلىك سالاملىشىپ بولۇپلا، تاقەتسىزلىك بىلەن بۇرۇلۇپ ئانىيىدىن سورىدى:

— ھېلىقى دوستلىرىم قېنى؟ ئۇلار نەدە؟

بىر قانچە ئايدىن بۇيان خەت يېزىشىپ تۇرغاچقا، خېلېن ئۇلارنى يېقىن دوستۇم دەپ قاراپ كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇ ئۇلارنى كۆرۈشكە ئالدىراپ كەتتى.

ئانىي ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپ:

— كېلىڭ! سىزنى باشلاپ باراي، — ئۇ خېلېننى چوڭ بىر كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىگە ئەكەلدى، — ئۇلار مۇشۇ يەردە سىزنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دەپ ئۇنى ئالدىغا ئىتتىردى، خېلېن

ئوتتەك قىزغىنلىق بىلەن ئويۇنچى يېڭى دوستلىرى ئارىسىغا كىرىپلا كەتتى.

ئەتىسى، ئاننا نوتىس ئەپەندى ئاننېينى ئىشخانىسىغا چاقىر- تىپ ئايرىم سۆزلەشتى.

— كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە قانداق پىلانلىرىڭىز بار؟ — دېدى ئۇ بۇ ئىشلارنى بىلگۈسى كېلىپ. ئاننېي تىلىنى چايناپ:

— پىلانىم يوق، كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاشقا تېخى ۋاقىت چىقىرالمىدىم، — دېدى، — ئۆتكەن بىر يىل شامالدەك تېز ئۆتۈپ كەتتى، مەنمۇ جىددىيچىلىكتە ھوش كاللامنى يوقىتىپلا قوياي دېدىم.

— ئاننېي، سىز خېلېننى بىرمەزگىل مەشەدە تۇرغۇزۇشنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ، يوق؟

ئاننا نوتىس ئەپەندى ئاننېينىڭ قوشۇمىسىنى تۈرگىنىنى كۆرۈپ دەررۇ چۈشەنچە بەردى:

— ھە، ئەلۋەتتە سىزمۇ قېپقالىسىز، ئاننېي، ئەنسىرىمەڭ، سىز بالا تەربىيىلەشنىڭ ئېپىنى ئوبدان بىلىسىز.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئاننېي سوغۇققىنا، — بىز تۇرۇپ قېلىشنى ئويلاشمىدۇق. ئەگەر بىزنى قىسقا ۋاقىتلىق زىيارەتكە تەكلىپ قىلسىڭىز، خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

— نېمىشقا قېپقالمايسىلەر؟

— خېلېن ئۆزۈڭدىن بۇيان رولانى يوقلاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئىككىلىمىز ئەما، گاس، گاچا ئىكەنمىز، سىر- داش دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز دەپ ئويلىغان، بىلەمسىز، بۈگۈن ئەتىگەن خېلېننى رولانىڭ قېشىغا ئاپارغانىدىم، زېھنى ئۇرغۇپ تۇرغان خېلېن رولانى قورقۇتۇپ جېنىنى ئالغىلى تاس قالدى.

— خېلېن ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپ يېقىنچىلىق قىلىۋېدى، ئۇ نېمىشقىدۇر جىددىيلىشىپ، قورقۇپ بىئارام بولدى، خېلېن

چىقىپ كەتكەندە ئاندىن تىنچلىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى، رولانىڭ تۇرمۇش دائىرىسى بەك تار، ئۇ كىچىككىنە ئۆيدىلا ياشايدۇ، بۇ خېلېنغا كېرەكلىك كۆلچەك ئەمەس، شۇڭا ئۇنى ئۇ يەرگە سولاپ قويسام بولمايدۇ.

— ئاننېي، ئۇلاردىن كۈتىدىغىنىڭىز زادى نېمە؟

ئاننا نوتىس ئەپەندى ئاننېينىڭ ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى بىمەنىلىك ۋە نىشانسىزلىق، گاڭگىراش، دەپ ئويلايتتى.

— ئاننېي، — دېدى ئۇ، — خېلېننىڭ سالامەتلىكىنىڭ تولۇق ئەسلىگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا سىز كۆزىڭىزنى يۇمۇۋېلىپ، ئۆزىڭىزنى ئالداپ يۈرمەڭ، بۇنداق قىلىش ئاخىر بېرىپ بىھۇدە ئاۋارىچىلىك بولىدۇ، ئادەمنى نادامەتتە قويىدۇ، ياخشىسى، رېئاللىققا يۈزلىنىشىڭىز كېرەك. چۈنكى، ئۇ ئادەتتىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ. . .

ئاننېي ئۇنىڭ كۆڭلىنى، ئەندىشىسىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، بىراق ئۇنى قايىل قىلمىسا بولمايتتى. — ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ساقىيىپ كېتەلمەيدىغانلىقى ماڭا ئايان، ئۇنىڭ ھەم ئەما، ھەم گاس، ھەم گاچىلىقىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن. فىزىئولوگىيىلىك بۇ كەمتۈكلۈك ئۇنى نورمال كىشىلەردەك ياشاش شارائىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئەمما. . . — ئاننېينىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئاۋازىدا ئىشەنچ جاراڭلىدى، — سىز ئۇنى نورمال كىشىلەرگە ئوخشىمايدۇ، دېدىڭىز، بۇ سۆزىڭىز بەلكىم توغرىدۇ. ئەمما، مەن دەيمەنكى، ئۇ نورمال ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. مېنىڭ گېپىممۇ خاتا ئەمەس، ئۇنىڭ تېنى مېيىپ، لېكىن ئۇ سىز ۋە ماڭا ئوخشاشلا تەبىئىتىگە خاس ئىچكى خاراكتېرگە ئىگە. بۇ گويا سىز ئاننا نوتىس ئەپەندى، مەن ئاننېي بولغانغا ئوخشاش. ئۇمۇ خېلېن، ئۇنىڭدىمۇ باشقا نورمال ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس پەزىلەت، ئۆزىگە خاس ئىرادە بار. غەم قىلماڭ، ئىشىنىمەنكى، دۇنيادا ھەرگىز ماڭغىلى بولمايدىغان

يول يوق. ئىرادىلىك كىشىلەر ھەرقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقى-
رالايدۇ.

www.uyghurkitap.com

*ئۇ بارلىق ھاياتىنى خېلېن كېللېرنىڭ كىشەنلەردىن قۇتۇلۇشى، قەلب مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىك، ئەسلىي تەبىئىتىگە قايتىشىغا ياردەملىشىشكە تەقدىم قىلدى. خېلېنمۇ ئۇنى قويۇۋەتمىدى، مۇئەللىمگە يۆلىنىۋالدى.*

## ئاققان سۇدەك ئۆتكەن ھايات

كېيىنكى بىر قانچە يىل ئىچىدە ئاننىي بىلەن خېلېننىڭ جاپالىق كۈرىشى شانلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ئارقا - ئارقىدىن قولغا كەلتۈرگەن ئاجايىپ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر خېلېنغا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ئەربابلىرىنىڭ مۇئەييەنلەشتۈرۈشىنى ۋە شان - شەرەپ ئاتا قىلدى.

1890 - يىلى باھار. ئۇ تارىختىكى ئاغزى بىلەن گەپ قىلالايدىغان بولغان گاس، گاچىلارنىڭ ئىككىنچىسى بولدى. ئۇ ئۆمۈرۋايەت كۆزى كۆرمەيدىغان ئەما، ھېچنېمىنى ئاڭلىيالمايدىغان گاس بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئەمدى گەپ قىلالمايدىغان گاچا ئەمەس.

خېلېن 12 ياش ۋاقتىدا، ئىنتايىن زور ئىشەنچ ۋە ئىرادە بىلەن، مەن كەلگۈسىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن، خارۋارد ئونىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ئوقۇيمەن، دەپ جاكارلىغانىدى.

كىشىلەرنىڭ كۆپى ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالىشىدىن، يەنە كېلىپ داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيالىشىدىن گۇمانلانغان. ئۇ كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈسى نورمال ئاقىللار بىلەن قانداقمۇ نوچىلىقتا بەسلىشەلىسۇن؟ دېيىشكەن. پەقەت بىرلا كىشى، يەنى ئاننىي خېلېننىڭ جەڭ ئېلان قىلىشتا چىڭ تۇرىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان. ئۇ:

— خېلېن، ئۇ دېگەن ئوغۇللار ئوقۇيدىغان مەكتەپ! سىز خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا بارماي، باشقا بىر مەكتەپنى تاللاڭ! — دېگەن.

1900 ـ يىلى كۈز، خېلېن خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دېكلىف ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىردى. ئاننىي بىلەن خېلېن سايىدەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمىدى. ئاننىي ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ دەرسكە باردى، ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى قول تىلى بىلەن خېلېنغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. تۆت يىلدىن كېيىن، خېلېن قالغان 96 قىز بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار سېپىدە تۇرۇپ، ئوقۇش پۈتتۈرۈش دىپلومىنى ـ بىباھا گۆھەرنى ـ قولىغا ئېلىپ پۈتكۈل دۇنياغا مۇنۇلارنى جاكارلىدى.

— خېلېن كېللېر شەرەپ بىلەن دۇنيا بويىچە داڭلىق دېكلىف ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈردى. ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇكەممەل تەربىيە ئالغان ئەما، گاس ھېسابلىنىدۇ.

كۈندىن كۈنگە خېلېننىڭ نامى چىقىپ، جىمى ئادەم بىلىدىغان ئەرباپقا ئايلاندى. ئۇنىڭ يېنىدا دائىم نازۇك، ئورۇق، زىلۋا بىر خېنىمنىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭ سايىدەك خېلېنغا ئەگىشىپلا يۈرىدىغانلىقىغا ناھايىتى ئاز كىشىلەر دىققەت قىلدى. ئاننىي سەھنە ئارقىسىدا تۇرۇشقا، ئۇن ـ تىنسىز ياشاشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولدى، بىر ئېغىزمۇ ۋايسىمىدى، ئاغرىنمىدى. بىرەر مەخسۇس ئىستون مۇخبىرى ئۇنى ئۆزى ھەققىدە ماقالە يېزىشقا دەۋەت قىلغانىدى، ئۇ مۇخبىرغا قاراپمۇ قويماي:

— مېنىڭ تۇرمۇشۇم شەخسىي ئىشىم ھېسابلىنىدۇ، كۆپچىلىك كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ بولىدۇ، — دېدى. ئۇ مەڭگۈ «مۇئەللىم» رولىنى ئالاي، دەپ ئويلاپ ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى.

«مۇئەللىم» خېلېن بىلەن بىرلىكتە ناھايىتى مەنىلىك، خۇشال ـ خۇرام ياشىدى. خېلېن يازغۇچى بولدى، كىتاب،

گېزىت، ژۇرناللاردا ئەمالار، گاسلارنىڭ تۇرمۇش ھالىتى، روھىي ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ھەققىدە سۆزلىدى. ئەمالار، گاسلار يولۇقىدىغان قىيىنچىلىقلار ھەققىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى يازدى. ئۇ مۇئەللىمى بىلەن ئامېرىكىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ نوتۇق سۆزلەپ كۆپچىلىكنى مېيىپلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىشقا قوزغاتتى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھاياتمۇ ئاققان سۇدەك ئۆتۈپ كەتتى. خېلېننىڭ توختىماي چېپپۈېرىشى نەتىجىسىدە ئەزەلدىن تېتىك، غەيرەتلىك ئاننېي ئارمانغا تۇشلۇق دەرمانى يوق بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. 1920 ـ يىلى ئۇ خېلېنغا:

— بۇ قېتىم نوتۇق سۆزلەشكە سىز بىلەن بارالمايمەن، باشقا بىرى بىلەن بېرىڭ، — دېدى.

خېلېن كېلللېرنىڭ مۇئەللىمى ئاستا ـ ئاستا قېرىپ كەتتى، ھازىر ئۇنىڭ ئىككى كۆزى تۇتۇلۇپ قالدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرايمىكىن دەپ ئويلاپ دوختۇرنىڭ قېشىغا باردى. دوختۇر مۇلايىملىق بىلەن:

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئىلگىرى كۆزىڭىزنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىشلىتىۋېتىپسىز، ئەمدى كۆزىڭىزنى دەم ئالدۇرىدىغان ۋاقىتمۇ كېپقاپتۇ. ئېھتىمال سىز دەم ئالماستىن خېلېنغا شۇنچە كۆپ كىتاب ئوقۇپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن ھازىر بەدەل تۆلەيدىغان ئوخشايسىز، ھېلىمۇ ياخشى سىز ئەمالار تەربىيىسىنى ئالغان. سىزنىڭ گەۋدىلىك ئەمالار بىلىمىڭىز، كىتاب ئوقۇش ھەۋىسىڭىزنى قاندۇرۇشقا كۇپايە قىلىدۇ.

ئاننېي يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئازابلاندى:

— ھەۋىسىمنى قاندۇرارمىش! مەن ئەمالار يېزىقىغا ئۆچ، بۇنى قوبۇل قىلالمايمەن، ماڭا كۆز كېرەك.

ئەپسۇسكى، ئاننېينىڭ تىرىشچانلىقى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغانسېرى كۆزى يورۇق دۇنيانى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پەقەتلا كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

ئاننېي خېلېننى دەپ ئامال بار غەيرەت قىلىپ تېتىك يۈردى، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇپ، باشقىلارنىڭمۇ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. ئۇ دوستلىرىغا مۇنداق دەيتتى:

— يېقىندىن بۇيان كۈلۈشمۇ ماڭا ئازابلىق بىر ئىش بولۇپ قالدى. قېرى، كېرەكسىز تېنىمگە ئۆچ بولدۇم، كۆڭلۈمدە بىمالال مېڭىپ يۈرەلەيدىغان، ئات مىنىپ سۇ كېچەلەيدىغان، كېچە - كۈندۈز ئىشلەپمۇ ھېرىش - چارچاشنى بىلمەيدىغان، بارلىق مەنزىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنالايدىغان ئاننېي سۇلليۋاننى ئويلايمەن. ئەمەلىيەتتە ھازىر ئۇستىخانلىرىم بوشاپ، ھېرىپ چارچاپ كەتتىم، كۆزۈممۇ كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرگىنىم بىلەن بۇ قېرىلىق يۈكىنى يۈدۈپ يۈرۈۋېرىشكە مادارىم، رايىم قالمىدى.

دوستلىرى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشتى:

— ئاننېي بۇنداق قىلىسىڭىز قانداق بولىدۇ، سىز بىزدىن ئايرىلسىڭىز بولمايدۇ، خېلېنغا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ.

ئۇ كەسكىن تۇردە:

— راستىنىلا شۇنداق بولىدىغان بولسا، مېنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقىم يوققا چىقىدۇ، — دەيتتى.

ئۇ بارلىق ھاياتىنى خېلېن كېلېرنىڭ كىشەنلەردىن قۇتۇلۇشى، قەلب مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكىگە، ئەسلى تەبىئىتىگە قايتىشىغا ياردەملىشىشكە تەقدىم قىلدى. خېلېنمۇ ئۇنى قويۇۋەتمىدى. مۇئەللىمگە يۆلىنىۋالدى.

ئاننېي سۇلليۋان 1936 - يىلى 10 ئاينىڭ 19 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى.

ئۇ خېلېننى ئۆزۈڭ يالغۇز رېئاللىققا يۈزلەنگىن، دەپ قويۇپ كەتتى. ئەمدى خېلېن ھەر قاچان ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇئەللىم يوق ئەھۋالدا، جىسمانىي، روھىي، تىل، ئىرادە ۋە

تۇرمۇشتىكى يېتىش ـ قوپۇش جەھەتتە ئۆزىنى تەڭشىشى لازىم ئىدى. خېلېن نەچچە قېتىملاپ يەككە ـ يېگانە ھالدا كۈرەش قىلىشتىن ۋاز كەچمەكچى بولدى. ھەرقېتىم بەل قويۇۋەتكەن، روھىي چۈشۈپ كەتكەن چاغلاردا، يېقىملىق بىر ئاۋاز ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «خېلېن، مۇئەللىم بۇنداق قىلىشىڭىزنى ياقتۇرمايدۇ» دەيتتى.

يېقىملىق، مېھرىبان بۇ ئاۋاز خېلېننىڭ ئازابقا بەرداشلىق بېرىشى، ئۆز ئىرادىسى، ئارزۇسىنى ئاستا ـ ئاستا، ئاز ـ ئازدىن بەرپا قىلىشىغا، تۇرمۇش نىشانىنى تەرتىپكە سېلىشى، جاپاغا چىداپ خىزمەت ئىشلىشىگە يۆلەك ۋە تۈرتكە بولاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېچىلىپ كۆلەتتى، ھاياتنىڭ ئاجايىپ سىرلىق ئاجايىباتلىرىنى قەدىرلەيتتى. ئۇ توختىماي تېرىقچىلىق قىلغۇچى، ھايات مەشئىلىنى يالقۇنجاتقۇچى، مېيىپلارنىڭ دىلىنى يورۇتقۇچى ماياك.

ئانىبي سۇللىۋاننىڭ ئەجرى بىكار كەتمىدى. ئۇ 20 ـ ئەسىردىكى ئۆچمەس ئاجايىبات خېلېن كېللېرنى تەربىيىلەپ ئۆستۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

# كۆزۈم ئۈچ كۈنلا ئېچىلسا ئىدى

بىز ھەممىمىز كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بەزى تەسىرلىك ھېكايىلەرنى ئوقۇيمىز. ھېكايىدىكى باش قەھرىمان ناھايىتىچەك-لىك مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە، يەنى ئۇزۇن بولغاندا بىر يىل، قىسقا بولغاندا بىر سوتكىلا ياشايدۇ. ھالبۇكى، بىز ھامان ئۆلۈم بوسۇ-غىسىدا تۇرغان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى بىرقانچە كۈن ياكى ئاخىرقى بىر قانچە سائەت ۋاقتىنى قانداق ئامال - چارىلەر بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىنى قاتتىق ھاياجان ئىلكىدە بايقايمىز. ئەلۋەتتە، مەن دەۋاتقانلار پائالىيەت دائىرىسى چەكلەنگەن، ھۆكۈم ئىجرا قىلىنىغان مەھبۇسلار ئەمەس، بەلكى ئەركىن تاللاش ئىمكانىيىتى بولغان كىشىلەر.

بۇنداق ھېكايىلەر كىشىلەرنى ئويغا سالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەگەر بىز ئوخشاش شارائىتتا بولغان بولساق قانداق قىلغان بولاتتۇق دېگەنلەرنى بىلگۈسى كېلىدۇ. بىز چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدىغان مەۋجۇداتلارمىز، ئاخىرقى مىنۇتلىرىمىز كەلگەندە، بىز قانداق ئىشلارغا يولۇقىمىز، قانداق تەسىراتتا بولىمىز، نېمىلەرنى ئويلايمىز؟

ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ قايسى بەختىيار چاغلارنى، قايسى پۇشايمانلىرىمىزنى تاپىمىز؟

مەن بەزىدە، ئەگەر بىز ئەتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغاندەك ياشايدى-غان بولساق، بۇ ھەممىدىن ياخشى قائىدە بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالىمەن. بۇنداق پوزىتسىيە ھايات قەدرىنى ئۆتكۈر ھالدا تەكىت-لەيدۇ. بىز ھەركۈنى دوستانىلىك، كۆتۈرەڭگۈ روھ ۋە ئۈمىد - ئارزۇ بىلەن ياشىشىمىز كېرەك. لېكىن، ئالدىمىزدا ۋاقىت كۆنلەپ، ئايلاپ، يىللاپ تەكرارلىنىپ ئۆتىۋەرسە، كۆپ ھاللاردا بۇنداق پەزىلەتلىرىمىزدىن مەھرۇم بولىمىز. ئەلۋەتتە، «يېۋېلىش، ئىچىۋېلىش، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئوينىۋېلىش» نى

ئەنگۇشتەر دەپ بىلىدىغانلارمۇ تېپىلىدۇ. ھالبۇكى، كىشىلەرنىڭ كۆپى ئەزرائىلنىڭ كېلىشىدىن ئازابلىنىدۇ.

نۇرغۇن ھېكايىلەردە، تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولغان باش پېرسوناژ ھەممىشە ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتتا تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قۇتقۇزۇۋېلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئۇنىڭ قىممەت قارىشىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. ئۇ پېرسوناژ ھاياتلىق ۋە مەڭگۈلۈك قىممىتىنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئېنىق چۈشىنىۋالىدۇ. ئۆلۈم كۆلەڭگۈسى ئىچىدە ياشاۋاتقان ياكى ياشىغان كىشىلەرنى كۆرىدۇ، ئۇلار قىلغان ھەربىر ئىشقا بىر خىل ئاچچىق - تاتلىق سىزىم ئاتا قىلىدۇ.

ھالبۇكى، كۆپچىلىكىمىز ھاياتلىقنى مۇقەررەرلىك دەپ قارايمىز، ھامان بىر كۈنى ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلىمىز. لېكىن، ئۇ كۈننى ناھايىتى يىراقتا دەپ ئويلايمىز - دە، روھىمىز ئۇرغۇپ تۇرغان، تېنىمىز يەڭگىل، ساغلام ھالەتتە تۇرىمىز، بۇنداق چاغدا ئۆلۈم تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدۇ، ئۆلۈمنى كەمدىن كەم ئويلايمىز، كۈنلەر ئۆزىراپ چەكسىز يىراق كەلگۈسىگە بېرىپ قالىدۇ. شۇڭا، بىز قىممىتى يوق خىزمەتلەرنى قىلىمىز، تۇرمۇشقا يالقاۋلىق، ھورۇنلۇق پوزىتسىيىدە بولۇۋاتقانلىقىمىزنى تونۇپ يېتەلمەيمىز.

پۈتكۈل تەبىئىتىمىز ۋە سەزگۈ ئەزالىرىمىزدا ئوخشاشلا يالقاۋلىق ئالاھىدىلىكلىرى بار، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. پەقەت گاسلار ئاڭلاش سەزگۈسىنى قەدىرلەيدۇ، ئەمالار قايتىدىن يورۇق دۇنيانى كۆرۈش بەختىدىن لەززەت ئالالايدۇ. بۇ خىل قاراش ياشانغان چاغدا كۆرۈش ۋە ئاڭلاش سەزگۈسىدىن مەھرۇم بولغان كىشىلەرگە بەكرەك ماس كېلىدۇ. ئەمما، كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈسى جەھەتتە زىيانغا ئۇچرىمىغان كىشىلەر بۇ قىممەتلىك سەزگۈ ئەزالىرىدىن ناھايىتى ئاز ۋاقىتتا تولۇق پايدىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزى ۋە قۇلىقى بارلىق مەنزىرە ۋە ئاۋازلارنى مۇجە-

مەللا قوبۇل قىلىدۇ.

چۈنكى، ئۇلار بۇ نەرسىلەرگە ئالاھىدە زەن قويمايدۇ، شۇنداقلا كەمدىن ـ كەم قەدىرلەيدۇ. بىز تاكى مەھرۇم بولغانغا قەدەر بارلىق نەرسىلىرىمىزدىن (ئۆزىمىزدىكى) مىننەتدار بولمايمىز، تاكى ئاغرىپ بېشىمىز ياستۇققا يەتمىگۈچە ساغلاملىقىمىزنى ئوبدان تونۇپ يەتمەيمىز، بۇ ئەزەلدىن تارتىپ مۇشۇنداق.

مەن دائىم ھەممىلا ئادەمنىڭ ئەقلىغا تولۇۋاتقان مەزگىلدە بىر قانچە كۈن ئەما، گاس كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى بىر خىل بەخت، چۈنكى قاراڭغۇلۇق ئۇنى كۆرۈش سەزگۈسىنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان قىلىدۇ، ئۈنسىزلىك ئۇنى ئاۋازغا يەنىمۇ خۇشتار بولۇش ۋە زوقلىنىشقا يېتەكلەيدۇ، دەپ ئويلايمەن. مەن ھەمىشە ھەممىنى كۆرەلەيدىغان دوستلىرىمنى، ئۇلار زادى نېمىلەرنى كۆرەلەيدۇ، دەپ سىنايمەن.

بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا ناھايىتى يېقىن بىر دوستۇم مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ يىراقتىكى ئورمانلاردىن ئۆتۈپ كەلگەچكە، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنى كۆزەتكەنلىكىنى سورىدىم. «ئالاھىدە ھېچنېمە يوق» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. ئەگەر مەن مۇشۇنىڭدەك جاۋابلارنى ئاڭلاپ كۆنمىگەن بولسام (كۆرۈش سەزگۈسى ياخشى كىشىلەرنىڭ ناھايىتى ئاز نەرسىنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئالىقاچان ئىشەنگەنىدىم)، قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمىگەن بولار ئىدىم.

ئۇ ئورمانلىقتا بىر سائەت يول يۈرۈپتۇ. ئەمما، دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك ھېچقانداق نەرسىنى كۆرمەپتۇ. بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ دەپ ئۆزۈمدىن سورىدىم. كۆزۈم كۆرمەس ئادەم بولغىنىم بىلەن تۇتۇش سەزگۈم بىلەن مېنى قىزىقتۇرىدىغان نەرسىلەرنى يۈزلەپ بايقىيالايمەن. بىرەر تۈپ قېيىن دەرىخىنىڭ سىلىق پوستىنى ياكى قارىغاينىڭ يىرىك، بۇدۇر ـ چوقۇر پوستىنى مېھرىم بىلەن سىلايمەن. باھاردا مەن دەرەخ شاخلىرىنى سىلاپ تەبىئەتنىڭ قىشلىق ئۇيقۇدىن ئويغانغانلىقىنىڭ

بىرىنچى بەلگىسى بولغان بىخنى ئىزدەيمەن. بەزىدە بىر تال گۈلنىڭ چىرايلىق، يۇمشاق تېرە سىزىقلىرى ئارىسىدىن ئاجايىپ بىر خىل يۆگىمىنى بايقايمەن. تەلىيىم بەك ئوڭ كەلگەن چاغلاردا، قولۇمنى كىچىك شاخلارغا پەم بىلەن قويسام، تاسادىپىي ھالدا قۇش باللىرىنىڭ رىتىملىق ناخشا ئېيتقاچ خۇشال سەكرەپ ئويناۋاتقانلىقىنى سېزەلەيمەن. مەن ئېرىقتىكى مۇزدەك سۇلارنىڭ ئېچىلغان قوللىرىم ئارىسىدىن تېز - تېز ئېقىپ ئۆتۈشىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مېنىڭچە، قارىغاي يىڭنىلىرى ياكى مامۇقتەك يۇمشاق چۇشەك كەبى باراقسان ئوت - چۆپلەر ئېسىل، چىرايلىق پارس گىلەملىرىدىن بەكرەك قارشى ئېلىنىدۇ. ماڭا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۆت پەسىلدىكى ئاجايىپ كۆركەم مەنزىرىلەر ئىنتايىن تەسىرلىك ۋە تۈگىمەس كومېدىيە بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىكلىرى، كۆرۈنۈشلىرى بارماقلىرىم ئارىسىدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ.

بەزىدە يۈرىكىم مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا يىغلايدۇ. ئەگەر مەن تۇتۇش سەزگۈم بىلەنلا مۇشۇنچە كۆپ شادلىققا ئېرىشسەم، ئۇ ھالدا كۆرۈش سەزگۈمدە نەقەدەر گۈزەل، كۆركەم كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولار - ھە! ئەپسۇس، كۆزى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ روشەنكى كۆرىدىغىنى ناھايىتى ئاز، دۇنيادىكى تۈرلۈك رەڭلەردە، ھەرخىل قىياپەتتە ئېچىلغان گۈل كەبى مەنزىرىلەرنى ئۇلار بولۇشقا تېگىشلىك نەرسە دەپ قارايدۇ. بەلكىم ئىنسانلار مۇشۇنداق بولسا كېرەك، ئۇلار ئۆزلىرىدە بار، ئۆزلىرى ئىگە بولغان نەرسىلەرنى كەمدىن - كەم قەدىرلەپ، ئۆزلىرىدە يوق نەرسىلەرگە ئىنتىلىدىكەن. يورۇقلۇق پارلاپ تۇرغان جاھاندا، كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ تەبىئىي ئىقتىدار، تۇرمۇشنى بېيىتىدىغان بىر خىل ۋاستە ئەمەس، پەقەت بىر خىل قولايلىق دەپلا قارىلىدىكەن. نېمىدىگەن ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بۇ!

ئەگەر مەن ئالىي مەكتەپنىڭ باشلىقى بولسام، «كۆزىڭىزنى قانداق ئىشلىتىسىز» دېگەن مەخسۇس بىر دەرسنى تەسىس قىلاتتىم. بۇ دەرستە پروفېسسورلار ئوقۇغۇچىلارغا ئۇلار ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئەمما ئۇلار دىققەت قىلمىغان شەيئىلەرنى قانداق قىلىپ ھەقىقىي يوسۇندا كۆرۈپ يېتىش ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى شاد - خۇراملىقنى كۆپەيتىشنى سۆزلەيتتى. بۇ دەرس ئۇلارنىڭ غەپلەتتە ۋە ئارقىدا قېلىۋاتقان تەبىئىتىنى ئويغىتاتتى.

ئەگەر كۆزۈم ئۈچ كۈنلا كۆرەلىگەن بولسا ئىدى، نېمىلەرنى كۆرۈشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر بويىچە چۈشەندۈرەلىشىم مۇمكىن. مەن ئويلىنىۋاتقان چاغدا، سىزمۇ ئويلاپ بېقىڭ. بۇ مەسىلىنى ئويلاپ كۆرۈڭ، ئەگەر سىز ئۈچ كۈنلا يورۇق جاھاننى كۆرەلەيدىغان بولسىڭىز، ئۇ ھالدا سىز كۆزىڭىزنى قانداق ئىشلىتىسىز، نەزىرىڭىزنى قايسى نەرسە ئۈستىدە توختىتىشنى بەكرەك ئويلايسىز؟ تەبىئىيكى، مەن ئىمكانقەدەر قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ياشىغان كۈنلىرىمدە قەدرىگە يەتكەن نەرسىلەرنى كۆرسەم دەيمەن. بولغۇسى كۈنلەردە كېلىدىغان قاراڭغۇ كېچىلەردە ئېسىڭىزدە تۇتۇۋېلىشقا قولايلىق بولسۇن دېسىڭىز، سىزمۇ نەزىرىڭىزنى ئۆزىڭىز قەدىرلىگەن نەرسىلەر ئۈستىدە توختىتىڭ.

ئەگەر مەلۇم مۆجىزە تۈپەيلى، كۆزۈم ئۈچ كۈنلا كۆرەلىگەن بولسا، ئارقىدىنلا قاراڭغۇلۇق قوينىغا كىرىپ كەتسەم، ئۇ چاغدا مەن بۇ ۋاقىتنى ئۈچ بۆلەككە بۆلىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

*مەن «قەلب ئەينىكى» يەنى دوستىنىڭ كۆزىدىن قەلبىنى كۆرۈش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت بارماقلىرىم ئارقىلىقلا بىر يۈزنىڭ كېپتىنى «كۆرەلەيمەن»، قاقاقلاپ كۈلۈش، قاتتىق قايغۇرۇش ۋە باشقا نۇرغۇن روشەن ھېسسىياتنى سېزىۋالالايمەن.*

## بىرىنچى كۈنى

بىرىنچى كۈنى، مەن ئادەملەرگە قارايمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ئىللىق مېھرى ۋە دوستلۇقى تۇرمۇشۇمنى مەنىگە ئىگە قىلدى. ئالدى بىلەن قەدىرلىك مۇئەللىمىم ئاننىي سۇللىۋان ماتسى خېنىمنىڭ يۈزىگە ئۇزۇندىن ئۇزۇن قارىۋالسام دەيمەن. چۈنكى، ئۇ مەن تېخى كىچىككىنە بالا ۋاقتىمدىلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ، ماڭا تاشقىرىدىكى دۇنيا ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. خاتىرەمدە ئەتىۋارلاپ ساقلاش ئۈچۈن پەقەت ئۇنىڭ يۈزىنىڭ كېپتىنىلا كۆرۈش بىلەن بولدى قىلمايمەن. يەنە ئۇنىڭ چېھرىدىن ھېسداشلىقتىن پەيدا بولغان مۇلايىملىق ۋە سەۋرچانلىقنىڭ ئىزنالىرىنى تېپىپ تەتقىق قىلىمەن. چۈنكى، ئۇ مانا شۇلار بىلەن مېنى تەربىيىلەشتەك مۈشكۈل ۋەزىپىنى ئادا قىلغان. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنى قىيىنچىلىق ئالدىدا مەزمۇت تۇرغۇزغان قەيسەر مىجەز ـ خاراكتېرىنى كۆرۈشنى، شۇنداقلا دائىم ماڭا، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە قىلغان خەيرخاھلىقىنى كۆرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەن «قەلب ئەينىكى»، يەنى دوستىنىڭ كۆزىدىن قەلبىنى كۆرۈش دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن. مەن پەقەت بارماقلىرىم ئارقىلىقلا بىر يۈزنىڭ كېپتىنى كۆرەلەيمەن. قاقاقلاپ كۈ-

لۇش، قاتتىق قايغۇرۇش ۋە باشقا نۇرغۇن روشەن ھېسسىياتنى سېزىۋالالايمەن. مەن دوستلىرىمنىڭ يۈزىنى سىلاش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن تونۇشقان، ئەمما سىلاش بىلەنلا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ھەقىقىي يوسۇندا سۈرەتلەپ بېرەلمەيمەن. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى باشقا يوللار ئارقىلىق، يەنى ئۇلار ماڭا ئىپادىلىگەن ئوي - پىكىر، ماڭا نامايان قىلغان ھەرقانداق ھەرىكەتتى ئارقىلىقمۇ ئىگىلەيمەن، چۈشىنىمەن، ئەمما ئۇلارنى چوڭقۇرراق چۈشىنەلمەيمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇنداق چۈشىنىشكە ئۇلارنى ئېنىق كۆرۈش، ئۇلارنىڭ ئىپادىلىگەن تۈرلۈك ئوي - پىكىر ۋە ئەھۋاللارغا بولغان ئىنكاسىنى كۆزىتىش، ئۇلارنىڭ قاراشلىرى ۋە چىرايىدىكى ئىنكاسىغا دىققەت قىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

يېنىمدىكى دوستلىرىمنى بولسا، ئۇزاق ئاي - يىللار بىللە بولۇپ، ئۇزلىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى ماڭا ئايان قىلغانلىقى ئۈچۈن ناھايىتى ئوبدان چۈشىنىمەن. ھالبۇكى، تاسادىپىي دوستلىشىپ قالغانلارغا قارىتا مەندە پەقەت مۇكەممەل بولمىغان تەسىراتلار بار. بۇمۇ بىر قېتىملىق قول ئېلىشىش، بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆز - جۈملىلەرنى چۈشىنىش ياكى ئۇلارنىڭ قولۇمغا بوش يېزىپ بەرگەنلىرى ئارقىلىق ئېرىشكەن تەسىرات.

كۆزى كۆرەلەيدىغان سىلەردەك كىشىلەر قارشى تەرەپ ئىپادىلىمەكچى بولغان مەنا ۋە ماھىيەتنى، قارشى تەرەپنىڭ چىرايىدىكى نازۇك ئىپادىنى، يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ تىترىشىنى، قول ئىشارىتىنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى كۆزىتىش ئارقىلىق تېزلا بىلىۋالالايسىلەر. بۇ نەقەدەر ئاسان، نەقەدەر كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان ئىش - ھە! لېكىن سىلەر كۆرۈش سەزگۈڭلار بىلەن بىر ئادەمنىڭ يۈزىدىكى ئىپادە ئالاھىدىلىكىنى تۇتۇۋېلىپ بىر دوستۇڭلار ياكى تونۇشۇڭلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى (قەلبىنى)

كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاشتىڭلارمۇ، يوق؟

يەنە سىلەردىن شۇنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، بەش نەپەر يېـقىن دوستۇڭلارنىڭ چىرايىنى توغرا سۈرەتلەپ بېرەلەمسىلەر؟ بۇنى ئاز بىر قىسىمىڭلارلا قىلالايسىلەر، كۆپىنچىڭلار قىلالمايـسىلەر، مەن سىناق قىلىپ بەزى ئەرلەردىن خوتۇنىنىڭ كۆزى قانداق رەڭدە ئىكەنلىكىنى سوراپ كۆرگەنىدىم، ئۇلار گاڭگىراپ قېلىشتى ۋە بىلمەيدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. گېپى كەلگەنـدە دەپ ئۆتەي، خوتۇنلار ھەمىشە ئەرلىرىمىز يېڭى كىيىم، يېڭى شلەپىلىرىمىزنىڭ رەڭگىگە، شۇنداقلا ئۆيدىكى جاھازلار، نەرسە كېرەكلەرنىڭ ئۆزگىرىشىگە دىققەت قىلمايدۇ، دەپ قاقشايدۇ.

كۆرۈش سەزگۈسى بار كىشىلەرنىڭ كۆزى ئەتراپتىكى شەيـئىلەرنىڭ قائىدىسىگە پاتلا كۆنۈپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆزى پەقەت ھەيران قالارلىق ۋە ھەيۋەتلىك شەيئىلەرگىلا دىققەت قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئەڭ ھەيۋەت، كۆركەم مەنزىرىلەرگە قارىغانـدىمۇ كۆزى ھورۇنلۇق قىلىدۇ. سوت خاتىرىلىرىدە ھەر كۈنى «كۆرگۈچى» لەرنىڭ قانچىلىك توغرا كۆرەلمىگەنلىكى ئاشكارىـلىنىپ تۇرىدۇ. يەنى مەلۇم بىر ۋەقەنى بىر قانچە گۇۋاھچى ئوخشاش بولمىغان بىر قانچە شەكىلدە «كۆرىدۇ» . بىرلىرى باشقىلاردىن كۆپرەك نەرسىنى كۆرىدۇ. ئەمما، نەزەر دائىرىسى ئىچىدىكى جىمى نەرسىنى كۆرەلەيدىغانلار ھېچقانچە چىقمايدۇ.

ئاھ، ئەگەر كۆزۈم ئۈچ كۈنلا كۆرەلىسە ئىدى، مەن قانچىـلىك نەرسىنى كۆرەلىگەن بولاتتىم ـ ھە!

بىرىنچى كۈنى، ئەڭ ئالدىراش بولغان بولاتتىم. قەدىردان دوستلىرىمنىڭ ھەممىسىنى چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئۇزاق قاراپ تۇرۇپ، ئىچكى گۈزەللىكنى ئىپادىلەپ تۇرغان تاشقىي كۆرۈنۈشىنى يۈرىكىمگە نەقىش قىلىپ ئورنىتىۋالاتتىم. يەنە نەزىرىمنى بىر بوۋاقنىڭ يۈزىدە توختىتىپ، تۇرمۇش توقۇنۇشلىرى پەيدا قىلغان شەخسىي ئاڭ شەكىللىنىشتىن ئىلگىرىكى

ئارزۇ، سەبىيلەرچە غۇبارسىز گۈزەللىكنى تۇتۇۋالغان بولاتتىم.

يەنە ئېتلىرىمنىڭ ساداقەتمەنلىك، ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، يەنى سۆلەتلىك، جىمغۇر سىكوت، داركى، قاۋۇل، ساغلام، ئەقىللىق دادېخن ۋە خايگىرلارنىڭ كۆزلىرىگە قارىغۇم بار. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قىزغىن، غۇبارسىز، شوخ دوستلۇقى ماڭا زور تەسەللىي بەخش ئەتكەنىدى.

ئالدىراش بولغان بىرىنچى كۈنى، ھۇجرامدىكى ئاددىي، كىچىك نەرسىلەرگە نەزەر سالىمەن. پۇتۇم ئاستىدىكى كىچىك گىلەمنىڭ ئىسسىق رەڭگىگە، تامدىكى رەسىملەرگە، ئۆيىنى ئائىلە ئىللىقلىقىغا چۆمدۈرگەن كىچىك نەرسىلەرگە قارايمەن. مەن ئوقۇغان ئەمالار يېزىقىدىكى كىتابلارغا ھۆرمەت نەزىرىم بىلەن قارايمەن. شۇنداقتىمۇ كۆزى كۆرىدىغانلار ئوقۇيالايدىغان باسما شەكىلدىكى كىتابلار مېنى تېخىمۇ بەك قىزىقتۇرىدۇ. ئۇزاق ھاياتىمدىكى قاراڭغۇلۇقتا ئۆزۈم ئوقۇغان ۋە باشقىلار ئوقۇپ بەرگەن كىتابلار سەلتەنەتلىك، غايەت زور ماياك بولۇپ، ماڭا ھاياتىمدىكى ۋە قەلبىمدىكى ئەڭ ئىچكىرى يوللارنى كۆرسىتىپ بەردى.

مەن كۆرەلەيدىغان بولغان بىرىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئورمانلىقتا بېرىپ، كۆزلىرىمنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىدىن مەست قىلىمەن. بىر قانچە سائەت ئىچىدە نورمال كۆرەلەيدىغان كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ھەمىشە ئايان بولۇپ تۇرىدىغان پارلاق، كۆركەم، بىپايان ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەرنى كۆزۈم ئارقىلىق بار كۈچۈم بىلەن شۈمۈرىمەن. ئورمان ساياھىتىدىن قايتىپ كېلىش يولىدا، قورۇقتا يېقىن چېغىر يوللار بىلەن مېڭىپ، ئېتىزلاردا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان ئاتلارنى (بەلكىم بىرەر تراكتورنى كۆرۈشۈم مۇمكىن)، يەرگە تايىنىپ جان بېقىۋاتقان ئەركىن ـ ئازادە كىشىلەرنى كۆرۈۋالىمەن. كۈن ئولتۇرغان چاغدىكى ھەيۋەتلىك، رەڭدار كۆركەم مەنزىرىنى كۆرۈپ دۇئا قىلى-

مەن.

گۈگۈم پەيتىدە بولسا، سىرتقى شەيئىلەرنى سۈنئىي يورۇق- لۇق ياردىمىدە كۆرۈپ شادلىققا چۆمىمەن. تەبىئەت قاراڭغۇتۇن يېتىپ كەلگەنلىكىنى جاكارلىغان چاغدا، ئىنسانلار تالانتى بىلەن ئىجاد قىلغان چىراغ يورۇقى ئارقىلىق كۆرۈش ئىقتىدارىنى ئۇ- زارتقان، مەن كۆزۈم كۆرەلىگەن بىرىنچى كۈنى كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. قەلبىم بۇ بىر كۈندىكى خاتىرىلەر بىلەن تولىدۇ.

*بۇ كۈنى مەن دۇنياغا، ئۆتۈپ كەتكەن دۇنيا ۋە هازىرقى دۇنياغا ئالدىراش - تېنەش بىر نەزەر سالىمەن. ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى، سانسىزلىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن تولغان قەدىم زامانىنى كۆرۈپ چىقسام دەيمەن. بۇنچە نۇرغۇن يىللارنى قانداقمۇ بىر كۈنگە يىغىنچاقلىغىلى بولسۇن؟ ئەلۋەتتە، بۇنى مۇزېيلار ئارقىلىق قىلىمەن.*

## ئىككىنچى كۈنى

كۆزۈم كۆرەلىگەن ئىككىنچى كۈنى، مەن سۇبھى بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سىرتقا چىقىپ قاراڭغۇ تۈن بىلەن يورۇق كۈن ئالماشقان، ئادەمنى هاياجانغا سالىدىغان مۆجىزىنى تاماشا قىلىمەن.

بۇ كۈنى مەن دۇنياغا، ئۆتۈپ كەتكەن دۇنيا ۋە هازىرقى دۇنياغا ئالدىراش - تېنەش بىر نەزەر سالىمەن. ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ ئاجايىباتلىرىنى، سانسىزلىغان ئۆزگىرىشلەر بىلەن تولغان قەدىم زامانىنى كۆرۈپ چىقسام دەيمەن. بۇنچە نۇرغۇن يىللارنى قانداقمۇ بىر كۈنگە يىغىنچاقلىغىلى بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە، بۇنى مۇزېيلار ئارقىلىق قىلىمەن. مەن دائىم نيۇيورك تەبىئەت تارىخى مۇزېيىغا بېرىپ، تىزىلغان نۇرغۇن بۇيۇملارنى تۇتۇپ باققانىدىم. ئەمما، يەر شارىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى، ئۇ يەرگە تىزىلغان يەر شارىدىكى ئاهالىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم دەپ ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ يەردە تەبىئىي مۇھىت بويىچە تەسۋىرلەنگەن هايۋانلار ۋە ئىنسانلار، غايەت يوغان دىنوزاۋېر، تاشقا ئايلانغان ئۆتكۈر چىشلىق پىل بار ئىدى. ئىنسانلار پەيدا بولۇشتىن ھەمدە كىچىككىنە تەنلىرى، كۈچلۈك باشلىرى بىلەن هايۋانات دۇنياسى-

نى بويسۇندۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇلار يەر شارىدا ئايلىنىپ يۈرگە-
نىدى. مۇزېيدا يەنە ھايۋانلار، ئىنسانلار ھەمدە ئەمگەك قوراللى-
رىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانى، ئىنسانلارنىڭ بۇ قوراللارنى
ئىشلىتىپ بۇ پلانېتتا ئۆزلىرىگە بىخەتەر پۇختا ئۆيلەرنى ياسالغان-
لىقى راستتەكلا تونۇشتۇرۇلاتتى. مۇزېيدا يەنە تەبىئەت تارىخى-
نىڭ باشقا سانسىزلىغان تەرەپلىرى تونۇشتۇرۇلاتتى. ئادەمنى
جەلپ قىلىدىغان مۇزېيدىكى ھايات ياشاۋاتقان ھايۋانلارنىڭ ھەر-
خىل ھەرياڭزا تۇرقى تەسۋىرلەنگەن بۇيۇملارنى قانچىلىك كىتاب-
خانىلارنىڭ كۆرگەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئەلۋەتتە، نۇرغۇن كىشى-
لەرگە بۇنداق پۇرسەت بولمىدى. ئەمما، مەن ئىشىنىمەنكى،
پۇرسەت بولغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلانمىدى.
ئۇ ھەقىقەتەنمۇ سىز كۆزىڭىزنى ئىشلىتىدىغان ئوبدان جاي، سىز
كۆزىڭىز كۆرەلىگەندىكىن ئۇ يەردە نۇرغۇن پايدىلىق، ئۇنۇملۇك
نۇرغۇن كۇنلەرنى ئۆتكۈزەلەيسىز. ھالبۇكى، تەسەۋۋۇرۇمدىكى
كۆزۈم كۆرەلەيدىغان ۋاقىت ئۈچ كۈنلا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدى-
راش - تېنەشلا نەزەر سالىمەن، خالاس.

كېيىنكى بېكىتىم پايتەخت سەنئەت مۇزېيى، تەبىئەت تارى-
خىي مۇزېيى دۇنيادىكى ماددىلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنى نامايان
قىلىپ بەرگەنگە ئوخشاش، پايتەخت سەنئەت مۇزېيى ئىنسانلار
روھىنىڭ سانسىزلىغان كىچىك يان تەرەپلىرىنى نامايان قىلىدۇ.
پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى باسقۇچىدا، ئىنسانلارنىڭ سەنئەتكە
ئىپادىلىگەن كۈچلۈك، يالقۇنلۇق ئىنتىلىشى بەئەينى يېمەكلىك،
ئۆزىنى يوشۇرىدىغان ماكان ۋە تۇغۇش، كۆپىيىشكە ئوخشاشلا
تەخىرسىز بولغان. بۇ يەردە، پايتەخت سەنئەت مۇزېيىنىڭ ئالا-
مەت يوغان كۆرگەزمە زالىدا، مىسىر، يۇنان، رىمنىڭ روھى،
ئۇلارنىڭ سەنئىتىدە ئىپادىلىنىپ كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى.

مەن قەدىمكى زاماندىكى نىل دەرياسى دۆلىتىدىكى ئىلاھلار
ۋە ئايال ئىلاھلارنى قولۇم ئارقىلىق ئېنىق بىلدىم. باتەينوڭ

ئىبادەتخانىسىدىكى تەقلىدىي بۇيۇملارنى سىلاپ ئافىنا ئاۋانگارت جەڭچىلىرىدىكى بەدەن گۈزەللىكىنى ھېس قىلدىم. ئاپوللو، ۋېناس ۋە قاناتلىق غەلىبە ئىلاھى سامورېسلار مېنى شۇنچىلىك مەپتۇن قىلىۋالدىكى، قولۇمنى تارتالمايلا قالدىم. ھومېرنىڭ جاراھەت ۋە ساقال باسقان چىرايى مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك، چۈنكى نېمىنىڭ كۆرەلمەسلىك، ئەمالىق ئىكەنلىكىنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ. قوللىرىم رىم ۋە كېيىنكى دەۋردىكى راستتەكلا ياسالغان مەرمەر ھەيكەلدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي قالدى. قوللىرىم مېكىلانگىلو ياسىغان باتۇر، قەھرىمان موسىنىڭ تەسىرلىك تاش ھەيكىلىنى تولۇق سىلاپ چىقتى. مەن رولانىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى، گوتلارنىڭ ياغاچ ئويمىغا تۇتقان سەممىيىتىگە ھۆرمەت بىلدۈردۇم. قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان بۇ سەنئەت بۇيۇملىرى مەن ئۈچۈن تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ تۇتۇشى ئۈچۈن قويۇلغان دېگەندىن كۆرە كۆرۈپ زوق ئېلىشى ئۈچۈن قويۇلغان دېگەن ياخشى. مەن كۆرەلمەيدىغان ئۇ خىل گۈزەللىكنى پەقەتلا قىياس قىلالايمەن. گرېتسىيە لوڭقىلىرىنىڭ ئاددىي سىزىقلىرىدىن ھۇزۇر ئالالىغىنىم بىلەن، نۇسخىلىرىنى، بېزەكلىرىنى كۆرەلمەيمەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ كۈنى ماڭا نۇر ئاتا قىلىنغان ئىككىنچى كۈنى ئىنسانلارنىڭ روھىنى سەنئەتتىن ئىزدەيمەن. سىلاش سىزىمىم بىلەن بىلىۋالغان نەرسىلەرنى كۆرەلەيمەن. ئاجايىپ ئىش. ئاجايىپ سەلتەنەتلىك پۈتكۈل رەسىم دۇنياسى، يەنى ئىتالىيىنىڭ سۈرلۈك دىنىي تۇسكە باي ئىپتىدائىي سەنئىتىدىن تارتىپ ئەركىن پىكىر ئۇسلۇبىدىكى ھازىرقى زامان ئېقىمىدىكى سەنئەت ماڭا دەرۋازىسىنى چوڭ ئاچتى. مەن رافائېل، دافېنچ، تىزان (تىزىيانو)، رېمبىراننىڭ ماي بوياق رەسىملىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ چىقىمەن. ۋېلونېيسانىڭ ئىسسىق رەڭلىرىنى قانغۇچە كۆرۈپ، ئېل گېلېگونىڭ سىرلىرىنى تەتقىق قىلىمەن،

كورونىڭ رەسىملىرىدىن تەبىئەتنى يېڭىۋاشتىن كۆزىتىمەن.
ئاھ، كۆزۈڭلار كۆرەلەيدىغان كىشىلەر، سىلەر تارىخىي مۇزېي-لەردىكى سەنئەتتىن، شۇنچىۋالا مول مەنا ۋە گۈزەللىكتىن ھۇ-زۇر ئالالايدىكەنسىلەر! سىرلىق سەنئەت ئوردىسىدا قىلغان بۇ قىسقىغىنە ساياھىتىمدە كۆز ئالدىمدا نامايان بولغان بۈيۈك سەن-ئەت دۇنياسىغا قارىتا ئازراقمۇ باھايىمنى بېرەلمىدىم، پەقەت ئۆز تەسىراتىمغا ئىگە بولدۇم. سەنئەتكارلار ماڭا سەنئەتتىن چوڭقۇر ۋە ھەقىقىي يوسۇندا زوق ئېلىش ئۈچۈن كۆزنى مەشىق قىلدۇ-رۇش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. بىر ئادەم سىزىق، قۇرۇلما، شە-كىل ۋە رەڭنىڭ سۈپىتىنىڭ ئەلا ياكى ناچارلىقىغا ھۆكۈم قىلىش-نى تەجرىبە ئارقىلىق ئۆگىنىۋېلىشى كېرەك. ئەگەر مەن كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ ئادەمنى بۇنچە مەپتۇن قىلىدىغان تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغان بولسام، قانچە بەختلىك بولغان بولار ئىدىم - ھە! لېكىن، سەنئەت دۇنياسى سىلەردەك كۆزى بىلەن كۆرەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندىمۇ يەنىمۇ ئېلىگىرىلىگەن ھالدا ئىزدىنىشنى كۈتۈپ تۇرغان بىر دۇنيا، دەپ ئاڭلىدىم.

پايتەخت سەنئەت مۇزېيىدىن گويا بوينۇمدىن باغلىغاندەك تولىمۇ قىيىندا ئايرىلدىم. ئۇ يەردە گۈزەللىك ئاچقۇچى بار ئىكەن. كۆرەلەيدىغان كىشىلەرگە پايتەخت سەنئەت مۇزېيىغا بې-رىپ گۈزەللىك ئاچقۇچىنى ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن. چۈنكى، ئوخشاش ئاچقۇچ ئۇلارنى كىچىكرەك مۇزېيلاردا ياكى كىچىكرەك كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب جازىلىرىدا كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، مەن تەسەۋۋۇرۇمدىكى كۆزۈم ئېچىلغان چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە، مەن ئەڭ كۆپ بايلىق قويۇلغان جاينى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئاچالايدىغان ئاچقۇچنى تاللاپ ئېلىشىم كېرەك.

مەن يورۇقلۇقنى كۆرەلىگەن ئىككىنچى ئاخشامنى تىياتىر-خانا ياكى كىنوخانىدا ئۆتكۈزىمەكچى، مەن ھازىرمۇ تىياتىرخانى-لاردا قويۇلۇۋاتقان تۈرلۈك ئويۇنلارنى كۆرۈپ تۇرىمەن. لېكىن،

تىياتىر ۋەقەلىكىنى بىر ھەمراھىم قولۇمغا يېزىپ بېرىدۇ. ھال-
بۇكى، مەن خاملېتنىڭ جەلپكار قەددى ـ قامىتىنى ياكى ئېلىزا-
بىت دەۋرىگە خاس ئۇچۇق رەڭلىك كىيىم كىيگەن، كۆتۈرەڭگۈ
روھلۇق، شوخ فرىستافنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى بەكمۇ
ئارزۇ قىلىمەن! خاملېتنىڭ ھەربىر سىپايە، چىرايلىق ھەرىكە-
تىنى، روھىي ئۇرغۇپ تۇرغان فرىستافنىڭ كېرىلىپ يۇرۇشلى-
رىنى زەن سېلىپ كۆرگۈم كېلىدۇ.

مەن پەقەت بىر مەيدانلا ئويۇن كۆرەلەيمەن. بۇمۇ ماڭا
ناھايىتى قىيىن چۈشىدۇ. لېكىن، مېنىڭ ناھايىتى كۆپ ئويۇن-
لارنى كۆرگۈم بار.

سىلەر كۆزۈڭلار كۆرەلىگەچكە، ياخشى كۆرىدىغان ھەرقان-
داق ئويۇننى كۆرەلەيسىلەر. بىرەر ئويۇن، بىرەر كىنو كۆرگەن
ياكى ھەرقانداق بىر سورۇندا بولساڭلار، بىلمىدىم، قانچىلىكىڭ-
لارنىڭ سىلەرنى ئۇنىڭ رەڭلىرى، گۈزەللىكلىرى ۋە نەپىس
ھەرىكەتلىرىدىن ھۇزۇرلاندۇرغىنى كۆرۈش سەزگۈڭلارنىڭ مۆ-
جىزىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلەيسىلەركىن، مىننەتدار بول-
سىلەركىنتاڭ. ھاياتىم قول بىلەن تۇتۇپ بېقىش بىلەنلا چەكلى-
نىدىغان دائىرىدە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، رىتىملىق، نەپىس ھەرى-
كەت گۈزەللىكىدىن زوق ئالالمايمەن. ئەمما، باگالوۋانىڭ گۈ-
زەللىكى، لاتاپىتىنى خىرە بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالايمەن. مۇزى-
كىنىڭ پولدىكى تىترىشىدىن ئۇنىڭ رىتىمىنى دائىم سېزىپ
تۇرغاچقا، رىتىم ھەرىكىتىنىڭ شادلىق سېزىمىنى ئازراق بىلەلەي-
مەن. شۇ رىتىملىق ھەرىكەتنىڭ دۇنيا بويىچە كۆزنى چاقنىتىدى-
غان ئەڭ نەپىس مەنزىرىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر
قىلالايمەن. مــەرمــەر ھەيكــەلنىڭ سىزىقلىرىنى سىلاپ ئۇنىڭغا
ئاز ـ تولا ھۆكۈم قىلالايمەن. شۇڭا، جىمجىت ھالەتتىكى گۈ-
زەللىك ئادەمنى بۇنچە ھاياجانغا سالغان يەردە، ھەرىكەت گۈزەل-
لىكى بەلكىم ئادەمنى تېخىمۇ مەپتۇن قىلىپ سۆيۈندۈرەر ـ ھە،

دەپ ئويلايمەن. ئەڭ قەدىرلەيدىغان خاتىرەمنىڭ بىرى شۇكى، جوزېف جېففېرسون ئۆزى ئامراق رىب ۋان ۋېنكىنى سۆزلەپ، ياساپ چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ يۈزى ۋە قوللىرىنى سىلاپ بېقىشىمغا رۇخسەت قىلغانىدى.

مەن تىياتىر دۇنياسىنى ئازراق بىلىمەن. ئۇ كۆڭۈللۈك چاغلارنى ئۆمرۈم بويى ئۇنتۇمايمەن. ئەمما، تىياتىر قويۇلۇۋاتقان چاغدىكى دىئالوگ ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۆزئارا رولىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈشنى، قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاشنى ناھايىتى بەك ئارزۇ قىلىمەن. كۆزۈڭلار كۆرەلەيدىغان سىلەر بولساڭلار بۇنىڭدىن نەقەدەر شادلىنىسلەر ــ ھە! ناۋادا مەن بىر مەيدان بولسىمۇ ئويۇن كۆرەلىگەن بولسام ئىدىم، مەن ئەمالار يېزىقى بىلەن ئوقۇغان ياكى چۈشەنگەن يۈزگە يېقىن تىياتىر ۋەقەلىكىنى قەلبىمدە قانداق تەسۋىرلەشنى بىلىۋالاتتىم. شۇڭا، مەن كۆڭلۈمدە توقۇپ چىققان كۆزۈم كۆرىدىغان بولغان ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمى ئۇخلىماستىن تىياتىر ئەدەبىياتىدىن زوق ئالغان بولاتتىم.

*بۈگۈن مەن نۆۋەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش دۇنياسىدا كۈن ئۆتكۈزىمەن، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە چاپىدىغان كىشىلەر باردىغان يەرگە بارىمەن. كىشىلەرنىڭ نيۇيوركتىكىدەك شۇنچە كۆپ ھەرىكەت ـ پائالىيىتى ۋە ئاجايىپ غارايىپ ھالەتلىرىنى نەدىن تاپقىلى بولار؟ مۇشۇ ئوي بىلەن مەن شەھەرلەرنى نىشان قىلدىم.*

# ئۈچىنچى كۈنى

كېيىنكى كۈنى سەھەردە، مەن يەنە بىر نۆۋەت سۈبھىنى كۈتۈۋېلىشقا، يېڭى خۇشاللىق تېپىشقا ئالدىرايمەن. كۆزى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ھەر كۈنكى سۈبھى چوقۇم مەڭگۈ تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يېڭى، گۈزەل مەنزىرە، ئۆزۈم توقۇپ چىققان مۆجىزە مۆھلىتى بويىچە بولغاندا، بۇ كۈن كۆزۈم كۆرەلەيدىغان بولغانلىقىنىڭ ئۈچىنچى، شۇنداقلا ئاخىرقى بىر كۈنى. كۆرۈشكە تېگىشلىك نەرسىلەر ئىنتايىن نۇرغۇن بولغاچقا، مېنىڭ ئۆكۈنۈش ۋە ئەسەبىي قىزغىنلىق باغرىدا يۈرگۈدەك ھېچقانداق ۋاقتىم قالمىدى. بىرىنچى كۈنى ماڭا ھايات ياشاۋاتقان ۋە ئالەمدىن ئۆتكەن دوستلىرىمنى بەخش ئەتتى.

ئىككىنچى كۈنى ماڭا ئادەم ۋە تەبىئەت تارىخىنى نامايان قىلدى. بۈگۈن مەن نۆۋەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش دۇنياسىدا كۈن ئۆتكۈزىمەن. تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە چاپىدىغان كىشىلەر بارىدىغان يەرگە بارىمەن. كىشىلەرنىڭ نيۇيوركتىكىدەك شۇنچە كۆپ ھەرىكەت پائالىيىتى ۋە ئاجايىپ ـ غارايىپ ھالەتلىرىنى نەدىن تاپقىلى بولار؟ مۇشۇ ئوي بىلەن مەن شەھەرلەرنى نىشان قىلدىم.

مەن ئۆيۈمدىن، ئۇزۇن ئارال (لوڭ ـ ئايلېند) نىڭ فراسىت دېگەن يېرىدىكى كىچىك، ئەمما تىنچ شەھەر ئەتراپى رايونىدىن يولغا چىقتىم. بۇ يەردە يېشىل مەخمەل كەبى ئوتلاقلار، دەل ـ دەرەخلەر، چىرايلىق گۈللەر، رەتلىك سېلىنغان پاكىز ئۆيلەر بار. ھەممىلا يەردە ئاياللار، بالىلارنىڭ شاد ـ خۇرام ئاۋازى ۋە پائالىيىتى بەخت ناۋاسى. شۇڭا، بۇ جاي شەھەرلەردىكى ئەمگەكچى خەلقلەرنىڭ پىنھان ئارامگاھى، مەن ماشىنامنى ھەيدەپ ئىستىي دەرياسىغا سېلىنغان تاسما شەكىللىك پولات كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئادەم مېڭىسىنىڭ قۇدرىتى ۋە خاس ئىجادچانلىقىغا قارىتا يېپيېڭى تەسىراتقا ئىگە بولىمەن. ئالدىراش كېمىلەر دەريادا تاتاتلاپ تېز يۈرىدۇ. يەنە تېز سۈرئەتلىك كاتېرلار، ئېغىر پېشىلداپ، ئاستا يۈرىدىغان چاتما كېمىلەرمۇ بار. ئەگەر كېيىنكى ۋاقىتتا يەنە كۆزۈم كۆرىدىغان كۈنلەر بولۇپ قالسا، مەن مۇشۇ دەريادىكى قاينام تاشقىن مەنزىرىنى كۆپرەك، ئۇزۇنراق كۆرۈۋالىمەن. ئالدىمغا نەزەر سېلىۋىدىم، نيۇيورك شەھىرى، ئەپسانە كىتابلارنىڭ ۋاراقلىرىدىن كۆچۈرۈپ كېلىنگەن شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش ئاجايىپ كۆركەم ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. نەقەدەر ھەيۋەت ئىمارەتلەر بۇ! چېركاۋ مۇنارىنىڭ يالتىراپ تۇرغان ئۇچى، كەڭ كەتكەن، تاشتىن قوپۇرۇلغان مۇستەھكەم توسمىلارنى ئىلاھلار ئۆزلىرى ئۈچۈن ياسىغاندەك بىلىنىدۇ. بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشلەر مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ بىر قىسمى. بىلدىم، قانچىلىك ئادەم كەينىگە قايرىلىپ بۇ مەنزىرىگە نەزەر سالاركىن؟ بۇنداقلار ناھايىتى ئاز بولسا كېرەك. ئۇلار تولا كۆرۈپ تونۇش بولۇپ كەتكەچكە، بۇ ھەيۋەت گۈزەل مەنزىرىلەرنى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالىدۇ.

مەن تېز مېڭىپ بۇ يوغان، كاتتا، سۈرلۈك ئىمارەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئىمپىرىيە سارىيىنىڭ ئەڭ ئۈستىگە چىقتىم. چۈن-

كى، مەن تېخى يېقىندا ئۇ يەردە تۇرۇپ كاتىپنىڭ كۆزىنىڭ يادىمىدە بۇ شەھەرگە نەزەر سالغانىدىم. شۇڭا، تەسەۋۋۇرۇم بىلەن ئەمەلىيەتنى بىر سېلىشتۇرۇپ باققۇم بار. ئىشىنىمەنكى، كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدىغان پۈتكۈل مەنزىرە مېنى ھەرگىز نائۈمىد قىلمايدۇ. چۈنكى، مەن ئۈچۈن ئۇ باشقا بىر دۇنيانىڭ مەنزىرىسى.

مەن بۇ شەھەرنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. ئالدى بىلەن ئاۋات كوچىنىڭ بىر بۇرجىكىدە تۇرۇپ، كىشىلەرگە قاراپ، ئۇلارنى كۆزىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇندۇم. ئۇلارنىڭ چېھرىدىكى شادىيانە تەبەسسۇمنى كۆرۈپ خۇشال بولدۇم؛ كەسكىن قارارلىرىنى كۆرۈپ ئىپتىخارلىق ھېس قىلدىم؛ ئازاب، مۇشكۇللىرىنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ئىچ ئاغرىتتىم.

مەن 5 - كوچىنى بويلاپ سەيلە قىلدىم، ئەتراپقا ئاستا نەزەر سالدىم. نەزىرىمنى مەلۇم بىر ئالاھىدە نىشانغا قاراتماستىن، مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ قانمىدىم. كىشىلەر توپى ئىچىدە يۈرگەن ئاياللارنىڭ رەڭگارەڭ كىيىملىرى، ئىشىنىمەنكى، مەن كۆرۈپ قانمايدىغان ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئېسىل مەنزىرە. ھالبۇكى، ئەگەر مەن كۆرەلەيدىغان بولسام، مەنمۇ باشقا كۆپ ساندىكى ئاياللارغا ئوخشاش كۆپلىگەن چاقناق رەڭلەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، ئايرىم كىيىملەرنىڭ پاسونى ۋە مودىلىرىغا دىققەت قىلغان بولاتتىم. يەنە شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، مەن ئادىتىمنى ئۆزگەرتەلمەيدىغان ۋىترىنا خېرىدارى بولۇپ قالىمەن. چۈنكى، تىزىپ قويۇلغان سانسىز ئېسىل بۇيۇملاردىن ھۇزۇر ئېلىش بىر خىل بەخت.

5 - كوچىدىن باشلاپ ئايلىنىپ مېڭىپ باغچا كوچىسىغا كەلدىم. نامراتلارنىڭ كولىبىلىرىگە، زاۋۇتلارغا باردىم، يەنە بالىلار ئويناۋاتقان باغچىغا باردىم. تېخى چەت ئەللىكلەر ئولتۇراق رايونىغا بېرىپ، چەت ئەلگە بارماي تۇرۇپ چەت ئەلنى ساياھەت

www.uyghurkitap.com

قىلىمەن. يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈش، كىشىلەرنىڭ قانداق
ئىشلەۋاتقانلىقى، قانداق ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشكە ئوڭاي بولۇشـ
نى نەزەردە تۇتۇپ، بەختىيارلىق ۋە پاجىئەلىك مەنزىرە، ئەھۋالـ
لارغا باشتىن ئاخىر كۆزۈمنى يوغان ئېچىپ زەن سېلىپ قارايـ
مەن.

قەلبىم ئادەم ۋە شەيئىلەر ئوبرازى بىلەن تولدى. كۆزلىرىم
كىچىك ئىشلارنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماي، كۆرەلىگەن شەيئىـ
لەرنىڭ بارلىقىغا يېقىندىن دىققەت قىلىشقا تىرىشىدۇ. بەزى
كۆرۈنۈشلەر ئادەمنى خۇشال قىلىدۇ، مەستخۇش قىلىدۇ. لېكـ
كىن، بەزى كۆرۈنۈشلەر تولىمۇ ئېچىنىشلىق بولۇپ، يۈرەكنى
ئېزىدۇ. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەندە ھەرگىز كۆزۈمنى يۇمۇۋالمايـ
مەن. چۈنكى، ئۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى. ئۇلارنى كۆرـ
گەندە كۆزنى يۇمۇۋېلىش، قەلبىدىنى ئېتىۋالغانغا،
ئوي - پىكرىنى ئېتىۋالغانغا باراۋەر.

كۆرەلەيدىغان بولغان ئۈچىنچى كۈنمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالـ
دى. مۇشۇ قالغان بىر نەچچە سائەت ئىچىدە كۆرۈۋېلىشقا،
قىلىۋېلىشقا تېگىشلىك يەنە نۇرغۇن مۇھىم ۋە جىددىي ئىشلار
بار بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، مۇشۇ ئاخىرقى ئاخشىمى، ئىنسانـ
لار قەلبىدىكى ئاۋازنى ئوبدانراق ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن، يەنە تىياـ
تىرخانىغا بېرىپ، تازا قىزىق ۋە كۈلكىلىك بىر ئويۇن كۆرۈشۈمـ
دىن ئەندىشە قىلىۋاتىمەن.

تۈن يېرىم بولغان چاغدا مەن ئەمالىق جاپاسىدىن قۇتۇلغان
قىسقىغىنا ۋاقىت ئاخىرلىشىدۇ. مەڭگۈلۈك قاراڭغۇلۇق يەنە
يېنىمغا قىستاپ كېلىدۇ. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە، تەبىئىيكى مەن
كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان جىمى نەرسىنى كۆرۈپ بولالمايمەن.
قاراڭغۇ زۇلمەت ماڭا يەنە ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە، ئاندىن قانـ
چىلىك نەرسىلەرنى كۆرەلمەي قالغانلىقىمنى ھېس قىلىپ يېتىدـ
مەن. ۋەھالەنكى، قەلبىم شېرىن ئەسلىمىلەر بىلەن تولغانلىقـ

تىن، ئۆكۈنۈپ ئەپسۇسلىنىشقا ئاجرىتىدىغان ۋاقتىم ناھايىتى ئاز بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەن ھەربىر بۇيۇمنى سىلىغاندا، خاتىرەم ئۇ بۇيۇملارنىڭ تۇرقىنى، شەكلىنى روشەن ئەكس ئەتتۇ- رۇپ بېرىدۇ.

كۆزۈم قايتىدىن كۆرەلەيدىغان بولغان بۇ ئۈچ كۈننى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى باياتلىرىم، ئېھتىمال قىياسىڭىزدا سىز- نىڭ كۆزىڭىزنىڭ كۆرۈشتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى بىلگەن ۋاقتىڭىزدا قىلىدىغان ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بىلەن بىردەك بول- ماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئەگەر سىز ھەقىقەتەن بۇنداق يامان تەقدىرگە دۇچ كەلگۈدەك بولسىڭىز، نەزىرىڭىز ئىمكانقەدەر ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان شەيئى- لەرگە چۈشىدۇ ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن قاراڭغۇلۇقتا پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇنى خاتىرىسىدە مەھكەم ساقلايدۇ. شۇڭلاشقا سىز، بۇ ھالدا كۆزىڭىزدىن باشقا ھەرقانداق چاغدىكىدىن بەكرەك پايدىلىنىسىز. سىز كۆرەلىگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن شۇنچىلىك قەدىرلىك بولىدۇ. سىزنىڭ قاراشلىرىڭىز كۆرۈش دائىرىڭىز پەيدا بولغان بارلىق بۇيۇمنى قانغۇدەك كۆرۈ- ۋالىدۇ. كېيىن سىز ھەقىقەتەن كۆرەلىگەن بولغان چاغدا، كۆز ئالدىڭىزدا ئاجايىپ گۈزەل بىر دۇنيا نامايان بولىدۇ.

كۆزۈم كۆرەلمەيدىغان مەن، كۆزى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر- نىڭ سەمىگە بىر نەرسىنى سالماقچىمەن. تەبىئىي كۆرۈش سەز- گۈسىدىن تولۇق پايدىلىنالايدىغان كىشىلەرگە مۇنداق بىر ئاگاھ- لاندۇرۇش بەرمەكچىمەن. سىز گويا ئەتىلا كۆرەلمەيدىغان بولۇپ قېلىشتەك بالا قازاغا يولۇقىدىغان تەرزدە، كۆزىڭىزنى ئىشلىتىش- كە ماھىر بولۇڭ، ئوخشاش چارە بىلەن باشقا ئەزالىرىڭىزدىنمۇ پايدىلىنىڭ. مۇزىكىنىڭ يېقىملىق ئاۋازىنى، قۇشلارنىڭ شادىيانە نەغمە ـ ناۋاسىنى، تارلىق ئوركېستىرنىڭ ھەيۋەتلىك، جاراڭ- لىق، ياڭراق كۈيىنى ئوبدان تىڭشۇۋېلىڭ، خۇددى سىز ئەتىلا

گاس بولۇپ قېلىشتەك يامان تەقدىرگە يولۇقمىغاندەك، سىلى-
ۋالسام دەپ ئۆيلىغان بۆيۆملارنى سىلاپ - سىلىغۇېلىك، گويا
ئەتىلا تۇتۇش سەزگۈگىز ئاجىزلاپ كېتمىدىغاندەك. يېڭى ئېچىل-
غان گۆللەرنى پۇرىغۇېلىك، ئېسىل نازۇ نېمەتلەرنى تېتىغۇېلىك،
گويا ئەتىلا پۇراش، تېتىش سېزىمىڭىز يوقىلىپ كېتمىدىغاندەك.
ھەربىر ئەزايىڭىزدىن تولۇق پايدىلىنىپ، تەبىئەت ئاتا قىلغان
تۆرلۆك تۇتۇش ۋاستىسى ئارقىلىق دۇنيا سىزگە نامايان قىلغان
بارلىق خۇشال - خۇرام ھەم گۈزەل تەپسىلاتلاردىن پەخىرلىنىڭ!
بىراق، مەن ئىشىنىمەنكى، بارلىق ئەزالار ئىچىدە كۆرۆش سەز-
گۈسى چوقۇم ئادەمنى ھەممىدىن بەك شاد ئەيلەيدۇ ۋە سۆيۈن-
دۈرىدۇ.

[General Information]
书名=假如给我三天光明 维吾尔文
SS号=40210137